# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(38)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

باش مۇھەررىرى: خالىق ساقى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى
مۇھەررىرلىرى: ئىسمايىل ئەسقەرى (تەكلىپ قىلىنغان)
تۇرغۇن ئۆمەر
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت
جۈرئەت ئابلىمىت

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (38)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1993 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—2,000
ISBN7—228—03131—8/K·336
باھاسى: 5.00 يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)


## مۇندەرىجە


### مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

شىنجاڭ خەلقىنىڭ سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشىغا قىلغان ياردىمى ........ شېرىپ خۇشتار 1

مەككە ياھىيىسىدە ئۆتكەن تەدبىرلىك دىنىي مۆتىۋەر مۇھەممەت ئەلەم ھاجى ۋە ھاشىمخان غوجام توغرىسىدا ........ ئابدۇمىجىت ئاۋۇت 10

### ئىنقىلابىي كۈرەشلەر

1931-1934-يىللىرى شىنجاڭدا بولغان خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن قىسقىچە ئەسلىمە ........ ئابلىمىت مەخسۇتوپ 14

### سودا-ئىقتىساد

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سودا-سانائىتى ھەققىدە ئەسلىمە ........ مۇھەممەت ئابدۇللا ھاجى 208

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تاشقى سودىسى ۋە چېگرا سودا ئېغىزلىرى .................................. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 215

## قۇرۇلۇش-تەرەققىيات

خوتەننىڭ 1880-يىللاردىن بۇيانقى سۇ ئىشلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە .................................. مۇھەممەت ئابدۇللاھاجى 292

## مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە مائارىپ .................................. ئەنۋەرخانبابا 298
دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ... باھارگۈل ئابلىز 316

## ئۆمۈر خاتىرىلىرى

«چالا توڭچى ئادەم ئۆلتۈرەر» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانى ...... سىدىق مۇسايۇپ 352

## تارىخي شەخسلەر

پولات تاۋلاش ماھىرى تايۇپ توغرىسىدا .................................. ئابدۇللا مامۇت 356
«100 نومۇرلۇق» ئورغاقنىڭ كەشپىياتچىسى ئابلىمىت .................................. ما يەنخۇڭ 364
تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات - قادىر ئاخۇن خەلپىتىم .................................. ئادىل مۇھەممەت 368

## يۇرت تارىخىدىن

كەلپىن ئۆرۈكى .................................. سامساق ئىبراھىم 373

## تارىخي ھۆججەت

قاراقاشتىكى «ئىگىزئېرىق غوجىلار» نىڭ تارىخى ھەققىدە .................................. جاپپار رەھىمى 381
شىنجاڭدا تۇرغان ئۈچ يىلدا قىلغان ئىشلىرىم ۋە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم ...... سۇڭ شىليەن 401

# 目录（38 期）


## 民族团结

新疆人民对苏联卫国战争的支持…… 西力甫．胡西塔尔

关于友好宗教人士买买提艾兰木哈吉和哈西汉霍加木……………………………………（阿布都米吉提．阿吾提）

## 革命斗争

忆 1931 — 1934 一年发生在新疆的人民暴动 ……………………………………………… 阿布力米提．买合苏托夫

## 商业经济

忆和田地区解放前的工商业 ……………………………………………………………… 买买提．阿不都拉．哈吉

新疆近代外贸和边境贸易口岸 ……………………………………………………… 阿布力孜．穆罕默德．沙依拉米

## 建设与发展

忆 1880 年以来和田的水利事业……………………………………………………………… 买买提．阿布都拉．哈吉

## 教育 文化 艺术

三区革命和教育 ……………………… 安尼瓦尔．汗巴巴

关于民主革命时期新疆教育的基本情况 ……………………………………………………… 巴哈尔古丽．阿布力孜

## 人生的历程

半拉子翻译害死人 这句话的来源 ……………………………………………………… 司地克．木沙也夫

# شىنجاڭ خەلقىنىڭ سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشىغا قىلغان ياردىمى

## شېرىپ خۇشتار

1941 ـ يىلى 22 ـ ئىيول كۈنى فاشىستلار گېرمانىيىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلۇغ ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا ئاتلاندى.

گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ موسكۋاغا 1941 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ ۋە 16 ـ كۈنلىرى قىلغان 1 ـ قېتىملىق ھاۋا ھۇجۇمى ۋە 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قىلغان 2 ـ قېتىملىق ھاۋا ھۇجۇمى تولىمۇ شىددەتلىك ۋە بۇزغۇنچىلىقى ئەڭ چوڭ ھۇجۇم ئىدى. بۇ ۋەقە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. باتۇر سوۋېت خەلقى ھەر قېتىمقى جەڭدە مىسلى كۆرۈلمىگەن جەڭگىۋارلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قاقشاتقۇچ زەربىلەر بىلەن چېكىندۈردى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 1944 ـ يىلى گېرمانىيە فاشىستلىرىدىن سوۋېت زېمىنىنى



## 历史人物

关于炼钢能手塔尤甫 ………………… 阿布都拉．麻木提
100号镰刀 锻造者 —阿布力米提 ……… 马艳红
进步宗教人士 哈地尔阿洪·海力法提 …………………
……………………………………………………… 阿地力．买买提

## 故乡史

柯平杏 ……………………………… 沙木沙克．依布拉音

## 历史文献

关于墨玉县依格子艾力克霍加的历史 …………………
……………………………………………………… 加帕尔．热合米
新疆三年的工作与见闻 ………………………… 宋希廉

قايتۇرۇۋېلىپ، قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ، گېرمانىيە
ئارمىيىسىنى گېرمانىيە زېمىنىغىچە قوغلاپ بېرىپ،
1945 - يىلى 5 - ئايدا ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلدى.

بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، سوۋېت خەلقى
قاتارىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر خەلقلىرىمۇ
جان تىكىپ كۈرەش قىلدى. ئۇيغۇر جەڭچىلىرى موسكۋا،
لېنىنگراد، ستالىنگراد، سىۋاستوپول ۋە ئودېسسالارنى
قوغداش يولىدىكى شىددەتلىك جەڭلەردە؛ بېلارۇس
جاڭگاللىرى، ئوكرائىنا داللىرى، قارلىق ئاراپات
تاغلىرىدا؛ فىنلاندىيە سازلىقلىرى ۋە دۈشمەن تۇپراقلىرىدا؛
بۇداپېشت، ۋېنا، بېرلىن كوچىلىرىدا؛ يىراق شەرقتىكى
مانجۇرىيە، كورىيە، پورتئاتۇرلاردا بولغان جەڭلەردە
قەھرىمانلىق ۋە جەڭگىۋارلىق كۆرسەتتى. ياۋۇز دۈشمەن
موسكۋا بوسۇغىسىغا كەلگەندە، كۆپلىگەن ئۇيغۇر
پەرزەنتلىرى غالجىر دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىپ قۇربان
بولدى. مەسىلەن، ئىنژېنېر ئىكرام دوگان، ئابدۇللا ھەمرا
قاتارلىقلار بۇنىڭ دەلىلى. شۇنىڭدەك، زەمبىرەكچى سولىھى
لۇتپۇللا دۈشمەننىڭ نەچچە ئون تانكىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ،
نەچچە يۈزلىگەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ «سوۋېت ئىتتىپاقى
قەھرىمانى» دېگەن نام بىلەن «لېنىن ئوردېنى» غا ئېرىشتى.
بۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ۋە ھەرخىل ئوردېنلارغا
ئېرىشكەن ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئاز ئەمەس.

سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى باشلىنىش بىلەنلا
شىنجاڭدىكى گېزىت - ژۇرناللار بۇ ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىدىن
خەۋەر بېرىپ تۇردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شىنجاڭ خەلقى
1941 - يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدىن باشلاپ، سوۋېت
خەلقىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى كۈرىشىنى



قوللاپ، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە ئىئانە
توپلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتتى. شۇ
يىللاردا، شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە
جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قارمىقىدا چوڭ-كىچىك 292
تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، ئىئانە توپلاش ئىشخانىلىرى بار
ئىدى. بۇ گۇرۇپپا ۋە ئىشخانىلار جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون
تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم ۋە ئىئانە توپلاش،
تەشۋىق-تەرغىب ئېلىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى.
سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇلار سوۋېت
ۋەتەن ئۇرۇشىغا ياردەم توپلاش ۋە بۇ ھەقتە تەشۋىق ئېلىپ
بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى (بۇ ئەسلىمىدە، شىنجاڭ
خەلقىنىڭ 1936 - يىلى سۇيىۋەن ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن
كېيىن، بولۇپمۇ 1937 - يىلى يۈز بەرگەن لوگوچاۋ
ۋەقەسىدىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ، 1945 - يىلى
ياپونىيە تەسلىم بولغانغا قەدەر داۋام قىلغان ئىشلىرى
ئۈستىدە توختالمىدۇق).

شىنجاڭنىڭ ئون ۋىلايەت، 78 ناھىيە، 2400
دىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك يېزىسىدىكى ھەر ساھە خەلقى
1941 - يىلى ئاۋغۇستتىن 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1
- كۈنىگىچە يەنى شىنجاڭدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى
قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
بولغان دوستانە بېرىش - كېلىشى ۋە سودا - ئالاقىلىرى
ئۈزۈلۈپ قالغانغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن
ئۇرۇشىغا ئۈزۈلدۈرمەي ياردەم قىلىپ كەلدى. شىنجاڭ
خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ياردەملىرىدە،
1935 - يىلدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاسىتە
ياكى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سوۋېت سودا

ۋەكالەتخانىلىرى ئارقىلىق دوگۇورلۇق سودا قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ رولى ناھايىتى زور بولدى. بۇ سودىگەرلەرنىڭ يەتتىدىن 40 كىچە كىشى شىركەتلەشكەن، دەسمايىسى 100 مىڭ سەر كۈمۈشتىن بىر مىليون سەر كۈمۈشكە يېتىدىغان (ئەينى يىللاردا كۈمۈش تەڭگە پۇل بىرلىكى قىلىناتتى) شىركەتلىرىدىن 74ى، دەسمايىسى10 مىڭ سەر كۈمۈشتىن 50 مىڭ سەر كۈمۈشكە يېتىدىغان شىركەتلىرىدىن 94ى، دەسمايىسى 1000 سەر كۈمۈشتىن 5000 سەر كۈمۈشكە يېتىدىغان يەككە دوگۇورچىلار ۋە كىراكەش كارۋانلار خېلى كۆپ ئىدى. ئىنىانە قىلىش ھەرىكىتى باشلىنىش بىلەن جايلاردىكى دوگۇورچى شىركەتلەر ۋە شەخسلەر بەس - بەستە ئىئانە قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى جايلاردىكى ئىدارە، جەمئىيەت، شەھەر ئاھالىلىرى، ھۈنەرۋەنلەر، دېھقان - چارۋىچىلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىئانە قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى.

مەن بۇ ئەسلىمىدە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياردەم ۋە ئىئانىلارنى 1941 - 1942 - يىللىرى نەشر قىلىنغان «قەشقەر گېزىتى»، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيىتى ئايلىق گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان، قەشقەر ئارخىپ ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى ۋە ئىلى ئوبلاستلىق ئارخىپ ئىدارىلىرىدە ساقلانغان ئارخىپلارغا، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1941 - ۋە 1942 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشىغا بېرىلگەن ياردەملەر توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، تۆۋەندىكىچە ئومۇملاشتۇرۇپ



چىقتىم:

«قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1941 - يىل 14 - يانۋار (470 - ) سانى، 1942 - يىل 14 - نويابىر (597 - ) سانى، 1942 - يىل 27 - ئاپرېل (515 - ) سانى.

قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ھۆكۈمەت نامىدىن 25 مىڭ دوللار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 2420 دوللار؛ قەشقەر ھاكىم ئىدارىسى ھۆكۈمەت نامىدىن 16 مىڭ 400 دوللار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 800 دوللار؛ ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى 40 مىڭ دوللار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 3600 دوللار؛ ۋىلايەتلىك تاموژنا ئىدارىسى 22 مىڭ دوللار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 600 دوللار؛ ۋىلايەتلىك مۇسادىرە ئىشخانىسى (شېڭ شىسەينىڭ پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ئۈچۈن ھەممە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە قۇرغان ئورگان) 100 مىڭ دوللار؛ ۋىلايەتلىك سودىگەرلەر بىرلەشمىسى 48 مىڭ دوللار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 300 دوللار؛ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى 18 مىڭ دوللار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 1050 دوللار؛ بەگلىك مەھكىمە 6400 دوللار؛ قول - ھۈنەرۋەنلەر 90مىڭ دوللار؛ ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى 12 مىڭ دوللار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 180 دوللار؛ ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى 12 مىڭ دوللار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 2201 دوللار؛ نەشرىيات ئىدارىسى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 600 دوللار؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىلىرى 42 مىڭ دوللار؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 130 مىڭ دوللار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 960 دوللار؛ ۋىلايەتلىك قىرغىز ئۇيۇشمىسى 22 مىڭ دوللار، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 190

دوللار؛ ۋىلايەتلىك تۆگە ترانسپوت شىركىتى 35 مىڭ دوللار؛ «غەيرەت» شىركىتى 22 مىڭ دوللار؛ «ئۈمىد» شىركىتى 17 مىڭ دوللار؛ ئاتچىلار (كارۋان) شىركىتى 35 مىڭ دوللار؛ پاشلار شىركىتى 10 مىڭ دوللار؛ كۆنچىلەر شىركىتى 8000 دوللار؛ تۆمۈرچىلەر شىركىتى 6400 دوللار؛ غۇلجا شىركىتى 10 مىڭ دوللار؛ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ خۇسۇسىلار شىركىتى بولغان «ئىتتىپاق» شىركىتى 120 مىڭ دوللار (بۇ شىركەتنىڭ سوۋېت بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «زىس - فىدىنساتىنى گاز» يەنى «گاز 50» تىپلىق ئاپتوموبىلى ۋە كۆپلىگەن ماللىرى سوۋېتتە قىپقالغان) ئىئانە قىلغان.

ناھىيىلەردىن ئاتۇش، قىزىلئۆي، تاشقورغان، يېڭىسار، ئاۋات، مارالبېشى، قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدىكى ھۆكۈمەت ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، خەلق ئاممىسى 130 مىڭ دوللار (بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەنزۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 490 دوللار)؛ ئوپال، تاشمىلىق، بورىختاي (بولاقسۇ)، خانئېرىق، يەكشەنبە بازار، دۈشەنبە بازار، يوپۇرغا قاتارلىق يېزىلىق شۆبە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى 6000 دوللار (ئاشلىق) ياردەم بەرگەن.

شەخسىي نام بىلەن 1000 دوللاردىن 30 مىڭ دوللارغىچە ياردەم بەرگەنلەر 278 كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ياردىمى 562 مىڭ دوللار بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەرنىڭ سابىق ۋالىيسى ئابدىكېرىمخان مەخسۇم 17 دانە



زەمبىرەك پۇلى، ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى مەتنىياز مەخسۇم 24 مىڭ دوللار، باۋۇدۇن موسا بايۇپنىڭ قىزى، سابىق ۋىلايەتلىك سوتنىڭ باشلىقى بىلىقىز باۋۇدۇن 18 مىڭ دوللار، ئىتتىپاق ئىمىن ھاجىنىڭ قىزى ئامىنىخان، يەنە بىر ئامىنەم قاتارلىقلار 10 مىڭ دوللار ياردەم قىلغان.

«قەشقەر گېزىتى»نىڭ 1942 - يىل 29 - يانۋار سانىغا يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ ياردەم بېرىش ئەھۋالى توغرىسىدا بېسىلغان خەۋەرلەردە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان: خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئىدارە، جەمئىيەت، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە دوگۇۋورچى سودا - سانائەتچىلەر 86مىڭ 100 دوللار؛ شىركەت ۋە شەخسىي سودىگەرلەردىن 167 كىشى 264 مىڭ 744 دوللار؛ سودا - سانائەتچىلەر، قول - ھۈنەرۋەنلەر، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، دېھقان - چارۋىچىلار 783 مىڭ دوللار؛ ھەرقايسى ئۇيۇشمىلار 66 مىڭ دوللار ياردەم بەرگەن (بۇنىڭ ئىچىدە ھىندىستانلىق، پاكىستانلىق، ئافغانىستانلىق مۇھاجىرلارمۇ بار). «قەشقەر گېزىتى»نىڭ شۇ سانىدا يەنە، ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان ناھىيىلىرىنىڭ 120 مىڭ دوللار (بۇنىڭ ئىچىدە شاھ ھاجىم ئائىلىسى 36 مىڭ دوللار) ئىئانە قىلغانلىقى؛ يەكەن ۋىلايىتىدىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى 44 مىڭ دوللار، ھەرقايسى ئۇيۇشمىلار 66 مىڭ دوللار، سودا - سانائەتچى دوگۇۋورچىلار 72مىڭ 400 دوللار ئىئانە قىلغانلىقى؛ كۇچا ناھىيىسى 94 مىڭ دوللار (بۇنىڭ ئىچىدە مىجىت ھاجىم دېگەن دوگۇۋورچى 30 مىڭ دوللار) ياردەم قىلغانلىقى يېزىلغان.

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1941 - يىل 27 - ئىيول ۋە

1942 ـ يىل 9 ـ يانۋار سانلىرىدىكى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ھۈسەيىنباي ھاجىنىڭ ئوغلى تەلئەت مۇسابايوپ ئۆز زاۋۇتى نامىدىن 35 مىڭ دوللار، مۇسا ھاجىنىڭ ئالتە ئوغلى ۋە 13 نەۋرىسى 44 مىڭ نەچچە يۈز دوللار ئىئانە قىلغان. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى دوگۇورچىلار نەق پۇل ياردەم قىلغاندىن تاشقىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزگەن مال ـ مۈلۈكلىرىدىن 42 دانە ئاپتوموبىل، 360 تۆگە، 8000 ئات، 462 قېچىر، 4000دىن ئارتۇق ئېشەك قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلغان. شۇ چاغدا مۇسابايوپلارنىڭ كارخانىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېكەر زاۋۇتى، پاختا ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى قۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئالدىن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 200 مىڭ تاي يۇڭ ۋە كۆپلىگەن ئەلتىرە، تېرە، ئۈچەي، پاختا قاتارلىق ماللىرىنى ئالماسلىق شەرتى بىلەن ئىئانە قىلغان.

«قەشقەر گېزىتى»گە بېسىلغان بىر ماقالىدە خەۋەر قىلىنىشىچە، ئەينى يىللاردا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ھۆكۈمەت قارمىقىدا 31 مەكتەپ، 250 سىنىپ، 9970 نەپەر ئوقۇغۇچى؛ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا 549 مەكتەپ، 2112 سىنىپ، 75 مىڭ 212 نەپەر ئوقۇغۇچى؛ ۋىلايەتلىك قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا 33 مەكتەپ، 79 سىنىپ، 2094 نەپەر ئوقۇغۇچى؛ خەنزۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا بىر مەكتەپ، ئىككى سىنىپ، 74 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، جەمئىي 87 مىڭ 986 نەپەر ئوقۇغۇچى 17 مىڭ 346 دوللار ئىئانە قىلغان.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى 1941 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1942 ـ يىل ئاخىرىغىچە، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي لازىمەتلىكلىرى ئۈچۈن يەنە، نەچچە يۈز مىڭ پارچە



كىگىز، نەچچە يۈز مىڭ تاي بۇغداي سامىنى، نەچچە يۈز مىڭ تۇياق قوي، كالا، ئات ۋە قىشلىق كىيىملەرنى ئىئانە قىلغان؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ھۈسەيىنباي تېرە زاۋۇتى 5000 دانە جۇۋا، 6000 دانە تەتۈر ئاياغ ياردەم قىلغان.

سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشىغا ياردەم ۋە ئىئانە قىلغان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەسلىكى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە ماتېرىيالغا ئىگە يولداشلارنىڭ بۇ ئەسلىمىدىكى بوش قالغان ئورۇنلارنى تولدۇرۇپ كېتىشىنى سورايمەن.

ئەسكەرتىش: بۇ ئەسلىمىدە ئېيتىلغان «دوللار» 1939 ـ يىلى ماۋ زېمىن شىنجاڭدا ئىسلاھ قىلىپ تارقاتقان «شىنجاڭ دوللىرى»نى كۆرسىتىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاپتونوم رايونلۇق كىنو فىلىمى تارقىتىش شىركىتى)

جاۋابكار مۇھەررىرى : **ئابدۇرېھىم مۇھەممەت**

# مەكتەپ ناھىيىسىدە ئۆتكەن تەدبىرلىك دىنىي مۆتىۋەرلەر مەھەممەت ئەلەم ھاجىم ۋە ھاشىمخان غوجام توغرىسىدا

## ئابدۇمىجىت ئاۋۇت

1933 ـ يىلى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن خەلق قوزغىلاڭلىرى پارتلايدۇ. جۈملىدىن مەكىتتىمۇ خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ، دەسلەپكى قەدەمدە مەكىت ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى ئېلىپ، ما دارىن دېگەن خۇيزۇ ھاكىمنى بىكار قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتسىزلىك كېلىپ چىقىپ، بازار ئىچى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار مۇھەممەت ئەلەم ھاجىم بىلەن ھاشىمخان غوجامنى ھۆكۈمەت ئىشىنى ۋاقىتلىق بېجىرىپ تۇرۇشقا تەيىنلەيدۇ. دەل شۇ چاغدا، قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىكى بىرقىسىم يامان نىيەتلىك لۈكچەكلەر مەكىت ناھىيىسىدە يىللاردىن بېرى ئولتۇراقلىشىپ قالغان گۆرەكەشلىك ۋە يايىمچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 22 ئۆيلۈك 50 تىن



ئارتۇق خەنزۇنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇرىدۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، بەزى قۇترانقۇچىلارنىڭ «يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپتۇ» دېگەن يالغان سۆزلىرى تارقالغاندىن كېيىن، لۈكچەكلەر يەنە خەنزۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولىشىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەت ئەلەم ھاجىم بىلەن ھاشىمخان غوجاملار شۇ كۈنى كەچتە خەنزۇلارنى بۇتخانىدىن يۆتكەپ چىقىپ، ھۆكۈمەت بىناسى ئىچىگە يەكىرىۋالىدۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، بىر قىسىم لۈكچەكلەر نەيزە، كالتەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ، ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ، خەنزۇلارنى بوزەك قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە، مۇھەممەت ئەلەم ھاجىم قۇرئان كەرىمنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ ھەمدە «قۇرئاننىڭ 4 ـ سۈرە، 89 ۋە 90 ـ ئايەتلىرىدە، سىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا ئەھدى توختام بولغان بىر قوۋم ياكى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا يۈرەكلىرى سىقىلىپ، سىلەر تەرەپمۇ ئەمەس، ئۆزلىرى تەرەپمۇ ئەمەس بولۇپ تۇرغانلارنى ئۆلتۈرمەڭلار ۋە ئەسىرگىمۇ ئالماڭلار، ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا ياكى سىلەرگە چېقىلمىسا، سىلەرگە تەسلىم بولسا ئاللا سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ، دېيىلگەن» دەپ تەپسىر قىلىپ (تەرجىمە قىلىپ) بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ، قۇرئان ئاللانىڭ ھۆكمى، بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك، خەنزۇلار شاھادەت ئېيتىپ، بېشىغا سەللە يۆگەپ، سىلەرگە باش ئېگىپ ئەل بولغان تۇرسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈمىز دېسەڭلار ئاللانىڭ كىتابى ھۆكمىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلغان

بولمامسىلەر؟ دەپ تەربىيە ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ ھاشىمخان غوجام: «ئەينى زاماندا دادام بىيجىڭغا بېرىپ قېلىپ، بىز ئۈچ بالا بىيجىڭدا تۇغۇلدۇق ھەمدە مەن 15 ياشقا كىرگىچە شۇ يەردە تۇردۇق. بىز بىيجىڭدا تۇرغان ئون نەچچە يىل جەريانىدا خەنزۇلار بىزگە چېقىلمىدى. ھەتتا ئاتا - ئانىمىز بىزنى ئېلىپ بىيجىڭدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگىچە تۆت - بەش ئاي يول يۈرۈپ خەنزۇلارنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى كېزىپ ئۆتتۇق. بۇ جەريانىمۇ خەنزۇلار بىزگە چېقىلمىدى. شۇڭا بىز ئۆز يۇرتىمىزغا سالامەت يېتىپ كېلەلىدۇق. سىلەر خەنزۇلارنى نېمىشقا بوزەك قىلىمىز دەيسىلەر؟» دەپ ئۇلارنى ئەمەلىي مىسال بىلەن قايىل قىلغاندىن كېيىن، لۈكچەكلەر پەيلىدىن يېنىپ تارقىلىپ كېتىدۇ ۋە خەنزۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن بۇلىۋالغان پۇل ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئۇرۇش - تالاش قىلىشماي ئىناق ئۆتىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى تەدبىرلىك دىنىي زات ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، خەنزۇ قېرىنداشلارنى بىر قېتىملىق بالايى-ئاپەتتىن ساقلاپ قالىدۇ. خەنزۇ يولداشلار بۇ ئىككى دىنىي زاتقا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىشىدۇ.

ئەپسۇسكى، مەھەممەت ئەلەم ھاجىم 1937 - يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھاشىمخان غوجام ئازادلىقتىن كېيىن بىرلىكسەپ خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ ۋە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى خىزمەتلىرىدە ئاممىغا باشلامچى بولۇپ، يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ،



1957 - يىلى 80 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

(ئاپتورى: مەكىت ناھىيىلىك بازار 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **جۈرئەت ئابلىمىت**

# 1931- 1934- يىللىرىشىنجاڭدا بولغان خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن قىسقىچە ئەسلىمە

## ئابلىمىت مەخسۇتۇپ

مۇندەرىجە


I باب 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تۇرپاندا بولغان قوزغىلاڭ
1. قوزغىلاڭ ھارپىسىدىكى ۋەزىيەت
2. قوزغىلاڭ تەييارلىقى ۋە قوزغىلاڭ
3. ما شىمىنىنىڭ سىلىڭ بولۇۋېلىشى
4. قوزغالغان خەلقنىڭ تۇرپان يېڭىشەھەرنى ئىگىلىۋېلىشى
5. گۇچۇڭدىن كەلگەن دۈشمەنلەرنى چېكىندۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىش
6. تۇرپان كونىشەھەرنىڭ تەسلىم بولۇشى
7. ئاق ئورۇسلارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى
8. پىچانغا ھۇجۇم
9. پىچاندىن تۇرپانغا چېكىنىش
10. تۇرپاننى تاشلاپ چىقىش





11. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قومۇلدىن تۇرپانغا چىقىشى
12. شېڭ شىسەيىنىڭ لۈكچۈندىكى قىرغىنچىلىقى
13. ما شىمىن بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قاراشەھەردە
14. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مورىغا بېرىشى
15. بوستاندىكى ئۇرۇش
16. شېڭ شىسەيىنىڭ تەختكە چىقىشى
17. خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپاندىن گۇچۇڭغا ئاتلىنىشى
18. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇچرىشىشى
II باب خوجىنىياز ھاجىنىڭ ما جۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشى
1. جىمسارنىڭ تەسلىم بولۇشى
2. زىنچۇەنزە ئۇرۇشى
3. ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇشقا قايتا تەييارلىق كۆرۈشى
4. شېڭ شىسەيىنىڭ ئۇرۇشقا قايتا تەييارلىق كۆرۈشى
5. ما جۇڭيىڭنىڭ خوجىنىياز ھاجى بىلەن دەسلەپكى توقۇنۇشۇشى
6. خوجىنىياز ھاجى قاراشەھەردە
7. توقسۇن ئىلانلىقىدىكى ئۇرۇش
8. كورلا باشئەگمىدىكى ئۇرۇش
9. باي ۋە قارايۇلغۇندىكى ئۇرۇش
10. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئاقسۇدىن قەشقەرگە مېڭىشى
11. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجى پىدائىيلىرىنىڭ پەرقى

III باب ئەينى ۋاقىتتىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتى
1. خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە بېرىش ئالدىدىكى ۋەزىيەت
2. خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت
3. قەشقەر يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسى
4. خوجىنىياز ھاجى قەشقەرنى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن
5. قاۋۇل كۆۋرۈكىدىكى ئۇرۇش
6. يېڭىسار ئۇرۇشى
7. مەكىت ئۇرۇشى
8. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇشى
9. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنكى پائالىيىتىم

# I باب 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تۇرپاندا بولغان قوزغىلاڭ

## 1. قوزغىلاڭ ھارپىسىدىكى ۋەزىيەت

1932 ـ يىلى يازنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانى جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇرۇمچى ۋە باشقا شەھەرلەردىن تۇرپان ئارقىلىق قۇمۇلغا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. كۆز ئايلىرى كېلىشى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بۇنداق ئۆتۈشۈشى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۇلار



يېزا بازىرىغا① قاراپ ھاۋرىلىق، ئېشەكلىك ۋە پىيادە يۈرۈشەتتى. خۇددى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قاچقان ئەسكەرلەردەك چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ، پاراكەندە ۋە چېچىلاڭغۇ ھالدا توپا توزۇتۇپ كېلىشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتنىڭ قانچىلىك يۈك تارتالىشى بىلەن ھېساپلاشماي، بىر ـ بىرىنى دەسسەپ ھارۋىلارغا ئۆزىنى ئاتاتتى. ئاتلار ئۇلارنى تارتالمىسا، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى» دېگەندەك، ھارۋىنىڭ يېنىدا پىيادە كېتىۋاتقان ھارۋىكەشنى تىللايتتى ۋە ئۇراتتى. يەنە بەزىلىرى بىر ئېشەككە ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ مىنىۋالاتتى. يېزىنىڭ تار كوچىلىرىدا ئۆزلىرىگە پۇتلاشقان ئادەملەرنىمۇ خالىغانچە تىللاپ، ئۇرۇپ ماڭاتتى. كوچىنىڭ يان تەرىپىدە دەل شۇ ئەسكەرلەر ئولتۇرۇۋالغان ھارۋا ۋە مىنىۋالغان ئېشەكلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۇلارنى يانداپ پىيادە كېتىۋاتاتتى. يول ئۈستىدە ئۆزلىرىگە ئۇدۇل كەلگەن دېھقانلارنىڭ ھارۋىلىرىغا خالىغانچە چىقىۋېلىش، ئېشەكلىرىگە زورلۇق بىلەن مىنىۋېلىش بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان بولۇپ، دېھقانلار ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقىغا ھەرگىز قارشى چىقالمايتتى. شۇڭا بىچارە دېھقانلار «يېزا بازىرىغا يېتىپ بارغاندا ھارۋا ـ ئېشەكلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرەر» دېگەن ئۈمىد بىلەن ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ ماڭاتتى.

ئەسكەرلەر يېزا بازىرىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان سارايلارغا كىرىپ ھارۋا ـ ئېشەكلەردىن چۈشۈشەتتى ـ دە، پەيجاڭلار ئۆز ئەسكەرلىرىنى يوقلىما قىلىپ لىيەنجاڭلىرىغا، لىيەنجاڭلار

① ئاستانە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قول ئاستىدىكىلىرىنى يوقلىما قىلىپ يېڭجاڭلىرىغا دوكلات قىلاتتى، ئاندىن ئەسكەرلەرنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرەتتى. ئەسكەرلەر قوللىرىدىكى بەش ئاتار، توققۇز ئاتار، بىر ئاتار مىلتىقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇشاتتى. بۇ قوراللارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان نۆۋەتچىلەر بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئەسكەرلەر هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشەتتى. بۇلارنىڭ تولىسى يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇشقا، ھەتتا ئۈستىبېشىدىكى توپىلارنى قېقىشقىمۇ ھورۇنلۇق قىلىشىپ، گۆردىن چىققان ئەرۋاھلاردەك ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار تاماقلىرىنى ئالمان ـ تالمان يېيىشىپ بولغاندىن كېيىن هويلىنىڭ ھەريەر ـ ھەريەرلىرىگە تاۋكا قۇرۇشۇپ قىمار ئوينىشاتتى. بەزى ئەسكەر باشلىقلىرى كۆزلىرىنى ئېچىشقىمۇ مادارى يەتمەي، ئالدىراپ ـ تېنەپ بۆلۈك ـ پۇشقاقلاردا يانپاشلىنىپ ياتىپ ئەپيۇن چېكەتتى. قىمار ئويناشقا پۇلى يوقلىرى تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ پىت باقاتتى.

بىزنىڭ تۆت ئەتراپىدىن كېلىپ ئەسكەرلەرنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن دېھقانلار ئۇلارنى زاڭلىق قىلىشىپ: «مۇشۇ جىڭگۇكچى ئەپيۇنكەش چېرىكلەر تاغلىق باتۇرلارغا تەڭ كېلەلەرمۇ؟» دېيىشەتتى؛ بەزىلىرى: «بۇلار قۇمۇلغا بىرىپلا ھارام گۆش بولىدۇ» دەپ، قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلققە خەيرخاھلىق قىلاتتى. يەنە بەزىلەر: «بۇ ئۆلەرمەن ئەبگاھلارنى مۇشۇ يەردىلا جايلىۋەتمەيمىزمۇ؟» دېسە؛ بەزىلەر: «جىم تۇرۇڭلار، ئاڭلاپ قالمىسۇن. بۇ چېرىكلەر ئىچىدە سىپىي ئۆزىدىن بولغانلىرى باردەك تۇرىدۇ، بېشىمىزغا بالا تېپىۋالمايلى. قۇمۇلدىن نېمە گەپ كېلىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ بىرئىش قىلمايمىزمۇ» دېيىشەتتى.



جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنىڭ پات ـ پات قۇمۇل تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرۇشى بىلەن، خەلق ئارىسىدىمۇ تۈرلۈك يېڭى خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى: «قۇمۇلغا بارغان چېرىكلەرنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلاپتۇ، تاغلىق باتۇرلارنىڭ ئوقى تۈگىمەيدىكەن، ئۇلار قارىغاي ياغىچىدىن ئوق ياسايدىكەن، خوجىنىياز ھاجى ئۆزىمۇ مەرگەن ئىكەن، ئاتقان ئوقى بىكار كەتمەيدىكەن».

خەلق ئارىسىدا، ئېلگىرىدىن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان:

«ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.»

دېگەن ناخشىنىڭ ئورنىغا مەزمۇنى يېڭى تۈس ئالغان:

«تاغلىق دېگەن بىر باتۇر، تاغنىڭ كامىرىدا ياتۇر
دۈشمەنلەرنى كۆرگەندە، ئۇننى قاتلاپ بىر ئاتۇر.»

دېگەن ناخشا ئېيتىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدەك ھەممە يەردە يەنە:

ئاچىل ـ ئاچىل، گۈل ئاچىل ـ ئاچىل،
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا ـ ئاچىل.
ئاچىلغاندا بىر گەپ بار ـ ئاچىل،
ئاچىلىپ سەن ھەريانغا ـ ساچىل.

دېگەن ناخشىلار ياڭراشقا باشلىدى.

دېمەك، قۇمۇلدىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئىلھامى بىلەن تۇرپان دېھقانلىرى جۈملىدىن ئاستانە دېھقانلىرى

ئارىسىدىمۇ قوزغىلىش كەيپىياتى كۆتۈرۈلدى. بىزمۇ شۇ قاتاردا جىددىي تەييارلىنىپ تۇردۇق.

جىن شۇرېن هۆكۈمىتى شەرقىي شىنجاڭدىكى خەلقنىڭ كەيپىياتىنى بىلگەندىن كېيىن، پات - پات كوچىلارغا ئېلان چىقىرىدىغان بولۇپ قالدى. ئېلاننىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«پۇقرالارغا مەلۇم بولغايكى، يېقىندىن بۇيان قۇمۇلدا بەزىلەر تاغقا چىقىۋېلىپ، ئەل - يۇرتنى قالايمىقان قىلىپ، پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالىماقتا. بۇ نادانلار گۇناھىغا توۋا قىلىپ، هۆكۈمەتكە ئەل بولسىلا، ئۆتكەن ئىشلار سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. پۇقرالار هەر تۈرلۈك ياۋا گەپلەرگە قۇلاق سالماي، خاتىرجەم بولۇپ، پۇقرادارچىلىقىڭلارنى قىلىڭلار، ئەگەر كىمىكى قۇمۇل ۋەقەسىنى تىلغا ئېلىپ، پۇقرالار ئارىسىدا ئىغۋا تارقاتسا، ئاچىل دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ پۇقرالارنى يامان يولغا باشلىسا، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. ۋاقىپ بولغايسىزلەر دەپ، مۇشۇ يارلىق چىقىرىلدى.»

هۆكۈمەت ئادەملىرى مۇشۇنداق ئېلانلارنى چاپلاپ كېتىشكە، بىزمۇ دەرھال بۇ ئېلانلارنى سويۇپ تاشلاپ، هۆكۈمەتنى تىللايتتۇق. ئۇ چاغلاردا يېزىلاردا ساقچى ئىدارىسىنىڭ شۆبىلىرى يوق ئىدى. بىر يۇرتنى بىر دورغا (بەگ) باشقۇراتتى. بىراق، دورغىغا ئاڭلاتماي، هۆكۈمەتكە قارشى هەرخىل سۆزلەرنى قىلىشاتتۇق. قۇمۇلدا خەلق قوزغىلىڭى باشلانغاندىن كېيىن، هۆكۈمەتنىڭ خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياساقلىرى يېڭىدىن كۆپەيگىلى تۇردى. قۇمۇلدىكى هۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ئەمىنات توشۇش سېلىقى خەلق ئۈستىگە چۈشتى. كىمىكى قېيىنچىلىقنى



ئېيتسا، ئۇنى «بۇيرۇقتىن باش تارتتىڭ» دەپ قامچا ئاستىغا ئالاتتى ۋە قامايتتى. لېكىن، بۇنچىلىك بىلەن جىن شۇرېن هۆكۈمىتى خەلقنى قورقىتالمىدى، بەلكى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى كۈچەيتىۋەتتى. كېچە قانچە قاراڭغۇ بولسا، يۇلتۇز شۇنچە ئوچۇق كۆرۈنگەندەك، مۇستەبىت هۆكۈمەتنىڭ زۇلمى ئاشقانسېرى، خەلقنىڭ سىياسىي زۇلۇم، ئىقتىسادىي ئېزىلىش ۋە مىللىي خورلۇقتىن قۇتۇلۇش تەلپىنى ئۆسۈپ باردى. ئۇلارنىڭ سەۋرى قاچىسى تولۇپ، بەزىلىرى غەزەپ بىلەن: «بىز چەنتۇلار قاچانغىچە بوزەك بولىۋېرىمىز» دەپ ۋارقىراشسا، بەزىلىرى «بىز چەنتۇ ئەمەس، ئۇيغۇر! ئۇيۇشساق بوزەك بولمايمىز» دەپ ۋارقىرىشاتتى.

## 2. قوزغىلاڭ تەييارلىقى ۋە قوزغىلاڭ

قۇمۇل خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ قىلىشىدىن ئىلھاملانغان تۇرپان خەلقى: قۇمۇللۇقلار كەلگىچە جىم يېتىۋېرىمىزمۇ؟ ئۇلار يېقىن ئارىدا تۇرپانغا چىقىپ قالسا، ئۇلارغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمىز، «يېتىپ قالغىچە ئېتىپ قال» دېگەن گەپ بار، بىز ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇلار باشلىغان ئۇلۇغ ئىشقا مۆرە قويايلى، دېيىشىپ قوزغىلاڭ قىلىشقا تەييارلىق كۆردۇق. ئاستانە يېزىسىدا نەمتۇل مىلتىقچى (مىلتىق ياسايدىغان ئۇستا)، ئەمەت تۆمۈرچى، مۇيىن ئۇستا، ئابدۇكېرىم ئۇستا ئىسىملىك قورال - سايمان ياساش ئۇستىلىرى بار ئىدى. بەزى دېھقانلار ئۇلارغا مىلتىق بۇيرۇتتى. قولىمىز قىسقىلار ئورغاقلارنى تۈزلەپ، قىلىچ قىلىپ ياسىۋالدۇق. بۇ ئۇستىلارنىڭ دۇكانلىرى ئاددى

بولسىمۇ، ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرى بولغاچقا، ئۇلار قارا مىلتىق ياساشتىن بىر ئاتار، بەش ئاتار مىلتىقلىرىنى ياساشقا تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ ئەمەت تۆمۈرچىنىڭ قىرغۇچ ئىستانوكى بولۇپ، 1946 - يىلى ئۇنىڭ بالىلىرى ئاپتومات ياساش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئاستانە خەلقىنىڭ مۇستەبىت جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەلىپى تېز ۋاقىت ئىچىدىلا يۇقىرى پەللىگە چىقتى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلققە ئوخشاش، تۇرپان خەلقىمۇ ئۆتمۈشتىن تارتىپ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى توختىماي قوزغىلاڭ قىلىپ تۇرغانىدى.

1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، بىردىنلا «قۇمۇلدىن خوجىنىياز ھاجى پىچانغا چىقىپتۇ، پىچاننى ئېلىپ بوپتۇ. ئەمدى تۇرپانغا كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقىلىپ كەتتى. ئاستانىدا بىر توپ - توپ بولۇشۇپ غۇلغۇلىغا چۈشتۇق؛ ھېچنېمىدىن تەپتارتمايلا، ئاشكارا ھالدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى گەپلەرنى قىلىپ، يەڭلىرىمىزنى شىمايلاپ، قولىمىزغا ئورغاق - كالتەكلەرنى ئېلىپ، ئۆز كۈچىمىزنى نامايان قىلىشقا باشلىدۇق. ۋەزىيەت بارغانسېرى جىددىيلەشتى. ھەرقايسى مەھەللىلەردە توپلانغان كىشىلەردىن بىرقانچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ، قورقماسلىق، باتۇر بولۇش، ئۆلسە شېھىت، قالسا غازى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاممىغا چۈشەنچە بېرىپ، پىدائىي بولۇشنى تەشۋىق قىلدى. ھەممەيلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەلمۈرۈپ كۆزىمىز بىلەن كۈتۈپ، پىچان تەرەپكە قاراپ تۇردۇق.

دەل شۇ چاغدا، ئاستانە ۋە قاراغوجا خەلقىنىڭ ھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقان تۇرپان بازىرىدىكى ما فۇمىڭ



لۈيجاڭ ۋە شىن فامىلىلىك يىڭجاڭ تۇرپان ناھىيىسىدىن ھەمدۇللا ئەلەمنى ئاستانە خەلقىغە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، «قۇمۇللۇق ئوغرىلار» نىڭ گېپىگە قۇلاق سالماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتى. لۈيجاڭ ما فۇمىڭ خۇيزۇ بولۇپ، ئەسلىدە چۆچەكتە تۇراتتى. شەرقىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە تەۋرىنىش بولۇپ قالغاچقا، جىن شۇرېن ئۇنى تۇرپانغا يۆتكەپ كەلگەن. ھەمدۇللا ئەلەم ئاستانىغا كېلىپ، توختى ھاجىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى ۋە مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا: «سىلەر قوزغىلىدىغان بولساڭلار، بىز تەييار» دەپ مەدەت بېرىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قۇمۇلدىن پىچانغا كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ۋە پىچاندا نېمە ئىشلار بولىۋاتقانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىمىن باي (ئىمىن كالا)، نىياز شەرىپى، ھەمدۇللا ۋاجىدىلار بىلەن بىللە پىچانغا يۈرۈپ كەتتى. ھەمدۇللا ئەلەم ناھىيىگە قايتىپ كەتكەن كۈنى ھېچقانداق خەۋەر تارقالمايلا كۈن كەچ بولدى. ئەتىسى (جۈمە كۈنى) ئورنىمىزدىن تۇرساق، ئاستانە يېزىسىدىكى ئۈچ ئائىلىلىك خەنزۇ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى تاقاپ، يېرىم كېچىدە ناھىيىگە قېچىپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق (ئۇلار سېرىق ئىشتان، قارا پوزۇل جاڭ - جاڭ دەپ ئاتالغان گۆرۈكەشلەر ئىدى). ئۇلار ئۇيغۇرچە تىلنى ئوبدان بىلگەچكە، خەلقنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ دەرھال ناھىيىگە قېچىپ كەتكەن ۋە ناھىيىگە بېرىپلا «ئاستانە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى» دەپ مەلۇم قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا ما فۇمىڭ («ما داگازا» دەپمۇ ئاتىلاتتى) ئاستانە خەلقىنى باستۇرۇشقا ئاتلىق بىر لىيەن ئەسكەر ئەۋەتتى. بىز ئاتلىق

ئەسكەرلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا، قولىمىزغا تاياق - توقماق ۋە ئورغاقلارنى، شۇنىڭدەك ساناقلىقلا بىرقانچە تال مىلتىقنى ئېلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇردۇق.

ما فۇمىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئاستانىغا قاراپ يولغا چىقىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پىچان ناھىيىسىدىكى خەلقىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاستانە، قاراغوجا، سىڭگىم، مۇرتۇق، ياڭخى (ياڭخى ئۇ چاغدا تۇرپان ناھىيىسىگە قارايتتى) دېھ انلىرىغا مىڭ دادەن قوناق ئالۋاڭ سېلىنغانلىقى، ئەگەر كىمىكى پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ بۇ ئالۋاڭنى تۆلىمىسە قامىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. بۇ بۇيرۇق شۇ پەيتتە ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىش رولىنى ئوينىغان. بىز بىرنەچچە يۈز ئادەم قارا پۇزۇل گۆرۈكەشلەرنىڭ ئادەمسىز قورۇق ھويلىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ داڭزىلىرى (ھېساب دەپتەرلىرى) نى كۆيدۈرۈپ، باشقا نەرسىلەرنى خالىغانچە بۇلاپ كەتكەنىدۇق. شۇ يەردىن بۇلاپ كەتكەن ئاتلارنى ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلاندى.

بىز جۈمە نامىزىدىن چىقىپ، تۇرپان بازىرى تەرەپتىن توپا-چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنى كۆردۇق. شۇئان توپ ئىچىدىن چۇقان كۆتۈرۈلدى: «يا ئۆلۈم-يا كۆرۈم، تەييار بولۇڭلار. ئاۋۋال ئۇلار ئوق چىقارسۇن، ئاندىن بىز ئۇلارنى جايلايمىز»

بىز ئۆزئارا خەۋەر قىلىشىپ، يىراق-يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى يېزا بازىرىغا توپلاندۇق. مىلتىقى بار ھېۋۇۋۇل،



ئابدۇكېرىم، نىيازقارى ئۈچ مەرگەن ئەششا① سېپىلىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ قالغانلىرىمىز تاياق - توقماقلىرىمىزنى ئېلىپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ تۇردۇق. ئەسكەرلەر ئاستانە بىلەن قاراغوجا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ يول بىلەن ئاستانىگە شىمال تەرەپتىن مېڭىپ ئەششاغا كەلگەندە، سېپىل ئۈستىدىكى مەرگەنلىرىمىز ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاستانە خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرۈپ، تاياق - توقماقلىرىمىز بىلەن ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدۇق. سېپىل ئۈستىدىكى ئۈچ مەرگەن ئەسكەرلەردىن يەتتىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندە، ئەسكەرلەر ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. گاڭگىراپ قالغان ئەسكەرلەر ئاتنىڭ ئۈستىدە يېتىۋېلىپ، ئارقىسىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ شەرق تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قاراغوجا خەلقى چىقىپ توستى. ئىككى يېزا خەلقىنىڭ قورشاۋىدا قالغان ئەسكەرلەر قاراغوجا يېزىسىنىڭ قەشقەرلىكلەر مەھەللىسىدىكى ئېتىزلىقنىڭ قىرىدا مۇداپىئەلىنىشكە باشلىدى. نەتىجىدە، ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى شۇ يەردە جېنىدىن ئايرىلدى، سايغا قوغلاپ چىقىرىلغان ئاز قىسمى ناھىيىگە قېچىپ كەتتى، ئاستانە يېزىسىنىڭ بورچىلار مەھەللىسىدىكى سايدا يوقاتتۇق. ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى، ئۈچ هارۋىدىكى ئوق - دورىلىرى ۋە خەلقنى جازالاش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن جادو كويزىلىرى

①ئەششا - قەدىمكى قۇچۇ شەھىرىنىڭ قالدۇقى بولۇپ، ئاستانە ۋە قاراغوجىنىڭ مەھەللىۋى تىلدا ئاتىلىشى. بەزى يازما يادىكارلىقلاردا بۇ يەر «ئىدىقۇت شەھىرى» ياكى «دەقيانۇس شەھىرى» دەپ ئاتىلىدۇ (خەنزۇچە «گاۋچاڭ» دەيدۇ).

خەلقنىڭ قولىغا چۈشتى. مەنمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ بىر ئات ۋە بەش ئاتار مىلتىققا ئىگە بولدۇم.

## 3. ماشىمىننىڭ سىلىك بولۇۋېلىشى

شۇ كۈنى كۈن ئولتۇراي دېگەندە، ھەممىمىز سايدا دۈشمەنلەرنى تازىلاپ بولۇپ تۇرساق، خەلق ئارىسىدا: قۇمۇلدىن خوجىنىياز ھاجى چىقماپتۇ، ئۇنىڭ ئادەملىرى چىقىپتۇ، دېگەن سۆز تارقالدى. ھەممەيلەن بىر- بىرىمىزگە قارىشىپ ھەيران بولدۇق. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەھۋال مۇنداق ئىكەن: 1931- يىلى قۇمۇل خەلقى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، گەنسۇدىكى ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا كېلىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ، جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇشقان. ئەمما، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، گەنسۇغا قايتىپ كەتكەن. خوجىنىياز ھاجى تۈزلەڭلىكتىن چېكىنىپ، قۇمۇل تاغلىرىغا چىقىپ، موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت خەلقىدىن ياردەم ئېلىپ، جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشقان. ئارىدىن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ما جۇڭيىڭنىڭ فۇگىنى ما شىمىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرغان. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ، تۇرسۇن، تۆمۈر قاتارلىق 30 غا يېقىن ئادەم بىلەن بىللە،



خوجىنىياز ھاجىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا، ئارقا يول بىلەن پىچانغا كېلىپ «خوجىنىياز ھاجىنىڭ خېتى» دېگەن بىر پارچە يالغان خەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خەلقنى قوزغاپ، 1932- يىلى 12- ئاينىڭ 2- كۈنى پىچان ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان. جىن شۇرېن پىچاننىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇن فايۇ دېگەن لويجاڭغا: قاتتىق تازىلا! - دەپ بۇيرۇق بەرگەن. ئادەم ئۆلتۈرۈشتە جاللاتلىق نام ئالغان شۇن فايۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىش بىلەنلا، چىڭچېڭزىدىن ئاق ئۇرۇسلار باشلىقى جاللات بابىنگوتنى ئېلىپ پىچانغا بېرىپ، خەلقنى ئوققا تۇتقان؛ مىڭلىغان ئادەمنى قىرىپ، پىچاننى قانغا بويىغان. ما شىمىن ئۆزىنىڭ بىر قانچە ئادەم بىلەن پىچاندىن قېچىپ لۈكچۈنگە كەلگەنلىكىنى چاندۇرماي، جىن شۇرېننىڭ لۈكچۈندە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى خۇ يىڭجاڭنى قورال تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. خۇ يىڭجاڭ قورال تاپشۇرۇشقا ئۇنىماي، سېپىل ئىچىگە سولىنىۋالدىن كېيىن، ماشىمىن گەنسۇغا كەتمەكچى بولۇپ، لۈكچۈننىڭ جەنۇبىدىكى دىغا دېگەن يەرگە كەتكەن.

مەھمۇت مۇھىتى باشلىق تۆت- بەش كىشى لۈكچۈن ئەتراپىغا بېرىپ، قۇمۇلدىن چىققان ماشىمىننىڭ يەنە گەنسۇغا كېتىش ئۈچۈن دىغاغا كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئارقىغا قايتىپ ئاستانىغا كېتىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە ئاستانىلىق

سەيدۇل لوزۇڭ، پەيزۇل جىنسا دېگەن كىشىلەرگە ئۇچراشقان، ئۇلاردىن: ئاستانە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بولدى، خەلق مالۇيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال شۇلار بىلەن بىللە دىغاغا بېرىپ ماش شىمىنغا: خەلق قوزغىلىپ بوپتۇ، سىز گەنسۇغا كەتمەڭ، دېگەن. ما شىمىن پىچاندىكى قىرغىنچىلىقنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ، «كەتمىسەم بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالغان! مەھمۇت مۇھىتى ئۇنىڭغا: سىز ھە دەپ تۇرۇپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ، ئىشنى بىز قىلىمىز، — دەپ يالۋۇرغاندىن كېيىن، ما شىمىن ئەھۋالنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئاستانىغا ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇ ئادەم ئەھۋالنى بىلىپ كېلىپ ماشىمىنغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ما شىمىن ئاستانىغا بېرىپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن، ما شىمىن رەسمىي قوزغالغان خەلق، يۈزلىگەن مىلتىق، بىر قانچە هارۋا ئوققا ئىگە بولغان. ئۇ يەنە، تاياق — توقماق تۇتقان مىڭلىغان پىدائىيلارنىڭ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئىشكى ئالدىدىن كەتمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خەلقنىڭ كەيپىياتىنى چۈشىنىپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنى «سىلىڭ» دەپ ئېلان قىلىپ، مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئاستانىلىق نىياز شەرىپى، سەمەت ھاجى، قاراغوجىلىق ئىمىن باي (ئىمىن كالا)، پولات، مۇخپۇل



خەلىپە، ئاخۇن مۆمىن، ياڭخىلىق ئىبراھىم دورغا، مۇرتۇقلۇق ئىسكەندەر قاتارلىق كىشىلەرگە تۇەنجاڭ، يىڭجاڭ، لىيەنجاڭلىق مەنسەپلىرىنى بەرگەن. ئۇلارنىڭ باشچىلىقىدا، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان مىڭلىغان قوزغىلاڭچىلار ئىككى كۈن ئىچىدە، تۇرپان شەھىرىنىڭ سېپىلىغا چىقىدىغان ئۇزۇن شوتىلارنى ياساپ، ئاتلىق، هارۋا ۋە ئېشەكلىرىنى تەييارلاپ (كۆپىنچىسى پىيادە)، تاياق — توقماقلارنى ئېلىپ، تۇرپان شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇق. بېسىپ ئۆتكەن يېزىلاردىن بىزگە پىدائىيلار قوشۇلۇپ تۇرغاچقا، سېپىمىز ئۇلغىيىپ باردى.

## 4. قوزغالغان خەلقنىڭ تۇرپان يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلىۋېلىشى

تۇرپاندا بۇرۇندىن بىر يىلىك ئەسكەر تۇراتتى. كېيىنكى ۋاقىتتا جىن شۇرېن چۆچەكتىن ما فۇمىڭنى يۆتكەپ ئەكېلىپ، بىر لۇي ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان بولدى. بىز تۇرپان يېزىلىرىدىن ناھىيىگە ھۇجۇمغا ماڭغاندا، مافۇمىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر لىيەنى توقسۇندا، قالغانلىرى ئاساسەن تۇرپان كونىشەھەردە تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرى ئاستانىغا ئەۋەتىلىپ تار — مار بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاستانىغا قايتا ئەسكەر ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئەسكەرلىرى بىلەن كونىشەھەردە قامىلىپ ياتقانىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا تۇرپان كونىشەھەر، يېڭىشەھەر دەپ ئىككىگە ئايرىلغان

بولۇپ، كونىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ئىدارىلەر، ھەربىيلەر ۋە خەنزۇ پۇقرالار يېڭىشەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا، كونىشەھەر سېپىلىنىڭ تېشىدا ئاساسەن ئۇيغۇرلار، ئاز ساندا خۇيزۇ پۇقرالار بار ئىدى. بىز ئاستانىدىن كەچقۇرۇن يولغا چىقىپ، خەۋەرلەشكۈچىلەرنى ئالدىن ئەۋەتىپ، ئاندىن تۈن قاراڭغۇسىدا يېڭىشەھەرنىڭ سېپىلى ئىچىگە جىمجىت كىرىۋالدۇق. بىز شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى، يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي دەرۋازىلىرىنى باقىدىغان ما فۇمىڭنىڭ بىر دۈي ئەسكىرى ئالىقاچان كونىشەھەرگە قېچىپ كەتكەنىدى. شەھەر خەلقى بىزنى چەكسىز خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ھەمدۇللا ئەلەم، ھېسامىدىن زىپەر، ئابدۇللا داموللا نەئىمى، تۆمۈر جىسا، سەيپۇل يىڭجاڭ، ئابدۇمىنى ھاجى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇسەمى زىنخۇي، سايىم ئاخۇن، يۇسۇپ رەئىس، شېرىپ ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى بىر ئېغىزدىن قوللىدى ۋە قوزغىلاڭغا ئۆزلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئاتلاندى، شۇنداقلا شەھەر خەلقىنى قوزغىلاڭغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر ۋە يېزىلاردىن كىشىلەر كېلىپ پىدائىيلىققا يېزىلغىلى تۇردى. ما شىمىننىڭ تەيىنلىشى بىلەن يېڭىدىن تۇەنجاڭ، يىڭجاڭ، ليانجاڭلىق مەنسەپ ئالغانلار ئۆز يېزىسىدىن پىدائىي بولغانلارغا باشلىق بولدى. بەزى پىدائىيلار مەن ××× نىڭ قول ئاستىدا بولىمەن دەپ، ئۆزى خالىغان كىشىنىڭ قول ئاستىدا پىدائىي ئەسكەر بولدى.

كونىشەھەردىكى جىنشۇرېن ئەسكەرلىرى بىزنىڭ يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىمىزنى بىلگەندىن



كېيىن، كونىشەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى شەھەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دەرۋازىلىرىنى ئىچىدىن خىش بىلەن قىرلاپ ئېتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ دەرۋازا تېشىغا چىقماي يېتىۋېلىشى ئۈرۈمچىدىن ياردەم كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ يېتىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ سېپىل ئىچىدىن چىقماي يېتىۋېلىشى بىزنىڭ كۈچ توپلاپ كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى پۇختىلىشىمىزغا ياخشى پۇرسەت بولدى. يېزىلاردىكى خەلقلەر يېڭىشەھەرگە توسالغۇسىز كىرىپ - چىقىپ، ئىختىيارىي پىدائىي بولدى ۋە شەھەرنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش تەييارلىقىمىزنى كۈچەيتىۋالدۇق. دەل شۇ ۋاقىتتا، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ چوڭ ئاكىسى مۇسۇلباي مۇھىتى ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا چۈشۈپ مۇنداق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى: «بىز ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى جىن شۇرېننىڭ 800 ئەسكىرى تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقىپ كەتكەن. بىز ئادەتتە ئادەم ماڭالمايدىغان ئۆگسەندىكى ئوغرى يول (چىغىر يول) بىلەن كەلدۇق. جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى ئەتە كىندىككە① يېتىپ كېلىشى مۇمكىن». بۇ خەۋەر بىلەن تەڭ يەنە «گۈچۈڭدىن نۇرغۇن ئەسكەر تۇرپانغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، ھازىر ئۇلار يوغانتېرەك دېگەن يەردىن ئۆتتى» دېگەن خەۋەرمۇ يېتىپ كەلدى.

جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچى ۋە گۈچۈڭ تەرەپلەردىن تۇرپان خەلقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ دېگەن شۇم خەۋەر تۇرپان ۋەزىيىتىنى جىددىيلەشتۇرۇۋەتتى.

① كىندىك — تۇرپان شەھىرىنىڭ بىر مەنزىل غەربىكە جايلاشقان كونا يولدىكى بىر ئۆتەڭ.

خەلق بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا قانداق چارە - تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ چىققانلىقىنى ئاڭلاشقا تەشنا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆيلىرىنى شەھەر ئىچىدىن سىپىل تېشىغا كۆچۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ماشىمىن، مەھمۇت مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مۇسۇل مۇھىتى، ھەمدۇل ئەلەم باشلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى تۇرپانغا يېقىن كېلىپ قالغان دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇش، دۈشمەننى قانداق تارمار قىلىش ھەققىدە ھەمدۇللا ئەلەمنىڭ ھويلىسىدا بىر كېچە مۇزاكىرە قىلىشتى. چۈنكى، بۇ ھويلىنى ما شىمىن سىلىڭبۇ شىتابى قىلىۋالغانىدى. مەن مۇزاكىرە بولۇۋاتقان ئۆيدە كىرىپ چىقىپ تۇرغان مۇزاكىرە قاتناشچىلىرىدىن نىمە گەپ - سۆز بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم.

ما شىمىن مۇزاكىرىدە دەسلەپ ئوچۇق پىكىر بايان قىلماي، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان. مەھمۇت مۇھىتى قىسقىغىنە قىلىپ: «ھازىر بىزنىڭ بىر سائەت ۋاقتىمىز بىر جىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەت. دۈشمەنگە قارشى تۇرىمىزمۇ - تۇرمايمىزمۇ دېگەن مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس. دۈشمەنگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز. بۇ جەھەتتە ھەممەيلەن بىر ياقتىن باش چىقىرىشىمىز لازىم. ھازىر كېچە دېمەي، شەھەر ئىچى ۋە شەھەر تېشىدىكى ئاھالىگە ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، خەلقنى ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن. ھەمدۇللا ئەلەم ۋە باشقىلار مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىگەن. ئاندىن ما شىمىن پىكىر بايان قىلىپ: خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرمەي بولمايدۇ. بۇ - ياخشى پىكىر. لېكىن، ھازىر دۈشمەن شەھەرگە يېقىنلىشىپ قالغان ۋەزىيەتتە، بىز



شەھەرگە سولۇنۇپ تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى تۇرىمىز دېگەندىن كۆرە، شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ، دۈشمەن شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ پارتىزان ئۇرۇشى قىلساق ئۇتۇقلۇق بولىدۇ، دېگەن. ئاخۇن تۇەنجاڭ ئىسىملىك خۇيزۇ ماشىمىننىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىگەن. بەزىلەر ئارىسالدا بولۇپ، «ما شىمىننىڭ پىكرىنى ئويلاپ باقايلى» دېيىشكەن. مەھمۇت مۇھىتى يەنە دەرھال سۆز قىلىپ: «كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسماي، شەھەرنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىش خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئۇتىغا سۇ سەپكەنلىك بولىدۇ، شۇنداقلا دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرغانلىق بولىدۇ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرغان. كۆپچىلىك مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغانلىقتىن، ما شىمىنمۇ ئاخىرى مۇشۇ پىكىرگە قوشۇلغان.

مۇزاكىرە نەتىجىسى مۇنداق بولغان. ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنى تۇرپان يېڭىشەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، كۈچىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى گۈچۈڭدىن كېلىۋاتقان جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنى تارماق قىلىشقا قارىتىش. شۇنداق قىلىپ، تۇرپان كونىشەھەردىكى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى گۈچۈڭ ۋە ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە ئەسكەر كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغىچە، ئۇلارنى ئالدىن تارمار قىلىش ئۇرۇشىغا ئاتلاندۇق.

## 5. گۆچۆڭدىن كەلگەن دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرۈپ، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىش

ئەتىسى ئۈرۈمچى تەرەپ بىلەن كونىشەھەرگە كۆزەتچى قويۇپ، گۆچۆڭدىن كېلىۋاتقان 700 دۈشمەننى توسۇشقا ئاتلاندۇق. ئۇلار پىيادە ئەسكەرلەر ئىكەن. بىز ئۇلار بىلەن شاپتۇللۇقتا ئۇچراشتۇق، جەڭ باشلاندى. بىر كۈن ئۇرۇشقان بولساقمۇ ئۇ 700 ئەسكەرنىڭ قوراللىرى خىل بولغاچقا، بىزگە توختىماي ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرى بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىزغىلا ئەمەس، ھەتتا باش چىقىرىشىمىزغىمۇ ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئۇلارنى تۇپتۇز سايدا توسۇۋېلىش ئىمكانىيىتىمىز تېخىمۇ يوق ئىدى. ئاخىرى ئۆلگەنلىرىمىز ئۆلۈپ، قالغانلىرىمىز ئۇدۇل تۇرپان يېڭىشەھەرگە كېلىپ سولاندۇق.

ماشىمىن بۇ مەغلۇبىيەتنى ئاڭلاپلا گەنسۇغا قېچىشقا تەييارلىنىپتۇ. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا قولاقتىن - قولاققا ئاڭلىنىپ، ھەممىمىزنى بىر خىل قورقۇنچ باستى. باشلىقلار باشقا يەرگە قاچا، بىز نەگە بارىمىز دەپ ئەندىشىگە چۈشتۇق. تۈن يېرىمى بولدى. ھەممىمىز سېپىل ئۈستىدە دۈشمەن تەرەپ ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. دەل شۇ چاغدا ئۈرۈمچى يولىدىن ئىككى ئادەم كېلىپ بىزگە: بىز شاپتۇللۇقتىكى ئۇرۇشتىن قايتىپ كەچ قىلىپ، ھېرىپ كەتكەچكە، ئۈرۈمچى يولى ئۈستىدىكى بىر دېھقاننىڭ



ئۆيىدە ياتقانىدۇق. بىردەمدىلا ئەتراپىمىزنى چېرىكلەر قاپلاپ كەتتى. ئاتلىرىمىزنىمۇ ئالماي، تاملاردىن ئارتىلىپ قېچىپ، ئۇدۇل بۇ يەرگە كېلىۋالدۇق. ئۇ چېرىكلەر شەھەرگە يېقىن كېلىپ قالدى، دېدى. دېمەك، گۆچۆڭدىن 700 ئەسكەر كەلگەن، ئۈرۈمچىدىن 800 ئەسكەر كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار بىر ئازدىن كېيىن يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. يەنە مىڭلىغان ئەسكەرلەر كونىشەھەر ئىچىدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلسا، بۇ قارا كۈچلەرنىڭ بىز تۇرپان خەلقىنى قىرىپ تاشلىشى كۆز بىلەن قاشنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى. بۇ كۈن 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىدى. ماشىمىن ئۆزى سىلىكىۋ قىلىۋاتقان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ: مەن قەتئىي گەنسۇغا كېتىمەن! دېدى - دە، شەھەرنى تاشلاپ قېچىش ئۈچۈن ئېتىنى توقۇپ تەييارلاندى. مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ھەمدۇللا ئەلەم ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە نارازى بولۇپ، ئۇنى بۇ يولدىن توستى ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇردى: «ئەگەر ئامما ئىچىگە ‹باشلىقلار قېچىپتۇ› دېگەن خەۋەر تارقالسا، ئامما ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ، غەيرەت بوشايدۇ. سىزغۇ گەنسۇغا كېتەرسىز، بىز تۇرپان خەلقى نەگە بارىمىز؟ بىز بۇ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ تۈگىسەك تۈگەيمىزكى ھەرگىزمۇ قاچمايمىز. سىز بىر ئادەم، نەگە كېتىمەن دېسىڭىز كېتەلەيسىز. بىزدە ‹سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق، قىلالمىساڭ ئامال يوق› دەيدىغان ماقال بار. سەۋەب قىلىپ باقايلى، ئالدىراپ كەتمەيلى. ھازىر شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا تېخى بالدۇر. بىز ئىشنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ باقايلى.» مۇشۇ گەپلەر بىلەن تاڭمۇ ئاتتى. مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ھەمدۇللا ئەلەم يەنە بىر تەرەپتىن ماشىمىنغا

ئانچە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ «ئىشنى ئۆزىمىز باشلىدۇق، ئەمدى ئۆزىمىز باشقا ئېلىپ چىقماي بولمىدى» دېيىشىپ، ھەر ئىككىيلەن بىلگە ئاق باغلاپ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاممىغا مەدەت بەردى. بەلنى مەھكەم باغلاڭلار، ئۇرۇشتا ئۆلسەك ــ شېھىت، قالساق ــ غازى. بىز ئۈچۈن ھەر يەردە خۇدا ھازىر ۋە نازىر، خۇدا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغاي، قورقماڭلار، قورققاننى ئەجەل قوغلايدۇ. ئامىن! ــ دەپ دۇئا قىلدى. ئەگەر دۈشمەننى يېڭەلمىسەك قىرىلىپ تۈگەيدىغانلىقىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، بىزگە دۇنيا قاراڭغۇلاشقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، بىز پىدائىيلارمۇ ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم، قېرىغىمۇ بىر ئۆلۈم. ياشاش ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورققان بىلەن بولمايدۇ ــ دېيىشىپ غەيرەتكە كەلدۇق. مىلتىقلىرىمىزنى سۈرتۈپ، ئۇرۇشقا تەييارلاندۇق. دۈشمەن ئوقىنىڭ ئارقىمىزدىن تەگمەي، ئالدىمىزدىن تېگىشىنى خۇدادىن تىلىدۇق.

تاڭ يورۇ ــ يورۇمايلا، ئۈرۈمچى تەرەپتىن كەلگەن بىر ئاپتوموبىل يېڭىشەھەرنىڭ تېخى ئېچىلمىغان غەربىي دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىز ئۇنىڭ خاتا كېلىپ قالغانلىقىنى پەملەپ، دەرھال دەرۋازىنى ئېچىپ بەردۇق. ئاپتوموبىل شەھەرگە كىرىشى بىلەنلا، دەرۋازىنى ئېتىۋېلىپ، ئاپتوموبىلنى ئوتتۇرىغا ئالدۇق. ئاپتوموبىلدىكى بەش ئالتە جىن شۇرىن ئوفىتسېرى ھاڭ ــ تاڭ بولۇشۇپ، ئاپتوموبىلدىن چۈشتى. بىز دەرھال ئۇلارنىڭ يان قوراللىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇلارنى ما شىمىن بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ



بەردۇق. بىر ئازدىن كېيىن بىز سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىۋېتىپ تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئۇقماي شەھەر ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ئۇلارنىڭ نەرسە ــ كېرەكلىرىنى ئاقتۇرسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن جىن شۇرىننىڭ تۇرپاندىكى ھەربىيلەرگە ئەۋەتكەن بۇيرۇقى چىقىپتۇ. بۇيرۇقتا: تۇرپاندىكى قوزغىلاڭ قىلغانلارنىڭ يەتتە يېشتىن 70 يېشىغىچە ھەممىسىنى جادۇدا تۇغراڭلار، دەپ جادۇ چۈشەردىم دېيىلگەن. ما شىمىن باشقىلارغا ئوقۇپ بەرگەن بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، قاتتىق چۆچۈدۇق. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ ــ نەپرىتىمىز تېخىمۇ ئاشتى. ئەمدى بىز دۈشمەننى تۈگەتمىسەك، دۈشمەن بىزنى تۈگىتىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوق ئوخشايدۇ، دېگەن يەرگە كەلدۇق. ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان ئەسكەرلەرمۇ ھېلىقى باشلىقلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇرۇش باشلاندى. ما شىمىن سىلىڭبۇ ھويلىسىدا خەۋەر كۈتۈپ تۇراتتى. مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ھەمدۇللا ئەلەم يەر شارائىتىنى بىلىدىغان مەرگەنلەرنى تاللاپ، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ، ئۇلارنى دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئۇرۇش قىلىشقا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەھەللە مەسچىتلىرىگە ۋە يېزىلاردا ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلدى. پۈتۈن شەھەر ۋە يېزا خەلقى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئىككى تەرەپتىن ھە دەپ ئوق ئېتىلماقتا. سېپىل ئۈستىدىكى ۋە پەستىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەرگەنلەرنىڭ ئوق چىقىرىشىغا ماسلىشىپ چوقان

كۆتۈردى. نۆۋەت بىلەن سېپىلنىڭ تېشىغا چىقىش كۆپەيدى. بىر نەچچە سائەتكە بارماي جىن شۈرىن ئەسكەرلىرى چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇلار چېكىنگەن ھامان شەھەر ئىچىدىكى خەلق شەھەر دەرۋازىسىدىن بوراندەك ئېتىلىپ چىقتى. شەھەر تېشىدىكى خەلقمۇ بىرگە ماسلىشىپ جىن شۈرىن ئەسكەرلىرىنى خۇددى چاشقاننى قوغلىغاندەك ئېتىزمۇ - ئېتىز سۈرۈپ قوغلاپ ماڭدى. دۈشمەنلەر قاچقاندا مىلتىقلىرى ئېغىر كەلدى بولغاي، مىلتىقلىرىنى تاشلاپ سالتاڭ قېچىشقا باشلىدى. نۇرغۇنلىغان ئاما ھېچنىمىگە قارىماي، جىنىنىڭ بارىچە دۈشمەننى قوغلاپ كېتىۋاتسا، بەزىلەر ئالدىرىماي مېڭىپ، يەردە ياتقان مىلتىقلارنى تېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇنى كۆرگەن باتۇرلاردىن بىرسى: ئاغىنىلەر، يەردىكى مىلتىقنى قويۇپ تۇرۇڭلار. ئۇ ھېچيەرگە كەتمەيدۇ. ئاۋۋال دۈشمەننى قوغلاپ ماڭايلى، — دەپ توۋلىدى. شۇ چاغدا بىر دېھقانىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا ئولجا ئالغان بەش ئاتار مىلتىقتىن ئۈچىنى ئارتىۋالغانلىقى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇمچىدىن تۇرپانغا چۈشكەن جىن شۈرىن ئەسكەرلىرى چاقماق تېزلىكىدە تارمار بولدى. كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، بۇ 800 ئەسكەرنىڭ 20 نەچچىسى ھارۋىلىرىنىڭ ئاتلىرىنى چىقىرىپ مىنگەن پېتى ئۇرۇمچىگە قېچىپ كېتىپتۇ، قالغانلىرى ئۇرۇشتا ئۆلۈپتۇ ياكى ھەر تەرەپكە پېتىراپ تۈگەپتۇ. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قوراللاردىن باشقا، 40 ھارۋىغا يېقىن ئوق ۋە باشقا سايمانلار ئولجا ئېلىندى. دېمەك، بىر تەرەپتىن كەلگەن ئاپەت تۈگىتىلدى. لېكىن گۇچۇڭ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاپەتتىن تېخى خەۋەر يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ



قېتىمقى غەلىبىدىن كېيىن روھىمىز كۆتۈرۈلۈپ پەلەككە يەتتى، نۇرغۇن قورال ۋە ئوق دورىغا ئىگە بولدۇق. بۇ خۇشاللىق ئىچىدە گۇچۇڭدىن دۈشمەن كېلىۋاتقانلىقىنى مەنسىتمىگەن كەيپىياتتا ئۇنتۇلۇپ قالغاندۇق. ئەتىسى گۇچۇڭ يولىدىن خەۋەر ئالساق، گۇچۇڭدىن تۇرپانغا كېلىۋاتقان 700 دەك ئەسكەر «تۇرپان قولدىن كېتىپتۇ» دېگەننى ئاڭلاپ، يوغانتېرەك ئارقىلىق گۇچۇڭغا قايتىپ كېتىپتۇ.

«پۇتكەن ئىشقا ئىگە تولا، ئۇرۇشتىن كېيىن باتۇر تولا» دېگەندەك، ما شىمىن بۇ غەلىبىنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ ئىگىرىنى يەرگە ئالدۇرۇپ، قايتىدىن سىلىڭلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ: ئۇرۇشتا قورال ئولجا ئالغانلار قوراللارنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپتۇ، ئۇلار مىلتىق - ئوقلارنى سىلىڭبۇغا ئەكىلىپ تىزىملاتسۇن، تىزىملىغاندىن كېيىن يەنە ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىمىز - دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. مەھمۇت مۇھىتى باشلىق يۇرت كاتتىلىرى ما شىمىننىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئولجا ئالغان قوراللارنى سىلىڭبۇغا ئەكىلىپ تىزىملىتىشنى تەشۋىق قىلدى ۋە پىدائىيلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئەمما پىدائىيلار ئولجا ئالغان قورال - ياراقلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا ئەكەلگەندە، ما شىمىن ئۇلارنى يىغىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزى يېڭىشەھەردىن چىقماي تۇرۇپ، مەھمۇت مۇھىتى باشلىق يۇرت كاتتىلىرىغا كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى.

## 6. تۇرپان كونىشەھەرنىڭ تەسلىم بولۇشى

مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدا كونىشەھەرنى قورشىۋېلىپ ئۇرۇش قىلدۇق. بۇ ئۇرۇش كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى يېنىدا (ھازىرقى تەمىنات - سودا مەركىزى سېلىنغان يەردە) تازا قاتتىق بولدى. پىدائىيلار سېپىلغا شوتا قويۇپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىشقا ھەرىكەتلەنگەن بولساقمۇ، سېپىل ئۈستىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئوق سېپىل ئۈستىگە چىقىشىمىزغا يول بەرمەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى چارە دەرۋازىغا ئوت قويۇش ئىدى. لېكىن، بۇ ئىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، خەندەكنىڭ تېشىدىن دەرۋازا تۆۋەنگىچە بولغان ئارلىق 150 مېتىردىن ئارتۇقراق ئوچۇقچىلىق بولۇپ، سېپىل ئۈستىدىن ئېتىلىۋاتقان يامغۇردەك ئوقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ دەرۋازىغا يېقىنلىشىش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى يېڭىشەھەردىن كېلىدىغان يولغا ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل بولمىغاچقا، خەندەكتىن ئۆتۈپ يەنە بىر ئاز يول يۈگۈرۈپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى؛ غەربىي دەرۋازا دەپ ئاتالغان بۇ خەندەك دەرۋازىسى شەھەرنىڭ غەربىدە بولغان بىلەن، شەھەرنىڭ رەسمىي چوڭ دەرۋازىسى غەربىي جەنۇبتا ئىدى. ئەگەر بۇ دەرۋازىنىڭ يېنىغا بارالىسىلا دالدا بولغۇدەك يېرى بار ئىدى - دە، تەمتىرىمەي خالىغانچە ئوت قويۇشقا بولاتتى. ئىككىنچىدىن، شەھەر دەرۋازىسى يالاڭ قەۋەت دەرۋازا ئەمەس، قوش قەۋەت دەرۋازا بولۇپ، تاشقى دەرۋازىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى كۇپايە قىلمايتتى. مۇشۇنداق بىر قاتار قىيىنچىلىقلار بولمىسىمۇ، دەرۋازىغا ئوت قويۇشقا بارىدىغان پىدائىيلار مەيدانغا سەكرەپ



چۈشتى. بۇ پىدائىيلار كىرسىن تۇڭلىرىنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈرگەندە، قالغانلىرىمىز دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كونا ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن ۋە قالقان تۆشۈكلىرىدىن سېپىل ئۈستىگە قارىتىپ ئوق ئېتىپ تۇردۇق.

بىر نەچچە قېتىم تەكرار ھۇجۇم قىلىشلاردىن كېيىن، بىر نەچچە كىشىمىز چىقىم بولغان بولسىمۇ، ئاخىرى پىدائىيلاردىن تېتىرلىق مەڭلىك باقىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا دەرۋازىغا يېقىن بېرىپ، كىرسىننى دەرۋازىغا چېچىپ ئوت قويدى. بىراق ئوت ئازراق كۆيگەندىن كېيىن، سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر ئوتنى سۇ چېچىپ ئۆچۈرۈۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار سۇر باسقان كۆڭلىنى تىنجىتالماي، تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سېپىل ئۈستىدىن ئاق بايراق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئوق ئېتىش توختىدى. ئاخۇن تۇەنجاڭ دېگەن خۇيزۇ سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن سۆزلىشىپ، شوتا بىلەن سېپىل ئۈستىگە سۆھبەتلىشىشكە چىقىپ كەتتى. بۇ كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلغانىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يەنى 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۈن يېرىمى ئىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوق چىقارماي يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىشىمىزگە بۇيرۇق بېرىلدى. دېمەك، دۈشمەنلەر تەسلىم بوپتۇ، قوراللىرىنى تاپشۇرىدىكەن، بىز كونىشەھەر ئىچىگە كىرمەيدىغان بوپتىمىز. تەسلىم بولغۇچىلار شەھەر ئىچىدىن چىقماي ياتىدىغان بوپتۇ.

تەسلىم بولغانلارنىڭ قورال - ياراقلىرى، ماشىمىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېڭىشەھەرگە يۆتكەپ ئېلىنىدى. بۇ چاغدا كىشىلەر ئارىسىدا: بۇ - ماشىمىنىنىڭ نېمە قىلغىنى،

ئۆدەكنىڭ گۆشىنى يەپ غازنىڭ پېيىدە بولغاندەك، ئۆتكەندىمۇ دۈشمەندىن غەنىمەت ئالغان قوراللارنى تىزىمغا ئېلىش باھانىسى بىلەن بىزدىن يىغىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرمەي، يېڭىدىن ئەسكەرلىككە ئالغانلارغا تارقىتىپ بەردى. ئەمدى يەنە بىزگە قورال يېتىشمەيۋاتسا، كونىشەھەردە تەسلىم بولغانلارنىڭ قوراللىرىنى يېڭىشەھەرگە توشۇتۇپ بېسىۋالدى. ئەگەر قورال كېرەك بولسا دۈشمەن بىلەن ئۆزلىرى ئۇرۇشۇپ ئالسۇن، دېگەندەك غۇلغۇلا پەيدا بولدى. بۇنى ئاڭلىغان مەھمۇت مۇھىتى ئاممىغا: ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە. بۇنداق گەپلەرنى قىلمىغان ياخشى. دۈشمەن تېخى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بىز بىر - بىرىمىزدىن مىلتىق تالىشىپ ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرساق، دۈشمەن پايدىلىنىپ كېتىدۇ، - دەپ تەسەللى بەردى. بىرمۇنچە كىشىلەر بۇنى ئاڭلاپ: مەھمۇت مۇھىتى راست ئېيتىدۇ. ما شىمىنمۇ مۇسۇلمانغۇ. دۈشمەن تۈگىگەندە بىر گەپ بولار، ھازىرچە گەپ قىلماي تۇرايلى دېيىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈستىمىزگە دۈشمەننىڭ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۆز ئارا جېدەللىشىشكە ئىمكانىيەت بەرمىدى. ما شىمىن كونىشەھەردىكى قوراللارنى يېڭىشەھەرگە توشۇۋاتقاندا، ئورۇس ئاستانىدىن (ناھىيىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىدە) ئورۇس ئەسكەرلىرى يۇرتىمىزنى بېسىپ كەتتى، تېزدىن ياردەم كەلسەۇن، - دېگەن خەۋەر كەلدى.

## 7. ئاق ئورۇسلارنىڭ تۇسۇلۇپ قېلىشى

ئاستانىنى ئورۇس ئەسكەرلىرى بېسىپ كەتتى، - دېگەن خەۋەر كېلىش بىلەنلا، مەھمۇت مۇھىتى تۇرپان



بازىرىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىنى چاقىرتىۋېلىپ، ئاستانىغا يولغا سالدى. ئاستانە، قاراغوجا، ياڭخى، سىڭگىم ۋە مۇرتۇقلاردىن مىڭلىغان ئادەم يېرىم - ياتا قوراللانغان بولسىمۇ، ھەممىسى تۇرپان بازىرىغا توپلانغانىدى. ئۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ دىققىتى ئۈرۈمچى ۋە گۇچۇڭ تەرەپلەردىن كېلىدىغان دۈشمەنلەرگە، شۇنىڭدەك تۇرپان كونىشەھەر ئىچىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە مەركەزلىشىپ، پىچان تەرەپتىن كېلىدىغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. بۇ خەۋەر ئاممىغا چوڭ خۇشاللىقتىن كېيىن يەنە بىر بالايى - ئاپەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. چۈنكى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئاتا - ئانا ۋە بالا - چاقىلىرى ئاستانىدا قالغانىدى. پىچاندا بولغان قىرغىنچىلىق كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەنگەچكە، ھەممەيلەن دېگۈدەك ئاستانىغا بېرىشنى بەس - بەس بىلەن تالاشتى. 50 كە يېقىن كىشى تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، بىرىنچى تۈركۈم بولۇپ ئاتلىق يولغا چىقتۇق. بىز جىن شۇرېننىڭ ئۈرۈمچىدىن چۈشكەن 800 ئەسكىرىنى تارمار قىلىپ نۇرغۇن قورال - ياراققا ئىگە بولغان ۋە تۇرپان كونىشەھەردىكى ئەسكەرلەرنى تەسلىم قىلىپ 1500 تال مىلتىق، 300 ئات، چوڭ - كىچىك ئىككى ئاپتوموبىل ۋە باشقا قوراللارنى ئولجا ئالغان بولساقمۇ، ئۇرۇشقا رەسمىي قاتناشقان يەنە خېلى جىق كىشىلىرىمىزنىڭ ئات ياكى مىلتىقى يوق ئىدى. مىلتىقى بارلارنىڭ ئوقى يوق بولۇپ، بەزىدە بىر مىلتىقنىڭ تۆۋىگە بىر قانچە ئادەم توپلىشىپ قالاتتۇق. بىز ئاستانىغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا، ما شىمىن بەردى دەپ، 24 تال مىلتىقنى ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە تارقىتىپ

بەردى. كېيىن ئۇقساق، مەھمۇت مۇھىتى ئۇنىڭغا: «بىز دۈشمەننىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارىمىزمۇ؟» دېگەندىن كېيىن، ما شىمىن ئاران تەسلىكتە بىر ئاز ئوق بىلەن ئاشۇ مىلتىقلارنى بېرىپتۇ.

بىز بۇ بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىنلا، بىر ـ بىرىمىزگە قارىماي، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ چېچىلاڭغۇ ھالدا ئاستانىغا قاراپ ماڭدۇق. ئاستانىغا بارغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ تېگىنى بىلدۇق: ئەسلىدە قۇمۇلغا قاراپ كېتىۋېتىپ، ئارقىغا قايتىپ پىچان خەلقىنى قىرغىن قىلغان جاللات لۈيجاڭ سۇن فايۇ بىلەن ئاق ئورۇس بابىنگوتنىڭ ئەسكەرلىرى تۇرپان خەلقىنى قىرىشقا كەلگەن بولۇپ، يولدا ئۇچرىغانلار كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ئۇلار ئاستانە يېزىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىن يىگتۈر مەھەللىسىگە يېقىنلاشقاندا، خەلقلەر تاياق توقماق بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقان، مېچۇل، ئابدۇكېرىم، ئۆلمەت مەزىننىڭ ئوغلى نىياز قارى دېگەن مەرگەنلەر تۇرپان بازىرىغا بارماي، ئۈچ تال مىلتىق بىلەن ئاستانىدا قېپقالغاندى. ئۇلار مىلتىقلىرى بىلەن ئاممىنىڭ ئاۋانگارتى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۈشمەنلەرنى توسقان، لېكىن، دۈشمەنلەرنىڭ سانى كۆپ (تەخمىنەن بىر تۈمەن) بولغاچقا، يىگتۈر مەھەللىسىگە بېرىپ كىرىپ سېپىل ئۈستىنى ئىگىلىۋاپتۇ (بۇ سېپىل «ئىدىقۇت» دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىرى ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئاستانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان، كېيىن «تەيزاڭ» دەپ ئاتالغان ئىبادەتخانىغا بارىدىغان يول ئىدى). ئۈچ مەرگەن يېزىنىڭ يەر شارائىتىنى ياخشى بىلگەنلىكتىن، دۈشمەننىڭ ھېلى ئوڭ تەرىپىدىن چىقسا، ھېلى سول تەرىپىدىن چىقىپ، ھېلى ئالدىغا ئۆتۈۋالسا،



ھېلى كەينىدە قېلىپ، ئۆزلىرىنى دۈشمەنگە كۆپ ئادەم قىلىپ كۆرسىتىپ، دۈشمەننى بىر سوتكا توسۇپ تۇرۇپتۇ. قورالسىز خەلقنىڭ بىر قىسمى يىگتۈر مەھەللىسىنىڭ ئاغزىدىكى مەدرىسە ئالدىغا توپلىنىپ، چوقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ، قۇرۇق قول ھەيۋە قىپتۇ؛ يەنە بىر قىسمى تېمى ئېگىز ھويلىلارغا توپلىنىپ، دۈشمەن كەلگەندە ئۆگزىگە چىقىپ تاش بىلەن بولسىمۇ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپتۇ؛ يەنە بىر قىسىم ياشانغان كىشىلەر ئەلفەتتاخان غوجام مازىرىغا كىرىپ، قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە قىلىشىنى خۇدادىن تىلەپ قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. پەرسا قىزى ئوغلى ئىبراھىم قاتارلىق بەزى تەجرىبىسى بار كىشىلەر ئاق ئورۇسلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ھارۋىلاردا ئوق بارلىقىنى بىلىپ ئۇلارنىڭ يولىغا ئۆستەڭ سۈيىنى قويۇۋېتىپتۇ. گەرچە قىش پەسلى بولسىمۇ، سۇ دەرھال مۇز تۇتۇپ كەتمەي، يولغا ئېقىپ چىقىپ، پاتقاق پەيدا قىلىپتۇ. ھارۋىلار پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، زادىلا ماڭالماپتۇ. بىز ئاستانىغا يېتىپ بېرىپلا ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق، بىزگە ھەر تەرەپتىن ئارقىمۇ ـ ئارقا ياردەم كېلىشكە باشلىدى، كىشىلەر ئۆيلىرىدىن كوچىلارغا چىقىشقا باشلىدى. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى يېتىپ كەلدى. دۈشمەنلەر بىزنىڭ تۇرپان بازىرىدىن كېلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ تۇراتتى. بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن، ئورۇسلار يېرىم كېچىدە جىم ـ جىملا يوقىلىپ كەتتى.

ئەتىسى مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار ئاستانىدىن قاراغوجىنىڭ يالقۇنتاغقا يېقىن يۇقىرىقى باداملىق دېگەن يېرىگە چېكىنىپ ئورۇنلىشىۋاپتۇ. بىزمۇ دەرھال ئاستانە ۋە قاراغوجا ئاممىسى بىلەن بىللە ئاتلىنىپ، ئورۇسلارنى

تۆت تەرەپتىن قورشىۋالدۇق. بۇ 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىدى. لېكىن، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك بىرلا جەنۇب تەرەپنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئۈچ تەرەپ تۈپتۈز ساي بولۇپ، ئۇلارغا يېقىن بارغىلى بولمايتتى. بىز ئورۇسلار بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پىكرى بويىچە، ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلدۇق. شۇ چاغلاردا سىڭگىم يېزىسىدا پاختا تېرىشنى تەجرىبە قىلىۋاتقان پالتاۋسكى ئىسىملىك بىر ئورۇس بار ئىدى. ئۇ، خەلق قوزغىلىڭى مەزگىلىدە خەلق بىلەن بىللە يۈرۈپ قوزغىلاڭغا ھېسسىداشلىق قىلغاچقا، ئۇنىڭغىمۇ بىر تال قىسقا مىلتىق بېرىلگەن. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى شۇ ئورۇسنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، مەھمۇت مۇھىتى ئۇنىڭغا: «سىز بېرىپ ئورۇس ئەسكەرلىرىگە دەڭ، ئۇلار دەرھال قورال تاپشۇرسۇن، بىز ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىسىگە تەگمەيمىز، ھاياتىغا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىمىز، قەيەردە تۇرۇشنى خالىسا، شۇ يەردە تۇرسا بولىدۇ. بىز ئۇلارنى تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەيمىز. بىز جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى چۆچەك، غۇلجىلاردىكى ئائىلىلىرىگە ياخشىلاپ يولغا سېلىپ قويىمىز» دەپ تاپىلىغانىكەن. پالتاۋسكى بېرىپ ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇلار بىزگە ئۈچ ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار كېلىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى قاراغوجىدىن ئاستانىغا ئېلىپ كەلدۇق. بۇ



كۆرۈشۈشتە مەھمۇت مۇھىتىمۇ بىللە بولدى. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ نامى ئورۇسلارغا بەكرەك تونۇش ئىدى. چۈنكى، مەخسۇت مۇھىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغان بولۇپ، چۆچەكتە ئۇنىڭ ئۆي جايلىرى بار ئىدى. ئۇ، موسكۋاغا بارسا چۆچەك ئارقىلىق باراتتى. چۆچەكتە تۇرغان ئورۇسلار بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئۇلار مەخسۇس مۇھىتى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار مەخسۇت مۇھىتىغا مۇنداق دېگەن: «سىلەر بىزنى ‹قورال تاپشۇرۇڭلار›، دەپسىلەر، بىز روسىيىدىن كېلىپ، جۇڭگو پۇقراسى بولۇپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇۋاتىمىز. يۇرت كىمنىڭ بولسا، بىز شۇنىڭ پۇقراسى، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئاخىر نەگە بېرىپ توختايدۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ؟ ئۆزىمىزگە كەلسەك بىز سىلەرگە ئوق ئاتماي، چەتتە قاراپ تۇرساق، قانداق دەيسىلەر؟ ئەگەر ئۇنداق قىلماي، قوراللارنى سىلەرگە تاپشۇرۇۋەتسەك، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىر باشقا چىقماي قالسا، جىن شۇرېن بىزنىڭ كاللىمىزنى ئالىدۇ.» ئۇلار شۇنداق دېسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم قوراللارنى تاپشۇرۇپ، قالغىنىنى ئۆيلەپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قايتىپ كېتىپتۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئورۇسلارنىڭ ئەلچىلىرى مەخسۇت مۇھىتتىن: «تۇڭگانلارنىڭ بىزگە دەخلى - تەرۇز قىلمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلالامسىلەر؟» دەپ سورىغانىكەن، مەخسۇت مۇھىتى بۇنىڭغا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېتىپ ئەتىسى ئورۇس ئەسكەرلىرى ئارىسىدىكى ئورۇس مىللىتىدىن بولمىغان 38 ئەسكەرنى قاراغوجىدىكى يۇقىرىقى باداملىق مەسچىتى ئالدىدا قورال ۋە ئاتلىرى بىلەن بىز تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەردى. ما شىمىن بولسا، تۇرپان بازىرىدا

تۇرۇپ: 38 ئادەم قوراللىرى بىلەن سىلىنگىبۇغا تاپشۇرۇلسۇن، ـ دەپ بۇيرۇق بىرىپ ئۇلارنى تۇرپان بازىرىغا ئىلىپ كەتتى.

ئورۇسلار بىلەن سۆزلىشىش جەريانىدا ئىككى كۈن ئوق ئىتىلماي، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەنىدى. بىز «ئورۇسلار ئەمدى بىز بىلەن ئۇرۇش قىلماي، قورالنى تاپشۇرۇپ بىرەر» دەپ خام خىيال قىلىپ، بىپەرۋالىق بىلەن خاتىرجەم ئۇخلىغان ئىكەنمىز. ئەمما ئۈچىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ تامامەن پىچانغا چىكىنىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. پىچاندىن قوزغىلاڭچى خەلقنى باستۇرۇشقا كەلگەن بۇ ئورۇس ئەسكەرلىرى ئاستانىدا بىر نەچچە كۈن توسۇلۇپ يىتىپلا، يەنە نىمىشقا توساتتىن پىچانغا چىكىنىدۇ؟ كىيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەھۋال مۇنداق ئىكەن:

ئۈرۈمچىدىن جىن شۇرىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۇرپان خەلقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن 800 ئەسكەرنى تۇرپانغا يولغا سىلىش بىلەن تەڭ، گۇچۇڭ ۋە پىچاندىكى قوشۇنلىرىغا تۇرپان خەلقىنى باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن بۇ قوشۇنلار تۇرپانغا ئەسلىدە تەرەپ ـ تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا يىتىپ بىرىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىز قوزغىلاڭچىلار گۇچۇڭدىن ئەسكەر كىلىۋاتقانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر تىپىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىمىز دەپ توسۇپ بولالماي، تۇرپان يىڭىشەھەرگە قايتساق، ئۇلار «تۇرپان قولدىن كىتىپتۇ» دەپ چۈشىنىپ، گۇچۇڭغا قايتىپ كەتكەن. دەل شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر ئۇدۇل تۇرپان يىڭىشەھەرگە كىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، بىر كۈن ئۇرۇشۇپلا تارمار بولغىنچە ئارىلىقتا، تۇرپان كونىشەھەردىكى ما فۇمىن لۈيجاڭ ھىچنەرسىدىن



خەۋەرسىز ئادەمدەك سىپىل ئىچىگە سولۇنۇپ ياتقان. بىز كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلغان ئىككى كۈن ئىچىدە يەنى ما فۇمىن قوراللىرىنى تاپشۇرۇۋاتقان چاغدا، شۇن فايۇ لۈيجاڭ پىچاندىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا كىلىۋىتىپ، تۇرپان بازىرىغا 30 كىلومىتىر كىلىدىغان ئاستانىغا كەلگەندە، ئەسكەرلىرىگە: «سىلەر يۇرت ئىچىدىكى ھارۋا يولى بىلەن مىڭىڭلار» دەپ بۇيرۇق بىرىپ، ئۆزى بىر نەچچە ئەسكەر باشلىقلىرى بىلەن كىچىك ئاپتوموبىلدا سايدىكى تۈزلەڭ ئارقىلىق تۇرپان بازىرىغا ماڭغان. ئۇ، ئون نەچچە كىلومىتىر يول يۈرۈپ سەيلەنگەر دىگەن يەرگە بارغاندا، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەن ئىككى ئۇيغۇر مەرگەننىڭ كۆزىگە چىلىقىپ قالغان. مەرگەنلەر دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئىلىپ، ئاپتوموبىل يىقىن كەلگەندە، ئاپتوموبىلنىڭ چاقىنى قارىغا ئىلىپ ئىتىپ، چاقنىڭ كامىرىنى تىشىۋەتكەن. ئاپتوموبىل ماڭالماي توختاپ قالغاندىن كىيىن، ئاپتوموبىل ئىچىدىن شۇن فايۇ باشلىق ئالتە كىشى قولىنى كۆتۈرۈپ چۈشكەن. مەرگەنلەر ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋىلىپ ئاپتوموبىلغا ئوت قويۇۋىتىپ، ئۇلارنى تۇرپان بازىرىغا پىيادە ھەيدەپ بارغان. خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ پىچان خەلقىنى قىرغان جاللات شۇن فايۇ ۋە ئۇنىڭ ياللاقچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارنى كوچا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن مىلتىق بىلەن ئىتىپ ئۆلتۈرگەن. شۇن فايۇنىڭ ئاستانىدىكى ئەسكەرلىرى بولسا، تۇرپان بازىرىغا كەتكەن باشلىقلىرىدىن بىر نەچچە كۈنگىچە خەۋەر ئالالماي، بىز بىلەن سۆھبەتلىشىش ۋاقتىنى قەستەن ئۇزارتىپ، تىڭ تىڭلاپ ياتقان. شۇنىڭدىمۇ ھىچبىر خەۋەر ئالالمىغاندىن كىيىن «تۇرپان قولدىن كىتىپتۇ» دىگەن پەرەز بىلەن ئارقىسىغا قايتىپ كەتكەنىكەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، جىن شۇرېننىڭ تۇرپانغا ئۈچ تەرەپتىن كېلىدىغان ھەربىي قوشۇنى بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ بىرلىشەلمىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا قاتناش شارائىتى ناچار، خەۋەرلىشىش سايمانلىرى يوق ئىدى. ئەگەر بەختىمىزگە قارشى، 4000 ئەسكەر تۇرپانغا بىرلا ۋاقىتتا كەلگەن بولسا، تۇرپان ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان بولاتتى. خەلق پىدائىيلىرى ئۆلۈمدىن قورقمىغانلىقتىن، بىز ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشتۇق.

## 8. پىچانغا ھۇجۇم

1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. ئاق ئورۇسلار قاراغوجا يېزىسىدىن پىچانغا چېكىنگەندىن كېيىن، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن پىچانغا قاراپ ماڭدۇق. خەلق ئاممىسى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ «پىيادە كىشىلەر قېپقالسۇن» دېگىنىگە ئۇنىماي، ئاتلىق ۋە ئېشەكلىك كىشىلەردىن باشقا، يۇرت - يۇرتتىن كەلگەن پىيادە كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. بىز ئاۋۋال لۈكچۈنگە باردۇق. لۈكچۈن سېپىللىق بار شەھەر بولۇپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاڭ ئوردىسى بار ئىدى. ئوردىنىڭ ئەتراپىغا ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئائىلىلىرى جايلاشقان. بىز لۈكچۈنگە بارساق، ئاق ئورۇسلار لۈكچۈندە تۇرۇشلۇق خۇ يىڭجاڭنى ئەسكەرلىرى بىلەن پىچانغا ئېلىپ كېتىپتۇ (لۈكچۈن پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر رايون بولسىمۇ، ئۇ يەردە بىر يىڭ ئەسكەر تۇراتتى، پىچاننىڭ ناھىيە بازىرىدا شۇ تۇەنجاڭنىڭ بىر تۇەن ئەسكىرى تۇراتتى).

مەھمۇت مۇھىتى لۈكچۈنگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا،



يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن نىياز پەرسا ھاجى (سەنغۇچىڭ نىياز دەپمۇ ئاتىلاتتى)، ئەخمەت نىياز ھاجى، شېرىپ بەگ، ئۆلتىپ خان، ئىمىن ئاخۇن، باتۇر ئاكا، قاسىم دورغا (لەمجىنلىك)، قاسىم ھاجى (سۇبېشىلىق)، سۇلايمان ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر بىزنى قارشى ئېلىپ، ئۇرۇشقا ئاتلاندى ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىز بىلەن بىللە پىچانغا قاراپ ماڭدى. ئىنقىلاب ئوتى ئۇلغىيىش بىلەن، ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن مەمەت سىيىت ۋاڭ، ئىسكەندەر ۋاڭلارمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. بەشى ۋاڭ ئەۋلادلىرى خەلقنىڭ قوزغىلاڭ قىلغانلىقىنى ياقتۇرمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە ئاشكارا قارشى چىقالمىدى؛ كۆرۈنۈشتە قارشى ئالغاندەك قىلسىمۇ، كۆڭلىدە قىزغىنلىق يوق ئىدى.

قوزغىلاڭ باشلانغاندىن تارتىپ، قوزغىلاڭچىلار تەمىناتىنىڭ مۇقىم مەنبەسى بولمىغاچقا، ھەركىم ئۆزىنىڭ يەيدىغىنى ۋە ئات - ئۇلاق بوغۇزىنى ئۆزى تەييارلاپ ئېلىۋاتاتتى ياكى بىرەر يۇرتقا بارساق ھۆكۈمەت ساڭلىرىدىكى ئاشلىقلارنى يېمەكلىك ۋە مال بوغۇزى قىلاتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ، قول - ئىلكىدە بار ھاللىق كىشىلەر قاراپ تۇرماي، قوزغىلاڭچىلارنى بەشتىن - ئوندىن بۆلۈۋېلىپ، بىر نەچچە كۈن باقاتتى ۋە ئات ئېشەكلىرىمىزگە يەم - خەشەك بېرەتتى. لۈكچۈندىمۇ مۇشۇنداق بولدى. لېكىن، بەزى ۋاڭ ئەۋلادلىرى جىم يېتىۋالدى. بىر كۈنى مەھمۇت مۇھىتى ماڭا: سىلەر ئون كىشى گۇڭ غوجا (بەھرەم گۇڭ) نىڭ ھويلىسىغا كىرىپ يېتىڭلار، سىلەرنى شۇ باقسۇن! گەپ قىلمىساق، بۇ مۇتتەھەملەر ساڭغا ئاشلىقنى يېسىۋېلىپ ئۈن چىقارماي يۈرۈۋاتىدۇ، - دېدى. بىز ئون كىشى مەھمۇت

مۇھىتنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر بەن بولۇپ، مەن بەنجاڭ ئىدىم. بىز بىر بەن ئادەم ئاتلىرىمىزنى يېتىلەپ بەھرەم گۆڭنىڭ ھويلىسىغا كىرسەك، بەھرەم گۆڭ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالاڭباش، زوڭزىيىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ، بىزگە قاراپمۇ قويماي، غۇدۇڭشىغان پېتى: بۇ خەقلەر قوزغىلاڭ قىلدۇق دەپ مىلتىق ئېتىپ، بىزنىڭ تايغان يوقىلىپ كېتىپتۇ. ئەمدى شىكارغا چىقساق قانداق قىلغۇلۇق، ـ دېدى. ئۇ، ئۇرۇشتا قىرىلىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە ئېچىنماي، بەلكى تايغىنىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە ئېچىنىپ، بېشىغا تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك ئولتۇراتتى.

بىز بىر نەچچە كۈندىن كېيىن لۈكچۈندىن پىچانغا باردۇق. ئاق ئورۇسلار بىلەن شۇن فايۇننىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن مىڭغا يېقىن ئەسكەر سېپىل ئىچىگە سولىنىپ يېتىپتۇ. بىز سېپىلنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدۇق. جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى ھېلى سېپىل سىرتىغا چىقىپ، ھېلى سېپىل ئىچىگە كىرىۋېلىپ، بىز بىلەن ھەرە تارتىشقاندەك ئون نەچچە كۈن (1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە) ئۇرۇشتى. بۇ ئۇرۇشتا دۈشمەن تەرەپكە قارىغاندا بىزدىن چىقىم كۆپ بولدى. چۈنكى، بىزدە مىلتىق يېتەرلىك ئەمەس ئىدى؛ بار مىلتىقلارمۇ بىر ئاتار، توققۇز ئاتار قاتارلىق قارا مىلتىقلار ئىدى. مىلتىقى يوق نۇرغۇن كىشىلەر قىلىچ ئورغاق، تاياق ـ توقماقلار بىلەن قوراللانغانىدى، تۇرپاندىكى ئۇرۇشتا دۈشمەندىن غەنىيمەت ئېلىنغان بەش ئاتار مىلتىقلار ما شىمىڭنىڭ ئىسكىلاتىدا بېسىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزدىكى قوراللار دۈشمەننىڭ سېپىل ئىچىدىن بىزگە قىلغان ھۇجۇمىنى



تۇسۇشقا دېگەندەك ئەسقاتمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئون نەچچە كۈن ئۇرۇش قىلىپمۇ سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرەلمىدۇق. ئەكسىنچە، دۈشمەن پىلىموتىدا نۇرغۇن كىشىلىرىمىز قىرىلىپ كەتتى.

يەنە بىر ئېچىنارلىق ئىش شۇ ئىدىكى، قوزغىلاڭ باشلانغاندىن تارتىپ، ئۇرۇشتا يارىدار بولغانلارنىڭ يارىسىنى داۋالاپ ساقايتىدىغان دوختۇرلىرىمىز يوق ئىدى. ئەگەر يېنىككىرەك يارىلانساق، يارىلىرىمىزنى ئۆزىمىز قول ياغلىقلىرىمىز ياكى لاتىلار بىلەن تېڭىپ قوياتتۇق؛ ئەگەر ئېغىر يارىلىنىپ، قان كۆپرەك ئېقىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇلاقلىرىمىزنىڭ توقۇملىرىنى كېسىپ، ئۇنىڭ كىگىزىنى كۆيدۈرۈپ، جاراھەتكە بېسىپ قاننى توختىتاتتۇق. ئۇ چاغلاردا دېزىنفېكسىيە قىلىدىغان، مىكروپ تازىلايدىغان ئىش نەدە بولسۇن. تەلىيىمىز كېلىپ، يەيدىغان رىزقىمىز تۈگىمىگەن بولسا، ساقىياتتۇق؛ بولمىسا ئۆلۈپ كېتەتتۇق. ئۆزى ئامال قىلالمىغۇدەك ئېغىر يارىدار بولغانلارنى يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بېرەتتۇق. دېھقانلار بۇ يارىدارلارنى يوشۇرۇپ قويۇپ خەۋەر ئالاتتى. ئۇرۇشتا ئۆلەپ كەتكەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى «يۈيۈپ تازاشنىڭ ھاجىتى يوق، شېھىت بولدى، پاكىز» دەپ، دەپنە قىلىۋېرەتتۇق. قولىمىزغا ئالالمىغان جەسەتلەر دۈشمەننىڭ قولىدا قالاتتى ـ دە، دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، يۇرتلار ئارا سازايى قىلىپ، ئاندىن كوچىغا ئېسىپ قوياتتى. مەھمۇت مۇھىتى ما شىمىڭغا ئۇرۇشتا مىلتىق يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى، ئوقلار تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى قايتا ـ قايتا مەلۇم قىلغاندىن كېيىنلا، ما شىمىڭ تۇرپاندىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر خۇيزۇ ئوفىتسېرىنى

50 كە يېقىن ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى. ما شىمىن ئۆزى تۇرپاندا ئەسكەر ئېلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن (تىزىمغا ئېلىپ بولۇپ قايتۇرىمىز) دەپ يىغىۋالغان قورالّلار ۋە كونىشەھەردىكى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى تەسلىم بولغاندا تاپشۇرغان قوراللارنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئەسكەرلىرىگە تارقىتىپ بېرىش، ئۇلارنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتىش ۋە مۇستەھكەملەش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

تۇرپان خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن جىن شۇرېن قومۇل تاغلىرىدا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان شېڭ شىسەيگە قومۇلنى تاشلاپ قويۇپ، تۇرپانغا كېلىپ تۇرپان خەلقىنى باستۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەن. 4000 ئەسكىرى بىلەن قومۇلنىڭ تاراتى ئېغىزىدىن ياركۆل ئارقىلىق پىچانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرى تولۇق ۋە كۆپ خىل بولۇپ، زەمبىرەكلىرى، ھەتتا برونېۋىك مەشىنىلىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئالاقىلىشىش قوراللىرى مۇكەممەل بولمىغاچقا، ئۇلار پىچانغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى پىچاندىكى جىن شۇرېن قوشۇنى بىلەن ئالاقىلىشەلمىگەنلىكتىن «پىچاندا ھېچ ئىش يوق» دەپ پەرەز قىلىپ، ئوق دورىلىرىنى بىر مۇنچە تۆگىگە ئارتىپ ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، پىچانغا تەرەپ - تەرەپتىن باستۇرۇپ كىرىپ كەپتۇ، ئۇلار پىچان بازىرىغا كەلگەندە بىزگە ئۇچرىشىپ قالدى. بىز ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا بۇ ئوق دورىلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالدۇق. بىراق، بۇ ئوق دورىلارنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مەھمۇت مۇھىتى بىلەن مالۇيجاڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى تالاش - تارتىش بولدى. مەھمۇت مۇھىتى: بۇ ئوق



دورىلارنى دەرھال ئارقا سېپىمىزگە ماڭغۇزۇۋېتەيلى، دېسە؛ مالۇيجاڭ: ئۇلارنى تۆگىلەردىن چۈشۈرۈپ، ئۆزىمىز (مەھمۇت مۇھىتى) تۇرۇۋاتقان ھويلىنىڭ ئۆگزىسىگە بېسىپ قويايلى، دەپ تۇرۇۋالدى. مەھمۇت مۇھىتى «بۇ، دۈشمەننىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆپ ئەسكەرلەر بېسىپكېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز بەرداشلىق بېرەلمەي قالساق، ئوق دورىلار قايتىدىن دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىپ قالىدۇ»، دەپ پەرەز قىلىپ، ئوق - دورىلارنى ئارقا سەپكە ماڭغۇزۇۋېتىشتە چىڭ تۇردى. دېمىسىمۇ، بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ۋە نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم پەرەز قىلالمايتتى. مالۇيجاڭ بولسا: دۈشمەن قانچە كۆپ بولسىمۇ بىز ئۆگزىلەردە تۇرۇپ ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمەيمىز، ئۇلارنىڭ بېسىپ كېلىپ بىزدىن بۇ ئوق دورىلارنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس، - دەيتتى. مەھمۇت مۇھىتى ئاخىرى بۇ ئوق - دورىلارنى پىدائىيلارغا تارقىتىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن، مالۇيجاڭ: ئوق - دورىلارنى قالايمىقان تارقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ، - دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى يەنىلا مالۇيجاڭنىڭ پىرى بويىچە ئوق دورىلار ھويلىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈرۈلدى. پىدائىيلار بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتمەيلا، چۈمۈلىدەك يامراپ كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئەتراپىنى قاپلاپ كەتتى. بىز ئۇلارنى زادى توسۇپ بولالمىدۇق. ئوق - دورىلار شۇ پېتى ئۆگزىدە قېپقالدى، بىر ئاندۇق ئوقنىمۇ ئالماي، ھەممىنى تاشلاپ چېكىندۇق.

## 9. پىچاندىن تۇرپانغا چېكىنىش

شېڭ شىسەي 4000 ئەسكىرى بىلەن قۇمۇلدىن چىقىپ پىچانغا كەلگىچە ۋە پىچانغا كەلگەندىن كېيىن، بىرونېۋىك ماشىنىلىرى ۋە زەمبىرەك، پىلىموتلىرىنى ئىشقا سېلىپ قوزغىلاڭچى خەلقنى قان دەرياسىغا پاتۇردى.

لېكىن، بىز ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىدۇق. پىچاندا يېڭىلگەن بولساقمۇ، تۇرپانغا قايتىپ بارغىچە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوماندانلىقىدا بىرقانچە يەردە دۈشمەننى توسۇپ ئۇرۇشتۇق. ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا يېڭىلگەن بولساقمۇ «يېقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، بەك يىراققا چېكىنىپ كەتمەي، ئۇرۇشۇپلا تۇردۇق. مەسىلەن، شېڭ شىسەي پىچاندا تۆت ـ بەش كۈن دەم ئېلىپ، ئەسكەرلىرىنى رەتكە سالغاندىن كېيىن ئىلگىرىدىن پىچاندا تۇرۇۋاتقان شۈن فايۇ ئەسكەرلىرىنى يەنە پىچاندا قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ 4000 ئەسكىرىگە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىدىن 500 نى قوشۇپ، 4500 ئەسكەر ۋە زامانىۋى قوراللار بىلەن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا يولغا چىققانىدى. بىزمۇ شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلگىچە، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە لەمجىندە دۈشمەنگە قارشى بەزى تەييارلىقلارنى قىلىپ تۇردۇق؛ دۈشمەننىڭ بىرونېۋىك ماشىنىسى ماڭىدىغان يولغا بىرقانچە ئورا كولاپ، ئۈستىنى يېپىپ قويدۇق، ئۆزىمىزگە مۇداپىئەلىنىدىغان ئورۇنلارنى تەييارلىدۇق. شېڭ شىسەي پىچانغا كەلگەننىڭ 6 ـ كۈنى توپ زەمبىرەكلىرىنى ئېتىپ، لەمجىنگە يېتىپ كەلدى. شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى چوڭ يول بىلەن شەرق تەرەپتىن



غەرب تەرەپكە كېلىۋاتاتتى؛ ئورۇس ئەسكەرلەر خاندو تەرەپتىن يەنى شىمال تەرەپتىن ئايلىنىپ چۈشتى. بىزنىڭ بىر قىسمىمىز چوڭ يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدە يەنى يالقۇنتاغ باغرىدا مۇداپىئە كۆرسە، يەنە بىر قىسمىمىز پاختا زاۋۇتىنى بازا قىلىپ ئورۇن تۇتتۇق. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى توسۇپ ئۇرۇشتۇق.

توقۇنۇش باشلىنىپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، ئۇرۇمچىدىن قوش قاناتلىق بىر ئايروپىلان كېلىپ، ئۇرۇش مەيدانى ئۈستىدە ئايلاندى. ھەممەيلەن توپلىشىپ تۇرغان يەردىن تارقىلىپ، ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالدۇق. لېكىن بەزىلەر: قورقماڭلار بومبا تاشلايدىغان بولسا تاشلاپ باقسۇن، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاغىنىڭ پوقى كىمنىڭ بېشىغا چۈشۈپتۇ، دېيىشىپ نادانلىق بىلەن ئاسمانغا قاراپ تۇرۇشتى. يەنە بەزىلەر ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرىمىز دەپ، ئۇنى قارىغا ئېلىپ ئوق چىقاردى. چۈنكى، مۇتلەق كۆپچىلىكىمىزنىڭ ئايروپىلاننى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشىمىز ئىدى. ئايروپىلان ئۇرۇش مەيدانىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ، ئىككى يەرگە بومبا تاشلاپ، ئۇرۇمچى تەرەپكە قايتىپ كەتتى. ئۇلار تاشلىغان بومبىدا ھېچقانداق چىقىم بولمىدى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتىلار شېڭ شىسەينىڭ ۋەكىللىرى بىلەن فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ تاغ ئېتىكىدىكى قىزىل خورجا دېگەن يېرىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، بىر خەنزۇ كىشى: بىز لەمجىنگە ئايروپىلان ئەۋەتكەندە بومبىنى مەقسەتلىك ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا تاشلىماي، بىكار يەرلەرگە تاشلاپ قايتىپ كەلگەن. ئەگەر خەلقنىڭ بېشىغا تاشلايدىغان بولسا، نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ

كەتكەن بولاتتى، - دەپ سۆز قىستۇرغاندى. بۇ كىشى شۇ ئايروپىلان دۇيىنىڭ دۇيجاڭى لى شۆتيەن ئىكەن.

بىز لەمجىندە دۇشمەن بىلەن بىر كېچە - كۈندۈز ئۇرۇش قىلدۇق. چۈشتىن كېيىن دۇشمەننىڭ برونېۋىك ماشىنىلىرى بىز كولىغان ئورەكلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. دۇشمەننىڭ زەمبىرەكلىرى بىزنىڭ تۈزلەڭدە تۇرۇۋېرىشىمىزگە ئىمكانىيەت بەرمىدى. بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز يالقۇنتاغنىڭ شىمالىنى بويلاپ غەربكە چېكىندى؛ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر پاختا زاۋۇتىغا كىرىۋېلىپ، شۇ يەردە مۇداپىئەلەنگەنىدۇق. شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئاق ئورۇسلار بىزنى قورشىۋالدى. كۈندۈزدىكى ئېلىشىشتا بىزنىڭ بىر مۇنچە ئادەملىرىمىز قۇربان بولدى، قالغانلىرىمىز كېچىسى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، لەمجىندىن چېكىنىپ، سىڭگىم ئېغىزىغا كېلىپ، مۇداپىئە تەييارلىقىنى كۆردۇق. ئەتىسى دۇشمەن چوڭ يول بىلەن بىز تەرەپكە كەلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سىڭگىمنىڭ ساققا تەرىپىگە بۆلۈنۈپ، يەنە بىر قىسمى مۇرتۇقنىڭ بېزەكلىك تەرىپىگە بۆلۈنۈپ، ئوتتۇرىدىكى ئات باغلاش ئورنى - غوجام دېگەن تۆپىلىككە زەمبىرەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، زەمبىرەكلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يالقۇنتاغنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن تاغقا ئۆمىلەپ چىقىشقا باشلىدى. بىز بۇ ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە ئاللىقاچان چىقىپ جايلىشىۋالغان بولغاچقا، دۇشمەننى ئالغا باستۇرماي، توسۇپ تۇردۇق. دەل شۇ پەيتتە ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر سىڭگىم يېزىسىنىڭ ساققا مەھەللىسىدىن ئارقىغا قايتىپ، سۇ بېشى دېگەن يەرگە بېرىپ، ئاندىن يالقۇنتاغنىڭ شىمالىدىن جەنۇب تەرەپتىكى تويۇق يېزىسىغا چۈشۈپ،



بىزنىڭ ئارقا تەرىپىمىزدىن ھۇجۇم قىلىشنى باشلىدى. بىز ئامالسىز يالقۇنتاغدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. ئاخىر، تۇرپاننىڭ ناھىيە بازىرىغا قايتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش قارارىغا كەلدۇق.

## 10. تۇرپاننى تاشلاپ چىقىش

يالقۇنتاغدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئەتىسى يالقۇنتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ، سىڭگىم ئېغىزى ئارقىلىق ناھىيە بازىرىغا قاراپ يولغا چىقتۇق (سىڭگىم ئېغىزى بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى 30 كىلومېتر كېلەتتى). شىڭ شىسەي قوشۇنى بۇ ئارىلىقتا ئۇچرىغانلا ئادەمنى ياش - قېرى، ئەر - ئايال دېمەي ئېتىپ - چېپىپ ماڭغان. مەھمۇت مۇھىتى ۋە ھەمدۇللار ئەلەم باشچىلىقىدىكى خەلق پىدائىيلىرى قانچىلىك كۈچى بارلىقىدىن قەتئىينەزەر، قىلچە ئىككىلەنمەي، دۇشمەننى تۇرپان بازىرىغا ھەرگىز كىرگۈزمەيمىز دېگەن ئىرادە بىلەن، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي مۇنار ئەتراپىدىكى قاڭقا مەھەللىسىدىن تارتىپ باغرى ۋە بۇيلۇققىچە سەپ تۈزۈپ تۇردۇق. دۇشمەنلەر كەلدى، ئۇرۇش باشلاندى. لېكىن، رەسمىي تەشكىللەنمىگەن ۋە ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن پىدائىيلار شۇنچە ناچار قوراللار بىلەن دۇشمەننى توسۇش يولىدا جان بېرىۋاتسا، ما شىمىنىڭ خېلى ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن ئەسكەرلىرى بىرەر سائەت ئۇرۇش قىلا - قىلمايلا، سەپنى قويۇپ بېرىپ، ياخشى ئات، ياخشى مىلتىق ۋە يېتەرلىك ئوقلار بىلەن تۇرپان بازىرىغا كىرمەي، ئۇدۇل توقسۇنغا قاراپ قېچىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن

پىدائىيلاردىمۇ تەۋرىنىش بولدى. نەتىجىدە، تۇرپان بازىرىدىكى خەلق پىدائىيلىرىنىڭ ئۆلگۈرەلىگەنلىرى تاغ - چۆللەرگە قاراپ قاچتى. ئۆلگۈرەلمىگەنلىرى شىبىڭ شىسەينىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى ئاستىدا قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار بىلەن ما شىمىن قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا دەز كەتتى. قوزغىلاڭ باشلانغاندىن تارتىپ بىر نەچچە ئايغىچە بولغان جەرياندا، پىدائىيلار ما شىمىننىڭ ئادالەتسىزلىك بىلەن قىلىنىۋاتقان ئىشلىرىغا غۇلغۇلا قىلىشىپ كەلگەندۇق. مەھمۇت مۇھىتى بولسا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، نارازى بولغۇچىلارغا «چوڭ دۈشمەن ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، بىز يەنىلا ئىتتىپاق بولايلى» دەپ نەسىھەت قىلىپ كەلگەنىدى. ما شىمىننىڭ بۇ قېتىم تۇرپان بوسۇغۇسىغا كەلگەن دۈشمەنلەرگە ياخشى قورال - ياراقلىرى ۋە تەربىيە كۆرگەن ئەسكەرلىرى بىلەن قارشى تۇرماي، توقسۇنغا قېچىپ كېتىشى بىزنىڭ نارازىلىقىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. مەھمۇت مۇھىتى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تۇرپاندىن نەمەت خەلپەت، ئابدۇللا داموللائەئلەمى ئابدۇمىنى ھاجى، نىياز شەرىپى، سەمەت ھاجى، غوپۇر ئارىز ھاجى، ئەمەت مەقسۇم، مۇتىئۇللا ئاخۇن، ھەمدۇل ئاخۇن، ئابدۇسەمى زىخۇي قاتارلىق بىر قىسىم پىدائىيلارنى ئېلىپ، قاراشەھەرگە كەتتى. ئۇرۇش تۇپەيلىدىن چېچىلىپ كەتكەن پىدائىيلار مەھمۇت مۇھىتى بىلەن تېپىشالماي قېپقالغاندىن كېيىن، «ما شىمىندىن بىزگە زادى ياخشىلىق كەلمەيدىكەن، ما شىمىن بىزگە ياردەم قىلغىلى كەلمەپتۇ، بېشىمىزغا مىنىپ بىزنى بوزەك ئەتكىلى كەپتۇ. بىز ئەمدى قۇمۇلغا كىرىپ، خوجىنىياز ھاجىنى ئېلىپ چىقساق



بولمامدۇ» دېيىشىپ ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇن، قۇربان سەئىدى، ئىبراھىم دورغا، پولات تۆەنجاڭ، ئۆلتىپ بەگ، مەھەممەت سېيىت ۋاڭ، ئىسكەندەر ۋاڭ قاتارلىق 200 چە ئادەم مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدا، لۈكچۈننىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىزغا دېگەن يەردىن قارىسىغا ئۇدۇللاپ مېڭىپ، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، قۇمۇلغا كىرىپ كەتتۇق.

شىبىڭ شىسەي تۇرپان بازىرىدا بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرغان. بۇ جەرياندا تۇرپان، توقسۇن، پىچانلاردا گۇمانلانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، خۇماردىن چىققىچە ئۆلتۈرگەن. بەزى ئادەملەرنى ئالداپ «ھۆكۈمەت سىلەرگە ئىشىنىدۇ، خىزمەت كۆرسىتىڭلار. خىزمەت كۆرسەتسەڭلار، ئورنۇڭلارنى ئۆستۈرىمەن. كىمدە قورال بار مەلۇم قىلىڭلار» دەپ ئىشقا سالغان. ئىشقا سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن.

## 11. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قۇمۇلدىن تۇرپانغا چىقىشى

1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى 200 چە ئادەم قۇملۇق چۆللەرنى كېزىپ، قۇمۇلنىڭ سۇمقاغا يېزىسىغا يېتىپ بارساق، شىبىڭ شىسەي قۇمۇل تېغىدىن پىچانغا كەتكەندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى تاغدىن تۈزلەڭگە چۈشۈپ، قوشتىكەن كارىزىنى ماكان تۇتۇپ، سۇمقاغىدىكى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانىكەن. تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن بارغان پىدائىيلار خوجىنىياز ھاجىنى تاۋاپ

قىلىپ، بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن قومۇللۇق پىدائىيلار بىلەن بىللە سۇمقاغا سېپىلىگە ھۇجۇمغا ماڭدۇق. مەخسۇت مۇھىتى باشلىق مۇتتەۋەررلەر ئۆزلىرىنىڭ قومۇلغا كېلىشتىكى مۇددىئا ـ تەلەپلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن قوشتىكەن كارىزىدا قېپقالدى.

مېنىڭ قومۇلغا بېرىشتىن ئىلگىرىكى قومۇل پىدائىيلىرى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ئەمەلىيەتتىكىگە ئوخشىماي قالدى. مەندە ئىلگىرى: قومۇل پىدائىيلىرى بىر نەچچە ئون مىڭ ئادەم بولسا كېرەك، دەيدىغان تەسىرات بار ئىدى. ئەمما قوشتىكەنگە بېرىپ قارىسام، ئۇلار 300 دىن ئاشمايدىكەن (ئەلۋەتتە قوشتىكەندىن باشقا جايلاردىمۇ بولۇشى مۇمكىن). بىز تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا قوزغىلاڭ قىلغاندا، قورالى بار ياكى يوقلار بولسۇن، ئاتلىق ياكى پىيادىلەر بولسۇن، ھەممىمىز چوقان ـ سۈرەن سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتەتتۇق. لېكىن قومۇلدا سۇمقاغىغا ھۇجۇم قىلىشتا پىيادىلەر يوق، قورالسىزلارمۇ يوق، چوقان ـ سۈرەنمۇ يوق، كىچىك باللارمۇ يوق جىمجىتلىق ئىچىدە تارقىلىپ ماڭدۇق. دۈشمەنلەر سېپىلدىن چىقىپ بىز توستى. ئىككى سائەتچە ئۇرۇشقاندىن كېيىن، دۈشمەنلەر سېپىل ئىچىگە قېچىپ كىرىپ سولاندى. بىز سېپىلنى قورشاپ، سېپىلگە يېقىن ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن ئورۇن ئېلىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشتۇق. بىر كۈنلۈك ئۇرۇشتىلا مېنىڭ قومۇل پىدائىيلىرى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىمدا يەنە ئۆزگىرىش بولدى؛ قومۇل پىدائىيلىرىنىڭ سانى كۆپ بولمىغان بىلەن سۈپىتى ياخشى ئىكەن، ئوقنى ئىلاج بار زايا قىلمايدىكەن. ئۇلار بىر قانچە يىللىق ئۇرۇشتا مەرگەن بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇرۇشتا ئۇلارغا كونكرېت تاپشۇرۇق



بېرىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇرۇشتا، چوڭ ـ كىچىك ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈۋېلىپ قۇرۇق داۋراڭ سالماي، بىر تال ئوقتا بىر دۈشمەننى يوقىتىشقا تىرىشىدىكەن.

بىز ئۈچ كۈن ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجىدىن ئۇرۇشنى توختىتىپ كېچىلەپ قوشتىكەن كارىزىغا قايتىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. بىر ھويلىنىڭ ئۆگزىسىدىكى بەش كىشى پەسكە چۈشۈپ قايتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتساق، ئارىمىزدىن بىرسى (ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ) مىلتىقىنى لاتىلارغا ئوراپ كاڭنىڭ تۆشۈكىگە تىقتى. بۇ كىشى مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئەگەر پىدائىيلار كېلىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلسا، دەرھال مىلتىقنى ئېلىپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىدىكەن؛ ئەگەر پىدائىيلار چېكىنسە، مىلتىقنى يوشۇرۇپ قويۇپ ھېچنەرسە كۆرمىگەن، بىلمىگەن بولۇۋالىدىكەن. مۇنداق ئادەم سۇمقاغىدىلا بولماي، بەلكى قومۇلنىڭ ھەممىلا يېرىدە بولسا كېرەك. مۇشۇنىڭدەك پىدائىيلارنىڭ سانىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

بىز بۇيرۇق بويىچە، سۇمقاغىدىن قوشتىكەنگە قايتىپ كەلدۇق. قۇربان سەئىدى مەخسۇت مۇھىتىدىن: «ھاجىم بىلەن سۆزلىشىپ قانداق قارارغا كېلىشتىڭلار،» دەپ سورىغانىدى، مەخسۇت مۇھىتى مۇنداق دېدى: «مەن تۇرپان، پىچان، توقسۇنلۇقلارغا ۋەكالىتەن خوجىنىياز ھاجىمنى تۇرپان، پىچان، توقسۇنغا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. خوجىنىياز ھاجىم باشلىق قومۇل خەلقىنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ قىلىپ ئۇرۇش

قىلىۋاتقانلىقىغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. قۇمۇل خەلقىنىڭ كۆرسىتىشىدىن ئىلھاملىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ بىز ئۈچ ياھىيە خەلقىمۇ قوزغالدۇق. ئەمدى قوزغىلاڭ بىر ۋىلايەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كۆتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ نامى پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇر. تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ يۇرتىغا بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالدۇ. ھاجىم يۇرتىمىزغا چىقىپ مەلۇم يەردە باش بولۇپ تۇرۇپ بەرسە، ئىشنى بىز قىلىمىز. ھاجىمنىڭ تۇرپانغا بارغىنىنى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئاڭلىسا، ئۇلارمۇ پۈتۈنلەي قوزغىلىپ كېتىدۇ» دېدىم. خوجىنىياز ھاجىم بۇ تەلىپىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: بىز ئىلگىرى تۇرپانغا چىقىپ كەتسەك، قۇمۇلدا يەنە جىن شۇرېننىڭ بىر قانچە مىڭ ئەسكەرلىرى تۇرسا، ئۇلار يۇرتنى ئاياغ - ئاستى قىلىپ، خەلق ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلغانىدۇق. ئۈچ كۈندىن بۇيان، بەش شەھەر، 12 تاغ باشلىقلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرى بىر قىسىم كۈچنى تۇرپانغا چىقىرىش قارىغا كەلدۇق»، دېدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى بەش شا (شەھەر)، 12 تاغ ۋە ئۇنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىكى مۇنداق ئىدى:

بەش شا:

1. ئاستانە - نۇرۇل قورمال.
2. سۇمقاغا - خوجىنىياز قېزى.
3. قارىدۆۋە - توختى قورمال.



4. توغچى - نىياز قېزى.
5. لاپچۇق - . . .

12. تاغ:

1. ئاراتۇرك - ئابدىنىياز مىراپ.
2. نوم - سالىھ دورغا
3. ئاداق - ئابدۇراخمان دورغا.
4. باي - ئىدىل مىراپ.
5. تۇز كۆل - باقىنىياز دورغا.
6. نېرىنكىر - خۇديار دورغا.
7. شۇپۇل - سالىچ دورغا.
8. خوتۇنتام - سۇرۇز دورغا.
9. باغداش - رېھىم دورغا
10. تۆمۈرتى - تاھىر دورغا.
11. قوراي - ئاۋۇت دورغا.
12. تاراتۇ - قۇربان دورغا.

يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى مەخسۇت مۇھىتى قوشتىكەن كارىزى يېنىدىكى بىرقۇملۇقنىڭ ئۈستىدە ياناپاشلاپ يېتىپ قۇربان سەئىدنىگە سۆزلەپ بەرگەندە، مەنمۇ شۇ يەردە ئىدىم. مەخسۇت مۇھىتى يەنە مۇنداق دېدى: «خوجىنىياز ھاجىنى تۇرپانغا ئېلىپ چىقىپ، شەھەرگە كىرمەي، چالقان تېغىدا (پىچاندا) تۇرغۇزۇپ، سىلىگىبۇنى شۇ يەردە قۇرىمىز. ئۆزىمىز بۆلۈنۈپ پارتىزان ئۇرۇشى قىلىپ، ئۇرۇشنى جەنۇبىي شىنجاڭغىچە كېڭەيتىپ، جەنۇبنى چوقۇم قوزغىتىشىمىز كېرەك. ئاندىن مەن ئۈچتۇرپان چېگرىسىغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورايمەن. ئۇلار

بىزگە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ» . خوجىنىياز ھاجى بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر قىسىم ئادىمىنى قۇمۇلدا قالدۇرۇپ، يەنە بىر قىسىم ئادىمى بىلەن تۇرپانغا بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. تۇرپانغا خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېقىنلىرىدىن قۇربان دورغا، نىياز دورغا، پازىل دورغا، سالىھ دورغا، سوپى ئاخۇن ۋە باشقىلار بولۇپ جەمئىي 100 نەچچە ئادەم بارماقچى بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە 85 ئادەم، ئۈچ ناھىيىدىن بارغان 200 ئادەمنى قوشقاندا قەمئىي 300 گە يېقىن ئادەم تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ، 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى.

شىڭ شىسەي تۇرپاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن خەلقنى ئالداپ، يەنە بىر تەرەپتىن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، خەلقنىڭ قولىدىكى قورالنى يىغىۋالغان (ئۇنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىشىچە، 1000 تال مىلتىق يىغىۋالغان) . ئۇ يەنە تۇرپان بازىرىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەپ تۇتۇپ، كاللىسىنى ئالغان، مەسىلەن، تۆمۈر جىسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نەمتۇل ھاجى، ئىبراھىم لەيلەك، ئابدۇراخمان قارى، پولات قارى، نىياز چوقۇر، سۇڭ شۇ (خۇيزۇ) لارنى تۇتۇپ، تۇرپان شەھىرى ئىچىدە كوچا ئايلاندۇرۇپ، ھەممىسىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ قىلىچ بىلەن ئەزالىرىنى كېسىپ ئۆلتۈرگەن. دەل شۇ چاغدا مەخسۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىنى باشلاپ، قوشتىكەندىن چوڭ يولنىڭ جەنۇبىدىكى سەنجاپپار دېگەن چىغىر يول بىلەن پىچانغا يېتىپ كەلدۇق.



# 12. شىڭ شىسەينىڭ لۈكچۈندىكى قىرغىنچىلىقى

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ پىكرى، خوجىنىياز ھاجىنى پىچانغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، شەھەرگە باشلاپ كىرمەي، چالقان تېغىغا ئېپچىقىش ئىدى. لېكىن لۈكچۈن ۋاڭى مەھەممەت سىيىت، ئىنىسى ئىسكەندەر ۋاڭلار خوجىنىياز ھاجىنى لۈكچۈندىكى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنىڭ گېپىنى يىرالماي، لۈكچۈنگە ھەممەيلەننى باشلاپ باردى. لۈكچۈن شۇ چاغدا سېپىلىپى بار شەھەر بولۇپ، شەرقىي دەرۋازىسى - يۇقىرىقى قوۋۇق، شىمالىي دەرۋازىسى - يېڭىشەھەر قوۋۇقى، غەربىي دورۋازىسى — تۆۋەنكى قوۋۇق، جەنۇبىي دەرۋازىسى — ئۆلەڭ قوۋۇقى دەپ ئاتىلاتتى. جىن شۇرېننىڭ لۈكچۈندىكى ئەسكەرلىرى پىچانغا يۆتكىلىپ كەتكەچكە، لۈكچۈندە ئەسكەر قالمىغانىدى. شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە ۋاڭ ئوردىسى بولۇپ، غوجىنىياز ھاجى شۇ ئوردىغا چۈشتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ لۈكچۈنگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقلىرى لۈكچۈنگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوزغىلىڭىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ خوجىنىياز ھاجىنى تاۋاپ قىلىپ، پىدائىي بولىدىغانلار ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى.

شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنىڭ لۈكچۈنگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاق ئورۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قوشۇنى بىلەن تۇرپان بازىرىدىن لۈكچۈنگە كېلىپ (ئارىلىقى 60 كىلومېتىر) بىزنى قورشىۋالدى. بىز شەھەر ئىچىگە سولىنىپ تۇرۇپ، شەھەر تېشىغا پىيادە چىقىپ

دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشتۇق. ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى كۈنى خوجىنىياز ھاجى ۋالىڭ ئوردىسىنىڭ ئۈستىدە ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغاندا، دۈشمەن تەرەپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئوردا ئۈستىدە بارلىقىنى بىلگەندەكلا ئوردىنى زەمبىرەك بىلەن ئوققا تۇتتى. شۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن يانمۇ يان تۇرغان ئۆلتىپ بەگكە ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتى «ھاجى ئاكام ئوردىدا تۇرمىسا» دەپ ئىلتىماس قىلىپ، خوجىنىياز ھاجىنى باشقا يەرگە كۆچۈردى. بىز ئۈچ كۈن جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ئوقلىرىمىز تۈگەي دەپ قالغانىدى. خوجىنىياز ھاجى شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. شەھەردىن چېكىنىپ چىقىشقا پەقەت جەنۇب تەرەپتىكى ئۆلەڭ قوۋۇقىلا ئىمكانىيەت بېرەتتى. شىمال، شەرق، غەرب تەرەپلەردىكى باشقا قوۋۇقلار كېسەك بىلەن ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، دۈشمەنلەر بۇ قوۋۇقلارغا يېقىن كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئاتلىق ۋە پىيادىلەر بولۇپ ھەممىمىز ئۆلەڭ قوۋۇقى ئىچىگە توپلاندۇق. تەييارلىقىمىز تېز بولمىدى. بىز سېپىلدىن چۈشۈپ، ئاتلىنىپ قوۋۇقتا پېتىپ كەلگىچە ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەھەر ئىچىدىكى ئاتلارنىڭ ئايىقىدىن چىققان توپا ـ چاڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، شەھەر ئىچىدىن قېچىپ چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقىنىمىز دۈشمەنگە بىلىنىپ قالدى. يەنە كېلىپ، سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ دۈشمەننى ئوققا تۇتىدىغان ئادەم قالمىغانلىقتىن، دۈشمەنلەر تېزدىن سېپىلگە يېقىنلىشىپ كېلىپ قالدى. بىز دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن سېپىلدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشكەندىن كېيىن، چېكىنىدىغان چاغدا ئارغامچىنى



تارتىۋالماي شۇ پېتى قويۇپ مېڭىپتىمىز. دۈشمەنلەر سېپىل تۈۋىگە كېلىپلا شۇ ئارغامچىلارغا ئېسىلىپ سېپىلغا چىقىپ، شەھەر ئىچىگە ئوق ئېتىشقا باشلىدى.

شەھەر ئىچىدىكىلەر جىددىيلىشىپ، ئۆلەڭ قوۋۇقىنى ئېچىپ قېچىپ چىقىشقا باشلىدۇق. دەسلەپ خوجىنىياز ھاجى بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئات سېلىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئاق ئۇرۇسلار شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە ئۆلگۈرۈپ كېلىپ، شەھەر ئىچىدىن قېچىپ چىقىۋاتقان كىشىلىرىمىزنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپى تېرىلغۇ ئېتىزى بولغاچقا، شەھەردىن چىققان كىشى قارىغا ئېلىنىپلا تۇراتتى. ئاتلىق كىشى ئۆزىنى دالدىغا ئالغۇدەك ئورۇن يوق ئىدى. ئۇرۇس ئەسكەرلەر ئەگەر ئېتىپ ئۆلگۈرىدىغانلا بولسا، قوۋۇقتىن چىققان بىرمۇ ئادەم ياكى ئات ھەرگىز ساق قالمايتتى. بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر قېچىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى چېپىپ ئۆتكەن يەردىكى توپىلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، چاڭ توپا ئىچىدە ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇ چاغدا دەرۋازىنى يەنە ئېچىپ، ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر تاشقىرىغا قاراپ ئات سالدۇق. مەن دەرۋازىدىن چىقىشىمغا ئېتىمغا ئوق تېگىپ دەرھال يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، بېلىگە ئاق چەككەن ھەمدۇللار ئەلەم «ئاللا» دېگىنىچە ئېتى بىلەن بىللە يىقىلدى. ئۇنىڭ ئېتىغا ئوق تەگكىنى ئېنىق، ئەمما ئۆزىگە ئوق تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئاتلار كەينى كەينىدىن چېپىپ چىقماقتا، توپا ـ تۇمان جاھاننى قاپلىماقتا ئىدى. ئۇرۇسلار دەرۋازىنى توختىماي توپقا تۇتۇۋاتاتتى. شۇڭا، دەرۋازىدىن ئون ئادەم چىقىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچىگە ئوق

تەگمەي قالمايتتى. ئىككىنچى تۇركۇمدىكىلەر قېچىپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن، دەرۋازىنى خەلق ئۆزى ئېتىۋالدى.

مەن پىيادە قېچىپ كېتىۋاتاتتىم. توپا - چاڭ ئىچىدە مەندىن باشقا پىيادە قېچىپ كېتىۋاتقانلارمۇ كۆپ ئىدى. مەن بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتقا ئۇچرىدىم. ئۇمۇ ئېتىدىن ئايرىلىپ پىيادە قاپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ: «سەن ماڭا قارىماي ماڭ» دېدى. مەن بەك ھېرىپ كەتكەندىم. ئېتىز قىرىدا ئازغىنا ئولتۇرۇپ دەم ئالدىم. ئاندىن ناتونۇش بىر نەچچە كىشى بىلەن توپا - تۇمان ئىچىدە ئېتىز قىرلىرىنىڭ ئىچى بىلەن ئۆمىلەپ، ئورۇسلارنىڭ كۆزىدىن يىراقلىشىپ، ئاخىر لۈكچۈننىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە چىقىۋالدۇق. ئۇ يەرگە بارساق، خوجىنىياز ھاجى بىر توپ كىشىلەردىن: «نىياز دېھقان قېنى؟ قانداق بولدى؟ شەھەردىن ھەممىسى قېچىپ چىقتىمۇ؟ ياكى قامىلىپ قالدىمۇ؟» دەپ سۈرۈشتە قىلىۋېتىپتۇ. شەھەرنىڭ نېمە بولغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شەھەردىن قېچىپ چىققانلار بىر يەرگە توپلىنىپ تۇردۇق. قاراڭغۇ چۈشتى، شەھەردىن ئانچە - مۇنچە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاڭ ئاتارغا يېقىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېقىن كىشىسى نىياز دېھقان يەتتە - سەككىز ئادىمى بىلەن پىيادە قېچىپ كەلدى.

كېيىنكى ئەھۋال مۇنداق بوپتۇ: شەھەردىن ئىككىنچى تۇركۇمدىكىلەر قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئورۇس ئەسكەرلەر شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىن كېلىپ ئوق ئېتىشقا باشلاپتۇ. شەھەردە قالغانلار ئەگەر يەنە شۇ يول بىلەن قېچىپ چىقسا ئامان قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، دەرۋازىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ ئاتلىرىنى تاشلاپ ئۆزلىرى



دەرۋازا ئۈستىگە چىقىپ ئوق ئېتىپ، ئورۇسلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ تۇرۇپ تۈن يېرىمى بولغاندا سېپىلدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ قېچىپتۇ. ئەتىسى شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى لۈكچۈنگە كىرىپ شەھەرگە ئوت قويۇپتۇ ۋە ۋاڭ ئوردىسىنى تامامەن كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. خەلقنى يۇنۇس دورغىنىڭ ھويلىسىغا يىغىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەندىكەن، بىر قىسىم كىشىلەر مەجبۇرىي ھەيدەپ كېلىنىپتۇ، ئەمما كۆپچىلىك كىشىلەر بۇيرۇققا قارشىلىق بىلدۈرۈپ كەلمەپتۇ. ئەسكەر باشلىقلىرى ئەسكەرلىرىنى ئۈچ كۈنگىچە كوچىدا ئۇچرىغانلا ئادەمنى چاپ - چاپ قىلىشقا، خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا قويۇپ بېرىپتۇ. بۇ جاللاتلار شۇ قېتىم ئەر - ئايال، ياش - قېرى، كىچىك بالا بولۇپ تەخمىنەن 1500 جاننى چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەخمەت نىياز ئىسىملىك 10 ياشلىق بىر بالا كوچىغا چىققانىكەن. ئورۇس ئەسكەرلەر ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ «ئۆلدى» دەپ تاشلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر موماي بالىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ، كىگىز يۇڭىنى كۆيدۈرۈپ، قىلىچ كەسكەن بويىنىغا بېسىپ قاننى توختىتىپ، بالىنى تىرىلدۈرۈۋاپتۇ. بۇ بالا ھازىر رايونلۇق كۇتۇپخانىدىن دەم ئېلىشقا چىققان ئەخمەتنىياز داۋۇت. ئۇنىڭ بويىنىدىكى قىلىچ ئىزى ئەنە شۇ ۋەقەنىڭ گۇۋاھى.

بىز 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە لۈكچۈندىن چىقىپ، تۇيۇقتىكى ئەسھابۇلكەھىب ۋە سىڭگىم ئارقىلىق چىچاندىكى چالقانتاغقا بېرىپ توپلاشتۇق. شىڭ شىسەي لۈكچۈندە مەخسۇت مۇھىتنى تۇتۇۋېلىپ كاللىسىنى ئاپتۇ. ئۇنىڭ كاللىسىنى ھەريەر - ھەريەردە سازايى قىلىپ، ئاخىرى تۇرپان بازىرىغا ئەپكىلىپ ئېسىپ قويۇپتۇ.

# 13. مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ما شىمىن قاراشەھەردە

مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ما شىمىن قاراشەھەرگە يېتىپ بارغاندا، قاراشەھەر بىلەن كورلا ئاللىقاچان خەلقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىكەن. 1932 - يىلى 12 - ئايدا تۇرپان خەلقى قوزغالغاندا، توقسۇنلۇق توختى ئىبلى دېگەن كىشى توقسۇندىن ئون نەچچە كىشى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، يەنە توقسۇنغا قايتىپ بېرىپ، توقسۇن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ، ئەڭ ئاۋۋال مافۇمىن باشچىلىقىدىكى بىر لىيەن ئەسكەرنى تار-مار قىلىپ توقسۇننى قولغا ئالغان. ئاندىن يەنە خەلقنى تەشكىللەپ 300 چە ئادەمنى باشلاپ، قاراشەھەرگە ھۇجۇمغا ماڭغان. كۆمۈش ۋە باشقا ئۆرتەڭلەردە بىر مۇنچە كىشىلەر ئۇلارغا پىدائىي بولۇپ قوشۇلۇپ، توختى ئىبلىنىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ بارغان. توختى ئىبلى قاراشەھەرگە يېقىن بارغاندا، قاراشەھەردىكى ھاپىز زۇڭجاڭ بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىغان. ھاپىز زۇڭجاڭ قوزغىلاڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شەھەرنىڭ ئىچى-تېشىدىكىلەر بىرلەشكەچكە، قاراشەھەرنى توختى ئىبلى ئاسانلا ئىشغال قىلغان (ھاپىز ئەسلى لۈكچۈنلۈك بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۆمۈر ئىبلىنىڭ لۇيجاڭلىرىدىن بىرى بولغان). ئۇلارنىڭ قاراشەھەردىكى غەلىبىسىنى تۇرپاندىكى باشلىقلار ئاڭلاپ، توختى ئىبلىنى لۇيجاڭ، ھاپىزنى يىڭجاڭ قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇنداق قىلىپ، توختى ئىبلى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقىنى نامايان قىلغاچقا، ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرويى تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن،



خەلق ئاممىسى ئۇنى قىزغىن ھىمايە قىلغان، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ما شىمىن توختى ئىبلىنىڭ ئادەم ۋە قوراللىرى كۆپىيىپ چوڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا توختى ئىبلىنىڭ تۇرپانغا قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى تۇرپانغا قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئاخىرىدا شېڭ شىسەينىڭ قولىغا چۈشۈپ، ناھەق ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. ئاندىن توختى ئىبلىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قوراللىرىنى «تىزىمغا ئالىمىز» دېگەن باھانە بىلەن يىغىۋالغان.

ما شىمىن قاراشەھەرگە بارغاندىن كېيىن، دەرھال سىلىڭبۇ قۇرۇپ، ئۇنى «36 - دىۋىزىيە①نىڭ باندىتلارنى تازىلاش سىلىڭبۇسى» دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم «سىلىڭ» دەپ جاكارلىغان؛ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىشىنى چەكلەپ، ئۇنى تۈرلۈك باھانىلار بىلەن قاراشەھەردە تۇرغۇزماي، خوتۇنسۇمبۇلدا تۇرغۇزغان. ما شىمىن تۆمۈر ئىبلىنىمۇ كونترول قىلىشنى ئويلاپ، گامازىنى كۇچاغا، ماجەنساڭنى «تۆمۈر ئىبلىگە ياردەملىشىدۇ» دەپ ئاقسۇغا ئەۋەتكەن. تۆمۈر ئىبلى كۇچانى 1933 - يىلى 1 - ئاي ئىچىدە باشقا ناھىيىلەر بىلەن قوشۇپ ئىبلىپ بولغانىدى② ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كۇچادا جەن شىكۇي (詹世魁) 200 ئەسكەر بىلەن ساقلاپ تۇراتتى. تۆمۈر ئىبلى كۇچاغا ھۇجۇم قىلغاندا، جەن شىكۇي تەسلىم بولغىلى ئۇنىماي قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، خەلق ئاممىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛

---

①ماجۇڭيىڭ قۇرغان 36 - دىۋىزىيىنى كۆرسىتىدۇ.

② جەن شىكۇي - 1931 - يىلى 9 - ئايدا جاڭ پېيىۋەن باش قوماندان، شېڭ شىسەي سەنمۇجاڭ بولۇپ تۇرغاندا، ما جۇڭيىڭنى قۇمۇلدىن گەنسۇغا قوغلاشتا ئىككىنچى يول قوماندانى بولغان، كېيىن كۇچاغا يۆتكەلگەن.

شىيەنجاڭ باشلىق بىر مۇنچە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنى پارتىلىتىپ ئۆلتۈرۈۋالغان. نەتىجىدە، تۆمۈر ئېلى كوچادا كۆپلىگەن قورالغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ شۇنداق كۆپ قورالغا ئىگە بولغىنىغا گامازىنىڭ كۆزى قىزىرىپ «بۇ قوراللارنى قاراشەھەردىكى سىلىڭبۇغا ئەۋەتىپ بېرىمىز» دەپ تۇرۇۋالغان، تۆمۈر ئېلى بۇنىڭغا قوشۇلمىغان. لېكىن، كۇچانىڭ ۋاكى مەھپۇزمۇ تۆمۈر ئېلىنىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ، ئابرويى ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمەي «تۆمۈر ئېلىدەك بىر ھارۋىكەش شۇنچە كاتتا بولۇپ كېتەمدۇ» دەپ ھەسەتخورلۇق قىلىپ، گامازىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ، تۆمۈر ئېلى قوراللارنى قارا شەھەردىكى ماشىمىنغا ئامالسىز ئەۋەتىپ بەرگەن. دېمەك، تېخى تۈنۈگۈنلا گەنسۇغا قېچىشقا تەييارلانغان ما شىمىن «ھايان ماڭا بولسۇن، زىيان ساڭا بولسۇن» دېگەندەك، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ، قاراشەھەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇرۇشتا ئولجا ئېلىنغان قوراللارنى «سىلىڭبۇ تىزىمغا ئالىدۇ» دېگەن باھانە بىلەن داۋاملىق يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ساپلا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى قوراللاندۇرۇپ، قوشۇنىنىڭ سانىنى 2000 غا يەتكۈزدى.

مەھمۇت مۇھىتى بولسا ما شىمىنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەسىر دائىرىسىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لۈيجاڭلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ما شىمىن مەھمۇت مۇھىتىنى خوتۇنسۇمبۇلدەك چەت يەردە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە بۇيرۇق چۈشۈرۈش بىلەن مۇئامىلە قىلدى؛ كۆپ ئىشلاردا ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك مەسلىھەتلەشمەي، ئۆزى خالىغانچە ئىش ئېلىپ بېرىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇت مۇھىتى كۆپ ئىشلاردىن خەۋەرسىز



قالدى. مەسىلەن، گەنسۇدا تۇرۇۋاتقان ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭ خەلقى (ئاساسەن ئۇيغۇرلار) نامىدىن شىنجاڭغا چىقىپ ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆمەك تەشكىل قىلغان. ئۇ، بۇ ئۆمەكنىڭ باشلىقلىقىغا موسۇل ھاجى مۇھىتىنى، ئەزالىقىغا ۋاڭ نىياز، ئابدۇمىنى ھاجى، نەسىردىن ھاجى قاتارلىقلارنى تەيىنلەپ، بۇنى مەھمۇتمۇھىتىغا ئۇقتۇرماي، ئۇلارنى قاراشەھەردىن تەكلىماكان ئارقىلىق ئۇدۇل گەنسۇغا يولغا سالغان. چۈنكى، تۇرپان خەلقى قوزغىلىپ شىڭ شىسەي قوشۇنى قۇمۇلدىن تۇرپانغا چىققاندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى ئازىيىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپانغا چىقىشى بىلەن قوزغىلاڭ ئوتى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلارغا يېيىلدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ تەسىرى كېڭىيىپ ئىناۋىتى ئېشىپ، كۈچىنىڭ ئۇلغىيىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ما شىمىن دەل مۇشۇ ۋاقىتنى ما جۇڭيىڭنىڭ «شىنجاڭغا چىقىپ خوجىنىيازنى چەكلەپ، شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزۈش پۇرسىتى» دەپ بىلگەن (ما جۇڭيىڭ 1931 ـ يىلى قۇمۇلغا دەسلەپ چىققاندا، خوجىنىياز ھاجىنى «يېڭجاڭ قىلدىم» دېگەنىدى. ما شىمىن خوجىنىياز ھاجىنى «ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى بىر يېڭجاڭ» دەپ ھېسابلىغان) . خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپانغا چىققانلىقىنى ئاڭلىغان ما شىمىن قاراشەھەردىن ما فامىلىلىك بىر لۈيجاڭ بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنى تۇرپانغا يولغا سالدى. خوجىنىياز ھاجى لۈكچۈندىكى قىرغىنچىلىقتىن كېيىن چىچانغا چىققاندا، مەھمۇت مۇھىتىمۇ پىدائىيلىرىنى باشلاپ توقسۇنغا يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ، 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

بولۇپ، شىڭ شىسەي شۇ كۈنلەردە توقسۇندىكى پۇقرالاردىن تەخمىنەن 1100 ئادەمنى چېپىپ ۋە ئېتىپ، 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتكەن. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنى داۋانچىڭنىڭ بايانغۇ دېگەن يېرىگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئاخىرى تۇرپانغا قايتىپ كەتتى ۋە خوجىنىياز ھاجى بىلەن تۇرپاندا ئۇچراشتى.

## 14. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مورىغا بېرىشى

مەھمۇت مۇھىتى باشلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى خوجىنىياز ھاجىغا تۇرپاندا قوزغىلاڭ باشلانغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان بارلىق ئەھۋاللارنى، بولۇپمۇ تۇرپاندىكى بىر قانچە قېتىملىق قوزغىلاڭلار ۋە توقسۇن، قاراشەھەر، بۈگۈر، كۇچادىكى قوزغىلاڭلاردا ئۇيغۇر پىدائىيلىرى قۇربان بېرىپ دۈشمەندىن تارتىۋالغان قوراللارنى ما شىمىننىڭ «تىزىمغا ئالىمىز» دېگەن باھانە بىلەن يىغىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، مۇنتىزىم قوشۇن قۇرۇۋالغانلىقىنى؛ ئۇيغۇر پىدائىيلار بىلەن خۇيزۇ پىدائىيلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلماي، ئوتتۇردا مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. خوجىنىياز ھاجى بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ: مەن بۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەيدىغان مىجەزىنى بۇرۇنلا بىلگەن. مەيلى ما شىمىن بولسۇن ياكى باشقىسى بولسۇن، ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى. ئىنقىلابنى بىز قىلساق، قۇربانىنى بىز بەرسەك، قورالنى دۈشمەن قولىدىن بىز ئۇرۇشۇپ تارتىۋالساق، ئىنقىلاب مېۋىسىنىڭ



ھەممىسىگە ما شىمىن ئىگە بولىۋالامدىكەن؟! بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭغا قورال كېرەك بولسا، جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىدىن ئۆزى تارتىۋالسۇن. سىلەر تۇرپانلىقلار ئەگەر مېنىڭ گېپىمگە قوشۇلساڭلار، جىن شۇرېن بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىمەن. ئەگەر قوشۇلمىساڭلار، قۇمۇلغا كېتىمەن. ئۇ چاغدا سىلەر ما شىمىن بىلەن بىرلىشىپ ئىش كۆرۈڭلار، ـ دېدى. ئاخىر ھەممە بىردەك: ھاجىم قايسى تەرەپتە تۇرسا، بىز شۇ تەرەپتە تۇرىمىز، ـ دەپ ئىپادە بىلدۈرگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىگە قەيەردىن ھۇجۇم باشلاش ھەققىدە مۇزاكىرە بولدى. جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى تۇرپاندا قالمىغان بىلەن پىچان، قۇمۇل، مورى، گۈچۈڭ ۋە جىمسارلاردا بار ئىدى. لېكىن، قۇمۇل ۋە پىچانلاردىكى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى ئۇ يەرلەرنى تاشلاپ ئۈرۈمچىنى قوغداشقا كېتىۋاتقانىكەن. جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىگە توپلىنىشىپ بولغىچە بىز ئۇلارنىڭ يولىنى كېسىپ تاشلاپ ۋە ئۇلارنى پارچىلاپ، قورال ـ ياراقلىرىنى غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال مورىغا بارىدىغان بولدۇق. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بىرلەشكەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى پىدائىيلارغا: تىرىك قولغا چۈشكەن دۈشمەننى ئۆلتۈرمەي، تىرىك پېتى ئېلىپ كېلىسىلەر. مەيلى قايسى تائىپىدىن (مىللەتتىن) بولسۇن، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا، خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىشقا رۇخسەت يوق، دېگەننى قايتا ـ قايتا جاكارلىدى.

دەل شۇ چاغدا خەلق ئاممىسىدىن مەھمۇت مۇھىتىغا بىر ئەرز چۈشتى. ئۇنىڭدا: شىڭ شىسەي تۇرپاندا قىرغىنچىلىق قىلغاندا بىز ئۆي ـ ماكانلىرىمىزنى تاشلاپ چىقىپ

كەتكەندۇق. جاڭگالدا قېچىپ يۈرسەك، سىزنىڭ ئادەملىرىڭىزدىن زەيدىن نىياز، كامىل باشلىق بىر قانچىسى بىشىمىزغا مىلتىق تەڭلەپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار دەپ بىزنى قورقۇتۇپ، خوتۇن-قىزلىرىمىزنىڭ ئالتۇن هالقا، ئۈزۈكلىرىنى تارتىۋالدى، دېيىلگەن. بۇ ئەرزنى كۆرگەن مەهمۇت مۇهىتى دەرهال مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى ئىزدەپ تاپتۇرۇپ، ئەهۋالنى تەكشۈرۈپ سەككىز ئادەمنى قولغا ئېلىپ، تۇرپان يېڭىشەهەر ۋە كونىشەهەرلەردە سازايى قىلدۇردى؛ ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرى (مەهمۇت مۇهىتى ئىلگىرى يېقىن كۆرۈپ كەلگەن، ئۇرۇشلاردا خېلى كۆرۈنەرلىك كۈچ چىقارغان) زەيدىن نىياز، كامىل دېگەنلەرگە تۇرپان يېڭىشەهەرنىڭ دەرۋازىسى تېشىدا مىڭلىغان پۇقرانىڭ ئالدىدا ئۆلۈم جازاسى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەهمۇت مۇهىتى پىدائىيلىرىنى باشلاپ خوجىنىياز هاجى بىلەن بىللە پىچاننىڭ كۆكيار دېگەن يېرى ئارقىلىق مورىغا يۈرۈپ كەتتى.

1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خوجىنىياز هاجى بىلەن مەهمۇت مۇهىتى مورىغا كېتىۋېتىپ پىچاننىڭ خاندۇ دېگەن يېرىگە بارغاندا، تۇرپاندا قالغان خۇيزۇ مالۇيجاڭدىن مەهمۇت مۇهىتىغا بىر پارچە خەت كەلدى. خەتتە: ساڭا لۇيجاڭلىقنى بىز بەرسەك، قورالنى بىز بەرسەك، ئەمدى نېمىشقا خوجىنىياز بىلەن بىرلىشىپ ئۆزۈڭ خالىغان تەرەپكە كېتىسەن، خېپ توختاپ تۇر! دېيىلگەن. مەهمۇت مۇهىتى خەتنى تەرجىمانغا ئوقۇتۇپ بولۇپ: هې! سەن تاز دېگىچە مەن تاز دېۋالاي دەپتۇ - دە، ماڭا مىلتىقنى ما شىمىن بېرىپتىمىش! بۇ مىلتىقلارنى ما شىمىن نەدىن ئالغىنىنى دېمەپتىغۇ؟! قولىدىن كەلگىنىنى



قىلسۇن! - دېگىنىچە، خەتنى چۆرۈۋېتىپ، خەتكە جاۋابمۇ يازماي، مورىغا كېتىۋەردى. مەهمۇت مۇهىتى ما شىمىن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ما شىمىن قىسمىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار مەهمۇت مۇهىتى تەرەپكە قېچىپ كەلدى.

بۇ چاغدا خوجىنىياز هاجىنىڭ قۇمۇلدىن چىققان پىدائىيلىرى ۋە مەهمۇت مۇهىتىنىڭ تۇرپاندىن كەلگەن پىدائىيلىرى بولۇپ هەممىسى مىڭغا يەتمەيتتى. ئەمما، هەممىسى ئاتلىق ئىدى. مورىغا پىدائىي بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ناهايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچىدىن، مىلتىق يېتىشمەيتتى، ئىككىنچىدىن، ئات يېتىشمەيتتى، ئۈچىنچىدىن، ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك تەمىناتى چوڭ مەسىلە ئىدى. يەزى پىدائىيلارنىڭ ئېتى بولغان بىلەن مىلتىقى بولۇشى ناتايىن ئىدى. هەممە پىدائىيلاردىكى مىلتىقلارنىڭ سانى ئاران 500 نەچچە ئىدى. مىلتىقنىڭ ئوقى هەققىدە سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز سارىغاي داۋىنىدىن ئېشىپ مورىغا بارساق، مورىنى جىن شۇرېننىڭ بىر لىيەن ئەسكىرى بېسىپ ياتقانىكەن. بىز ئۇلارنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، مەهمۇت مۇهىتى ئۇلارغا: تىنچلىق بىلەن قورال تاپشۇرساڭلار هاياتىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز، شەخسىي مال - مۈلكىڭلارغا تەگمەيمىز، هەتتا سىلەرنى خورلىمايمىز، - دەپ ۋەكىل كىرگۈزگەنىدى. ئۇلار بىز بىلەن ئېلىشقان بىلەنمۇ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا كېرەك، تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇردى. مەهمۇت مۇهىتى ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ: بىز سىلەردىن مىلتىق ۋە ئاتلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق، شەخسىي نەرسەڭلەرگە تەگمىدۇق، بىز گېپىمىزدە تۇرۇمىز. بىزنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارىمىز

يوق. سىلەر گۇچۇڭغا بېرىپ باشلىقىڭلارغا ۋە چېرىكىڭلارغا ئېيتىڭلار؛ ئۇلار قورال تاپشۇرسىلا بولىدۇ، قورال تاپشۇرسىلا بالا - چاقا، ئاتا - ئانىلىرى بىلەن خاتىرجەم كۈن كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلىمىز. ئۇلار دېھقانچىلىق قىلامدۇ، ئىختىيار ئۆزىدە، - دەپ ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈپ، ھەممىسىنى ھارۋا بىلەن گۇچۇڭغا يولغا سېلىپ قويدۇق. بىز شۇ كۈنى مورىدا قوندۇق.

ئەتىسى سەھەردە «قۇمۇل تەرەپتىن قۇمدەك ئەسكەر باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال قۇمۇل تەرەپكە ئاتلاندۇق. بىز سارىغاينىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ بارساق، بىر پەي ئەسكەر يۇزلىگەن خوتۇن - بالىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئەكىلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى تۆگىلىك، بەزىلىرى ھارۋىلىق ئىكەن. بىز ئالدىغا ئات سېلىۋىدۇق، بىر پەي ئەسكەر قېچىپ كەتتى، قالغانلىرىنى توسۇۋالدۇق. ئۇلار قىيا - چىيا قىلىشتى. بىز ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ، خەنزۇچە سۆز بىلىدىغانلار ئارقىلىق سۈرۈشتۈرسەك، ئۇلار قۇمۇل ۋە پىچانلاردىكى جىن شۇرېن ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرى بولۇپ، چوڭ - كىچىك جەمئىي 104 جان ئىكەن، جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل ۋە پىچاندىكى ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىرى ئۇ يەرلەرنى «ئالدىمىزدا خەتەر يوق» دەپ بالا - پۇتۇنلەي تاشلاپ، چاقىلىرىنى بۇ تەرەپكە ئالدىن ماڭغۇزغانىكەن. بىز ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجى يېتىپ كەلدى. مەھمۇت مۇھىتى بۇلارغىمۇ مورىدا تەسلىم بولغان ئەسكەرلەرگە ئېيتقان سۆزلەرنى



ئېيتىپ، ئاخىرىدا: سىلەر تۆگىلەرگە ئارتقان، ھارۋىلارغا باسقان نەرسىلەرنىڭ قايسىلىرى ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق، قايسىلىرى ئۆزۈڭلەرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى راستلىق بىلەن ئايرىپ چىقىڭلار، - دېدى. ھەركىم ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئايرىپ ئالغاندىن كېيىن، بىرنەچچە تۆگىگە ئارتىلغان گەزلىمىلەر (تاۋار - دۇردۇنلار) ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق بولۇپ چىقتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى مەسلىھەتلىشىپ، ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق بۇ گەزلىمىلەرنى «پىدائىيلارنىڭ خىراجىتىگە لازىم» دەپ ئېلىپ قالدى. ئاندىن مەھمۇت مۇھىتى خوتۇن - بالىلارغا: بىز سىلەرنى ھېچنەرسە قىلمايمىز، قورقماڭلار. سىلەر قايتىپ بېرىپ ئەرلىرىڭلەرگە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارغا ۋە چېرىكلارگە ئېيتىڭلار، قولىدىكى قورالنى تاپشۇرسىلا بولىدۇ، - دېدى. ئۇلار ئارىلىقى يېقىن يولدىن ئۆز ئارمىيىسى تەرەپكە قايتۇرۇلىدىغان بولدى. بۇنى كۆرۈپ ئارىمىزدىكى بەزىلەر: ئۇلارنىڭ خوتۇن - باللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قورال تاپشۇرامدۇ يوق، سۆزلىشىپ بېقىش لازىم ئىدى، - دېدى. مەھمۇت مۇھىتى: ياق، ئۇلارنى قايتۇرايلى، دۈشمەنلەر بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى چۈشەنسۇن. بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەسىر قوزغىماي قالمايدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇلدى.

## 15. بوستاندىكى ئۇرۇش

جىن شۇرېننىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، بىزمۇ شەپە

چىقارماي شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلدۇق. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلەۋېتىپتۇ. بىز بوستان دېگەن تاغ ئاغزىنىڭ پەس تەرىپىدىكى ساي ئېقىنىغا بارغاندا ئۇلار بىلەن ئۇچراشتۇق. دۈشمەن قوشۇنى توختىماي ئوق ياغدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بىزمۇ تاغ ئېتىكىدىن شىمالىي جۇڭغار تۈزلەڭلىكىگە قاراپ سەپ تارتىپ، قۇمۇلدىن كېلىدىغان يولنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، بىر نەچچە كىلومېتىر ئارىلىقتا ئۇلارنى توستۇق، ھەر ئىككى تەرەپ بىر تەرەپتىن ئېتىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئورۇننى تەييارلاشقا ئالدىرىدى. خوجىنىياز ھاجى تاغ باغرىدىن ئورۇن ئالدى. مەھمۇت مۇھىتى تۈزلەڭدىن يەنى يول ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى. بىزنىڭ ھەممە ئادىمىمىز مىڭغا يەتمەيتتى، دۈشمەن ئارمىيىسى بولسا ئىككى مىڭدىن ئاشاتتى. چۈنكى، ئۇلار جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە پىچان ناھىيىسىدىكى ھەممە قالدۇق قوشۇنى بولۇپ، ئۇلارنى لى خەيرۇي سىلىڭ باشلاپ كېلىۋاتقانىكەن.

ئارىمىزدىن بەزىلەر: بىزنىڭ ئادىمىمىز ئاز، تۈزلەڭ يەردە دۈشمەنلەر بىزنىڭ سانىمىزنى ئوڭايلا بىلىۋالايدۇ، «جەڭنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دېگەن گەپ بار، بىز تۇرغۇن ئەلەم (بايراق) تەييارلىۋالساق، دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئەلەملىرىمىزنى كۆرۈپ، بىزنىمۇ ئاز ئەمەسكەن دەپ قالىدۇ، دېدى. بىز بۇ چارىنى ماقۇل كۆرۈپ، ھېلىقى ئائىلە تەۋەلىرىدىن ئېلىۋالغان ھەر خىل تاۋار - دۇردۇنلاردىن بىر مۇنچە ئەلەم ياسىدۇق. بەزى ئون نەچچە ئادەم بىر ئەلەمنىڭ كەينىدىن ماڭسا، بەزى 20، 30 ھەتتا 40 ئادەم بىر ئەلەمنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ساي ئېقىنىنىڭ



شەرق تەرىپىدە بىر قانچە كىلومېتىر يەرگىچە بىر قانچە ئون ھەرخىل ئەلەملەرنى قادىۋەتتۇق. ھەتتا، بەزى ئادەم يوق يەرلەرگىمۇ قاداپ قويدۇق. بىز ئىلگىرىدىن ئەلەم كۆتۈرۈپ باقمىغان. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بىرلەشكەندىن كېيىنمۇ بىرەر پارتىيە ياكى تەشكىلات قۇرۇپ قانداق رەڭدە بايراق كۆتۈرۈش توغرىسىدا گەپ ـ سۆز بولۇنمىغان. مەھمۇت مۇھىتى ھەر قانداق سورۇندا سۆز قىلسا، «بىز ئۆتمۈشتە قاتتىق ئېزىلگەن، بىزگە ئەركىنلىك كېرەك، بىزمۇ ئادەمغۇ، ئاخىر بىز سۇڭ ۋېن (سۇڭ جۇڭسەن) نىڭ يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك» دەيتتى. ئەمما، بىز پىدائىيلار ئاممىسى سۇڭ ۋېننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق. يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ئاز دۈشمەنگە يولۇقساق ئۇلارنى قوغلاپ، كۆپ دۈشمەنگە يولۇقساق ئۇلاردىن قېچىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلغىنىمىز ئۈچۈن بايراق كۆتۈرۈپ سەپ تارتىپ يۈرۈشنىڭمۇ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

بىز ئەنە شۇ بوستان دېگەن يەرنىڭ غولىدا بەش كېچە-كۈندۈز ئۇرۇشتۇق. دۈشمەننىڭ سانى كۆپ، قورالى خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاكوپتىن چىقىپ ئىلگىرىلىيەلمىدى. بىزمۇ ئالغا باسالماي، بىر ئىزدا تۇرۇپلا قالدۇق. چۈنكى، بىزنىڭ تۇرغان يېرىمىز تۈپتۈز سايلىق بولۇپ، ئورنىمىزدىن قوزغىلىپلا كەتسەك، پانا بولغۇدەك يەر يوق ئىدى. خوجىنىياز ھاجى كۈندۈزى بىز بىلەن بىللە بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىشقا قاتناشسىمۇ، كېچىسى ئۇرۇش سېپىنى مەھمۇت مۇھىتىغا قالدۇرۇپ، 30غا يېقىن ئادىمى بىلەن تاغقا چىقىپ كېتەتتى. بۇ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەلىپى بويىچە بولغان. چۈنكى، خوجىنىياز ھاجى جەڭ مەيدانىدا پىدائىيلارغا بۇيرۇق بېرىپ

قويۇپ، ئۆزى ھەرگىز جىم تۇرالمايتتى (قولىغا مىلتىق ئېلىپ جەڭگە تەڭ قاتنىشاتتى). مەسىلەن، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنى لى خەيرۇينىڭ ئەسكەرلىرى بىزنى كۆرۈپ، ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئېقىننى ئىگىلەشكە ئالدىراپ ماڭغانىدى. خوجىنياز ھاجى دۇربۇن بىلەن كۆرۈپ: دۈشمەن ئېقىننى ئىگىلەشكە ئالدىرىدى، چاپسان بولۇڭلار، دېگىنىچە ئۆزى باش بولۇپ ئات سالدى. بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىدىن ئات سېلىپ، ئېقىننى ئالدىن ئىگىلەپ، دۈشمەننى ئارقىغا چېكىندۈردۇق. شۇ جەرياندا، خوجىنياز ھاجىنىڭ قىسقا جۇۋىسىنىڭ پېشىدىن بىر ڤانچە يەرنى دۈشمەن ئوقى تېشىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەھمۇت مۇھىتى «خوجىنياز ھاجىكام ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە پىدائىيلار بىلەن بىللە ئوق ئاتمىسا» دەپ ئىلتىماس قىلدى ۋە ئۇ كىشىنى كۈندۈزى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپىدە تۇرغۇزۇپ، كېچىسى تاغقا چىقىرىۋېتىدىغان بولدى.

بوستاندىكى بىز تۇرغان يەرنىڭ سۈيى بولغان بىلەن تاماق ئېتىپ يېگۈدەك شارائىتى يوق ئىدى. بىز بەش كېچە-كۈندۈزلۈك ئۇرۇش جەريانىدا قۇرۇق ناننى غاجىلاپ، سوغۇق سۇنى ئىچىۋەردۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېچە ياكى كۈندۈز خاتىرجەم ئۇخلىيالماي، تولىمۇ ھاردۇق يەتتى. دۈشمەن بىلەن ئۇيان-بۇيان بولماي، سايدا يېتىۋېرىش بەزى كىشىلىرىمىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدى. بىزدە بىر قىسمىمىز ئۇرۇشقا قاتناشساق، يەنە بىر قىسمىمىز دەم ئالىدىغان ئىمكانىيەت بولمىغاچقا، ئۇرۇشقا ھەممىمىز تەڭلا قاتنىشاتتۇق. دۈشمەنلەر گۇچۇڭغا ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، تەمىناتتىن قىسىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق ئىدى.



دەل شۇ پەيتتە، مەھمۇت مۇھىتى ئارىمىزدىكى خەنزۇچە سۆز بىلىدىغان كونا گۇچۇڭلۇق ياش ئۇيغۇرنى لى خەيرۇيگە ئەلچى قىلىپ كىرگۈزدى. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنىڭغا: سەن بېرىپ ئەسكەر باشلىقلىرىغا ئېيتقىن، ئۇلار قورال تاپشۇرسىلا، بىز ئۇلارنى ھېچنەرسە قىلمايمىز. خالىسا گۇچۇڭغا كېتىۋەرسۇن. بۇ ھەقتە ئەگەر ئۇلار ئەلچى ئەۋەتسە، سۆزلەشسەك بولىدۇ، دەپ تاپىلىدى. بىزنىڭ ئەلچىمىز ئاتقا مىنگىنىچە قولىغا ياغلىقنى پۇلاڭلىتىپ دۈشمەن سېپى تەرەپكە كەتتى. بىز تەرەپتىن ئوق ئېتىش توختىتىلدى. لېكىن، دۈشمەن تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئەلچىمىز دۈشمەن سېپىگە سالامەت كىرىپ كەتتى. ئەلچى ئۇلارغا يېقىن بارغاندا، ئۇلار ئۇنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، يانلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن باشلىقلىرىنىڭ يېنىغا ئەكىرىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئوق ئېتىش توختاپ، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن دۈشمەن تەرەپ، ئىلگىرى پىچان ناھىيىسىدە ئىشلىگەن، ئازغىنا ئۇيغۇرچە تىل بىلىدىغان بىر خەنزۇنى بىزگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەمما، بىز ئۇنىڭ كۆزىنى تاڭمىدۇق، يېنىنىمۇ ئاختۇرمىدۇق. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنىڭ بىلەن سايدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدىلا سۆزلەشتى. نەتىجىدە، جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى بىزگە 400 تال مىلتىق بېرىدىغان بولدى. بىز ئۇلارنىڭ يولىنى توسمايدىغان بولدۇق (ئۇلار تۈپتوغرا گۇچۇڭغا كېتىدىغان بولدى). شۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، ئەتىسى قوراللارنى تاپشۇرماق بولۇپ ئەلچى ئۆز ئارمىيىسى تەرەپكە قايتىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر ئىككى تەرەپتە ئوق ئېتىش پۈتۈنلەي توختىتىلدى. بىراق، ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە،

بىزنىڭ ئارىمىزدا باشباشتاقلىق بىلەن قاراملىق قىلىش يۈز بەردى؛ بەزىلەر «ئەنە ئۇلار بىزگە ياخشى مىلتىقلارنى بېرەتتىمۇ؟ ئۇلار مىلتىق ئەكىلىپ بەرگىچە بىز بۇ يەردە ساقلاپ ياتىمىزمۇ؟ بۈگۈن كېچىدىلا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممە مىلتىقىنى تارتىۋېلىش كېرەك» دەپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەربىي بىلىمدىن ساۋاتى يوق كالتە پەملىك ئادەملەرنىڭ غۇلغۇلىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېتىپ، شۇ كۈنى كېچىدىلا «قايسى قىسىمنىڭ پىدائىيلىرى ئاۋۋال يېتىپ بارسا، قورالنى شۇلار كۆپ ئالىدۇ» دېگەن كۆز قاراش بويىچە مەھمۇت، مۇھىتىدىن بۇيرۇقسىزلا دۈشمەن ئاكوپىغا بەس - بەس بىلەن ئات سالدۇق. مەھمۇت مۇھىتى بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولغاچقا، تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن چوقان بىلەن باشلانغان ھۇجۇمنى توختىتىشقا ئۇ كىشىمۇ ئامالسىز قالدى؛ «ھاي - ھاي» دېگىنىچە، ئۆزىگە يېقىن يەردىكى پىدائىيلارنى توسۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇرۇش مەيدانى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەنلىك- تىن، يىراق يەرلەردىكى پىدائىيلار ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەنىدى. دۈشمەن تەرەپ كېلىشىم بويىچە ئوق ئاتماي تۇرۇۋاتسا، بىزنىڭ پىدائىيلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئاكوپلىرىغا يېقىنلىشىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن دۈشمەنلەر تۇساتتىن شىددەتلىك ئوق ياغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن فرونت بويىچە ئوت ئېچىلىپ كەتتى. بىزدىن ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، قالغانلىرىمىز ئەسلىدىكى ئورنىمىزغا ئاران قېچىپ كېلىۋالدۇق. بۇ ئىشقا مەھمۇت مۇھىتى قاتتىق خاپا بولدى. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ تاپالمىدى. كىمدىنلا سورىسا «نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي قالدۇق. ھەممەيلەن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتتى، ‹ھاي - ھاي›



دېسەك ئۇنىمىدى» دەپ تۇرۇۋالدى؛ تۇەنجاڭ، لىيەنجاڭ بولغانلار تىلىنى بىر قىلىپ بىر-بىرىنى پاش قىلمىدى. مەھمۇت مۇھىتى: ئەستەغپۇرۇللا، ئەمدى ئىش بۇزۇلدى. ئەنە ئۇلار بىزگە 400 تال مىلتىق ئەمەس، ئۆت تال مىلتىقمۇ بەرمەيدىغان بولدى، دېدى - دە، پىدائىيلارنىڭ باشلىقلىرىغا قاتتىق خاپا بولۇپ، غولنىڭ بېشىدىكى خوجىنىياز ھاجى تۇرۇۋاتقان بوستانغا چىقىپ كەتتى، ھەرقايسى پىدائىيلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئۆز ئورۇنلىرىنى تاشلاپ، تاغ تەرەپكە سۈرۈلدى.

تۈن بويى ئۇرق ئېتىپ چىققان جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى تاڭ سەھەر بىز تەرەپتە ئەلەملەردىن باشقا ھېچكىم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ كېلىپ، قاداپ قويۇلغان ئەلەملىرىمىزنى ئولجا ئالدى. كېيىن ئاڭلىساق ئۇلار ئەلەملەرنى بىرىنچى بولۇپ ئالغان ئەسكەرلىرىگە پۇل مۇكاپات بېرىپتىمىش. بىز ئەتىگەندە دۇربۇن بىلەن قاراپ، جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنىڭ بىز ئىگىلىگەن غولدىن ئۆتۈپ گۇچۇڭ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىز دۈشمەنلەرگە يەنە ئات سالغانىدۇق، دۈشمەنلەر بىزنى كۆرۈپ چوڭ يولدىن چىقىپ، مورىغا كىرمەي، جۇڭغار تۈزلەڭلىكى بىلەن ئۇدۇل گۇچۇڭنى كۆزلەپ ماڭدى. بىز ئاتلىق ئىدۇق، ئۇلار پىيادە ئىدى. يەر شارائىتى تۇپتۇز بولغاچقا، ئۇلارنى قانچە توسقان بولساقمۇ، توسۇپ بولالمىدۇق. بىزدىن بەزى چىقىملار بولدى، لېكىن دۈشمەنلەر يەنىلا گۇچۇڭغا كىرىپ كەتتى.

بىز سارىغايغا بېرىپ توپلاشتۇق. خوجىنىياز ھاجى كۆپچىلىككە: سىلەر گەپ ئاڭلىماي، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، قورالىق دۈشمەننى گۇچۇڭغا ئۆتكۈزۈۋەتتىڭلار.

ئەمدى دۈشمەنلەر بىلەن ئۆزۈڭلار ئۇرۇشۇۋېلىڭلار، مەن كەتتىم، - دېگىنىچە، سارىغايدىن بوستانغا كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن مەھمۇت مۇھىتىمۇ قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە: قوزغىلاڭ قىلدۇق، مىنى باشلىق قىلدىڭلار. نېمىشقا گەپكە كىرمەيسىلەر؟ ئىش ھەل قىلغۇچ پەرگە كەلگەندە، مىنىڭ بۇيرۇقىمسىز قارامىلىق بىلەن باشباشتاقلىق قىلىپ، دۈشمەنگە ئۇرۇنسىز ھۇجۇم قىلدىڭلار. نەتىجىدە، مەغلۇپ بولغانغا تەڭ بولدى. بىر تالمۇ مىلتىق ئالالماي، دۈشمەننى گۈچۈڭغا ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. سىلەر مىنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندىن كېيىن، مەنمۇ خوجىنىياز ھاجى بىللە قومۇلغا كەتتىم. سىلەر باشقا باشلىق سايلاپ، جىن شۇرېن بىلەن ئۆزۈڭلار ئۇرۇشۇۋېلىڭلار، - دېدى - دە، مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ كەينىدىن بوستانغا ماڭدى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ «قوزغىلاڭ قىلدۇق، مىنى باشلىق دېدىڭلار» دېيىشىنىڭ سەۋەبى: تۇرپان ئاستانىدا خەلق قوزغىلاڭ قىلماقچى بولۇپ چايقىلىپ تۇرغاندا، ئارىدىن بىر كىشى: قوزغىلاڭ قىلساق بىزگە كىم باشلىق بولىدۇ؟ - دېگەنىدى. زىيىت دېگەن كىشى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۆزىگىلا: كىم باشلىق بولاتتى، مەھمۇت باي باشلىق بولىدۇ. بايلار مىلىنى چىقارسۇن، بىز كەمبەغەللەر جېنىمىزنى چىقىرىمىز، دېدى. بۇنىڭغا مەھمۇت مۇھىتى بىر نەرسە دېمىگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، بىزنىڭ باشلىقىمىز مەھمۇت باي دەپ كەلگەن ئىدۇق. 1932 - يىلىدىكى تۇرپان قوزغىلىڭى خەلقنىڭ ستىخىيىلىك ھالدىكى قوزغىلىڭى ئىدى. بۇ قوزغىلاڭغا 60 نەچچە يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، بەزىلەر «بۇ قوزغىلاڭغا مەلۇم بىر تەشكىلات رەھبەرلىك قىلغان



بولۇشى مۇمكىن» دېيىشمەكتە. مەن قوزغىلاڭ باشلانغان كۈندىن تارتىپ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، مەممە ئۇرۇشلاردا بىللە بولۇپ كەلگەن. لېكىن، بىرەر تەشكىلاتنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئاڭلاپمۇ باقمىغان. دېمەك، ئۇ چاغدا قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىرەر تەشكىلات بولغان ئەمەس.

مەھمۇت مۇھىتى بوستانغا بارغاندا، خوجىنىياز ھاجى ئاچچىقىدىن يېنىپ، خېلىلا ئوڭلىنىپ قاپتۇ. ئېھتىمال، ئۇ كىشىنىڭ يېنىدىكى ئاقساقاللار مەسلىھەت بەرگەن بولسا كېرەك. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئۇ يەردە باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاۋۋال تۇرپانغا چۈشۈپ بىر ئاز دەم ئېلىپ ۋە تەييارلىق قىلىپ، ئاندىن گۈچۈڭ تەرەپكە بېرىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. سارغايدا قالغان پىدائىيلار ئاستا-ئاستا بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن بوستانغا يېتىپ كېلىشتى. ئاندىن ھەممىمىز تۇرپانغا چۈشۈپ كەتتۇق. بىز جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى بىلەن بوستاندا ئۇرۇش قىلغاندا، تۇرپاننىڭ قاراغوجا يېزىسىدىكى گاسىپنىڭ ئوغلى ئابدۇللا دۈشمەن تەرەپتە ئەسكەر ئىدى. گۈچۈڭنى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گۈچۈڭدىن قايتىپ كېلىپ، بىزگە پىدائىي بولدى ۋە مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: سىلەر جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنى بوستاندا توسۇۋالغاندا، بىزنى ئىنتايىن قورقۇنچ بېسىپ كەتتى. بىز تۇرغان يەردە سۇ يوق، ئوزۇق-تۇلۇك قىس، روھىمىز بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. سىلەر تەرەپتىن ئەلچى كەلگىنىنى بىلگەن بولساقمۇ، نېمە دېيىشكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. شۇ كېچىسى سىلەر ئومۇميۈزلۈك تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا، باشلىقىمىز

بىزگە «ھېچكىم ئوق چىقارمىسۇن!» دەپ بۇيرۇق قىلغانىدى، بىز ئاكوپلاردا بىخارامان ياتقانىدۇق. كېچىسى سىلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدىڭلار، بىز ناھايىتى ھودۇقۇپ كەتتۇق. سىلەر بىزگە يېقىنلاپ كەلگەندە، بىز بېشىمىزنى ئاكوپتىن چىقارماي، مىلتىقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىۋەردۇق. شۇڭا، سىلەر كۆپ چىقىم تارتمىدىڭلار. بىراق، كېيىن يامغۇردەك ئوقلار ئىچىدە ئارقاڭلارغا قېچىشقا مەجبۇر بولدۇڭلار. تاڭ ئاتقاندا قارىساق، خېلى يېقىن يەرلەردە بىر قانچە ئادەمنىڭ جەسىتى يېتىپتۇ. بىر ئادەم يارىدار تۇرۇقلۇق، يېتىپ تۇرۇپ بىزگە ئوق ئېتىۋاتقانىكەن. باشلىقلىرىمىز بۇ ئادەمنى تىرىك تۇتۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئەسكەرلەر ئۇنى تەرەپ-تەرەپتىن قورشاپ تىرىك تۇتۇۋالدى. لېكىن، ئۇ قولغا چۈشۈپ بولغىچە ئەسكەرلەردىن 17 نى ئېتىۋەتتى. بۇ ئادەمنى باشلىقلار يارىدار پېتى ئېلىپ كەتكەن. ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى قورۇپ يەيدىكەن دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئاخىرى نېمە بولغىنىنى بىلمىدۇق. ئەتراپىمىزدىكى بىر قانچە ئون يەردە ئەلەم قاداقلىق تۇرۇپتۇ، لېكىن بىرمۇ ئادەم يوق. بىز ئىلگىرىلەپ بېرىپ ئەلەملەرنى ئېلىۋالدۇق. ئەلەم ئالغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىلدى.

ئابدۇللا سۆزلەپ بەرگەن، يارىدارلىنىپ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان ھېلىقى كىشى بوستانلىق ھامۇت پالۋان ئىدى. ئۇ، مەھمۇت مۇھىتى مورىغا بارغاندا پىدائىي بولۇپ قوشۇلغان



## 16. شىڭ شىسەينىڭ تەختكە چىقىشى

1932 - يىلىنىڭ باشلىرىدا خوجىنىياز ھاجى مورىدىن تۇرپانغا چۈشكەندىن كېيىن، جىن شۇرېننىڭ قومۇلدىكى 4000 كىشىلىك ئارمىيىسى «قومۇلنىڭ 12 تېغىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قازاندۇق» دەپ داۋراڭ سالغان بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭ ئوتىنى پەسەيتەلمەي، ئەكسىچە تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى؛ قوزغىلاڭ ئوتى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى!

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرى قومۇل تاغلىرىدا جىن شۇرېننىڭ «ئوغرىلارنى تازىلاش» باش قوماندانى قانخور شىڭ شىسەي «ئوغرىلار تۈگىدى» دەپ داۋراڭ سالغاندا، تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقلىرى قومۇل خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ، بىردەك قوزغىلىپ كەتتى. دېمەك جىن شۇرېن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئارمىيىلىرىنى قومۇل تاغلىرىدا ۋە قومۇل شەھىرىدە تۇرغۇزۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى؛ ئۈرۈمچىنى ساقلاپ قېلىش تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن شىڭ شىسەيگە قومۇلنى تاشلاپ قويۇپ، تۇرپانغا كېلىپ تۇرپاندىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى؛ شىڭ شىسەي 4000 ئەسكىرى بىلەن پىچان، تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە 3000 دىن ئارتۇق خەلقنى قىرىپ بولغاندىن كېيىن، 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرېننىڭ قومۇلدىكى سىلىڭى لى خەيرۇيمۇ قومۇلنى تاشلاپ قويۇپ، قومۇل ۋە پىچاندىكى بارلىق ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت

خادىملىرىنى باشلاپ گۇچۇڭغا قايتىپ كەلدى. دېمەك، قۇمۇل ۋىلايىتى جىن شۇرېن ئارمىيىسىدىن پۈتۈنلەي خالى بولۇپ قالدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن يەرلىك خەلقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى. ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن ئەتراپىدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقلىرى ئۈرۈمچىگە توختىماي ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. سەندۇبا، قۇتۇبى ناھىيىلىرىدىكى خەلقلەرمۇ قوزغىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەرق تەرىپى بىلەن شەھەرگە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. ئالتاي، تارباغاتايلاردا قوزغىلاڭ بارغانچە ئەۋج ئالدى. قاراشەھەردە تۇرۇۋاتقان ما شىمىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال بىر ئۆمەك تەشكىل قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا چىقىشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن گەنسۇغا ئەۋەتكەندى. ماجۇڭيىڭ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئىنقىلاب ئوتى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ھۇلىنى تەۋرىتىپ قويدى، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى مۇقىملىشىپ قالدى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى «ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەتلەنمىسەك، كېيىن ئۆزىمىزنى قوغدايدىغان يەر تاپالماي قالىمىز» دەپ ئويلاپ، مەخپىي ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان. ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ خەلقنى قىرغان گۇناھى ئۆزىگە ئايان بولغاچقا، ئۇلارمۇ 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىشقا تەييارلانغان. لېكىن، كېيىن ۋەزىيەتكە قاراپ بېقىپ، «مىللەتنىڭ ئۈچىنى تەختتىن چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قاراتساق، شىنجاڭ



خەلقىنىڭ كەچۈرمىش قىلىشىغا ئېرىشىپ قالارمىز» دەپ ئويلىغان. ۋەزىيەتكە قاراپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان بۇ ئىككى خىل كۈچنىڭ خىيالى بىر يەردىن چىقىپ قالغانلىقتىن، دۇبەن مەھكىمىسى سەنمۇچۇسى (مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى) نىڭ باشلىقى چېڭ جۇڭ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى تاۋ مىڭياۋ، ئايروپىلان ئەترىتى باشلىقى لى شاۋتيەنلەر ئاق ئورۇسلارنىڭ باشلىقى گىرومكىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە چېڭ جۇڭ سەنمۇچۇ نامىدىن «ئورۇس ئەسكەرلەر مەشق قىلغىلى بارىدۇ» دەپ، ئۇلارنىڭ نەنلياڭدىن شەھەر ئىچىگە كىرىشىگە بۇيرۇق بەرگەن. ئورۇس ئەسكەرلەرنىڭ 200 چىسى ئۈرۈمچى شەھەر ئىچىگە كىرىپ، دۇبەن مەھكىمىسىگە ئوت ئاچقان؛ قالغانلىرى تۆت ئەتراپقا بۆلۈنۈپ، شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى قامال قىلغان. جىن شۇرېن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئارقا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ قېچىپ كەتكەن. ئورۇس ئەسكەرلەر دۇبەن مەھكىمىسىدىكى ئوق-دورا ۋە خەت-چەكلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشقىرىغا توشۇپ كەتكەن. شۇ كۈنى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ھەر ساھەدىكى ئابرويلۇق كىشىلەرنى چاقىرىپ، ئورۇس ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانلىق شتابىدا مەجلىس ئېچىپ، 22 كىشىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى سايلاپ چىققان؛ ليۇ ۋېنلۇڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان.

بۇ چاغدا شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقى بويىچە نەنسەندىكى «باندىتلارنى تازىلاش»قا چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنى سەپەر ئۈستىدىن چاقىرتىپ كېلىپ،

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ 2 ـ قېتىملىق مەجلىسىدە دۇبەنلىككە سايلىغان. شېڭ شىسەي مەجلىس ئورنىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى مەجلىس ئورنىنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغان. ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى شېڭ شىسەي ئالدىن بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن دۇبەنلىككە سايلانغان بولغاچقا، ھەممە كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا، «ھەر مىللەت سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقات جەھەتلەردە باراۋەر ۋە ئەركىن» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئۆتمۈشتىكى مىللىي ئېزىلىش، ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيە، سىياسىي تەڭسىزلىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى غەپلەتتە قالدۇرۇشلار بىكار قىلىنىدۇ» دەپ كەڭ تەشۋىق قىلدى. ئۇ، مۇشۇ نۇقتىلارنى چىڭ تۇتۇپ، جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ تىنچلىق ئورنىتىش ئۈستىدە ئالاقىلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن پارچىلاشقا كىرىشتى. مەسىلەن، ئۈرۈمچى نەنسەندىكى ئەسكەر باشلىق ما چۇەنلۇيگە ئالتە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ تىنچلىق ھەققىدە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىشىنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ما چۇەنلۇينىڭ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېر ما دېشاڭغىمۇ تېزدىن مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈردى ۋە ئۇنىڭ قولى بىلەن ما چۇەنلۇينى ھەم ئۇنىڭ ئىككى لۈيجاڭىنى ئۆلتۈرگۈزدى؛ ئارقىدىنلا ما دېشاڭنى ۋاقىتلىق رەتكە سېلىنغان 1 ـ شىسىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىدى. ما دېشاڭ 1933 ـ يىلى 1 ـ ماي كۈنى ئىككى نەپەر تۈەنجاڭى بىلەن



ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەيگە نەنسەندىن كېلىدىغان خەۋپ ۋاقىتىنچە توختىدى. ما دېشاڭ شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇردى.

شېڭ شىسەي ئالدىن قاراشەھەردىكى ما شىمىنغا تىنچلىققا ئاۋاز قوشۇش، ئۆلكە بىلەن بىرلىشىش توغرىسىدا ۋەكىل ئەۋەتتى. ئەمما، ما شىمىن ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈشنى باھانە قىلىپ، ئېنىق جاۋاب بەرمىدى. ۋەكىللەر نەتىجىسىز قايتىپ كەلدى.

خوجىنىياز ھاجى مورىدىن تۇرپانغا قايتىپ چۈشۈشىگە، شېڭ شىسەي ئۇنىڭغىمۇ نەمەت باي باشلىق بىر نەچچە كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ئەمما، خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.

ئىلىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانى جاڭ پېييۈەنمۇ شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىش ھالىتىدە تۇردى.

## 17. خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپاندىن گۇچۇڭغا ئاتلىنىشى

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بوستاندىكى ئۇرۇشتىن كېيىن، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ بىر قانچە ئايدىن بۇيان توختىماي ئۇرۇش قىلىپ قاتتىق ھارغانلىقىنى، شۇنىڭدەك يېمەك ـ ئىچمەك ۋە مال بويۇمغا ئېھتىياجلىق كاپالەت يوقلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇرپانغا چۈشۈپ ئۆزلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئوڭشىۋېلىشنى ئويلىدى. بۇ، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىدى. بىز تۇرپانغا

چۈشۈشىمىز بىلەنلا، نەمەت باي باشچىلىقىدىكى تۆت ـ بەش ئەلچى شىڭ شىسەيىنىڭ خېتىنى ئېلىپ تۇرپانغا چۈشتى. شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىغا ئەۋەتكەن خېتىدە: «سىلەرنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى قىلغان قوزغىلىڭلار توغرا ئىدى. مېنىڭمۇ سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىم يوق ئىدى. لېكىن، مەن بىر ھەربىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماي ئامالىم بولمىغاچقا، سىلەر بىلەن نائىلاج ئۇرۇش قىلدىم. شۇڭا، مەن سىز خوجىنىيازنى قوملدا قويۇۋەتكەندىم. جىن شۇرېنىڭ ئىشلىرى توغرا بولمىغانلىقتىن، بىز ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقىپ ئۇنى يوقاتتۇق. ئەمدى سىز ئۈرۈمچىگە چىقسىڭىز، بىز شىنجاڭنى بىرلىكتە باشقۇرساق» دېگەن ئىكەن. خوجىنىياز ھاجى بۇ خەتنى ئوقۇپ، ئىنتايىن خاپا بولۇپ: «ۋۇ، ئىنىسىنى! لومودى. مەن ساڭا ئالدانغىلى تۆمۈر خەلپە[1] ئەمەس. بۇ لومودى تېخى مېنى قويۇۋەتتىم دەپتۇ. نەدە يۈرۈپ مەن ئۇنىڭغا ئەسىر چۈشۈپتىمەن!» دېگىنىچە ھويلىغا چىقتى. ئۇ، ئاچچىقىدا سۆزلەپ، خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئەتراپتىكى ھەممە كىشىگە بىلدۈرۈپ بولدى. شىڭ شىسەيىنىڭ «مەن سىزنى قويۇۋەتتىم» دېگىنىنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭچىلىرىنى قومۇل تېغىنىڭ پۈتۈن غولىدا 4000 ئەسكەر بىلەن قورشىۋالىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بۇ قورشاۋدىن دەرھال قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلالماي، خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىدۇ ـ دە، «قورال

[1] 1912 ـ يىلى قومۇل دېھقانلىرى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا «ئۆتكەننى سۈرۈشتە قىلمايمىز» دەپ ۋەدە قىلىپ ۋە يېڭىجاڭلىق مەنسەپ بېرىپ، ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.



تاپشۇرايلى» دەپ 50 تال مىلتىقنى تاپشۇرىدۇ. «قالغانلىرىنى ئەتە تاپشۇرىمىز» دەپ قويۇپ، يېرىم كېچىدە مۇزلۇق ـ قارلىق تاغقا كىگىزلەرنى يېپىپ، شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۈرۈپ يول ئېچىپ قورشاۋدىن قېچىپ چىقىدۇ. شىڭ شىسەي «خوجىنىياز ھاجىنى قويۇۋەتتىم» دېيىشتە شۇ ۋەقەنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مورىدىن تۇرپانغا چۈشكەن ۋاقتى دەل شىڭ شىسەي ما شىمىن قوشۇنى ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇنىڭ ما دېشاڭ ئىسىملىك ئوفىتسېرىنى تەسلىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈرۈمچى نەنسەندىكى ماچۇەنلۇي ئىسىملىك ئوفىتسېرىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ، ما شىمىن قوشۇنى ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان ۋاقىت ئىدى. ما شىمىنىڭ ما فامىلىلىك يەنە بىر لۈيجاڭى 300 ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن نەنسەنگىمۇ بارالماي، قاراشەھەرگىمۇ قايتالماي، گاڭگىراپ تۇرپاندا تۇرۇپ قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپكە (ما چۈەنلۇي تەرەپكە ياكى ما دېشاڭ تەرەپكە) تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنىڭ ھېچبىر تەرەپكە بارالمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارغا: «سىلەر بىز بىلەن بىرلىشىپ گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلساڭلار قانداق؟» دەپ تەكلىپ بەردى. ئۇلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ماقۇل بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى خوجىنىياز ھاجىغا: ئۇلار «ھازىرچە خوجىنىياز ھاجىغا قوشۇلغان بولايلى، تاغدىن ئېشىپ شىمالغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىنى قىلىمىز» دەپ مەسلىھەتلەشتى، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ قورالىنى يىغىۋېلىش

قارارىغا كەلدى. ئاۋۋال سەمەت هاجى تۇەنجاڭ، پولات تۇەنجاڭلارنى ماڭغۇزۇپ، ئاندىن باشقا تۇەنلەرنى باشلاپ مېڭىپ، يوغانتېرەكتىكى تاغ ئارىسىغا بارغاندا، ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئات ۋە قوراللىرىنى يىغىۋالدى. ئۇلارمۇ هېچقانداق جېدەل - غەۋغا قىلماي، قوراللىرىنى يۇۋاشلىق بىلەن تاپشۇرۇپ بەردى. ئاندىن مەهمۇت مۇهىتى ئۇلارغا: «بىز ئۇيغۇرلار تۇرپاندا قوزغىلاڭ قىلىپ دۈشمەندىن مىلتىقلارنى تارتىۋالغاندا، سىلەر ئۆيۈڭلەردىن چىقماي ئولتۇرۇۋالغان. دۈشمەن بىلەن بىز ئۇرۇشۇپ، هەممە قۇربانلارنى بىز بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە كەلگەن مىلتىقلار ما شىمىنىڭ ئادالەتسىزلىكى ۋە ئارىمىزغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى بىلەن سىلەرنىڭ مۇرەڭلەرگە چىقىپ قالدى. لېكىن، سىلەر بىزدىن ئالغان مىلتىقلار بىلەن دۈشمەننى ئاتماي، دۈشمەنگە تەسلىم بولدۇڭلار، ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىپ دۈشمەنگە ياردەم بەردىڭلار. ئەمدى بىز سىلەرگە «بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرايلى» دېسەك، سىلەر نىيىتىڭلارنى بۇزۇپ، بىزدىن ئايرىلىپ باشقا ياققا قاچماقچى بولۇپسىلەر. بىز دۈشمەنگە قارشى تۇرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سىلەردىن مىلتىقلارنى قايتۇرۇۋالدۇق. سىلەرگە مىلتىق كېرەك بولسا، ئۆزۈڭلار دۈشمەندىن تارتىۋېلىڭلار. ئاتلارنى ئېلىۋالدى دەپ قالماڭلار، قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى قايسىڭلارنىڭ ئېتى بار ئىدى، سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار تۇرپانلىق، مەنمۇ تۇرپانلىق. ئىلگىرى هەرقايسىڭلارنىڭ نىمە ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىڭلارنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئاتلار ئومۇمغا تەئەللۇق. ئاتلار دۈشمەندىن قولغا چۈشۈرۈلگەن. بىز بۇ ئاتلارنى ئۇرۇشقا ئىشلىتىمىز» - دېدى ۋە ئۇلارنى هارۋىلار



بىلەن تۇرپانغا قايتۇردى. ئوفىتسېرلارنىڭ ئات ۋە يان قوراللىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، «قاراشەهەرگە بارامسىلەر ياكى باشقا ياققا بارامسىلەر، ئىختىيارىڭلار» دەپ تۇرپانغا يولغا سالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرپاندىكى قوزغىلاڭنىڭ دەسلىپىدە تۇرپان كونىشەهەردە تەسلىم بولغان لۈيجاڭ ما فۇمىنمۇ بار ئىدى، ئۇمۇ تۇرپانغا ئاتلىق كەتتى.

خوجىنىياز هاجى بىلەن مەهمۇت مۇهىتى ئادەملىرىنى باشلاپ يوغانتېرەكتىن يولغا چىقىپ، پەنۋۇفۇ داۋىنىنى ئارقىلىق تەگرىتاغنىڭ شىمالى ئېتىكىدىكى چەنزىگەيگە يېتىپ باردى. ئاندىن جىمسارغا هۇجۇم قىلدۇق. بۇنىڭدىن گۇچۇڭدىكى لى خەيرۇي سىلىك خەۋەر تېپىپ، جىمسارغا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتتى. گۇچۇڭ ۋە جىمساردىن بولۇپ 1500 ئاتلىق ئەسكەر بىزگە قايتۇرما هۇجۇم قىلدى. بىز هەممە يەردە پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ يۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۆلۈنۈپ - تارقىلىپ يۈرۈپ، دۈشمەننى چۆگىلىتىپ ئۇرۇش قىلدۇق. لېكىن دۈشمەننى توسۇپ بولالماي، تاغقا قاراپ چېكىندۇق. بىز چېكىنىپ كېتىۋاتقاندا، پىدائىيلىرىمىزدىن بەزىلىرى خوجىنىياز هاجى ياكى مەهمۇت مۇهىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي، باشباشتاقلىق قىلىپ، جىمسارنىڭ جەنۇبى دۆڭلىكىدىكى چۇەنپۇدۇڭ دېگەن چوڭ بۇتخانىغا ئوت قويۇۋېتىپتۇ. بۇ بۇتخانىنىڭ بىر قىسمى كۆيۈپ كەتكەنىكەن. جىمسار ۋە گۇچۇڭدىن كەلگەن لى خەيرۇي ئەسكىرى بىزنى چېكىندۇرۇپ چەنزىگەيگە كەلگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ مەسچىتىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. دۈشمەن ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. بىزمۇ ئاتلىق بولغاچقا، بىردەم قېچىپ، بىردەم هۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى تازا هاردۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر

تاغقا بۆلۈنۈپ مېڭىپ، ھەرقايسى يەرلەردە دۈشمەننى توستۇق. دۈشمەن داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە كۆزى يەتمەي ئارقىغا قايتتى. بىزنىڭ تۇرپاندىن چېقىنىمىزغا ئۈچ كۈن بولغانىدى. بىز ئۇ يەردىن تەڭرىتاغنى بويلاپ شەرققە مېڭىپ، تەنپامۇڭ دېگەن يەرگە يېتىپ بارساق، گۇچۇڭدىن بىر تۈەن ئاتلىق ئەسكەر كېلىپ، بىزنى توسۇپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەردە خېلىلا قاتتىق ئېلىشتۇق، ھەتتا بەزىدە گىرەلىشىپمۇ كەتتۇق. ئاخىر بىز غەلىبە قىلدۇق. دۈشمەننىڭ بىر قىسمى يوقىتىلغاندىن كېيىن، قالغان قىسمى گۇچۇڭغا قايتتى. ئاز بولسىمۇ بىر قىسىم مىلتىقلارنى ئولجا ئالدۇق. شۇ كۈنى كەچ ئۇزۇن قىر دېگەن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قوندۇق.

## 18. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇچرىشىشى

شىڭ شىسەي 1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، جىن شۇرېن سىبىرىيە ئارقىلىق ئىچكى جۇڭگوغا قاچقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قېپقالغان بەزى قىسىملىرى شىڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلماي، قارشىلىشىپ يۈردى. مەسىلەن، ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەن جىن شۇرېننىڭ بىر قىسىم قالدۇق ئەسكەرلىرىنى توپلاپ شىڭ شىسەيگە ئاشكارا قارشى چىقتى. 1933 ـ يىلى ماي ئايلىرىدا گۇچۇڭدىكى لى خەيرۇيمۇ شىڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلماي، خوجىنىياز ھاجىغىمۇ قورال تاپشۇرماي ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلىپ يۈردى.

خوجىنىياز ھاجى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ تەنپامۇڭ



دېگەن يېرىدىكى ئۇزۇن قىر تاغ ئۈستىگە كەلگەندە، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا شىڭ شىسەيدىن يەنە تۇرسۇن بابا باشلىق بىر نەچچە ئادەم ۋەكىل بولۇپ كەلدى. ئۇلار يەنە شۇ كونا گەپلەرنى تەكرارلىغان بولسىمۇ، خوجىنىياز ھاجى «ياق» ياكى «ماقۇل» دەپ جاۋاب بەرمەي، «ئويلىنىپ باقايلى» دەپ ۋەكىللەرنى قايتۇردى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ گەنسۇدىن شىنجاڭغا كىرگەن ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدى مورى ناھىيىسىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىدا ئەمدى كىم بىلەن بىرلىشىپ، كىمگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى يەنى ئىلگىرىكىدەك ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياكى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ، ماجۇڭيىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە تۇراتتى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشەي دېسە، شىڭ شىسەي قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغان جاللات. خوجىنىياز ھاجى قۇمۇل ۋە پىچانلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇدا ئىككى يىل ئۇرۇش قىلدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايتتى. خوجىنىياز ھاجى «ئۆتمۈشتە تۆمۈر خەلىپە ئېزىلىشكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، مۇستەبىت ياڭ زىڭشىنىڭ ھۆكۈمىتى ‹ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات› دەپ، تۆمۈر خەلىپىنى ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئاپىرىپ يوشۇرۇن قەتلى قىلغان. شىڭ شىسەي ‹جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدىم› دەپ، ھازىرقى قوزغىلاڭچىلارغا كۆچى يەتمەي، قولىدا تۆمۈرنىڭ سونۇقى يوق بىگۇناھ پۇقرالارنى قىردى. ئەمدى ئۇ، دىلىدىكى زەھەرنى يوشۇرۇپ ‹شېكەر سۆزلىرى› نى ئوتتۇرىغا

چىقارغىلى تۇردى. ئۇنىڭ جىن شۇرېندىن نېمە پەرقى بار.
بەربىر قارا ئىتمۇ ئىت، ئاق ئىتمۇ ئىت. ئۇ، مېنىمۇ
سىلاپ-سىپاپ تۇزاققا چۈشۈرۈپ، تۆمۈر خەلپىتىنىڭ
كاللىسىنى ئالغاندەك كاللامنى ئالماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ
ھېلىدىن ھالۋا ياساپ قىلغان چىرايلىق سۆزلىرىگە
ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەي
بىلەن بىرلىشىش خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ
ئىدى.

قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەقسىتى جىن شۇرېننىڭ
ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆلكىدە
خەلقچىل ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىدى. قۇمۇل خەلقىنىڭ
ئۈستىدىكى ئېغىر سېلىقلار چىدىغۇسىز دەرىجىگە يېتىپ،
خەلقنىڭ سەبرى قاچىسى تولغان، پىچاق سۆڭەككە
يەتكەنىدى. مەسىلەن، 1930 - يىلى 4 - ئايدا قۇمۇل ۋاڭى
شا مەخسۇت ئۆلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ۋاڭنىڭ
يەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىش باھانىسى بىلەن، ئۇيغۇر
دېھقانلىرى ئىلگىرىدىن ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ كېلىۋاتقان
ۋاڭنىڭ يەرلىرىنى ئۇلاردىن تارتىۋېلىپ، ئۆز يۇرتىدىن
كۆچۈپ چىققان خەنزۇلارغا بۆلۈپ بەردى ۋە ئۇلاردىن ئۈچ
يىلغىچە دېھقانچىلىق بېجى ئالماسلىقنى بەلگىلىدى. پىششىق
يەرلىرى تارتىۋېلىنغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا بولسا «بوز يەر
ئېچىڭلار، دېھقانچىلىق بېجىنى بوز يەر ئاچقان يىلدىن
باشلاپ تۆلەيسىلەر» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مۇنداق
تەڭسىزلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى
قوزغىغانىدى. ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئۈستىدىكى تۈرلۈك
سېلىقلىرى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بارغانىنىڭ ئۈستىگە،
ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنتىزام ئەخلاقى ئىنتايىن ناچار



بولۇپ، ئۇلار خەلقنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى خالىغانچە
ھەقسىز ئېلىۋالالايتتى، ئاياللارغا ھاقارەت قىلالايتتى.
ھۆكۈمەتنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىكتىن تارتىپ ناھىيە ھەتتا يېزا
دەرىجىلىككىچە بولغان ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى باجنىڭ
تۈرىنى خالىغانچە كۆپەيتىپ، مىقدارىنىمۇ خالىغانچە
ئۆستۈرۈۋېرەتتى. ئەگەر كىمكى بۇ بۇيرۇق، زورلۇق ۋە
سېلىقلارغا بويسۇنمىسا، ئۆلگىچە تاياق يەپ، يەنە جەرىمانە
تۆلەيتتى.

جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ
خەلق پارتلاش ئالدىدا تۇرغاندا، چازىدىكى جاڭ دۇيجاڭ
دېگەن ئەمەلدارنىڭ شوپۇلدىكى تورشا ئابدۇلنىڭ گۈلخان
ئىسىملىك 13 ياشلىق قىزىنى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا
ئالماقچى بولغانلىقى شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا پىلىك بولۇپ
بەردى - دە، 12 تاغدىكى خەلقنىڭ ھەممىسى قوزغىلىپ
كەتتى. 1931 - يىلى قوزغالغان قۇمۇل خەلقى جىن شۇرېن
ھاكىمىيىتى بىلەن ئېلىشىشنى 1933 - يىلغىچە توختىماي
داۋاملاشتۇردى. جىن شۇرېن قېچىپ كېتىپ، شېڭ شىسەي
ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بەزى يېڭى سىياسەتلەر
بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەيگە
ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇ، خەلقنىڭ ئازادلىق يولىدىكى
ئىنقىلاب ئۇچقۇنى ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان يالقۇنغا ئايلانغان
چاغدا، بۇ ئامەتنى بالايى-ئاپەتكە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقنىڭ
يولىنى تېپىشقا باش قاتۇراتتى. ئۇ، ما جۇڭيىڭ بىلەن يەنە
بىرلىشەي دېسە، ئۇنىڭغىمۇ تازا كۆڭۈل توختىتالمىدى.
چۈنكى، 1931 - يىلى قوزغىلاڭ باشلانغاندا جىن شۇرېننىڭ
ئۆلكە بويىچە 64 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجى
شۇنىڭغا قارىماي، جىن شۇرېنغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان

ۋە يولۋاس، ئىسمايىل قاتارلىق كىشىلەرنى گەنسۇدىكى ما جوڭيىڭنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. 1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ماجوڭيىڭ بىرىنچى قېتىم 500 ئەسكىرىي كۈچ، 90 نەچچە تال مىلتىق بىلەن ئەنشىدىن قۇمۇلغا چىقىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەنە، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدىن 500 كىشىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا قىلىچ ۋە نەيزە تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى قوشۇنىنىڭ ئالدىغا سېلىپ، سېپىلغا چىقىشقا مەجبۇرلىدى. نەتىجىدە، يۈزلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى قىرىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى خوجىنىياز ھاجىغا ئەھۋال ئېيتىپ نارازىلىقىنى بىلدۈرگەندە، خوجىنىياز ھاجى ما جوڭيىڭغا خەلقنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزۈپ: «مىلتىقى يوق ئەسكەرلەرنى سېپىلغا چىقىشقا زورلىمىساڭلار» دېسە، ما جوڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ سۆزىنى ئىلىكىگىمۇ ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ تۈگىدى. يەنە بىر قىسمى ما جوڭيىڭ بىلەن بىللە تاغدىكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىغا ماڭغانىدى. تاغدا جۇدۇن بولۇپ كېتىپ، يېلىڭ كىيىم، يالىڭاياغ ئەسكەرلەر يولدا ئىنتايىن قىينالغاچقا، خوجىنىياز ھاجى باشلىق تاغ خەلقى ئۇلارنى چېدىر تىكىپ، قويلارنى سويۇپ، يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكلەر بىلەن ئوبدان كۈتۈۋالدى. ما جوڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تاغدا ئوبدان ئوزۇقلىنىپ ۋە ئارام ئېلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، جىن شۇرېننىڭ باركۆلدىن قۇمۇلغا كېلىۋاتقان ئىككى تۇەن ئەسكىرىگە تاغ خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئەسىرگە ئالدى؛ يەنە ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن باركۆلنى ئىشغال قىلدى. ماجوڭيىڭ ئولجا ئالغان



مىلتىقلار بىلەن ئۆز ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئادەم سانىنى مىڭغا يەتكۈزۈپ، ئۆز قوشۇنىنى كۈچەيتتىكى، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىغا بىر تالمۇ مىلتىق بەرمىدى. ئۇ تېخى خوجىنىياز ھاجى باشلىق بىر قانچە كىشىنى «يېڭىچاڭ، لىيەنجاڭ» قىلدىم دەپ، قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ قىلىماقچى بولدى. ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇپ ئېشىپ قالغان قوراللارنى تۆگىگە ئارتىپ، «ئۇرۇمچىدىن كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇيمەن» دەپ لودۇڭغا ماڭدى. ئەمما، لودۇڭدىكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، گەنسۇغا قېچىپ كەتتى. ما جوڭيىڭ لودۇڭغا مېڭىش ئالدىدا، خوجىنىياز ھاجى ئۇنىڭغا: «بىزنىڭ قوراللىرىمىزنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى بىلىسىز. ئۇرۇشنى بىللە قىلدۇق، ئولجا ئالغان قوراللار ئۆزىڭىزدىن ئېشىپ تۇرسا، ئۇلارنى بىزگە قالدۇرماي كېتەمسىز؟» دېسە، ما جوڭيىڭ: مەن ئىچكىرىگە بېرىپ ئەسكەر ئېلىپ يەنە كېلىمەن، دەپ جاۋاب بەردى. خوجىنىياز ھاجى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ: ماقۇل، ئەته كېلىڭلار، دەپ قويۇپ، يېرىم كېچىدە قېچىپ كەتتى. دېمەك، ما جوڭيىڭ ئاشنى يەپ بولۇپ قازاننى چاقتى. سەن ئۆل ـ مەن تىرىلەي دېگەندەك ئىش قىلدى.

ما جوڭيىڭ يەنە، خوجىنىياز ھاجىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، خەلققا ئېغىرچىلىق سالىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلدى. مەسىلەن، ئەنشىدىن قۇمۇلغا كېلىپلا ئۆز ئالدىغا قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتماقچى بولغانىدى. خوجىنىياز ھاجى «ئەگەر بۇنداق قىلساق، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىق ئېشىپ كېتىدۇ» دەپ توسسا، ما جوڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ گېپىنى بىر تىيىنغا ئالماي، قەغەز پۇلنى

باستۇرۇپ تارقىتىۋەردى. نەتىجىدە، مال باھاسى ئېشىپ كېتىپ، ئۇنىڭ قەغەز پۇلى خەلقنىڭ قولىدا قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. 1931 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئاخۇن تۇەنجاڭ دېگەن بىر ئوفىتسېرى «ئاغرىپ قالدىم» دەپ، ئۆزىنىڭ پۇڭىنى ۋە ئاشپىزىنى ئېلىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتى ئاراتىغا بېرىپ تۇرىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنىسى يار قارى ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئۇلارغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ياخشى كۈتىدۇ. ئاخۇن تۇەنجاڭ ئۇ يەردە بىرەر ئاي تۇرغاندىن كېيىن، بىر خەنزۇنىڭ قىزىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا تېگىشكە مەجبۇرلايدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئاراتىنىڭ دوغىسى (بېگى) قۇربانغا ئەرز قىلىدۇ. قۇربان دورغا بۇ ئەھۋالنى خوجىنىياز ھاجىغا مەلۇم قىلىدۇ. شۇ ئارىدا ھېلىقى خەنزۇنىڭ قىزى ئاخۇن تۇەنجاڭنىڭ مەجبۇرلىشىغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان خوجىنىياز ھاجى ئاخۇن تۇەنجاڭنى «نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت» دەپ ھەيدىۋېتىدۇ. ما جۇڭيىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، خوجىنىياز ھاجىغا كەينىدىن: «ئاخۇن تۇەنجاڭ خوتۇن ئالسا كاپىرنىڭ قىزىنى ئالماقچى بوپتۇ. خوجىنىياز خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا نېمە دەپ مېنىڭ ئوفىتسېرىمنى رەسۋا قىلىدىكەن» دەپ خاپا بولىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چوڭ دۇشمەنگە چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە قارشى تۇرۇشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. شۇڭا، ما شىمىن قاراشەھەردىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى مۇسۇل مۇھىتى قاتارلىق بىر



قانچە كىشىنى گەنسۇغا ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقتى. ما جۇڭيىڭ قۇمۇلدىن ئۆتۈپ چىگچىگزىغا كەلگەندە، مۇسۇل مۇھىتىنى تۇرپانغا چىك فاڭ سىلىڭ (شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى) قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۆزى قوشۇنلىرىنى باشلاپ مورىغا ئاتلاندى.

ما جۇڭيىڭ مورىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، خوجىنىياز ھاجى «ئەگەر مەن ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دەپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشسەم، ئۇ ماڭا قانداق قارايدۇ. ئۇ، ھازىرچە گەپ قىلماي، يەنىلا بىز ئۇيغۇرلاردىن پايدىلىنىپ، قۇربانىنى بىزگە بەرگۈزۈپ، قورالغا ئۆزى ئىگە بولۇۋالىدىغان كونا يولدا ماڭارمۇ؟ ياكى شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ‹تالا مۆشۈكى ئۆي مۆشۈكىنى قوغلاپتۇ› دېگەندەك ئىش قىلارمۇ؟» دەپ ئويلاپ، مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئەتراپىدىكى بىرقانچە كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆزىگە قانداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇل مۇھىتى بىلەن كۆرۈشمەك بولۇپ، ئۇزۇن قىردىن تۇرپانغا ئادەم ئەۋەتىپ، مۇسۇل مۇھىتىنى مورىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ۋە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مورىنىڭ جەنۇبىي تېغىدا قالدۇرۇپ، مەھمۇت مۇھىتى ۋە يېنىدىكى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىللە، مورىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى دالىڭكۈ تاغ ئېغىزىدىن كىرىپ، چاغانبۇت دېگەن يەر ئارقىلىق ئادەم ئىزى باسمىغان يەرلەردىن ئۆتۈپ، پىچان كۆكياردىن ئۇدۇل مورىغا بارىدىغان يولغا چۈشۈپ، مۇسۇل مۇھىتى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن

مورىغا بېرىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. ئەتىسى مورىغا باردۇق. بىز مورىغا يېتىپ بارغىچە، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى مورىنى ئىشغال قىلىپ بولغانىكەن. مۇسۇل مۇھىتى، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىدىن باشقا يەنە ئەيسا نىياز، مەن ۋە تۇرپانلىق تەرجىمان پەيتۇل بولۇپ جەمئىي ئون نەچچە كىشى ما جۇڭيىڭ چۈشكەن ھويلىغا باردۇق. ئۇلار بىزنى بىر ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۆيگە كىرىپ بىر ئاز ساقلاپ تۇرساق، ما جۇڭيىڭ ئۈچ كىشى بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئىشىكتىن كىرىپلا مۇسۇل مۇھىتى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن مۇسۇل مۇھىتىنىڭ يېنىغا تۇرغان خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشمەي، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشتى. ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجىغا قولىنى سۇندى. مەن ئۇنىڭ خوجىنىياز ھاجىغا قىلغان بۇ مۇئامىلىسىگە ھەيران قالدىم. بەلكىم ئۇ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆتكەندە 300 خۇيزۇدىن قورال تارتىۋالغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ شۇنداق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. بۇ نۆۋەت ما جۇڭيىڭ چىگىچىڭىزغا كېلە - كەلمەيلا، تۇرپاندىن بەش - ئالتە خۇيزۇ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «خوجىنىياز ھاجى خۇيزۇلارنىڭ قورالىنى تارتىۋالدى» دەپ ئەرز قىپتۇ.

بۇلار كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش باشلاندى. مۇسۇل مۇھىتى مەھمۇت مۇھىتىنى ما جۇڭيىڭغا: بۇ - مېنىڭ ئىنىم مەھمۇت مۇھىتى بولىدۇ، دەپ تونۇشتۇردى. ما جۇڭيىڭ يېنىدىكى بىرسىنى بىزگە: بۇ - مېنىڭ ئىنىم ما جۇڭجى بولىدۇ، دەپ تونۇشتۇردى. ئاندىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇردى (ئۇلارنىڭ ئىسمى



ئېسىمدە قالماپتۇ). خوجىنىياز ھاجىنى ھەممىسى تونىغاچقىمىكىن، ھېچكىم تونۇشتۇرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار كاڭ سۇپىدا ئولتۇرۇپ، پاراڭلىشىشقا باشلىدى. ما جۇڭيىڭ ئاۋۋال سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

ئالدىنقى كۈنى تۈندە ئەسكەرلىرىمىز مورىغا كېلىپ، ئاكوپتا ياتقان جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ياتقان ئاكوپقا كۆمۈپ قويۇپتۇ، ھازىر ئەسكەرلىرىمىز گۇچۇڭغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ يىل مەن 29 ياش، ئىنىم ئەر سىلىڭ ما جۇڭجى 27 ياشقا كىردى. بىز - ئازچىلىق، شۇنداق بولسىمۇ، بىز - نەيزىنىڭ ئۇچى، سىلەر - ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا كۆپچىلىك، سىلەر - نەيزىنىڭ سېپى. نەيزىنىڭ سېپى تەۋرەنمەي تۇرۇپ بەرسە، نەيزىنىڭ ئۇچى دۈشمەننى قىرىۋېتىدۇ. مەن گۇچۇڭنى تۆت سائەتتە، ئۈرۈمچىنى ئالتە سائەتتە ئېلىپ بولىمەن. ئاندىن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۈشمەنلەر قارشىلىق بىلدۈرمەيلا تەسلىم بولىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر (خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا قاراپ) ئۈرۈمچىدە بولىسىلەر. مەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ 50 تۈمەن ئەسكەر ئېلىپ، ئىككى يىلدا پۈتۈن جۇڭگونى ئۆزۈمگە قارىتىپ بولىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ يىلدا سوۋېتنىمۇ ئۆزۈمگە قارىتىپ، چېگرىنى تۈركىيىگە ئۇلاپ، چوڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرىمەن. . . بىز ئەتە گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلىمىز، سىلەر (خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا قاراپ) بىر تەرەپتىن جىمسارغا ھۇجۇم قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن دۈشمەنلەرنى گۇچۇڭ تەرەپكە ئۆتكۈزمەي يولنى توسۇپ تۇرۇڭلار.

ئۇ بىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ گۇچۇڭغا مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئەسكەر باشلىقلىرى ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ ئۇنىڭدىن يولىيورۇق سوراپ تۇردى. ما جۇڭيىڭ سۆز ئارىسىدا مۇسۇل مۇھىتى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا قاراپ - قاراپ قويدى، ئەمما خوجىنىياز ھاجىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ سورىمىدى. خوجىنىياز ھاجىمۇ ئۈنچىقارماي جىم ئولتۇردى.

بىز ماجۇڭيىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، سىپىل مورىدا قوندۇق؛ ئەتىسى ناشتا قىلىپ بولۇپ، سىپىل دەرۋازىسى ئۈستىگە چىقىپ ما جۇڭيىڭنىڭ گۇچۇڭغا كېتىۋاتقان ئەسكەرلىرىنى تاماشا قىلدۇق. ئەڭ ئالدىدا ئاتلىق ئەسكەرلىرى، ئارقىدىن پىيادە ئەسكەرلىرى مېڭىپتۇ. ياربىدار ئەسكەرلىرى باش - كۆزلىرى پاكى پۇت - قوللىرى تېڭىلغان ھالدا، پىيادىكى ئەسكەرلەرنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن كېتىۋېتىپتۇ. ئاتلىقلار ئارىسىدىكى ياربىدارلارمۇ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپتۇ. پىيادە ياربىدارلار ئۈچۈن ئايرىم ھارۋا ئورۇنلاشتۇرماپتۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر قارا ئاتلىقلار، ئاق ئاتلىقلار، تورۇق ئاتلىقلار بويىچە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەممە ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقى كېسىلگەن. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بەنجاڭدىن يۇقىرى ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھەممىسى خۇيزۇلاردىن، ئادەتتىكى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلاردىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار دۈشمەن تەرەپتىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ ياشقا چوڭلىرى بىلەن ئەپيۈنكەشلىرىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ، قالغانلىرىنى ئۆز سېپىگە قوشۇۋالىدىكەن. ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى 2000 چە، پىيادە ئەسكەرلىرى 3000 چە بار ئىدى. ئۇلار سىپىل ئىچىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن،



بىز پەسكە چۈشتۇق.

مۇسۇل مۇھىتى مورىدىن تۇرپانغا چۈشۈپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بىز بىلەن بىللە گۇچۇڭغا يول ئالدى. كونا چىتەيگە بارغاندا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ پېدائىيلىرى تاغ تەرەپتىن يېتىپ كەلدى. بىز كونا چىتەيدە دەم ئېلىپ ئولتۇرساق، يولۋاس بىر قانچە كىشى بىلەن كېلىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ مېڭىپ كەتتى. مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىغا: ھاجى ئاكا، بۇ تۇڭگاننىڭ (ما جۇڭيىڭنى دېمەكچى) گېپى بەك چوڭغۇ. ئۇ، ئىچكىرى ئۆلكىدىكىلەر بىلەنمۇ، سوۋېت بىلەنمۇ ئۇرۇشىدىغاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. بىز ئىچكىرى ئۆلكىدىكىلەر بىلەنمۇ ئۇرۇشمايمىز، سوۋېت بىلەنمۇ ئۇرۇشمايمىز. بىز ئۈچۈن پەقەت شىنجاڭدا ئادىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، خەلقىمىز زۇلۇمدىن قۇتۇلسىلا بولدى. سۇڭ ۋېن (سۇڭ جۇڭسەن) نىڭ تۇتقان يولى ياخشىدەكمىش، ئۇنى پۇقراپەرۋەر دېيىشىدۇ، لېكىن، شىنجاڭدا ھېچكىم ئۇنىڭ يولىدا ماڭمايۋاتىدۇ. ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان بولسا، ئەل ئامان، يۇرت ئامان بولغان بولاتتى. ئەگەر بىز ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشسەك، ئۇ شىنجاڭ خەلقىنى زورلاپ ئۇرۇشقا سېلىپ، بىزنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. بىز ئۇچۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈشنى ئويلايلى، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان ئويلىمىساق بولمىغۇدەك، - دېدى. خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، يېنىدىكى نىياز دېھقانغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى - دە، باشقا ھېچنەرسە دېمىدى (نىياز دېھقان خوجىنىياز ھاجىنىڭ تايانچ ئادىمى ئىدى). ئۇنىڭ ئۇن

چىقارماي نىياز دېھقانغا قاراپ قويۇشى شۇ كۈنلەردە نىياز دېھقاننىڭ «ئەگەر خوجىنىياز شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشسە، مەن قومۇلغا كېتىمەن» دەپ يۈرگەنلىكىدىن ئىدى. چۈنكى، ئۇ: شىڭ شىسەي بىزنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ما جۇڭيىڭنى يېڭىپ، ياڭ زېڭشىڭ تۆمۈر خەلپىنىڭ بېشىنى ئالغىنىدەك، ئۇمۇ بىزنىڭ بېشىمىزنى ئالىدۇ، دەپ قارايتتى. دېگەندەك، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، نىياز دېھقان بىر قانچە ئادىمى بىلەن قومۇلغا كىرىپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كۆڭلى بىر ئاز تىنغان بولسىمۇ، لېكىن زادى قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمىدى. مەھمۇت مۇھىتىمۇ تۇرپاندا قوزغىلاڭ قىلغاندىن تارتىپ، ما شىمىنىڭ خاپىلىقىنى كۆپ تارتقانلىقى، ئۇلار ئۇرۇشلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇقلۇق يەنە ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماجۇڭيىڭنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىن 500 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ چەت ئەللەرنىڭ زەمبىرەكلىرىگە يەم قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى؛ شىڭ شىسەي بولسا، پىچان، تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىلا بىر نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنى قىرغانلىقى؛ جۈملىدىن ئۆزىنىڭ قان قېرىنداش ئاكىسى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بېشىنى كېسىپ تۇرپان بويىچە سازايى قىلىپ ئېسىپ قويغانلىقىنى؛ ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشسە، ئۆزىنىڭمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قېلىشى يىراق گەپ ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، دەرھال بىر قارارغا كېلەلمەي، قاتتىق باش قاتۇردى.



بىز كونا چىتەيدە بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، گۇچۇڭغا قاراپ ماڭدۇق. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى سەپ-سەپ بولۇپ كەينىمىزدىن كېلىۋاتاتتى. بىز گۇچۇڭنىڭ سېپىلى كۆرۈنگۈدەك يەرگە يېتىپ بارغاندا، ما جۇڭيىڭ ئونلىغان ئەسكەر باشلىقلىرى بىلەن ئارقىمىزدىن يېتىشىپ كەلدى. ئۇ گۇچۇڭ تەرەپنى دۇربۇن بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن، قىسىملىرىنى ھەر تەرەپكە تەقسىم قىلىپ، ئەسكەر باشلىقلىرىغا ۋەزىپە تاپشۇرۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئارقىدىن كېلىۋاتقان قىسىملىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ئەسكەر باشلىقلىرى ئۆز قىسىملىرىنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپ، گۇچۇڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا باشلىدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ما جۇڭيىڭ بىلەن خوشلىشىپ، بىزنى باشلاپ گۇچۇڭنىڭ جەنۇبىي تاغ تەرىپى بىلەن جىمسارغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. دېمەك، بۇ ئىككىيلەننىڭ كىم بىلەن بىرلىشىشى تېخى ھەل بولمىغانىدى.

# II باب خوجىنىياز ھاجىنىڭ ما جۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشى

## 1. جىمسارنىڭ تەسلىم بولۇشى

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ما جۇڭيىڭ بىلەن مورىدا خوشلاشقاندىن كېيىن، جىمسارغا كېلىپ جىن شۇرېننىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. جىمساردا

لى شۇفۇ، گاۋ شىجىلارنىڭ باتالىئونلىرى بولۇپ جەمئىي مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ئىدى. بىز جىمسار شەھىرىگە يېقىن بارغاندا، دۈشمەن سېپىل ئىچىدىن چىقىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھۇجۇممۇ بىز تۇرپاندىن يېڭى چىققاندا دۇچكەلگەن ھوجۇمغا ئوخشاش دەھشەتلىك بولدى. بىراق، بۇ قېتىم ۋەزىيەت باشقىچە ئىدى. يەنى گۇچۇڭنى ما جۇڭيىڭ قورشىۋالغاچقا، ئۇلارغا گۇچۇڭدىن ياردەم كېلەلمەيتتى. ئۈرۈمچىدىن ياردەم كېلىشى ئېھتىمۇ ناتايىن ئىدى. بىز قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنلەرنى سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتۇق ۋە سېپىلنى ئورۇۋېلىپ ئۇرۇش قىلدۇق. شۇ كۈنلەردە شايالىق ھاجى ئەلەم ئاخۇن (مەھەممەتنىياز ئەلەم)، كۇچادىن مەھپىز ۋاڭلار يېرىم-يارتا قوراللانغان يۈزلىگەن پىدائىيلار بىلەن ناغرا-سۇنايلارنى ياڭرىتىپ، خوجىنىياز ھاجىغا ياردەمگە كەلدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق ھەيۋەتلىك كېلىشى دۈشمەنلەرنى چۆچۈتىۋەتتى بولغاي، دۈشمەنلەر سېپىل دەرۋازىسىنى چىڭ ئېتىۋالدى. ھۇجۇم تازا قىزىۋاتقاندا، دۈشمەنلەر تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سېپىل ئۈستىدىن ئاق بايراق تاشلىدى. بىزمۇ ئوق ئېتىشنى توختاتتۇق. شەھەر ئىچىدىن بىر ئادەم چىقىپ بىزگە: «سىلەر شەھەرگە بېسىپ كىرمەي، بىر-ئىككى كۈن تەخىر قىلىپ تۇرساڭلار، بىز ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىن قوراللارنى يىغىۋېلىپ سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز. سىلەر شەھەرگە كىرسەڭلار، ھەر ئىككى تەرەپتىن قان تۆكۈلۈش بولمىسۇن» دېدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. بۇ بىز جىمسارغا كېلىپ ھۇجۇم قىلغانىنىڭ 3-كۈنى ئىدى.



بىز ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە چېكىنىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز جىمساردىكى دۈشمەنلەرنى ئۈرۈمچىگە قاچۇرۇۋەتمەي ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش، ئۈرۈمچىدىن جىمسارغا كېلىدىغان ۋە گۇچۇڭغا بارىدىغان ياردەملەرنى توسۇش ئىدى. جىمسار سېپىلىنىڭ شەرقى يەنى گۇچۇڭ تەرىپى بوش ئىدى. لېكىن، دۈشمەنلەر ئۇ تەرەپتىن قېچىپ چىققان تەقدىردىمۇ، گۇچۇڭغا يېتىپ بارالمايتتى.

شۇ كۈنى بىر قانچىمىز سېپىل ئەتراپىنى بويلاپ، بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتىمىز. يېقىن بېرىپ قارىساق، دەرۋازا ئوچۇق تۇرىدۇ. دەرۋازا ئالدىدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىدىن تۆتى قوراللىق پوستتا تۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى بىز دەرھال خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا مەلۇم قىلدۇق. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى شۇئان بىزنى باشلاپ دەرۋازا ئالدىغا ئاتلىق يېتىپ باردى. دەرۋازا ئالدىدىكى پوستتىن بىرسى بىزگە ھەربىيچە سالام بېرىپ: سىلەر كىم؟ نەگە بارىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ: سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار بىلەن كۆرۈشمەكچىمىز، - دېدى. ھېلىقى پوست: سىلەر بىرئاز تۇرۇپ تۇرۇڭلار، - دېگىنىچە شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن چىقىپ: «كىرسۇن دەيدۇ» دەپ بىزنى باشلاپ ماڭدى. بىز چوڭ ھويلىنىڭ ئىچىگە كىردۇق. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 2000غا يېقىن مىلتىق ۋە باشقا قورال-ياراقلار دۆۋىلەكلىك تۇرۇپتۇ. بىز ئاتتىن چۈشۈشىمىزگە، ئۆي ئىچىدىن بىرسى چىقىپ ھەربىيچە سالام بېرىپ، بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۆي ئىچىگە تەكلىپ قىلدى. بىز ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ

كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ: «مەن - ما خۇسەن تۇەنجاڭ، بىز گۇچۇڭنى ئېلىپ بولدۇق. ئۇرۇشتا ئەر سىلىڭ ① قۇربان بولدى. بۇ، ھەممىمىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى» دېدى؛ ئاندىن ئۇ: «سىلىڭ تونۇگۈن جىمسارنىڭ تەسلىم بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ: خوجىنىياز ھاجى سېپىل ئىچىگە كىرسە، ئوتتۇردا تىل ئۇقۇشالماي، ئۇقۇشماسلىقلار يۈز بېرىپ، دۈشمەن قولىدىكى مىلتىقلارنى تاپشۇرۇۋېلىشىمىزغا كاشىلا بولۇپ قالمىسۇن، سىلەر قورااللارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ خوجىنىياز ھاجىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار، دەپ مېنى ئەۋەتكەنىدى. مەن قورااللارنى توپلاۋاتىمەن» دەپ ھويلىدىكى قورااللارنى قول ئىشارىتى بىلەن كۆرسەتتى ۋە «بۈگۈن توپلاپ بولىمەن. سىلەر ئەتە كېلىپ ئېلىپ كېتىڭلار» دېدى. خوجىنىياز ھاجى ما خۇسەننىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولدى، ئاندىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمىگە تەزىيە بىلدۈرۈپ، ما جۇڭيىڭغا بۇ تەزىيىسىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئارقىدىن «ئۇنداق بولسا قورااللارنى ئەتە كېلىپ ئېلىپ كېتەيلى» دەپ ما خۇسەن بىلەن خوشلاشتى. بىز ئۆيدىن چىقىپ ئاتقا مىنىشكە تەمشەلگىنىمىزدە، ما خۇسەن «مىلتىق لازىم بولسا ماۋۇ مىلتىقلاردىن ئېلىۋېلىڭلار»، - دېدى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ فۇگۇەنلىرى ھويلىدىكى بەش ئاتار مىلتىقلارنى بىزگە سۇنۇشقا باشلىدى. بىر قانچىمىز مۈرىمىزدىكى مىلتىقنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر تالدىن مىلتىق ئارتىۋالدۇق. بەزىلەر: «ئەتە كېلىپ ھەممە مىلتىقنى ئالىدىغان تۇرساق، ھازىر ئېغىر - ئارتۇق ئېلىۋېلىپ نېمە قىلىمىز» دەپ

① ئەرسىلىڭ - ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجې. ئۇ، 1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۆلگەن.



ئالمىدى. ئەيسا نىيازمۇ ئالماقچى ئەمەس ئىدى، مەن ئۇنىڭغا «ھازىر ئېلىپ، سېپىلدىن چىققاندا ماڭا بەرگىن» دەپ بىر تال مىلتىقنى ئالغۇزدۇم ۋە سېپىلدىن چىققاندىن كېيىن ئۇ مىلتىقنى ئېلىۋالدىم. چۈنكى، مەن ئۇ چاغدا مەھمۇت مۇھىتىنى قوغداش بەنىنىڭ بەنجاڭى ئىدىم. ئەيسا نىياز مەھمۇت مۇھىتىنىڭ فۇگۇەنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مىلتىقى بار ئىدى. ئۇرۇشلاردا ئولجا ئالغان ياكى تېپىۋالغان مىلتىقلارنى ئۆز بەنىمدىكى پىدائىيلارغا تارقىتىپ بەرگەن بولساممۇ، يەنىلا يېتىشمەيتتى. «ئەتە بىزگە 2000 تال مىلتىق تاپشۇرغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ بەنگە كۆپ تەگمەسلىكى مۇمكىن. مۇشۇ ئىككى تال مىلتىق غەنىمەت» دەپ ئويلىغانىدىم.

بىز جىمسار شەھەر ئىچىدىن چىقىپ، پىدائىيلارغا ئەتە مىلتىقلارنى ئېلىپ چىقىدىغانلىقىمىزنى ئېيتساق ئۇلار بەكمۇ خۇشال بولۇشتى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى 20 نەچچىمىزنى باشلاپ شەھەر ئىچىگە ماڭدى. دەرۋازىدىكى پوستلار بىزنى توسمايلا كىرگۈزۈۋەتتى. ئەمما، تۈنۈگۈنكى مىلتىق دۆۋىلەنگەن ھويلىغا بارساق، مىلتىقلاردىن قىلچە ئەسەر يوق، ھەتتا خوجىنىياز ھاجىنى قارشى ئالىدىغان ئادەمنىڭمۇ تايىنى يوق. ئاتلاردىن چۈشۈپ ھويلىدا بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، ما خۇسەن چىقىپ، سوغۇققىنا «ھە، كەلدىڭلارمۇ؟» دېدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ «قورااللارنى يىغىپ بولدۇڭلارمۇ؟» دېگەن سوئالىغا ئۇ: «مەن سىلىڭدىن رۇخسەتسىز بىرتالمۇ مىلتىق بېرەلمەيمەن، مىلتىق لازىم بولسا سىلىڭدىن خەت ئەكىلىڭلار» دەپ جاۋاب بەردى. ما خۇسەن بىزگە تەتۈر قاراپ، پۈتىنى ئالماپ ئولتۇراتتى.

«بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان» دېگەندەك ما خۇسەننىڭ تۇنۇگۇنكى ھىجىيىشىنىڭ مىلتىقلارنى ئۆزىگە يىغىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان تۈلكىلىكى ئىكەنلىكىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمىز. خوجىنىياز ھاجى سۇنىڭ بېشىدىن لاي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئېتىنى دېۋىتكەن پېتى شەھەر ئىچىدىن چىقىپ كەتتى، بىزنى ئۈزىتىپ قويىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى. كېيىن بىلىشىمىزچە، جىمساردىكى جىن شۈرىن ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن لى شۇفۇ ① خوجىنىياز ھاجىغا «سىلەرگە قورال تاپشۇرىمىز» دەپ قويۇپ، گۇچۇڭدىكى ما جۇڭيىڭغا مەخپىي ھالدا «قورالنى خوجىنىياز ھاجىغا تاپشۇرىمىزمۇ، سىزگىمۇ؟» دەپ ئادەم ئەۋەتكەن. ما جۇڭيىڭ ما خۇسەننى بىر تۈمەن ئەسكەر بىلەن كېچىلەپ جىمسارغا ماڭغۇزغان. ما خۇسەن شۇ كېچىسى شەھەر دەرۋازىسىدا پوستتا تۇرغانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چاندۇرماي شەھەر ئىچىگە كىرىۋالغان. دېمەك، ما خۇسەننىڭ تۇنۇگۈن خوجىنىياز ھاجىغا قىلغان سۆزلىرى قوراللارنى يىغىۋېلىپ گۇچۇڭغا ماڭدۇرۇش ئارىلىقىدىكى ئالدامچىلىقى ئىكەن. خوجىنىياز ھاجى جىمسار شەھەر ئىچىدىن چىقىپ: «ما جۇڭيىڭ دېگەن بۇ لۈمۈدىنىڭ تېگىدىن نىيىتى يامان، مەن ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشمەيمەن، شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشكىنىم بىرلەشكەن» دېگىنىچە، ئۈرۈمچى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، مىڭلىغان پىدائىيلار كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدۇق.

① لى شۇ فۇ- ئۆز ۋاقتىدا تۆمۈر خەلپىگە «سەن قورال تاپشۇرساڭ، ئەگەر ھۆكۈمەت ساڭا زىيان يەتكۈزسە، مېنى خۇدا ئۇرسۇن» دەپ قۇرئان تۇتۇپ، تۆمۈر خەلپىنى ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئەچىقىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان ئادەم.



خوجىنىياز ھاجى موردىن جىمسارغا يولغا چىققاندا، ما جۇڭيىڭ ما فامىلىك بىر ئادەمنى مەسلىھەتچى قىلىپ قوشۇپ قويغانىدى. بۇ ئادەم خوجىنىياز ھاجىغا «ئاچچىقىڭىزدىن يېنىڭ» دەپ جىق گەپ قىلىسىمۇ، خوجىنىياز ھاجى قەتئىي ئۇنىمىدى. كېيىن ئاڭلىسام، بۇ مەسلىھەتچى خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدىن قايتىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ: «خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشمەيمەن دەپ ئۈرۈمچى تەرەپكە كەتتى» دېگەنىكەن، ما جۇڭيىڭ «نەگە بارغۇسى كەلسە شۇ يەرگە بارسۇن، مەن ئۈرۈمچىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن» دېگەنمىش. شۇنىڭدىن باشلاپ تۈنۈگۈنكى دوستلار بۈگۈنكى دۈشمەنگە ئايلاندى.

ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭدىكى غەلىبىسى بىلەن مەست بولۇپ كېتىپ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقىگە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالماقچى بولغىنىنى ئۇنتۇپ قالدى بولغاي، خوجىنىياز ۋەكىللىك قىلغان پىدائىيلارنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، گۇچۇڭ ۋە جىمسارلاردىن 4000دىن ئارتۇق مىلتىق ۋە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئولجا ئېلىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى7000 غا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى «ماڭا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى» دەپ ھېسابلىدى. ئەمما، «مەغرۇر قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ» دېگەندەك، ما جۇڭيىڭنىڭ مۇنداق مەغرۇرلىنىشى ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ باشلىنىشى بولدى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا مەھمۇت مۇھىتى باشقىچە پىكىردە بولمىدى. چۈنكى ئەسلىمىمىزنىڭ 1-بابىنىڭ ئاخىرىدا ئېيتىلغاندەك،

مەھمۇت مۇھىتىمۇ ما جۇڭيىڭ قىلمىشلىرىدىن نارازى ئىدى. جىمسار تەسلىم بولغاندىن كېيىن بىز ئېلىشقا تېگىشلىك مىلتىق، باشقا قورال-ياراقلار ۋە ئات-ئۇلاقلارنى ما جۇڭيىڭنىڭ زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشى بىزنىڭ پىدائىيلىرىمىزنىڭمۇ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. شايادىكى ھاجى ئەلەم ئاخۇن، كۇچادىكى مەھپۇز ۋاڭمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەيگە كىشى ئەۋەتىپ، جىمسار بىلەن پۇكاڭ ئارىلىقىدا شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشتى. كېيىن يەنە، ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ، پۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ سەنتەي تاغ ئېتىكى (قىزىل خورجا) دېگەن يەردە شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن ۋەكىللەر بىلەن ئۇچراشتى. ۋەكىللەر شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنى بايان قىلىپ: «يېڭى ھۆكۈمىتىمىز كونا ھۆكۈمەتكە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، شىنجاڭدا ھەر مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتى يۈرگۈزۈلىدۇ. شەخسلەرنىڭ مال-مۈلكىگە دەخلى-تەرۇز قىلىنمايدۇ. شۇرالار (سوۋېت) ھۆكۈمىتى بىلەن ياخشى قوشنىدارچىلىق ئورنىتىلىدۇ» دېدى. ئاندىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىشى ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «سىز خوجىنىياز ھاجى پۈتۈن شىنجاڭغا ما جۇڭيىڭدىن قولۇمنى ئۈزۈپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەشتىم دەپ ئېلان قىلىڭ. سىزنى ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ بەر دېمەيمىز. ما جۇڭيىڭنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە قويۇپ بېرىڭ. سىز ماقۇل دېسىڭىز، ھۆكۈمەت سىزنى جەنۇبىي شىنجاڭنى



مۇھاپىزەت قىلىش باش قوماندانى، مەھمۇت مۇھىتىنى شىنجاڭ ئاتلىق 6-دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىدۇ. سىلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلايسىلەر. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئولجا ئالغان قوراللارنىڭ يېرىمىنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلارنىڭ بارلىق تەمىناتى ۋە لازىملىق قوراللىرىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالىدۇ». خوجىنىياز ھاجى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىللىي قوشۇنلارغا تاجاۋۇز قىلماسلىق، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىغا خوجىنىياز ھاجى مەسئۇل بولۇش، شۇنداق بولغاندىلا يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە ماقۇل بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شېڭ شىسەي ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قوشۇلدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۆز قوشۇنلىرىغا، تۇرسۇن بابا، خوسەيىن باي ۋە باشقا خەنزۇ، ئورۇس ۋەكىللەر شېڭ شىسەيگە ۋەكىل بولۇپ 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېلىشىمگە قول قويۇشتى.

بىر ھەپتىگە قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى (تا. س. س) «شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي تەرەپكە يۈزلەندى. ئۇلار جاڭ پېيۈەن، ما جۇڭيىڭلارنىڭ ئىسيانچى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى» دەپ خەۋەر قىلدى. دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇ كېلىشىمنى ئاشكارا قوللىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشى ئۈچۈن سوۋېت كىشىلىرى كۆپ

خىزمەت ئىشلىگەن. شىڭ شىسەينىڭ ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ھەل قىلالمىغان ئىشى بۇ قېتىم ئوڭايلا ھەل بولدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جوڭيىڭنىڭ بۆلۈنۈشى ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. ما جوڭيىڭنىڭ يەرلىك مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىش جەھەتتىكى كۈچى پارچىلىنىپ كەتتى. شىڭ شىسەي ما جوڭيىڭنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسىنى سېلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىڭ شىسەي ما جوڭيىڭغا، ما جوڭيىڭ شىڭ شىسەيگە ئادەم ئەۋەتىپ سۆھبەتلىشىش باشلاندى.

## 2. زىنچۇەنزە ئۇرۇشى

ما جوڭيىڭنىڭ بەش مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، گۇچۇڭدا جىن شۇرېننىڭ لى خەيرۇي باشچىلىقىدىكى 2000 دىن ئارتۇق قالدۇق ئەسكىرى بار ئىدى. گۇچۇڭنىڭ شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى جاڭ زۇئەن شەھەر ئىچىنى ساقلاشقا قېلىپ، لى خەيرۇي ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ ما جوڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشتى. ئەسكىرى كۈچى ئاجىز بولغاچقا كۆپ چىقىم تارتقان لى خەيرۇي ئاخىر تەسلىم بولدى. ما جوڭيىڭ جىمساردا ئالغان ئولجىنى قوشقاندا بۇ قېتىم 4000 تالغا يېقىن مىلتىققا ئىگە بولدى. ما جوڭيىڭ شىنجاڭغا كېلىپلا بىردىنلا كۈچەيدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولۇمغا كىرگۈزدۈم، دەپ ھېسابلاپ، قومۇلدىن باشلانغان خوجىنىياز ھاجى باشلامچىلىق قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈچىنى قىلچە كۆزگە ئىلمىدى. ئۇ گۇچۇڭدا



ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئورنىنى تەسلىم بولغان ئەسكەرلەر بىلەن تولدۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئۈرۈمچى تەرەپكە سىلجىتتى. شىڭ شىسەي دۇبەي پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى چېڭ شىچىڭنى ئۈرۈمچىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى 5000 ئەسكەر (بۇنىڭ 1000 نەپىرى ئاق ئورۇس) بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلاندى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، خوسەيىن باي، مەنسۇر، تۇڭباۋ قاتارلىق ئالتە كىشىنى «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلساق» دەپ گۇچۇڭغا يەنى ما جوڭيىڭنىڭ قېشىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گۇچۇڭغا بېرىپ ما جوڭيىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى. ما جوڭيىڭ ياڭ فۇچىڭ دېگەن ۋەكىلنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۇ، 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، 8 ـ كۈنى شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشتى. شىڭ شىسەي شۇ كۈنى كەچتە روزى ھاجىنىڭ ئۈرۈمچى شىخابادىكى بېغىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ياڭ فۇچىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى. شىڭ شىسەي ما جوڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش سىلىڭى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ما جوڭيىڭنىڭ ۋەكىلى: شىڭ شىسەي جۇشى بولسا، ما جوڭيىڭ دۇبەن بولۇپ قوراللىق كۈچنى باشقۇرسا، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىغاچقا، ياڭ فۇچىڭ گۇچۇڭغا قايتماقچى بولدى. ئەمما، 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۇساتتىن گومىنداڭ مەركىزىي سەنمۇبىنبۇسىنىڭ سىجاڭى خۇاڭ مۇشىڭ ئەيسا بەگ ۋە يەنە تۆت سەنمۇنى ئېلىپ شىنجاڭغا ھال سوراش ۋە ئىشلارنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن كېلىپ قالدى. ياڭ فۇچىڭ گۇچۇڭغا قايتىش ۋاقتىنى

ئۆزگەرتتى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى سەنتەيگە كېلىپ قالغانىدى. ئۈرۈمچىدىن گۇچۇڭغا بارغان ۋەكىللەر 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پۇكاڭغا قايتىپ كەلدى.

خۇاڭ موشىڭ شىڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭغا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشنى توختىتىشنى جېكىلەپ، شىڭ شىسەينى دۆلەتلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۆلكىلىك ھەربىي ھەيئەتنىڭ ئەزالىقىغا يۆتكىمەكچى بولىۋىدى، شىڭ شىسەي: «ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا چېكىنسە، ئاندىن مەن ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىمەن» دېدى. ئاخىرى شىڭ شىسەي 5000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئالتە يولغا بۆلۈپ، يەنە 300 چە توپچى ئەسكەر، 400 چە پىدائىي قوشۇن، 250 چە پىلىموتچىك ۋە برونېۋىك ماشىنىلار بولۇپ جەمئىي 7000 گە يېقىن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچتە ئۈرۈمچىدىن پۇكاڭغا يېتىپ باردى. ما جۇڭيىڭ 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى زىنچۇەنزە مۇداپىئەسىگە جايلىشىپ بولغان، يەنى ئۇمۇ 7000 دەك ئەسكىرى كۈچ بىلەن يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدى. ئاخىرى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇرۇش باشلاندى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 400 گە يەتكەندە، ئۇنىڭ سېپى تەۋرىنىپ قالدى. ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا، قاتتىق يامغۇر يېغىپ جۇدۇن بولغان ئىدى. ناچار ھاۋادا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن يەنە 200 دەكى چىقىم بولدى. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى يىگىتلىك 500 دەك ئادىمى تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئۈرۈمچى تەرەپكە تەسلىم بولۇپ قېچىپ ئۆتتى (ئۇلار ئەسلىدە گۇچۇڭدا ما جۇڭيىڭغا تەسلىم بولغان لى خېيرۇۋىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىدى). دەل شۇ چاغدا شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ ھوجۇمغا ئۆتۈشىگە كاناي چېلىندى،



ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ 600 دەك ئەسكىرىنىڭ تولىسىنى شىڭ شىسەينىڭ شەرقىي شىمالدىن كەلگەن پىدائىيلار قوشۇنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ قوشۇن شەرقىي شىمالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرقانچە يىللىق ئۇرۇشتا مەرگەن بولۇپ يېتىشكەنىدى. شىڭ شىسەي قوشۇنىدىن 200 چە ئەسكەر ئۆلۈپ، 100 چە ئەسكەر ئىزسىز يوقىلىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشتا، شىڭ شىسەي 1000 تال مىلتىق، 30 مىڭ دانە ئوق ئولجا ئالدى. ما جۇڭيىڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ھاۋا كىلىماتىدىكى ئۆزگىرىش سەۋەب بولدى. چۈنكى، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى گۇچۇڭدىن يولغا چىققاندا كىيىملىرى يېنىك ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىش بىلەن تەڭ قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، تاغ ئېتەكلىرىدە يامغۇر قارغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەن ئەسكەرلەرمۇ ئاز بولمىدى.

ما جۇڭيىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئۇرۇشۇۋاتقاندا، تاغ ئۈستىدە كۆزىتىپ تۇرغان خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ گۇچۇڭغا چېكىنىشى بىلەن تەڭ كېلىشىمگە ئاساسەن، تېزدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. ما جۇڭيىڭنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ نان، كىيىم كېچەك تەلەپ قىلدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سوغۇقتا قېلىپ ئەرەج تارتىشى مۇشۇنىڭ بىلەن 2 ـ قېتىم ئىدى. 1 ـ قېتىم 1931 ـ يىلى يازدا، ئۇلار قۇمۇلغا كېلىپ شەھەرنى ئالالماي، قۇمۇلنىڭ ئاراتى دېگەن يېرىگە چىقىپ مۆزلاپ ئۆلەي دېگەندە، ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بېرىپ، ئوزۇقلىنىشىغا ياردەم قىلىپ، ئۆلۈمدىن

قوتقۇزۇۋالغانىدى. لېكىن، ما جوڭيىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپلا كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەن، يەنى ئىشىنى يەپ قازىنىنى چېقىۋېتىپ، گەنسۇغا كىرىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم جوڭدۇنغا ئۇچرىغاندا ئۇنىڭغا ھېچكىم ياردەم قىلمىدى.

خوجىنىياز ھاجى يوكاڭدىن ئارقىغا قايتىپ، تاغنى ياقىلاپ جىمسارنىڭ جەنۇبىدىكى پەنۇپو داۋىنى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈش ئۈچۈن چەنزىگەيگە يېقىنلاشقاندا، شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسى تەشۋىقات دۇيىنىڭ مۇئاۋىن دۇيجاڭى ئەكبەر جەلىلوۋ بىر نەچچە ئادەمبىلەن كېلىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا: «ھۆكۈمەت ما جوڭيىڭدىن قورال ئولجا ئالساق، بىرىمىنى خوجىنىياز ھاجىغا بېرىمىز دېگەنىدى. ھازىر ئەسكەرلەر ما جوڭيىڭنى قوغلاپ كېتىپ بارىدۇ. قولغا چۈشكەن قوراللار تولۇق بولمىسىمۇ، ھازىرچە 90 تال مىلتىق ئالغاچ كەلدۇق» دەپ، مىلتىقلارنى ئوقلىرى بىلەن تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ مىلتىقلارنىڭ ئارىسىدا بەش ئاتار، توققۇز ئاتار ۋە ئارىلاش كونا مىلتىقلارمۇ بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجى بۇ مىلتىقلارنى ئېلىپ توقسۇنغا يۈرۈپ كەتتى. ما جوڭيىڭ گۇچۇڭغا بېرىپ، لى خەيرۇيىنىڭ قالدۇق قوشۇنىدىن 1000 كىشىنى، ئۇيغۇرلاردىن بىر نەچچە يۈز كىشىنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، تۆگىدىن 2000 نى تەييارلاپ، تۇرپانغا چۈشۈپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان يولىنى توسماقچى بولدى (ئۈچ كۈنلۈك ئۇرۇشتا ما جوڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلگىنى، تەسلىم بولغىنى، چېچىلىپ كەتكىنى بولۇپ تەخمىنەن يېرىمى تۈگەپ كەتكەنىدى).



شېڭ شىسەي ما جوڭيىڭنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بىرقانچە ھەربىي باشلىقلار ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار نامىدىن جىياڭ جېيشى ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ما جوڭيىڭ مەغلۇپ بولدى، شىنجاڭ تىنچلاندى. ئۇيغۇر، خەنزۇ قوراللىق كۈچلەرنىڭ باشلىقلىرى شېڭ شىسەينى ھىمايە قىلىدۇ. شىنجاڭدا بارلىق ئىشلارنى شېڭ شىسەي باشقۇرسا؛ مەدەنىيەت، مائارىپ، قاتناش، سودا - سانائەت ئىشلىرىنى يەرلىك باشقۇرسا. تېلېگرامما بەرگۈچىلەر: شىنجاڭ گومىن گېمىنجۈنىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق زۇڭسىلىڭى بېشىر، تۇرپان - گۇچۇڭ ئالدىنقى سەپ سىلىڭى خوجىنىياز ھاجى، ئۈرۈمچى جىنجىسوزىدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 1 - شىنىڭ سىجاڭى تې جەنكۇي، پىچاندا تۇرۇشلۇق 2 - شىنىڭ سىجاڭى ئىسكەندەر، قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق 3 - شىنىڭ سىجاڭى مەھپۇز، قەشقەردە تۇرۇشلۇق 4 - شىنىڭ سىجاڭى تۆمۈر، قەشقەرنىڭ ۋاقىتلىق ۋالىيسى يۇنۇس بەگ، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى شۈي يىسەيلەر. 1933 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.» شېڭ شىسەينىڭ ئەسلىدىكى پىلانى ئاۋۋال زىنچۇەنزىدە ما جوڭيىڭنى يېڭىپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپلا چىڭ جۈڭ، تاۋ مىنياۋ، لى شۆتيەنلەرنى كۆزدىن يوقىتىش ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئاۋۋال ما جوڭيىڭغا قارشى ئوت ئاچتى. ئاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ سەنمۇچۇ باشلىقى چىڭ جۈڭ، باش كاتىپى تاۋ مىنياۋ، تۇدۇڭخابادا تۇرۇشلۇق ئايروپىلان ئەترىتى باشلىقى لى شۆتيەنلەرنى «مەجلىس بار» دەپ دۇبەن

مەھكىمىسىگە چاقىرتىپ، «يېڭى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ قىلماقچى بولغان» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئېتىۋېتىدۇ (بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، جىن شۇرېن قېچىپ كېتىپ بولغانىدى). شۇنىڭدىن كېيىنلا خۇاڭ موشىڭ مەمۇرىي پالاتا باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇيرۇقى بىلەن نەنجىڭگە قايتىپ كەتتى. شېڭ شىسەي گۇچۇڭغا يېتىپ بارغىچە، گۇچۇڭنىڭ سىلىڭى لى خەيرۇي ماجۇڭيىڭ بىلەن ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى. شېڭ شىسەي گۇچۇڭغا بارغاندىن كېيىن، گۇچۇڭدا قېپقالغان لۇيجاڭ جاڭ زۇئەيننى «ما جۇڭيىڭغا تەسلىم بولدۇڭ» دەپ ئېتىۋېتىدۇ.

1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تۇساتتىن لو ۋېنلۇڭنى شىنجاڭغا جۇشى، شېڭ شىسەينى دۇبەن، جاڭ پېيۈەننى ئىلى بوز يەر ئېچىش قىسىملىرىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە 8 - شىسىنىڭ سىجاڭى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۈچ ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ سەنمۇجاڭى ليۇ بىننى قوشۇپ، تۇرپانغا سۆھبەتكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ دۇبەن نامى بىلەن ما جۇڭيىڭنى شەرقىي شىنجاڭنىڭ گارنىزون سىلىڭى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى قۇمۇلدىن چېكىندۇرۇشنى، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بىۋاستە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ قوماندانلىقىغا قارىشى لازىملىقىنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. ئەمما، ما جۇڭيىڭ بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. ليۇ بىن ما جۇڭيىڭنىڭ پىكرىنى شېڭ شىسەيگە يەتكۈزىدۇ. شېڭ



شىسەي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ مەسلىھەتچىسى جاڭ ياجۇ ۋە باش كاتىپى ياۋ جىفىنلارنى ئۈرۈمچىگە سۆھبەتكە چاقىرىدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، جەنۇبىي شىنجاڭنى ما جۇڭيىڭغا بېرىشنى، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شېڭ شىسەي يەنىلا ما جۇڭيىڭنى قۇمۇل بىلەن بارىكۆلنىڭ گارنىزون سىلىڭى قىلىدىغانلىقىنى؛ مەركەزدىن ما جۇڭيىڭغا ھەر ئايدا ئاۋۋالقىدەك 50 مىڭ يۈەن مائاش بېرىپ تۇرىدىغانلىقى، ئەگەر يەتمىسە شېڭ شىسەي قوشۇمچە مائاش بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما، ھەر ئىككى تەرەپ يەنىلا كېلىشەلمەيدۇ.

1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقىي ئىشلار بۇجاڭى قوشۇمچە ئەدلىيە بۇجاڭى لو ۋېنگەن يەتتە-سەككىز كىشى بىلەن نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، لو ۋېنلوڭنىڭ جۇشىلىقىغا، شېڭ شىسەينىڭ دۇبەنلىككە تەيىنلىنىش قەسەمياد يىغىنىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن گومىنداڭ مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتنىشىدۇ. ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەن ھۆكۈمەت ئەزاسى بولىدۇ. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ھەر مىللەت خەلقى لو ۋېنلوڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ جۇشى ۋە دۇبەنلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلەپ چوڭ يىغىن ئاچىدۇ. ئۇنىڭ ئەتىسى (9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى) لو ۋېنگەن بۇجاڭ تۇرپانغا بارىدۇ. ئۇنى ما جۇڭيىڭ ئۆزى قارشى ئالىدۇ. لو ۋېنگەن ئاتقا مىنىپ ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ما جۇڭيىڭ 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قەسەمياد يىغىنى ئاچىدۇ. لو ۋېنگەن ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، 9 - ئاينىڭ

12 ـ كۈنى ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ.

ما جۇڭيىڭنىڭ مەسلىھەتچىسى جاڭ ياجۇ، فۇگۇەنجىڭ بەي زىشىن، باش كاتىپى ياۋ جوفېڭلار شېڭ شىسەي بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. سەنمۇجاڭ لىيو بىنمۇ تۇرپانغا بارغان ئۈرۈمچى ۋالىيسى لى يۈڭ ① شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى شېڭ شىچىڭلار بىلەن تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ.

شېڭ شىسەي 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مەجلىس ئېچىپ، ما جۇڭيىڭنى ھەربىي كۈچ بىلەن جازالىماقچى بولىدۇ ۋە ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈچ ۋەكىلى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى خويزۇ ياشلارنىڭ ۋەكىلى ما خۇڭشاڭنى قاماققا ئالىدۇ. شېڭ شىسەي 17 ـ كۈنى لو بۇجاڭنىڭ يېنىغا كىرىپ: ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈچ ۋەكىلى ما خۇڭشاڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەربىيلەرنى قوزغىلاڭ قىلدۇرماقچى بولدى. ئەمدى ما جۇڭيىڭغا قورال ئىشلەتمەي بولمىدى، ـ دەيدۇ. لو ۋېنگەن ئىككى ئوتتۇرىدا مۇرەسسە قىلىپ بولالماي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، چۆچەك، شەمەي، ئالمۇتىلارنى چۆگىلەپ، 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قورغاسقا قايتىپ كېلىدۇ. جاڭ پېيۈەن ئۇنى قورغاستا قارشى ئالىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىلىدا جاڭ پېيۈەننىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، لو ۋېنگەن ۋىلادىۋوستوك ئارقىلىق 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى نەنجىڭگە قايتىپ بارىدۇ.

---

① لى يۈڭ ـ 1937 ـ يىلى شىنجاڭغا جۇشى بولغان



# 3. ما جۇڭيىڭنىڭ قايتا ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشى

ما جۇڭيىڭ 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى زىنچۇەنزىدە مەغلۇپ بولۇپ 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاران 3000 ـ 4000 چە ئەسكىرى قالغانىدى. ئۇنىڭ پىچان ۋە تۇرپانلاردا يەنە ئاتلىق ۋە پىيادە ئىككى لۈي ئەسكىرى بولۇپ، پىيادە لۈيى پىچاندا، ئاتلىق لۈيى تۇرپاندا تۇراتتى. ما جۇڭيىڭ پىچاندىن پوچتا بىلەن يالقۇنتاغقا كېلىپ، ئەمەت جىساڭنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى. يولۋاس پەيزۇل جىساڭنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى. ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى تۆمۈر تۈەنجاڭ خوديار ھاجىنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى. ما جۇڭيىڭنىڭ مىلتىق، ئوق ـ دورا ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئارتقان تۆگىلىرى ئالتە ـ يەتتە كىلومېتىر يەرگىچە سوزۇلۇپ كېلىپ، ئاستانىدىكى سايغا يۈكلىرىنى چۈشۈردى. ما جۇڭيىڭ ئاستانىغا كېلىپ كىشىلەرگە: خوجىنىياز مېنىڭ دادام، مەھمۇت مېنىڭ ئاكام، بىز چوقۇم كېلىشىپ قالىمىز، دەپ يۈردى ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇرپان بازىرىغا بېرىپ، ئابلىمىت قازى ۋە بىر قانچە خويزۇ ئاخۇنلارنى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇشقا توقسۇنغا ئەۋەتتى. ئۇلار توقسۇنغا كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىغا: سىلىنىڭ بىزنى سىلىنىڭ يانلىرىغا ئەۋەتتى. سىلىنىڭ «خوجىنىياز ھاجىغا قانچە قورال لازىم بولسا مەن بېرەي، ئۇ شېڭ شىسەيدىن ئايرىلىپ مەن بىلەن بىرلەشسىكەن» دەيدۇ، دېدى.

خوجىنىياز ھاجى بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق

دېدى: «ھە، ما جۇڭيىڭغا بىز لازىم بولۇپ قالغان ئوخشايمىز. ما جۇڭيىڭنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت. بىز ئىشنىڭ بېشىدا، ما جۇڭيىڭ خەلقىمىزنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشىغا تىلەكداشلىق قىلارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بولغانىدۇق. ئەمدى بۇ ئۈمىدىمىزنىڭ خام - خىيال ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. ما جۇڭيىڭ گەنسۇدىن شىنجاڭغا ھەر ئىككى قېتىم كەلگەندە بىز ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم بەردۇق، ئۇ كۈچلەندى. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دېگەندەك ئىش قىلىشى لازىم ئىدى. ئەمما ئۇ، ئۇنداق قىلمىدى. ئۇرۇشتا قۇربانلىقنى بىز بەردۇق، ئولجىنى ئۇ ئالدى. بىر ئاي ئىلگىرى ئۇنىڭ «شىنجاڭنى قولغا ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن 500 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ ئىچكىرى جۇڭگوغا ۋە سوۋېتكە ھۇجۇم قىلىمەن» دېگىنىدىن ئۇنىڭ خەلقىمىزنى تېخىمۇ زور بالايى - ئاپەتكە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. بىز ئۇنىڭ يولىغا ھەرگىز ماڭمايمىز. تېخى يېقىندىلا بىز جىمساردىكى دۈشمەننى يېڭىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن مىلتىق ئولجا ئېلىش ئالدىدا تۇرساق، ما جۇڭيىڭ ھىلە ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى بىز سىلەرگە ئېلىپ بېرىمىز دەپ، بىزنى ئالداپ قويۇپ، قوراللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قاچتىغۇ! ؟ بىزنىڭ سەبرى قاچىمىز تولدى. بىزگە نوختا سېلىپ، بويىنىمىزغا مىنىمىز دېمىسۇن. بىز - ھايۋان ئەمەس، بىزنىڭ كىم بىلەن بىرلىشىش، كىم بىلەن بىرلەشمەسلىك ئىختىيارىمىز ئۆزىمىزدە. مەن شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ بولدۇم. مېنىڭ ئەزەلدىن سۆزۈم بىر، ئاتقان ئوق يانمايدۇ. ئۇ، بىزنىڭ ئەركىن - باراۋەر بولۇشىمىزغا ياردەم بەرمەيدۇ، بەلكى ئەكسىچە، بىزنى



ئالداپ ئوق - زەمبىرەكلەرگە يەم قىلىپ بېرىدۇ. بىزگە بېرىدىغان قوراللىرىنى ئانىسىغا ئاپىرىپ بەرسۇن. سىلەر قايتىپ بېرىپ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇلۇغىڭىزغا ئەينەن يەتكۈزۈڭلار.» خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرىنى مۇشۇ گەپ بىلەن قايتۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ پەدىسىنى ئۆزگەرتىپ، خەلقلەرگە: خوجىنىياز بىلەن مەھمۇت كاپىرلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشىمىزغا قارشى چىقتى، سىلەر ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭلار، ئۇلارغا ئەگەشمەڭلار. مەن تۇرپاندا تۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى ئېلىپ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرىمەن. ئاندىن خوجىنىياز بىلەن مەھمۇتنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن دەپ، كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆردى: 1) ئاۋۋال مەجبۇرىي ئەسكەر ئېلىشقا كىرىشتى. خەلق بالىلىرىنى ئەسكەرلىككە بېرىشكە ئۇنىماي ھەر يەرلەرگە قاچۇرۇۋەتسە، شاڭيۇ دوغىغا ئوخشاش بۆكىنى ئەكەل دېسە بېشىنى ئەكىلىدىغان ئاز سانلىق كىشىلەر پالتىغا ساپ بولۇپ بېرىپ، بالىسى بار كىشىلەرنى ئۇرۇپ ۋە ھەيدەپ يۈرۈپ بالىسىنى تاپقۇزۇپ، ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بەردى. تۇتۇپ ئەكەلگەن بالىلارنى ما جۇڭيىڭ تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ساراي، دەڭلىرىگە قاماپ، قاتتىق ھەربىي مەشىق قىلدۇردى. ما جۇڭيىڭنىڭ قولچوماقلىرىدىن باشقا، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىمۇ خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە تويۇقسىز قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ، ياشلارنى تۇتۇپ كەتتى. بەزى ئۆيلەردىن ياشلارنى تاپالمىسا، «زىرائەت ئىچىگە مۆكۈنىۋاپتۇ» دەپ ئېتىزلىققا چىقىپ، قوناقلىق ۋە كېۋەزلىكلەرگە كىرىپ، قارىسىغا مىلتىق ياكى پىلىموت

ـپ، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلدى. 2) «كونا ۋە يېڭى ەسكەرلەرنى تەمىنلەشتە ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن تەمىناتلار يېتىشمىدى» دېگەننى باھانا قىلىپ، خەلق ئۈستىدىكى تۈرلۈك ئالۋاڭ-سېلىقنى كۆپەيتتى. بولۇپمۇ 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جىن شۇرېننىڭ قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن كەمبەغەللىشىپ دەرمانىدىن كېتەي دەپ قالغان تۇرپان خەلقىگە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى يەنە بىر ئاپەت بولدى. ئۇلار خەلقنى «نان ئىئانە قىلىش» قا مەجبۇرلاپ، ئۆيمۇ - ئۆي يۇرۇپ خەلقنىڭ بىر نېنىنىڭ يېرىمىنى تارتىۋالدى، ھەتتا خەلقنىڭ تونۇرغا يېقىپ قويغان نانلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. يەنە «ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىمىز، ئەسكەرلەرگە كىيىم - كېچەك ياردەم قىلىڭلار» دەپ تۇۋلاپ، ئۆيمۇ - ئۆي جار سېلىپ، خەلقنىڭ ئۇچىسىدىكى چاپانلىرىنىمۇ سالدۇرۇۋالدى. ھەتتا كوچىلاردا كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ ئۆتۈكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىشتىنمۇ تەپ تارتمىدى. 3) خەلقتە تارتىۋالغۇدەك ھېچنەرسە قالمىغاندا، سامان قەغەزگە پۇل بېسىپ تارقاتتى. بۇنداق قەغەزنى كىشىلەر «خوتەن قەغىزى» دەپمۇ ئاتايتتى. ما جۇڭيىڭ بېسىپ تارقاتقان پۇل 5 سەرلىك، 10 سەرلىك بولۇپ، رەڭگى سۇس يېشىل ئىدى. بۇ پۇلنى كىشىلەر «سىلىڭ پۇلى» دەپ ئاتاشتى. تۇرپاندا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى «دۇبەن پۇلى» دەيدىغان 50 سەرلىك پۇل، جىن شۇرېننىڭ بىر سەرلىك پۇلى بار ئىدى. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىلا بازاردا بىردەك ئېقىۋەردى. چۈنكى، ھەربىلەرنىڭ قولىدىكى «سىلىڭ پۇلى» نى مال ساتقۇچىلارنىڭ ئالماي ھەددى ئەمەس ئىدى. خەلق ئارىسىدىكى ئېلىم - سېتىمدا، مال ساتقۇچىلار خېرىدارلاردىن: دۇبەن پۇلىدىن قانچىلىك بېرىسەن؟



سىلىڭ پۇلىدىن قانچىلىك بېرىسەن؟ دەپ سورايتتى. ئەگەر دۇبەن پۇلىدىن بەرسە مېلىنى تېزلاپ سېتىپ بېرەتتى؛ ئەگەر سىلىڭ پۇلىدىن قانچە كۆپ بەرسىمۇ، ئىلاجى بار ساتماسلىققا تىرىشاتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ تۇرپاندا بېسىپ تارقاتقان پۇلىنىڭ سانى، بەزى مەلۇماتلاردا بىر مىليون 200 مىڭ سەر دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن كۆپ ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سامان قەغەزگە بېسىلغان پۇلىنى ئەگەر قازاننىڭ ھورىدا ھورداپ، يەنە سامان قەغەزگە چاپلىسا ئۇنىڭ ئىزى چىقىپ، بىر سەر پۇل ئىككى سەر بولاتتى. ساختىپەزلەر مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن پۇلنىڭ سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋېتەتتى. 4) ئۆزلىرى بېسىپ تارقاتقان پۇل بىلەن سودىگەر ۋە خەلق قولىدىكى ماتا - چەكمەنلەرنى سېتىۋېلىپ ۋە پۈتۈن ناھىيىدىكى ماشىنىچى (سەيپۇڭ) لارنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى ھەقسىز كىيىم تىكىشكە مەجبۇرلىدى. «سىلىڭ پۇلى» نىڭ ئۆمرى ئالتە ئايغا بارمايلا ما جۇڭيىڭ قېچىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پۇل خەلقنىڭ قولىدا قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. 5) خەلقتىن ئالغۇدەك ھېچنەرسە قالمىغاندىن كېيىن، ئائىلىلەرگە ئاشلىق بېرىپ، ئەسكەرلەرگە ھەقسىز نان يېقىپ بېرىش سېلىقى سالدى. بۇ نانلارنى داۋانچىڭغا توشۇشقا تۇرپان، توقسۇن، پىچانلاردا مېيلى ھاڭگا، مېيلى مادا ھېچقانداق ئىشەك قالمىدى (ئەسلىدە مادا ئىشەككە مال - يۈك توشۇمايتتى). بۇ نانلارنى ئاساسەن قېرىلار توشۇدى. چۈنكى، ياشلارنى كۆرۈپلا قالسا ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالاتتى. بۇنداق ئەھۋال يۇقىرىدىكى ئۈچ ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنى دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرىگە

ئېتىپ، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلدى. 2) «كونا ۋە يېڭى ئەسكەرلەرنى تەمىنلەشتە ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن تەمىناتلار يېتىشمىدى» دېگەننى باھانا قىلىپ، خەلق ئۈستىدىكى تۈرلۈك ئالۋاڭ-سېلىقنى كۆپەيتتى. بولۇپمۇ 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جىن شۇرېننىڭ قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن كەمبەغەللىشىپ دەرماندىن كېتەي دەپ قالغان تۇرپان خەلقىگە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى يەنە بىر ئاپەت بولدى. ئۇلار خەلقنى «نان ئىئانە قىلىش» قا مەجبۇرلاپ، ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ خەلقنىڭ بىر نىيىننىڭ يېرىمىنى تارتىۋالدى، ھەتتا خەلقنىڭ تونۇرغا يېقىپ قويغان نانلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. يەنە «ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىمىز، ئەسكەرلەرگە كىيىم - كېچەك ياردەم قىلىڭلار» دەپ تۇۋلاپ، ئۆيمۇ - ئۆي جار سېلىپ، خەلقنىڭ ئۈچىسىدىكى چاپانلىرىنىمۇ سالدۇرۇۋالدى. ھەتتا كوچىلاردا كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ ئۆتۈكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىشتىنمۇ تەپ تارتمىدى. 3) خەلقتە تارتىۋالغۇدەك ھېچنەرسە قالمىغاندا، سامان قەغەزگە پۇل بېسىپ تارقاتتى. بۇنداق قەغەزنى كىشىلەر «خوتەن قەغىزى» دەپمۇ ئاتايتتى. ما جۇڭيىڭ بېسىپ تارقاتقان پۇل 5 سەرلىك، 10 سەرلىك بولۇپ، رەڭگى سۇس يېشىل ئىدى. بۇ پۇلنى كىشىلەر «سىلىك پۇلى» دەپ ئاتاشتى. تۇرپاندا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى «دۇبەن پۇلى» دەيدىغان 50 سەرلىك پۇل، جىن شۇرېننىڭ بىر سەرلىك پۇلى بار ئىدى. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىلا بازاردا بىردەك ئېقىۋەردى. چۈنكى، ھەربىيلەرنىڭ قولىدىكى «سىلىك پۇلى» نى مال ساتقۇچىلارنىڭ ئالماي ھەددى ئەمەس ئىدى. خەلق ئارىسىدىكى ئېلىم - سېتىمدا، مال ساتقۇچىلار خېرىدارلاردىن: دۇبەن پۇلىدىن قانچىلىك بېرىسەن؟



سىلىك پۇلىدىن قانچىلىك بېرىسەن؟ دەپ سورايتتى. ئەگەر دۇبەن پۇلىدىن بەرسە مېلىنى تېزلا سېتىپ بېرەتتى؛ ئەگەر سىلىك پۇلىدىن قانچە كۆپ بەرسىمۇ، ئىلاجى بار ساتماسلىققا تىرىشاتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ تۇرپاندا بېسىپ تارقاتقان پۇلىنىڭ سانى، بەزى مەلۇماتلاردا بىر مىليون 200 مىڭ سەر دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن كۆپ ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سامان قەغەزگە بېسىلغان پۇلىنى ئەگەر قازاننىڭ ھورىدا ھورداپ، يەنە سامان قەغەزگە چاپلىسا ئۇنىڭ ئىزى چىقىپ، بىر سەر پۇل ئىككى سەر بولاتتى. ساختىپەزلەر مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن پۇلنىڭ سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋېتەتتى. 4) ئۆزلىرى بېسىپ تارقاتقان پۇل بىلەن سودىگەر ۋە خەلق قولىدىكى ماتا - چەكمەنلەرنى سېتىۋېلىپ ۋە پۈتۈن ناھىيىدىكى ماشىنچى (سەيپۇڭ) لارنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى ھەقسىز كىيىم تىككىشكە مەجبۇرلىدى. «سىلىك پۇلى» نىڭ ئۆمرى ئالتە ئايغا بارمايلا ما جۇڭيىڭ قېچىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پۇل خەلقنىڭ قولىدا قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. 5) خەلقتىن ئالغۇدەك ھېچنەرسە قالمىغاندىن كېيىن، ئائىلىلەرگە ئاشلىق بېرىپ، ئەسكەرلەرگە ھەقسىز نان يېقىپ بېرىش سېلىقى سالدى. بۇ نانلارنى داۋانچىڭغا توشۇشقا تۇرپان، توقسۇن، پىچانلاردا مەيلى ھاڭگا، مەيلى مادا ھېچقانداق ئېشەك قالمىدى (ئەسلىدە مادا ئېشەكتە مال - يۈك توشۇمايتتى). بۇ نانلارنى ئاساسەن قېرىلار توشۇدى. چۈنكى، ياشلارنى كۆرۈپلا قالسا ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالاتتى. بۇنداق ئەھۋال يۇقىرىدىكى ئۈچ ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنى دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرىگە

خالىغىنىچە قويۇۋېتىپ، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىۋەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ يولدا ئۆتۈن - سامان ئېلىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۆتۈن - ساماتلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. قىسقىسى، بىچارە خەلق «ئاشلىق كېتىپ ساڭ قالدى، ماغدۇر كېتىپ جان قالدى» دەپ زارلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

ما جوڭيىڭ بىر تەرەپتىن شىڭ شىسەي بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاراشەھەرگە بېرىپ، ما فۇيۇەننىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆز تەسىر دائىرىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيتىشكە بۇيرۇق بەردى. ئۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن كىشىلىرىنىڭ قامالغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە شىڭ شىسەينى يوقىتىشقا ئۆزىنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرى بىلەن بىللە قەسەمياد قىلدى. لېكىن يەنە، بۇ مەقسەتكە يېتىشكە كۆزى يەتمەي، ئۆز ئادەملىرىنى ئىلىغا جاڭ پېيۈەن بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى ئىلىغا بېرىپ، جاڭ پېيۈەن بىلەن ئۈرۈمچىنى قانداق قىلىپ قولغا ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار ئۈرۈمچىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى ئايرىپ ئىدارە قىلىش، شىمالىي شىنجاڭ جاڭ پېيۈەن تەۋەسىگە، جەنۇبىي شىنجاڭ ما جوڭيىڭ تەۋەسىگە قاراش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ما جوڭيىڭ ما خېيىڭغا چۆچەكنى ئىشغال قىلىش توغرىسىدا، ما شىمىنغا ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي ۋەزىيەتتىن ئېيتقاندا، ما جوڭيىڭنىڭ بارىكۆل، قۇمۇل ۋە تۇرپاندىن تارتىپ قاراشەھەرگىچە مەھسۇلاتى مول بولىدىغان



رايونلارنى ئىشغال قىلغان بولۇپ، ھەتتا قەشقەردىمۇ ئۇنىڭ بىر قىسىم تەسىر كۈچى بار ئىدى. بارىكۆلنىڭ شىمالى، موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن ئالتاينىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە بولغان قىسمەن جايلار ما خېيىڭنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى. ما شىمىننىڭ تەسىر دائىرىسى ئۈرۈمچىگە 50 كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان داۋانچىڭ ھەتتا سەيۋۇپۇغىچە بولغان جايلار ئىدى؛ بەزىدە جىنجىسۇزا چىغ دەڭگىچە سوزۇلۇپ ئۈرۈمچىگە 20 كىلومېتىرلا قالاتتى. پۈتۈن ئىلى رايونى جاڭ پېيۈەننىڭ ئىلكىدە ئىدى. دېمەك، ئۈرۈمچى قورشاۋ ھالىتىدە تۇراتتى. ما جوڭيىڭ ئىگىلەپ تۇرغان رايونلاردا قەھەتچىلىك بولمايتتى. شىڭ شىسەي ئىگىلەپ تۇرغان رايونلاردا ئاران بىر - ئىككى ئاي يەتكۈدەكلا ئاشلىق بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىڭ شىسەي ما جوڭيىڭلار بىلەن تېز ئۇرۇشۇپ تېز ھەل قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ما جوڭيىڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن جاڭ پېيۈەننىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى قوشسا ئاندىن شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي كۈچىگە تەڭ كېلەلەيتتى.

## 4. شىڭ شىسەينىڭ ئۇرۇشقا قايتا تەييارلىق كۆرۈشى

ما خېيىڭ 1933 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۆچەككە ھۇجۇم قىلدى. شىڭ شىسەي چۆچەكنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى چۆچەككە ئەۋەتتى؛ ئۆزى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ما جوڭيىڭغا قارشى جازا ئۇرۇشى قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن

داۋانچىڭغا قاراپ يول ئالدى ۋە بىر بۆلۈك قوشۇننى پىچانغا هۇجۇم قىلدۇرۇپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئارقا تەرەپ يولىنى كەسمەكچى بولدى. ئۇ، 17 ـ كۈنى داۋانچىڭغا بېرىپ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشتى. بىراق، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشتا تېرە ـ پىرەڭ بولۇپ، ئامالسىز ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلدى ۋە 2 ـ قېتىم قايتۇرما هۇجۇم قىلىشقا جىددىي تەييارلىق كۆردى. دەل شۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ شىڭ شىسەي بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە يەنە ئادەم ئەۋەتتى. شىڭ شىسەي يەنىلا ما جۇڭيىڭنىڭ ئاۋۋال قومۇلغا چېكىنىشىنى شەرت قىلىپ قويدى ۋە «ئەگەر چېكىنىشنى يەنە كېچىكتۈرىدىغان بولسا، تۇرپان بىلەن پىچاننى قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋالىدىغانلىقى»نى ئېيتتى. ئۇنىڭغا يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ما جۇڭيىڭغا قارشى هۇجۇم باشلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قاراشەهەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ گارنىزون سىلىڭى خوجىنىياز هاجىغا بۇيرۇق قىلسا دەرهال تۇرپانغا هۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

شىڭ شىسەي 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى قايتىدىن توپلاپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئاتلاندى. يولغا چىقىش ئالدىدا نەنلياڭدا «ئوغرى ما جۇڭيىڭنى يوقاتماي تۇرۇپ تىرىك قايتمايمىز» دەپ قەسەم قىلىشتى. ما جۇڭيىڭ بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قومۇلغا چېكىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ دەرهال ئۇچراشمىدى. شىڭ شىسەي 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تۇيۇقسىز ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلدى. چۈنكى، ئۆلكە رەئىسى لىيۇ ۋېنلۇڭ



ئۇنىڭغا «غەربىي يول تىنچ ئەمەس، ئارقا سەپ قالايمىقان» دەپ بىر كۈندە تۆت قېتىم تېلېگىراما بەرگەن. شۇ چاغدا ما خېيىڭ بىلەن لى فۇشېڭ ماناسقا هوجۇم قىلغان، جاڭ پېيۈەن ئىلىدىن ئەۋەتكەن ياڭ جىڭجۇڭ ① قوشۇنلىرى شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانىدى. شىڭ شىسەي چۆچەكتە تۇرۇۋاتقان سەنمۇجاڭى لىيۇ بىنگە دەرهال قوشۇننى باشلاپ چۆچەكتىن شەرققە قاراپ يولغا چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. لىيۇ بىن ماناس ئەتراپىدا لى فۇشېڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇ، لى فۇشېڭنى تېزدىن قورشاپ تىرىك تۇتۇۋېلىپ، شۇ ئان كاللىسىنى ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى چېكىنىدۇ. لىيۇ بىن لى فۇشېڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى تازىلاۋاتقاندا، يەنە بىر قىسىم ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى جىمسارغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى تۇەنجاڭ ۋە شيەنجاڭلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئارقىدىن شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى قورشاۋدىن قۇتقۇزىدۇ. غەربىي يولدىكى ما خېيىڭ ماناسقا هۇجۇم قىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ داۋانچىڭغا هۇجۇم قىلىشتىكى ئاساسىي كۈچىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ. شىڭ شىسەي ئۆلكە ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچلۈك قىسىملىرىنى شىخۇغا ئەۋەتىپ، جاڭ پېيۈەن قىسىملىرىغا زەربە بېرىۋاتقاندا، ما جۇڭيىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇرۇمچىنى قورشىۋالىدۇ.

① ياڭ جىڭجۇڭ ـ جىن شۇرېننىڭ تۇەنجاڭى ئىدى. جىن شۇرېن قېچىپ چۆچەككە بارغاندا، ياڭ جىڭجۇڭ ئىلىغا بېرىپ جاڭ پېيۈەننىڭ قارمىقىغا ئۆتكەن.

## 5. ما جۇڭيىڭنىڭ خوجىنىياز ھاجى بىلەن دەسلەپكى توقۇنۇشى

خوجىنىياز ھاجى پوكاڭدا شىڭ شىسەي بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈشكەندىن كېيىن، 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن كېيىن، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن چەكزىگەي، پەنۋوپۇ، يوغانتېرەكلەر ئارقىلىق تەڭرىتېغىنى ئاتلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا تېز يېرىش ئۈچۈن، توقسۇنغا كېلىپ ئىلانلىقتىكى ئىسماڭ دارىن دېگەن ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭدىن قايتىپ، مورى ۋە سارىغاي داۋىنىدىن ئېشىپ، كۆكيار ئارقىلىق پىچان، تۇرپانغا كېلىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن يارىشىپ قىلىش ئۈچۈن توقسۇنغا كىشى ئەۋەتتى. خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئەۋەتكەن كىشىلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى توقسۇنغا كەلدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى خالىماي، ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەنلا توقسۇندىن قاراشەھەرگە كەتتى. ئايغىربۇلاققا بارغاندا، مەتتىمىن دېگەن كىشىنى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ توقسۇندىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇشقا 60 پىدائىي ئەسكەر بىلەن قالدۇرۇپ قويدى.

بىز خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۈششاقتالغا بارغاندىن كېيىن، قاراشەھەرگە كېلىپ تۇرغان ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا «بىز قاراشەھەردە تۇرماي جەنۇبقا ئۆتۈپ كېتىمىز،



قاراشەھەردىن ئۆتكىچە بىزگە چېقىلماڭلار» دەپ خەت كىرگۈزسەك، ما شىمىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر لۈيجاڭ (ما شىمىن ئۈرۈمچى نەنسەندە ئىدى) بىزنىڭ خېتىمىزگە «ھەي خوجىنىياز، سەن جەنۇبقا ھېلىغۇ يەر بىلەن بارىدىكەنسەن، ئاسماندىن ئۇچۇپ ئۆتىمەن دېسەڭمۇ ئۆتەلمەيسەن» دەپ جاۋاب چىقىرىپتۇ. خوجىنىياز ھاجى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماي ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، مەھمۇت سىجاڭ ۋە باشقا لۈيجاڭ، تۈەنجاڭلار ۋە باشقا يېنىدىكى يېقىن كىشىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار قاراشەھەرگە كىرمەي، باغراش كۆلىنى بويلاپ كورلىغا ئۆتۈپ كېتىشنى قانچە ئويلاپ باقسىمۇ، بىرەر ئىشەنچلىك يول تاپالمىدى. ئاندىن ئۇلار بىر ئېغىزدىن: ئەگەر ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئاۋۋال ئوق چىقارسا، بىزمۇ ئەلۋەتتە قاراپ تۇرمايمىز، دەپ ئىپادە بىلدۈردى. لېكىن ئاددىي پىدائىيلار: خۇيزۇلارمۇ مۇسۇلمان، بىزمۇ مۇسۇلمان. مۇسۇلمان بىلەن مۇسۇلمان ئۇرۇشۇپ ئۆلسەك، قايسى ئۆلۈمگە مەنسۇپ بولىمىز. كىم دوزاققا كىرىپ، كىم جەننەتكە كىرىدۇ، دېگەن غۇلغۇلا پەيدا بولدى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، مەھمۇت سىجاڭنىڭ يېقىن ئادىمى (مەسلىھەتچىسى) ئابدۇللا داموللا نەئىمى ① بىر پەتىۋا ئويلاپ چىقىپ «بىز ئۇيغۇرلار - مۇسۇلمان، تۇڭگانلارمۇ مۇسۇلمان. لېكىن، بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمىز دېمىدۇق. جەنۇبقا ئۆتۈپ كېتىمىز، يولىمىزنى توسماڭلار دېسەك، ئۇلار ئۇنىماي، يولىمىزنى توسماقچى بولدى. ئەگەر ئۇلار ئاۋۋال ئوق چىقارسا، ئۇلار كاپىر بولىدۇ، ئاندىن بىز

① ئابدۇللا دامولla نەئىمى 1937 - يىلى مەھمۇت سىجاڭ بىلەن قەشقەردىن ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن.

ئاتمىز. ئۇلار ئۆلسە دوزاققا چۈشىدۇ، بىز ئۆلسەك شېھىت بولىمىز ۋە جەننەتكە كىرىمىز» دېگەننى ھەممە پىدائىيلارغا تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پىدائىيلارنىڭ ئەندىشىمىز يوقىلىپ، كۆڭلىمىز توختىدى. بىز ئۇششاقتالدىن چىقىپ چوقىغا يېقىنلاشقاندا، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى چوقىغا كېلىپ بىزنى توستى. بىز بۆيرۇق بويىچە ئاتلاردىن چۈشۈپ، مىلتىق ئاتماي، تارقىلىپ ماڭدۇق. لېكىن، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىزگە ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. ئاندىن بۆيرۇققا بىنائەن بىزمۇ ئېتىشقا باشلىدۇق. ئۇرۇش باشلاندى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن 500 نەپەرچە چوڭ يولنىڭ ياقىسىدىكى ئۆيلەرگە جايلىشىپ بىزگە ئوت ئاچتى. يەنە 500نەپەرچىسى چوڭ يولنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قاراپ ئات سالدى. ئۇلار تاغقا يۆلىنىپ، بىزنىڭ يان تەرىپىمىزدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ يوقىتىشنى ئويلىغانىدى. خوجىنىياز ھاجى بۇنى ئالدىن پەملەپ، چوڭ يولنى مەھمۇت سىجاڭغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى بىر نەچچە يۈز ئادەمنى باشلاپ تاغقا قاراپ ئات سالدى. نەتىجىدە خوجىنىياز ھاجى تاغقا ئاۋۋال چىقىپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئاندىن بىز چوڭ يولدىكى پىدائىيلارنىڭ يېنىغا بېرىۋىدۇق، ما جۇڭيىڭنىڭ بىرقانچە يۈز ئاتلىق ئەسكىرىنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىدۇق. بىز پۈتۈن سەپ بويىچە تۈپتۈز سايدا چېكىنىشكە باشلىدۇق. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئات ئۈستىدە «سا! سا!» دېگىنىچە بىزگە ئوق چىقىرىپ يېقىنلىشىپ كەلدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، مەھمۇت سىجاڭ ماۋزور تاپانچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىزگە «ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئېتىڭلار!» دەپ خىتاپ قىلدى. بىز دەرھال ئارقىمىزغا



بۇرۇلۇپ دۈشمەننى ئوققا تۇتتۇق. بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاتلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارا شەھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بېشىمىزغا كەلگەن ئاپەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئامەتكە ئايلاندى. بىز ئاتلىرىمىزغا مىنىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى چوققىدىن قاراشەھەرنىڭ يېنىدىكى لىيۇشىنخۇ دېگەن يەرگىچە قوغلاپ باردۇق. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى چوڭ يول بىلەن قاچسا، يەنە بىر قىسمى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، قاراشەھەرگە بارغىچە يول ئۈستىدە ئۇچرىغانلا ئۇيغۇرلارنى، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال دېمەي ئېتىپ-چېپىپ ماڭغان. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ تاغقا ئات سالغان ھېلىقى قىسمى، بىز چوققىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، توقسۇنغا قېچىپ كېتىۋېتىپ، ئايغىربۇلاققا بارغاندا، توقسۇننى كۆزلەۋاتقان مەتمىمىن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى 60 نەپەر پىدائىينىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىغان. بۇ 60 نەپەر پىدائىيدا بەش ئاتارلىق مىلتىقتىن ئاران بەش-ئالتىسىلا بولۇپ، ئوقى يوق دېيەرلىك ئىدى. قالغىنىغا كالتەك-كۆسەي بىر ئاتار مىلتىق ۋە قارا مىلتىقلاردىن سانىۋالغۇدەك بىر نەچچىسى، ئانچە-مۇنچە قىلىچ-نەيزىلەر بار ئىدى.

بىز خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭغا ئەگىشىپ لىيۇشىنخۇغا يېتىپ بارغىنىمىزدا، قاراشەھەردىن كەلگەن خۇيزۇ ئۇيغۇرلاردىن بەش-ئالتە كىشى بىزنىڭ ئالدىمىزنى توسۇپ، ئاتالمىش «لۇيجاڭنىڭ ئىلتىماسى»نى خوجىنىياز ھاجىغا سۇندى. ئۇنىڭدا «خوجىنىياز ھاجىم

بۈگۈن شەھەرگە بېسىپ كىرمىسە ئىكەن. بالا- چاقىلىرىمىز ۋە خۇيزۇلار بەك قورقۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىز بۈگۈن كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى توختىتىپ، قوراللارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئەتە سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرسەك» دېيىلگەن. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، «ماقۇل، قورالنى توپلاپ قويسۇن، بىز ئەتە سەھەردە شەھەرگە كىرىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەر كەتتى، بىز لىيۇشىخۇدا قوندۇق. ئەتىسى سەھەردە شەھەرگە كىرىپ ئۇقساق، ما جوڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى باغراش كۆلىنى ياقىلاپ مېڭىپ، تۇرپانغا قېچىپ كېتىپتۇ. بىز جىمساردىكى ئالدىنىشتىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ئالداندۇق. «ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولساڭ ساقلىڭ بىلەن» دېگەندەك ئىش بولدى.

## 6. خوجىنىياز ھاجى قارا شەھەردە

خوجىنىياز ھاجى قاراشەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى، ما جوڭيىڭ ئەسكەرلىرى قاراشەھەرنى تاشلاپ، كېچىلەپ باغراش كۆلىنى ياقىلاپ تۇرپانغا قاچقان بولسىمۇ، لىيۇ شىخۇدىن قاراشەھەرگىچە بولغان ئارىلىقتا خەلق ئامىسى چاچاڭ تىكىپ، بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. قارشى ئالغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىمۇ بار ئىدى. بىز قاراشەھەرگە كىرگەندە، ما جوڭيىڭغا ئەسكەر بولۇپ تۇرپانغا قېچىپ كەتكەن خۇيزۇلارنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى «خوجىنىياز ھاجى بىزگە زىيان يەتكۈزىدىغان بولدى» دەپ ئەندىشە قىلىپ،



ئۆيلىرىنى تاشلاپ، ئۇيغۇر قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغانىكەن. خۇيزۇ پۇقرالارمۇ بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە قاپتۇ. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭ بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ھەربىي باشلىقلارغا ۋە پىدائىي ئەسكەرلەرگە، پۇقرالارنىڭ قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى بوزەك قىلماسلىق، بولۇپمۇ خۇيزۇلارغا يامان كۆز بىلەن قارىماسلىق، پۇقرالارنىڭ نەرسىلىرىگە قول تەگكۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە كوچىلارغا ئېلان چاپلىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى پىدائىيلار ئىگىسى تاشلاپ قاچقان ھويلىلارغا كىرىپ، كىيىم-كېچەك، ئۆي- سەرەمجانلىرىنى ئېلىۋالغان. يەنە بەزىلىرى ھويلىدا باغلاقلىق تۇرغان قۇيرۇقى كېسىك ئاتلارنى «ما جوڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئېتى» دەپ ئېلىۋالغان. بۇ ئاتلار ئەسلىدە ما جوڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئېتى بولسىمۇ، لېكىن ما جوڭيىڭنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرى ئۇرۇشقا يارىمايدىغان قېرى ۋە ماڭقا ئاتلارنى پۇقرالارغا سېتىۋەتكەنىكەن. بۇنداق ئىشلار تەكشۈرۈلۈپ، ھەممە نەرسە ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. مۇنداق ئىشلارنىڭ يەنە ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەھمۇت سىجاڭ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ دەرھال ئادەم ئاجرىتىپ، ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ پۇقرالارنىڭ نەرسە- كېرەكلىرىنى ئېلىۋالغانلارنى ئېنىقلاپ چىقتى. مەسىلەن، سىپتىمەت قاتارلىق سەككىز نەپەر پىدائىينى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدىكى تۈۋرۈكلەرگە يالىڭاچلاپ باغلاپ، قامچا بىلەن ئۇرۇپ، ئاندىن «خەلقنىڭ نەرسىلىرىنى ئالغاننىڭ سازايى» دېگۈزۈپ، قاراشەھەر كوچىلىرىنى ئىككى كۈن ئايلاندۇردى

ۋە كوچىلارغا ئېلان چاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى پىدائىيلارنىڭ باشباشتاقلىقى يوقىلىپ، پۇقرالارنىڭ بولۇپمۇ خۇيزۇ پۇقرالارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، ھەر ساھەدىكىلەر ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەينى ۋاقىتتىكى قاراشەھەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئىزىغا چۈشتى.

دەل شۇ چاغدا، ما جۇڭيىڭ تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيىنى ئىگىلەپ، كۆپلەپ ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپتۇ. شېڭ شىسەي بولسا، ما جۇڭيىڭنى گۇچۇڭدىن تۇرپانغا قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، بىر تەرەپتىن ما جۇڭيىڭنى تىنچلىققا چاقىرىش توغرىسىدا ۋەكىل ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى يوقىتىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ، مەھمۇت خوجا، جامال سەيپۇڭ، قۇربان نىياز دېگەن كىشىلەرنى ئۈرۈمچىدىن ئولامباي ئارقىلىق تىيانشاننى كېسىپ ئۆتكۈزۈپ، قاراشەھەردىكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتىن تۇرپاندىكى ما جۇڭيىڭغا قوراللىق ھۇجۇم قىلدۇرماقچى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەينىڭ مەھمۇت خوجا قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن ئەۋەتكەن بىر نەچچە ساندۇق مىلتىق ئوقى ۋە پىدائىيلار ئۈچۈن ئەۋەتكەن خىراجەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن توقسۇنغا بېرىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ.



# 7. توقسۇن ئىلانلىقتىكى ئۇرۇش

1933 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، تەييارلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى قاراشەھەردە قالدى، مەھمۇت مۇھىتى بىر قىسىم پىدائىيلارنى باشلاپ توقسۇنغا ماڭدى. بىز بىلەن قاراشەھەرگە بىللە بارغان شايارلىق ھاجى ئەلەم ئاخۇن، كۇچالىق مەھپۇز ۋاڭلارنىڭ ئادەم سانى چەكلىك بولۇش بىلەن، مىلتىق ۋە ئوق-دورىلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. بىزنىڭ پىلانىمىز بويىچە، سەمەت ھاجى تۇەنجاڭ بىلەن پولات تۇەنجاڭ ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ، ئۇششاقتالنىڭ تاغ ئارىسىدىن ئۆتۈپ توقسۇنغا يېتىپ بارماقچى، باشقا قىسىملارنى مەھمۇت سىجاڭ چوڭ يول بىلەن توقسۇنغا باشلاپ بارماقچى، ھەر ئىككى قوشۇن توقسۇنغا بىرلا ۋاقىتتا توپلانماقچى بولغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماي قالدى. چۈنكى، «ئۆيدىكى مەسلىھەت بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك، تاغ ئىچىدە بولىدىغان بوران - چاپقۇن ۋە ھۆل - يېغىنلار ھېسابقا ئېلىنمىغاچقا، تاغ يولىغا ماڭغان ئىككى تۇەن قىسىم ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدى. مەھمۇت سىجاڭ باشلاپ ماڭغان قىسىم توقسۇننىڭ ئىلانلىق يېزىسىغا بېرىپ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىمىزدا، سەمەت ھاجى تۇەنجاڭ ۋە پولات تۇەنجاڭلاردىن ھېچ دېرەك يوق ئىدى. نەتىجىدە، بىز مەغلۇپ بولۇپ قاراشەھەرگە چېكىندۇق. چېكىنىشىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئۆيى بار، سۇلۇق، دەرەخلىق يەرلەرنى ئىستىھكام قىلىۋالغان بولۇپ، بىز تۈپتۈز سايدا ھۇجۇمغا ئۇچرىدۇق، ئۆزىمىزنى دالدىغا

ئالغۇدەك جاي يوق ئىدى. بىز ئاران بىرقانچە سائەتلا
چىداشلىق بېرەلىدۇق. بىزنى ھەممىدىن بەك قىيىنىغان
نەرسە ئۇسسۇزلۇق بولدى. ھەممىمىز توقسۇننىڭ سۇ بېشىدا
سۇ ئىچىۋالغانچە ئىدۇق. ھېچقايسىمىزدا بىرەر سۇ قاچىسى
يوق ئىدى. يازنىڭ 7 ـ، 8 ـ ئاي تومۇز كۈنلىرىدە، تۈپتۈز
سايدا بىريۇتۇممۇ سۇ تاپالماي، ئىلاجىسىز سۇ بېشىغا
چېكىندۇق. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى
ئارقىمىزدىن قوغلىسا، يەنە بىر قىسمى غەرب تەرەپتىن
ئايلىنىپ كېلىپ، ئايغىربۇلاققا ئۆتىدىغان يولىمىزنى
توسۇۋالدى. پىدائىيلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ھەر بىر تاغ
ئىدىرلىرىغا كىرگەندە چېچىلىپ، بەزى تۈيۈق يوللاردا
توسۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئاساسىي قىسمىمىز مەھمۇت
سىجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن
ئېلىشىپ، قاراشەھەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتۇق. دۈشمەن
ئەسكەرلىرى بىزنى ئايغىربۇلاققىچە قوغلاپ كەلدى. بىز سۇ
بار يەرگە كەلگەندىن كېيىن، مەھمۇت سىجاڭ كۆپ قىسىم
پىدائىيلارنى قاراشەھەرگە يولغا سېلىۋېتىپ، 50 دەك ئادەم
بىلەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توستى، بىز
ئۇلارنى زادى ئۆتكۈزمىدۇق. ئۇلار ئاخىر توقسۇنغا قايتىشقا
مەجبۇر بولدى. بىز شۇ كېچىسى ئايغىربۇلاقنى تاشلاپ،
قاراشەھەرگە كەتتۇق. سەمەت ھاجى تۇەنجاڭ بىلەن پولات
تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئالغۇي ئارقىلىق ئىلانلىققا
كەلگەندە، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.
ئۇلار خېلى قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، كۈچى ئاز
بولغانلىقتىن، تەڭ كېلەلمەي، بىز قاراشەھەرگە يېتىپ
بارغاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى قاراشەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بىز
قاراشەھەرگە كېلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ما



جۇڭيىڭنىڭ ئىككى تۈەن ئاتلىق ئەسكىرىمۇ توقسۇندىن
قاراشەھەرگە كەلدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى كورلىدا
ئىدى. بىز دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشماي، قاراشەھەرنى ئۇلارغا
تاشلاپ بېرىپ، كورلا باشئەگىمگە بېرىپ ئورۇنلاشتۇق.
چۈنكى، قاراشەھەردە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش
ئىمكانىيىتىمىز يوق ئىدى، بىزگە توقسۇندىن چېكىنىپ
قاراشەھەرگە كەلگىچە دەم ئېلىش پۇرسىتى بولمىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، توقسۇننىڭ سۇ بېشىدا چېچىلىپ كەتكەن
پىدائىيلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى تېخى يېتىپ
كېلەلمىگەنىدى.

## 8. كورلا باشئەگىمدىكى ئۇرۇش

ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى قاراشەھەرگە كەلگەندىن
كېيىن، ما جۇڭيىڭمۇ تۇرپاندىن قاراشەھەرگە كېلىپ ئۈچ
كۈن تۇردى. ئۇ، ما فۇيۈەنگە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى
جەنۇبىي شىنجاڭغىچە كېڭەيتىش توغرىسىدا بۇيرۇق
چۈشۈرۈپ، تۇرپانغا قايتىپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ
ئەسكەرلىرى تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ، باشئەگىمگە ھۇجۇم
قىلدى. باشئەگىمدە بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بۇ
ئۇرۇشتا مەھمۇت سىجاڭغا ئوق تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن
ئۇ يارىلانمىدى. چۈنكى، ھېرىپ قالغان ئوق مەھمۇت
سىجاڭنىڭ چاپىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ قورسىقىنىڭ ئۈستىگە
چاپلىشىپ قالغان. بىز بۇ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ،
كورلىنىڭ چەرچى دېگەن يېرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتۇق.
ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەي، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى
كەينىمىزدىن قوغلاپ كەلدى. ئۇلار بىلەن بىرقانچە سائەت

ئۇرۇشقاندىن كېيىن، يەنە چېكىنىپ بوگۇرنىڭ يېڭىسار دېگەن يېرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى چەرچى دېگەن يەردە ئون نەچچە كۈن تەييارلىق قىلىپ تۇرۇپ قالدى.

خوجىنىياز هاجى بۇ چاغدا كۇچادا ئىدى. ئۇ كىشى مەهمۇت سىجاڭغا «كۇچاغا كېلىڭ، بۇ يەردە ما جۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قايتا مەسلىهەتلىشەيلى» دەپ بۇيرۇق ئەۋەتتى. مەهمۇت سىجاڭ كۇچاغا بېرىپ، ياقا دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتى. خوجىنىياز هاجىمۇ ياقىغا كەلدى. بىراق، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئارقىمىزدىن قوغلىشىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ياقىدا بىر كۈن ئۇرۇش بولدى. مەهمۇت سىجاڭ ئۇ يەردىنمۇ چېكىنىپ، ئاقسۇنىڭ جام دېگەن يېرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. خوجىنىياز هاجى ئاقسۇنىڭ ئۆزىدە قېلىپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن مەسلىهەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراق ئېلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. مەهمۇت سىجاڭ جامغا كېلىپ 20 كۈندىن كېيىن، «ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى كۇچادىن قاراشەهەرگە قايتتى» دېگەن خەۋەر كەلدى. چۈنكى، بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىنى قورشاشقا ئەسكىرىي كۇچى يېتىشمەي تۇراتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا، بىز مەهمۇت سىجاڭ باشچىلىقىدا ئۇدۇل كورلىغا بېرىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، باشئەگىمنى ئىشغال قىلدۇق. ما جۇڭيىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندىن ما فۇيۈەن ۋە شەن فۇخەيلەر باشچىلىقىدىكى ئىككى تۇەن ئاتلىق ئەسكىرىنى قاراشەهەرگە ياردەمگە ئەۋەتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىنى قورشايدىغان ئەسكىرىي كۇچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى تەبىئىي



ئىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ ئىككى تۇەن ئەسكىرى قاراشەهەردە هەپتە ئون كۈن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، دەريادىن ئۆتۈپ باشئەگىمگە هۇجۇم قىلدى. خوجىنىياز هاجى بۇ چاغدىمۇ يۈزلىگەن مەرگىنى بىلەن كۇچادا ئىدى.

باشئەگىمدىكى 2 - قېتىملىق ئۇرۇشتا، كورلىدىن ئېلى هاجى، مۆيدۈن تەنفۇ، تۇردى يىڭجاڭلار؛ شاياردىن هاجى ئەلەم ئاخۇن، هەسەن هاجى، كۇچادىن مەهپۇز ۋاڭلار بىرنەچچە يۈز پىدائىينى باشلاپ ياردەمگە كەلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ مىلتىق ۋە قوراللىرىنىڭ تايىنى يوق، پەقەت توقماق، كالتەك، ناغرا - سۇنايلار بىلەنلا داۋرىڭى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تولاراقى ئاتلىق، ئېشەكلىك ياكى هارۋىلىق بولۇپ، ئاز قىسمى پىيادە ئىدى. بىز كورلا باشئەگىمدە ئاساسەن ئۆز ئەسكىرىي كۇچىمىزگە تايىنىپ بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇش قىلدۇق، ئەمما كەچتە مەغلۇپ بولدۇق. چۈنكى، مىلتىقلىرىمىز يېتىشمىگەنلىكى ئۈستىگە ئوقىمىز تولىمۇ ئاز ئىدى ۋە ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىمۇ يوق ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى، دۈشمەنلەرنىڭ قاراشەهەردىن چېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرهال تاغ ئۈستىدىن ۋە تۈزلەڭلىكتىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغاندۇق. شۇ چاغدا، مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم ئىسكەندەر ئابىدى قېشىمغا كېلىپ: دۈشمەننى توسۇش ئۈچۈن بىزنى بۇ تاغقا چىقاردى. مانا قارا، يېنىمدا بار - يوقى مۇشۇ ئۈچ تال ئوق. بۇنىڭ بىرسىنى دۈشمەن يېقىن كەلگەندە ئاتارمەن، ئىككىنچىسىنىمۇ ئاتارمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمەن؟ قولۇمنى كۆتۈرۈپ دۈشمەنگە تەسلىم بولىمەنمۇ ياكى مىلتىقىمنى چېقىۋېتىپ ئۆزۈمنى تاغدىن تاشلايمەنمۇ؟ ، - دېدى. دەرۋەقە، كۆپلىگەن پىدائىيلارنىڭ يېنىدا ئاران

ئۈچ - تۆت تالدىنلا ئوق بار ئىدى. مۇنداق ئەھۋالدا، ئوقنى دۈشمەنگە تەگكۈزۈش ئىشەنچىمىز بولغاندىلا ئاتىمىز، بولمىسا قاچىمىز؛ قاچقاندىمۇ، يېنىمىزدا بىرنەچچە تال ئوق ساقلاپ قالماي بولمايتتى. مەن مەھمۇت سىجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغىنىم ئۈچۈن مەندە ئوق جىقراق بولاتتى. يېنىمدىكى 20 تال ئوقنىڭ بەش تېلىنى ئۇنىڭغا بەردىم. دېمەك، بىز مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ دۈشمەن بىلەن بىر كۈن ئېلىشتۇق. كۈن ئولتۇرغان چاغدا، ئامالسىز باشئەگىمدىن چېكىنىپ، كورلىنى تاشلاپ، مەھمۇت سىجاڭ باشچىلىقىدا ئۇدۇل باي ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالدۇق.

## 9. باي ۋە قارايۇلغۇندىكى ئۇرۇش

بىز باي ناھىيىسىگە يېتىپ بارغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خوجىنىياز ھاجىغا بەرگەن قورال ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلگىلى تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە 1000 تال مىلتىق، 10 تال دىكتار پىلىموت (ئوقلىرى بىلەن)، بىر قانچە ساندۇق قول بومبىسى بار ئىكەن. لېكىن، پىلىموتلارنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، ۋاقتىنچە چېگرىدا قويۇپ قويۇلدى. بۇ قوراللارنى تەقسىم قىلىشتا، مەھمۇت سىجاڭنىڭ «مېنىڭ قول ئاستىمدىكى پىدائىيلارنىڭ قورالى كونا بولسىمۇ، باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا يامان ئەمەس. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن قوراللارنى ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل پىدائىيلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرەيلى، مۇشۇنداق قىلساق، ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق بولىدۇ» دېگەن پىكرىگە ئاساسەن، بۇ قوراللار ئاقسۇ خەلقى ئىئانە قىلغان 80 مىڭ تۇياق قوينىڭ بەدىلىگەن



كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقسۇدىكى باي سىجاڭ (ئىسمائىل باي) بۇ قوراللارنى ئېلىپ كېلىشتە كۆپ كۈچ چىقاردى دەپ قارىلىپ، باي سىجاڭنىڭ پىدائىيلىرىغا 460 تال مىلتىق تەقسىم قىلىندى، قەشقەردىن كەلگەن ھامۇتجان لۈيجاڭ پىدائىيلىرىغا 150 تال، خوتەندىن كەلگەن پىدائىيلارغا 100 تال مىلتىق تەقسىم قىلىندى؛ قالغان مىلتىقنىڭ بىر قىسمى قۇمۇلدىن كەلگەنلەرگە (خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىگە) ۋە باشقىلارغا تەقسىم قىلىندى.

بۇ قورال - ياراقلار قولىمىزغا تېگە - تەگمەيلا، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بايغا يېتىپ كېلەي دەپ قالدى. بىز مەھمۇت سىجاڭنىڭ باشچىلىقىدا باينىڭ شەرقى تەرىپىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر ئارىلىقتىكى جايغا چىقىپ، ئۇلارنى توستۇق. ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماكسىم پىلىموت ئورنىتىلغان بىرونىۋىك ماشىنا بولۇپ، ئۇلار شۇ ماشىنىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۆتكەن بىر كۈنلۈك ئۇرۇشتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغانىدى. بىز بۇ قېتىممۇ ئامالسىز قېلىپ، قارايۇلغۇنغا چېكىنىپ ئورۇنلاشتۇق. قارايۇلغۇندا باي سىجاڭنىڭ پىدائىيلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئادەم سانىمىز 2000 غا يەتتى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى كېلىشى بىلەنلا ئۇرۇش باشلاندى. خوجىنىياز ھاجىمۇ ئاقسۇدىن يېتىپ كېلىپ، مەھمۇت سىجاڭ بىلەن ئۇرۇش ئۈستىدە بىللە بولدى. ئۇرۇش جىددىي داۋاملىشىۋاتقاندا، باي سىجاڭغا دۈشمەن ئوقى تېگىپ قازا تاپتى. ئۇنىڭ بىر قىسىم پىدائىيلىرى ئارقا سەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقان باي سىجاڭنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ، ئۈمىدسىزلىنىپ ئارقىغا چېكىندى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرى ئاقسۇنى تاشلاپ ئۇچتۇرپانغا چېكىندۇق. باي سىجاڭنىڭ

پىدائىيلىرىنىڭ بىر قىسمى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىغا ئەگەشتى، يەنە بىر قىسمى چېچىلىپ تارقىلىپ كەتتى. بۇ چېچىلىپ كەتكەن پىدائىيلارنىڭ قولىدىكى 100 تالچە يېڭى مىلتىق ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. خوتەندىن كەلگەن پىدائىيلار ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسى ئارقىلىق تەكلىماكاننى كېسىپ خوتەنگە كەتتى.

## 10. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئاقسۇدىن قەشقەرگە مېڭىشى

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوشۇنى قارايۇلغۇندا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە كېتىش ياكى ئاقسۇدا بىر ئاز ۋاقىت تۇرۇپ ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋېلىش مەسىلىسىنى ئويلاشتۇق. مەھمۇت سىجاڭ: ئەڭ ياخشىسى، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى رۇخسەت قىلسا، ئۈچتۇرپاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئازراق ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۈچ ئاي پاناھلىنىپ، تەييارلىق قىلىۋېلىپ چىقساق ياخشى بولاتتى، دېدى. بۇ ھەقتە ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن بولساقمۇ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۈچتۇرپانغا چېكىندۇق. دۈشمەن ئەسكەرلىرىمۇ بىزگە سۈگدىشىپلا ئۈچتۇرپانغا كېلىۋاتاتتى. ھەممىسى مەھمۇت سىجاڭنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆرگەن تەقدىردىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، ئالدىراش - تېنەش، قاقشال يولى بىلەن قەشقەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق.



بىز ئاقچىغا يېقىنلاشقاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن قورال-ياراقلارنىڭ ئاخىرقى قىسمى ياندىش تاغ تەرەپتە كېتىۋاتاتتى. ئارقىمىزدىن دۈشمەننىڭ قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، ئۇ قوراللارنى پىدائىي ئەسكەرلەرگە تارقىتىۋېتەي، قورال ئارتىلغان تۆگىلەرنى ھەيدەپ كېتىۋاتقانلارغا «تېز ھەيدەڭلار» دەپ قويۇپ، بىخەستەلىك بىلەن كېتىۋېرىپتى- مىز. بىر ئازدىن كېيىن ئارقىمىز تەرەپتىن ئوق چىقىشقا باشلىدى ۋە ئوق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاشتى. مەھمۇت سىجاڭ دەرھال بىر قىسىم ئادەملەرنى ئاجرىتىپ: ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى تۆگىلەردىكى قوراللارغا ھۇجۇم قىلدى. قوراللارنى قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى. بىز شۇئان ئوق چىققان تەرەپكە قاراپ ئات سالدۇق. دەريادىكى سۇ ۋە مۇزلاردىن ئۆتۈش تولىمۇ تەس كەلدى. مىڭ بىر جاپادا ئوق چىققان تەرەپكە يېقىنلاشتۇق ۋە قاراڭغۇدا قارىسىغىلا ئوق ئاتتۇق. نېمىلا بولسا قارشى تەرەپنىڭ ئوق ئاۋازى يىراقلاشتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. يېقىن بېرىپ قارىساق، ئۇلار ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئەمەسكەن، قولبەك دېگەن قىرغىزنىڭ كىشىلىرى بولۇپ، تۆگىلەردىكى قورالنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتقان ئون نەچچە ئادىمىمىزگە قاراڭغۇدا ئۈچتۈمتۈت ھۇجۇم قىلىپ، قوراللىرىمىزنى تارتىۋالغىلى تۇرغانىكەن. ھېلىمۇ ياخشى ئادەم چىقىم بولماپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ كېلىۋاتقىنىمىزنى تۇيۇپ قېلىپ، تۆگىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈرۈۋالغان ئوق ساندۇقلىرىدىكى ئوقلارنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ساندۇق بىلەنلا ئازگالغا يوشۇرغانىكەن. بۇ قوراللار جەمئىي ئون نەچچە تۆگىگە

ئارتىلغان 20 ساندۇق مىلتىق (بىر ساندۇقتا ئالتە تالدىن جەمئىي 120 تال)، 30 ساندۇقتا يېقىن ئوق ئىدى. بىز ساندۇقلارنى ئازگاللاردىن تېپىپ كېلىپ، تۆگىلەرگە قايتىدىن ئارتىپ، ئاتۇشقا قاراپ يول ئالدۇق.

خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى پىدائىيلار قوشۇنى ئالدىدا ماڭدى. بىز مەھمۇت مۇھىتى پىدائىيلىرى بىرنەچچە كىلومېتىر ئارقىدا كېتىۋاتاتتۇق. كاتتايلاققا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە، بىزگە بىر كىشى ئۇچراپ: مەھمۇت شەۋكەت ئەپەندى قەيەردە؟ دەپ سورىدى. مەھمۇت مۇھىتى ماڭا: سوراپ باق، نېمە ئادەمكەن، — دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: سىز كىم بولىسىز؟ سىزگە كىم كېرەك؟ — دېدىم. ئۇ: ماڭا مەھمۇت شەۋكەت ئەپەندى كېرەك، — دېدى. ئاڭغىچە، مەھمۇت مۇھىتىمۇ يېنىمىزغا كەلدى. ئۇ كىشى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خوجىنىياز ھاجىدىن رەنجىگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ مۇنداق ئىش ئىكەن: ئۇ، ئەھمەت نەدىم دېگەن تۈرك بولۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بۇ كىشىنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنمىش. بۇ كىشى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا كېتىۋېتىپ بىر قانچە پىدائىيغا: سەنلەر ھاجىمنى ئارقاڭلارغا تاشلاپ، بەش ئاتار مىلتىقنى ئېسىپ نەگە بېرىشىسە؟ — دەپتۇ. نەتىجىدە، بۇ پىدائىيلار بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، بىر پىدائىينىڭ مىلتىقىنى تارتىۋاپتۇ. مىلتىقنى تارتتۇرۇپ قويغان پىدائىي ئارقىغا قايتىپ بېرىپ، خوجىنىياز ھاجىغا: ھاجى دادا، بىر تۈرك ئالدىمىزنى توسۇپ «مەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلدىم» دەپ، مېنىڭ مىلتىقىمنى تارتىۋالدى — دەپتۇ. شۇ ئارىدا ھېلىقى تۈركمۇ



يېتىپ كەپتۇ. پىدائىي ئۇنى كۆرسىتىپ: مانا مۇشۇ تۈرك، دېيىشىگە، خوجىنىياز ھاجى يېنىدىكى ئادەملىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، بۇ تۈركنى ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ: سىلەرگە كىم «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇر دېدى، تېخى مېنىڭ ئادەملىرىمنىڭ قورالىنى تارتىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان، — دەپ، ئۇنى ئۇرۇپ يانچۇزۇۋېتىپ، ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. بۇ تۈرك تاياقنى بولدى دېگۈچە يەپ، كېتىۋاتقان پىدائىيلاردىن مەھمۇت مۇھىتىنى سوراشتە قىلىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ يەنە، مەھمۇت مۇھىتىغا: مەن خوجىنىياز ھاجىنى ھۆرمەتلەپ، بۇيرۇق بويىچە كەلگەنىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا مەقسىتىم يوق، — دېدى. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ: «ئوقۇشماسلىق بولغان بولسا كېرەك، ئىنقىلاپ باقايلى، — دېدى — دە، يولىغا كېتىۋەردى. بىز كاتتايلاقتا تۇرغان ۋاقىتلىرىمىزدا، بۇ تۈركنى ئىككىنچى ئۇچراتمىدۇق.

## 11. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجى پىدائىيلىرىنىڭ پەرقى

خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ بىرلىكى بۇزۇلغاندىن كېيىنكى قوراللىق توقۇنۇشتا، خوجىنىياز ھاجى كۆپ ھاللاردا ئۆڭۈشسىزلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ خىل ۋە مۇرەككەپ. بۇ ھەقتە مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم تۆۋەندىكىچە:

(1) ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە ھەربىي ئىنتىزام جەھەتتە:

ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى رەسمىي ھەربىي تەلىم

ئالغان، گومىنداڭنىڭ 36 ـ شىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان مۇنتىزىم قوشۇن. ئۇلاردا مۇكەممەل ھەربىي تۈزۈم بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان قىسىم قۇرۇلمىسى ئېنىق ئايرىلغان. بىر تۇتاش قوماندانلىق بولغان. خوجىنىياز ھاجى پىدائىيلىرى بولسا، گەرچە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇنغا قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىدىن خەۋىرى يوق، ھەربىي ئىنتىزامغا ئېتىبار قىلىنمايتتى. قىسىم ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىقا سەل قارالغانىدى. ھەرقايسى لىيەن، پەي، بەنلەردىكى ئادەم سانى ئېگىز ـ پەس بولغاچقا ئۇرۇش ۋاقتىدا قىسىملارنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىشمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى.

(2) قورال ـ ياراق جەھەتتە:

ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرى خىل بولۇپ، ئېغىر ـ يېنىك تىپتىكى قوراللارنىڭ ھەممىسى تەل، تۇرپان، مورى، جىمسار، گۇچۇڭ ۋە ئۈرۈمچىدىن قولغا چۈشۈرگەن ئوق ـ دورىلىرىنىڭ سانى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى.

خوجىنىياز پىدائىيلىرىنىڭ بولسا قوراللىرى ئاددىي، ئوق ـ دورىلىرى ناھايىتى كەمچىل، ھەتتا كېلىش مەنبەسى يوق دېيەرلىك. گەرچە پىدائىيلاردا يۇكسەك ئىرادە بولسىمۇ، لېكىن كالتەك، توقماق، ناغرا، كانايلار بىلەن دۈشمەن تەرەپنىڭ پىلىموتلىرىغا تەڭ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

(3) زاپاس ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە:

ما جۇڭيىڭ ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىسىلا، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن زاپاس قوشۇن ئەۋەتەلەيتتى.



بىراق خوجىنىياز ھاجى پىدائىيلىرىغا كېلىدىغان زاپاس ھەربىي كۈچ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر بىلەن خوتەندىكى پىدائىيلار ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ، ئۆز كۈچىنىمۇ خورىتاتتى.

ھەرقايسى جايلاردىكى پىدائىيلار ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي نەتىجىدە دۈشمەننى كۈچلەندۈرۈش" رولىنى ئوينىدى.

(4) ئەسكەرلەرنىڭ جىسمانىي سۈپىتى جەھەتتە:

ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى ياشلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن 16 ياشتىن 40 ياشقىچە ئىدى. خوجىنىياز" ھاجى پىدائىيلىرىنىڭ ئىچىدە بولسا ياشلار ئاز بولۇپ، ئوتتۇز ياش ۋە ياشانغانلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى.

(5) يەر شارائىتىگە ماسلىشىش جەھەتتە:

ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجى پىدائىيلىرى 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ تۈزلەڭلىكىدە ئۇرۇش قىلدى. پىدائىيلار قوشۇنى ئىچىدىكى قۇمۇللۇقلار تاغ ئۇرۇشىغا ئۇستا بولسىمۇ لېكىن تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇشقا ماسلىشالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇل مەرگەنلىرى ئارقا سەپتە خوجىنىياز ھاجىنى قوغداش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنالمىدى.

(6) ئۇرۇش تاكتىكىسى جەھەتتە:

ما جۇڭيىڭنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن مۇلكىي مەسلىھەتچىلىرى، سىياسەتچىلىرى ھەم پىلانچىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار قارشى تەرەپكە رازۋېتكىچىلارنى ئەۋەتىپ پىدائىيلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇراتتى، ھەم ئەتراپلىق،

مۇكەممەل تەدبىر تۈزەتتى.

خوجىنىياز ھاجى ئەتراپىدا بولسا ھەربىي مۇلۇكنى بىلىدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان مەسلىھەتچىلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، پەقەت چۈشكە تەبىر بېرىدىغان پەتىۋاچىلارلا بار ئىدى. دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىنمىغاچقا ئۇلار ئەتراپلىق ئۇرۇش تاكتىكىسى تۈزەلمەي دۈشمەن كۆپ يەرگە ئاز ئادەم ئەۋەتىش، ئۇرۇش ئۈستىدە ئادەملەرنى مۇۋاپىق تەڭشىيەلمەسلىك، پاتىپاراق بولۇپ پېڭىلىشقا ئوخشاش ئەھۋاللار كېلىپ چىقاتتى.

(7) تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتتە:

ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب: ئۇلار گومىنداڭنىڭ 36 - شىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولغاچقا، ھۆكۈمەتتىن ھەربىي كىيىم-كېچەك ۋە ئاشلىق قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار نەرسە-پۇرسەت تاپسىلا خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى تارتىۋالاتتى. ما جۇڭيىڭ ئۆز ئالدىغا پۇل بېسىپ ئەسكەرلىرىگە كىيىم-كېچەك تىكتۈرۈپ، ئاز - تولا خىراجەت بېرەتتى. قالغان قەغەز پۇللىرىغا ئالتۇن ئېلىپ ئۆز خۇرجىنىغا سېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ پىدائىيلىرىنىڭ ئەھۋالى تامامەن باشقىچە ئىدى. گەرچە شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنى جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىش سىلىڭى، مەھمۇت مۇھىتىنى شىنجاڭ ئاتلىق 6 - شىسىنىڭ سىجاڭى دەپ بېكىتكەن بىلەن ئۇلارغا (بىر قېتىم قاراشەھەرگە ئەۋەتكەن ئون نەچچە ساندۇق ئوق بىلەن ئازغىنە قەغەز پۇلدىن باشقا) ھېچقانداق ماددىي ياردەم قىلمىدى. پىدائىيلار 1932 - يىلى



قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن كۈندىن باشلاپ ئۆيىمىزدىن كېيىپ چىققان كىيىملەر بىلەن 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىپ كەلدۇق.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قول ئاستىدىكى پىدائىيلارغا پۇقرالارنىڭ بىر تال قىلىنىمۇ قول تەگكۈزمەسلىك ھەققىدە تەشۋىق ئېلىپ باراتتى. خىلاپلىق قىلغۇچىلار كۆرۈلگەن ھامان دەرھال چارە كۆرەتتى. مەسىلەن: تۇرپاندا زەيدىن نىياز، كامال قاتارلىقلار بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. گۇچۇڭ تەپامۇڭدا رەجەپ دېگەن بىرسى قېچىپ كەتكەن خەنزۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىر مېتىر كونا شەلپەرنى ئالغىنى ئۈچۈن ئۇنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتكەن. پىچان خاندۇدا كامال رەۋەيدۇل، ئىنايەتۇللا دېگەنلەر بىر پۇقرانىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئاياللارغا چاقچاق قىلغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى پىدائىيلار سېپىدىن قوغلاندى قىلغان. قاراشەھەردە سىيتمەت قاتارلىقلار خۇيزۇلارنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈۋرۈكلەرگە ئېسىپ، قاراشەھەر كوچىسىدا ئىككى كۈن سازايى قىلغان. كۇچادا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىنايەتۇللا دېگەن پىدائىي ئۆزىنىڭ ھېرىپ قالغان ئېتىنى دېھقاننىڭ ئېتى بىلەن تېگىشىۋالغىنى ئۈچۈن «گەپ ئاڭلىمىغان قۇلاق شۇمبۇ» دەپ ئىنايەتۇللانىڭ بىر قۇلىقىنى تۈۋىدىن كەستۈرۈۋېتىپ، ئاتنى ئىگىسىگە ئەۋەتىپ بەردى ۋە ۋەھاكازالار. پىدائىيلارغا ھېچقانداق خىراجەت بېرىلمەيتتى. قىيىنچىلىق بىرقانچە يىللار داۋاملىشىۋەرگەندىن كېيىن بۇ پىدائىيلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تاقالماي قالمىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پۇقرالارغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن پىدائىيلار مەمنۇن بولدى. ئۇرۇشلاردا شۇنچە قۇربان بېرىشلەر بولسىمۇ، تۇرمۇش ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، پىدائىيلار سەپتىن چۈشۈپ قېچىپ كەتمىدى. ما جۇڭيىڭ ھەربىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن خوجىنىيازدىن بىر قانچە ھەسسە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى ئاخىرى ئۆزىنىڭ ھۇلىنى تەۋرەتتى.



# III باب ئەينى ۋاقىتتىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتى

## 1. خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە بېرىش ئالدىدىكى ۋەزىيەت

خوجىنىياز ھاجى باشچىلىق قىلغان قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ ئۇچقۇنلىرى 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە جۇملىدىن تۇرپان، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەنلەرگىچە تۇتۇشۇپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەر ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ كەتتى. بۇ ئىنقىلاب ئوتىدىن قورققان جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆپچىلىكى خەلققە تەسلىم بولۇپ ئامان قالغان بولسىمۇ، بەزىلىرى قورقۇپ كېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بەزىلىرى خەلق قوزغىلىڭىغا قارشى تۇرۇپ ئۆلۈپ تۈگەشتى. مەسىلەن، جىن شۇرېننىڭ قەشقەردە سىجاڭ بولۇپ تۇرغان ئىنىسى جىن شۇجېڭ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى تۆمۈر سىجاڭنىڭ كۇچا ۋە ئاقسۇلارنى ئېلىپ بولۇپ قەشقەرگە قاراپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. جىن شۇرېن بۇنى ئاڭلاپ قەشقەرنىڭ دوتىيى ما شياۋۋۇنى قوشۇمچە سىجاڭ قىلىپ تەيىنلىگەن. ما شياۋۋۇ تۆمۈر سىجاڭنى توسۇش ئۈچۈن ياڭ چىمىن (ياڭ دارېن) دېگەن خۇيزۇنى

تۇنجاڭ قىلىپ 1000 ئەسكەر بىلەن مارالبېشىغا؛ چىن تۆمۈرلۈك دېگەن كىشىنى يىغجاڭ، ئوسمان قىرغىزنى ليەنجاڭ قىلىپ 400 ئەسكەر بىلەن ئاتۇش تەرەپكە ئەۋەتكەن. ياڭ چىمىڭ مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىدە مۇداپىئەدە تۇرۇپ، تۆمۈر، ما جەنساڭلار بىلەن نەچچە كۈن تىركىشىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولۇپ تار - مار بولغان. ئوسمان قىرغىز سوغۇن دېگەن يەرگە كەلگەندە ئىسيان كۆتۈرۈپ باشلىقىنى ئېتىپ تاشلاپ تۆمۈر سىجاڭ تەرەپكە ئۆتكەن.

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۆمۈر سىجاڭ پەيزاۋاتقا كەلگەندە ئوسمان قىرغىز ئاتۇشتىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن. ئوسمان قايتىش ئالدىدا تۆمۈر سىجاڭ ئۇنىڭغا: «سىلەر قەشقەرگە ھۇجۇم قىلماي تۇرۇڭلار، بىز ما دوتەي بىلەن سۆزلىشىۋاتىمىز» دەپ جېكىلىگەن بولسىمۇ، ئوسمان ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، «قەشقەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىكى قورال - ياراق ما جەنساڭنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتمىسۇن»، دەپ ئويلىدىمۇ، 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ما شياۋۋۇنىڭ قەشقەر يومىلاق شەھەردە 1000 ئەسكىرى، قەشقەر يېڭىشەھەردە 1000 ئەسكىرى، دوتەي يامۇلىدا 200 ئەسكىرى، يەنە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئەمەتخاننىڭ 200 ئۇيغۇر ئەسكىرى بولۇپ، جەمئىي 2400 ئەسكىرى بار ئىدى. ما شياۋۋۇ 200 ئەسكىرى بىلەن دوتەي يامۇلىدا تۇراتتى.

تۆمۈر سىجاڭ 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلگىچە، ئوسمان قىرغىز كىچىك ئاخۇن ۋە سىپتىۋالدىجانلار بىلەن بىرلىشىپ يومىلاق



شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ئېلىپ بولىدۇ. كىچىك ئاخۇن، سىپتىۋالدىجانمۇ 200 تالدىن مىلتىققا ئىگە بولۇپ، ئوسماننىڭ ليەنجاڭلىرى بولۇپ قالىدۇ.

ما جيەنساڭ شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 300 ئادىمى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، توپتوغرا دوتەي يامۇلىغا چۈشۈپ، ما دوتەي بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ. بۇ ئىككىسى 500 ئەسكىرى بىلەن دوتەي يامۇلىدا تۇرىدۇ. ئوسمان بۇنىڭغا نارازى بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرگە «تۆمۈر سىجاڭ ما جەنساڭ بىلەن يېقىن بولۇپ، بىزگە يامان كۆز بىلەن قاراۋاتىدۇ» دەيدۇ - دە، 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دوتەي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ئارىسىغا چۈشۈپ، ما جەنساڭ بىلەن ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرىنى قەشقەر يېڭىشەھەرگە ئەپچىقىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختايدۇ. ما جەنساڭ يېڭىشەھەرگە چىقىپلا، ئەسكىرىنىڭ سانىنى 1500 گە يەتكۈزىدۇ ۋە ئەسكەرلىرىنى ھەربىي مەشق بىلەن تەربىيىلەپ كۈچ توپلاشقا تىرىشىدۇ. تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولىدا 1200 ئەسكەر بار ئىدى. ئوسماننىڭ 1100 ئەسكىرىنى ئەگەر تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولى ئاستىدا دەپ ھېسابلىساق، تۆمۈر سىجاڭنىڭ قارمىقىدا 2300 ئەسكەر بولغان بولاتتى. لېكىن ئوسمان تۆمۈر سىجاڭغا تامامەن ئىتائەت قىلىپ كەتمەي، بويۇن تولغاپ تۇراتتى.

تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، ھاپىز لۇيجاڭنى يەكەنگە، ئەخمەت تۇەنجاڭنى يېڭىسارغا ئەۋەتتى؛ مامۇتخان لۇيجاڭ، ھەمدەمبەك ھاجى لۇيجاڭ، سىپتىۋالدىجان ۋە كىچىك ئاخۇنلارنى ئۆز يېنىدا قالدۇردى؛ كورلىلىق ئىلى ھاجى تۇەنجاڭ دېگەن كىشىنى 100 ئەسكەر

بىلەن قاراشەھەردە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان خوجىنىياز ھاجىغا ياردەمگە ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا ما جەنساڭ بىلەن يېقىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ياردەمگە ئەۋەتكەن 100 ئادىمى قىزىل رەختتىن كىيىم كىيىپ، ئات ئۈستىدە ناغرا ـ سۇناي چېلىپ ناھايىتى دەبدەبە بىلەن باشئەگىمگە يېتىپ كەلدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ قولىدا تامامەن ئوقى يوق كالتە كۆسەي قوراللار بار ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە ناغرا ـ سۇناي چالدۇرۇپ، باغلاردا مېھماندارچىلىقتا بولۇپ بىخىرامان يۈرۈۋەردى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى بايلار بىلەن ئاخۇنلار ئورىۋالدى. ئۇ ئابدۇرېھىم بايۋەتچى، ئابدۇللا بايۋەتچى، ئىبراھىم لوزۇڭ قاتارلىق باي سودىگەرلەرگە تۈەنجاڭلىق مەنسەپلىرىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەسكەر ئېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. لېكىن، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان ئوتتۇرىسىدا پىكىر بىرلىكى بولماي، زىددىيەت ۋە سۈركىلىشلەر كۈچىيىپ باردى. ئوسمان تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغانلىقتىن، تۆمۈر سىجاڭ ئورازباي، ئابلا، توختى ۋە ئابدۇقادىر دېگەن تۈەنجاڭلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنى چەتكە قېقىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە ما جەنساڭ تۆمۈر بىلەن ئوسماننى يوقىتىپ، قەشقەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت تۇغدۇرماقتا ئىدى.

خوتەن تەرەپتىكى ئەھۋالغا كەلسەك، خوتەن قوزغىلىڭى 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قارىقاش ناھىيىسىدىن باشلىنىپ، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە پۈتۈن خوتەن تەۋەسىگە كېڭىيىپ، خوتەن ۋىلايىتى پۈتۈنلەي خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ چاغدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ ئۇرۇمچىنى



خەۋپتىن ساقلاش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشقا ھەربىي ياردەم ئەۋەتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھال خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تېز راۋاجلىنىپ ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشىغا ئوبدان پۇرسەت بولدى. تۇرپاندىكى خەلق قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردىمۇ خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشكەن شارائىتتا، بۇ قوزغىلاڭچىلار بىرلىشىپ ئەسكەر چىقىرىپ خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىغا ياردەم ئەۋەتىش كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلالمىدى. بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرى ئاغزىدا «رەھبىرىمىز خوجىنىياز ھاجى» دېيىشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىدىن ھوقۇق تالىشىپ، بىر قوماندانلىق ئاستىغا كېلەلمىدى. ئايرىم قوزغىلاڭ باشلىقلىرى قوزغىلاڭنىڭ تېزگىنىنى قولىغا كىرگۈزىۋېلىپ، خەلقنى ئالداشقا ئۆرۈندى. مەسىلەن، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇھەممەت نىياز ئەلەم ۋە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرالار چەت ئەلدىن يېڭى كەلگەن ساۋۇت داموللا بىلەن بىرلىشىپ، خوتەندە «ھۆكۈمەت ئىسلامىيە خوتەن» ناملىق ھۆكۈمەت قۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى؛ ئاندىن بۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى ئابدۇللانى مىڭلىغان ئادەم بىلەن يەكەنگە ئەۋەتتى. ئابدۇللا يەكەنگە كېلىپ شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى شاھ مەنسۇر دەپ ئاتىدى.

لېكىن، بۇ چاغدا ما دوتەينىڭ يەكەن يېڭىشەھەرگە كىرىپ سولىنىپ قالغان 300 ئەسكىرى تېخى تەسلىم

بولمىغانىدى. ئۇلارنىڭ قوراللىرىغا ما جەنساڭ ۋە شاھ مەنسۇرنىڭ كۆزى چۈشۈپ تۇراتتى. تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىن 300 ئەسكەر بىلەن ئەۋەتكەن ھاپىز لۇجاڭ يەكەنگە بارغاندا، شاھ مەنسۇر دەسلەپ ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق كۆرۈشكەن بولسىمۇ، كېيىن پىكىرلىرى بىر يەردىن چىقماي، ئۆزئارا خاپا بولۇشۇپ قالدى. يەكەن يېڭىشەھەردىكى ما دوتەي ئەسكەرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، شاھ مەنسۇر: يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك، دېسە؛ ھاپىز لۇيجاڭ: ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا تۆمۈر سىجاڭدىن بۇيرۇق يوق، دېگەن. شاھ مەنسۇر: تۆمۈر بىزنىڭ باشلىقىمىز ئەمەس، دېگەن. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ مەرتىۋە تالىشىپ بىرلىككە كېلەلمەي تۇرغاندا، ما جەنساڭ قەشقەردىن يەكەنگە 200 ئەسكەر ئەۋەتكەن. ئۇلار يەكەنگە بېرىپ بىر ئاز ۋاقىت يەكەن كونىشەھەردە تۇرغاندىن كېيىن، بىر كۈنى سەھەردە باشقىلارغا تۇيدۇرماي يېڭىشەھەرگە چىقىپ، ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىۋالغان.

دەل شۇ ۋاقىتتا، خوتەندىن ساۋۇت داموللا يەكەنگە كېلىپ، شاھ مەنسۇرنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىگەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش بولۇپ تۇرغاندا، ما جەنساڭ تۆمۈر سىجاڭغا يەكەن شەھىرىدىكى ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ قەشقەرگە ئەكىلىشكە تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ بەرسە، ئۇلار قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تۆمۈر سىجاڭ تاپشۇرۇپ ئالسا، دېگەن مەزمۇندا خەت يازىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ما جەنساڭنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ (ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە ماقۇل بولۇپ) ھاپىز لۇيجاڭ بىلەن شاھ



مەنسۇرغا «ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرىگە تەگمەي ئۇلارنى قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويۇڭلار» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۇلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، ما دوتەي ئەسكەرلىرىنى يولغا سېلىپ قويىدۇ. لېكىن شاھ مەنسۇر ئىنىسى نۇر مۇھەممەتنى (ئۇنىڭغا «ئىمىر ساھىب» دەپ نام بېرىلگەن) ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرى ھىمىتنىڭ سېيىغا بارغاندا، ئارقا تەرىپىدىن ئىمىر ساھىبنىڭ ئادەملىرى ئوق چىقىرىدۇ. ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرى بۇنىڭدىن قورقۇپ ئالدىغا قاچسا، بىرمۇنچە ئەسكەرلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنىدۇ. ئۇلار «ئەمدى بىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ يوقىتىدىغان بولدى» دەپ تىرە-پىرەن بولۇپ جىنىنىڭ بارىچە قەشقەر تەرەپكە قاچىدۇ. يولدا ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغىنى قەشقەر يېڭىشەھەرگە كىرىپ ما جەنساڭغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، 1933-يىلى 7-ئاينىڭ باشلىرىدا ساۋۇت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇر 1000 پىدائىي بىلەن يەكەندىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردىكى شېرىكلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرماقچى بولغانىكەن. ئۇلار يېڭىسارغا كەلگەندە، تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىن يېڭىسارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەشقەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى سورىغان. ساۋۇت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇر: شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، ما جەنساڭنى قورالسىزلاندۇرۇش كېرەك، — دەيدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلماي، خوجىنىياز ھاجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن پىدائىيلارنى ئەۋەتەيلى، — دەيدۇ. ساۋۇت داموللا

بىلەن شاھ مەنسۇر ما جەنساڭنى قورالسىزلاندۇرماي تۇرۇپ، خوجىنىياز ھاجىغا پىدائىي ئەۋەتمەيمىز، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. تۆمۈر سىجاڭ: ھازىر ما جەنساڭنىڭ 2000 ئەسكىرى بار. ئۇنىڭغا چېقىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەشقەرگە مۇنچە كۆپ ئەسكەر بىلەن بېرىشسىلا، تەمىنات جەھەتتە قىيىنچىلىق بولىدۇ. ئەگەر قەشقەرنى كۆرۈپ باقىدىغان ئىش بولسا، ئازراق ئادەم بىلەن بېرىشسىلا بولىدۇ، ـ دەيدۇ. لېكىن، ئۇلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ سۆزىنى نەزەرگە ئالماي، 1000 ئادىمى بىلەن 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەرگە بارىدۇ. ساۋۇت داموللىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئوسمان ۋە باشقىلار قەشقەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ ساۋۇت داموللىنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئويلاپ تۇرغاندا، ماجەنساڭ تۆمۈر سىجاڭغا «ساۋۇت داموللا ساڭا قەست قىلىدۇ، ئاگاھ بول» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر سىجاڭ 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ساۋۇت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇرنى قورالسىزلاندۇرۇپ ۋە نەزەربەنت قىلىپ، خوتەن پىدائىيلىرىنى تارقىتىۋېتىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ يەنە ئوسماندىنمۇ گۇمانلىنىپ، بىر تۈەن ئەسكىرىنى پەيزاۋاتقا بېرىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئوسمان بولسا، قول ئاستىدىكى سىتىۋالدىجان ۋە يۇسۇپجانلاردىن گۇمانلىنىپ ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ۋە قوراللىرىنى تارتىۋالىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، سىتىۋالدىجاننى ئۆزىگە بىۋاستە قارايدىغان تۈەنجاڭ، يۇسۇپجاننى مۇئاۋىن تۈەنجاڭ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ما جەنساڭ يۇسۇپجاننى مۇئاۋىن تۈەنجاڭ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ما جەنساڭ ئوسمانغا «تۆمۈر سىجاڭ سېنى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،



يوقاتماقچى، جېنىڭنى ياقىغا ئال» دەپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئوسمان 1933 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئادەملىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ، ئۆز يۇرتى قىزىلسۇغا كېتىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ساۋۇت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇرنى قورالسىزلاندۇرغان كۈنىنىڭ ئەتىسى يېڭىشەھەردىكى ئەخمەتجان تۈەنجاڭ بىلەن يەكەندىكى ھاپىز لۈيجاڭغا: ئىككىڭلار ھەمكارلىشىپ، يەكەندىكى ئىمىر ساھىبنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئاندىن خوتەننى ئىگىلەڭلار، دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ؛ ئارقىدىن سىتىۋالدىجان بىلەن كىچىك ئاخۇننى ئىككى لىيەن ئەسكەر بىلەن ھاپىز لۈيجاڭغا ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ھاپىز لۈيجاڭ يەكەندىكى ئىشنى تۈگىتىپ قاغىلىققا بېرىپ، خوتەنلىك پىدائىيلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى يېڭىپ، زاۋىغا يېتىپ بارغاندا، سىتىۋالدىجان بىلەن كىچىك ئاخۇن ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارىدۇ ـ دە، جەمئىي 800 ئادەم بولىدۇ. ئۇلار خوتەنگە يېقىنلاشقاندا، مەمتىمىن ھەزرەت خوتەندىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، ھاپىز لۈيجاڭنى توسۇپ ئىككى كۈن قاتتىق سوقۇشۇپ، ھاپىز لۈيجاڭنى چېكىندۈرىدۇ. ھاپىز لۈيجاڭ گۇمىغا كەلگەندە، ئوسماندىن «تۆمۈر سىجاڭنى ما جەنساڭ ئۆلتۈرۈۋەتتى، تېزدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىڭ» دەپ خەۋەر كېلىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى مۇنداق بولغان: ئوسمان 1933 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قىزىلسۇغا قېچىپ كېتىۋېتىپ، ما دوتەينىڭ لەنگەردىكى ئۆيىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ مىڭيول تەرەپكە قاچىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ دەرھال ھامۇت خان لۈيجاڭنى 600 ئادەم بىلەن ئوسماننى قوغلاشقا لەڭگەرگە ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ما جەنساڭدىن بىر

تۈەن ئەسكەر ياردەم بېرىشنى سورايدۇ. ما جەنساڭ «ماقۇل» دەپ گامازا باشچىلىقىدا بىر تۈەن ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار تۇغراقمازا دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، لەنگەر تەرەپتىن ماشىنا بىلەن كېلىۋاتقان تۆمۈر سىجاڭ ئۇچرايدۇ. گامازا ھۆرمەت بىلدۈرگەن بولۇپ، ھەممە ئەسكەرنى ئاتتىن چۈشۈرىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ گامازا بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا، گامازىنىڭ يېنىدىكى ئەسكەر تۆمۈر سىجاڭنى مىلتىق بىلەن ئاتىدۇ. تۆمۈر شۇ ھامان جان بېرىدۇ. گامازا تۆمۈرنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ بېرىپ، قەشقەردە سازايى قىلىدۇ. شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان يۈسۈپ تۈەنجاڭ، توختى ليەنجاڭ، ئىدرىس ليەنجاڭلار 400 ئادەمنى باشلاپ، شەھەر ئىچىدىكى ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ، ئۇرۇش قاتتىق داۋاملىشىۋاتقاندا، ماجەنساڭ ئوسمانغا: «تۆمۈرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئىنتىقامىڭنى ئېلىپ بەردىم. ئەمدى قەشقەرگە كېلىپ تۆمۈرنىڭ ئورنىغا سىجاڭ بول» دەپ خەت يازىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغىنىغا ئىككى ئاي بولغان، ما جۇڭيىڭمۇ بۇ ۋەقەنى ئۆز ۋاقتىدا ماجەنساڭغا ئۇقتۇرۇپ بولغان، شۇنىڭدەك خوجىنىياز ھاجى 6 - ئايدىلا توقسۇن ئىلانلىقتىن شىرىپ ئاخۇن دېگەن ئادەم ئارقىلىق تۆمۈر سىجاڭغا «ما جۇڭيىڭ بىلەن ئارىمىز بۇزۇلۇپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشتۇق. سىز ماجەنساڭدىن ئاگاھ بولۇڭ ۋە ئۇنى قورالسىزلاندۇرۇڭ» دەپ خەت يازغانىدى. لېكىن، تۆمۈر سىجاڭ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ خېتىدىكىدەك ئىش قىلماي، ئەكسىچە خوجىنىياز ھاجىنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى. ئۇ، «خوجىنىياز



ھاجى ئىمىشقا مۇسۇلمان بىلەن بىرلەشمەي، كاپىر بىلەن بىرلىشىدۇ. مېنىڭ ئىنىم توختى ئېلىنى شىڭ شىسەي ئۆلتۈرگەن، مەن شىڭ شىسەيدىن قىساس ئالماي قويمايمەن» دەپ قارايدۇ ۋە ھەر قانداق ئادەم ما جەنساڭنى قورالسىزلاندۇرۇش ھەققىدە گەپ قىلسا تىڭشىمايدۇ. ۋەھالەنكى، تۆمۈر سىجاڭ ماجەنساڭغا ئىشەنگەن بىلەن ماجەنساڭ تۆمۈر سىجاڭغا ئىشەنمىدى. ماجەنساڭ تۆمۈرگە بىر تەرەپتىن، ما جۇڭيىڭنىڭ سىلىڭلىق مەنسىپىنى ئېلىپ بېرىمەن دەپ، ئۇنى ئۆزىگە ئىشەندۈرمەكچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «سىنىڭ كاللاڭنى ئالىدىغان ئادەم بار، ئاگاھ بول» دېگەن . ھېلى ساۋۇت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇرنى ئوسمانغا يامانلىسا، ھېلى ئوسمان ۋە باشقىلارغا «ئاگاھ بولۇڭلار، تۆمۈر سىلەرنىڭ كاللاڭلارنى ئالىدۇ» دەپ كاللا سوقۇشتۇرۇش تـ كتىكىسىنى قوللانغان. «ئىككى قوشقار سوقۇشقاندا بۆرىنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ» دېگەندەك، ماجەنساڭ شاھ مەنسۇر بىلەن تۆمۈر سىجاڭنى، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسماننى سوقۇشتۇرۇپ، ئۆزى بىر چەتتە ئىشتىھا ساقلاپ، ئاخىرى تۆمۈر سىجاڭنى يەپ كەتتى. تۆمۈر سىجاڭ تەجرىبىسىز بولغانلىقتىن، بىپەرۋالىق قىلىپ، ماجەنساڭنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ھالاك بولدى. نەتىجىدە «ئانىسى غورا يېسە، بالىلىرىنىڭ چىشى قاماپتۇ» دېگەندەك، تۆمۈر سىجاڭنىڭ يېگەن غورىسى كېيىنكىلەرنىڭ چىشىنى قاماتتى.

ئوسمان ماجەنساڭنىڭ «سىجاڭ بول» دېگەن خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە يۇمىلاق شەھەرگە ئورۇنلىشىدۇ. ماجەنساڭ ئوسمانغا 100 ئەسكەر بىلەن سىجاڭلىق تامغىسىنى چىقىرىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما

ئوسمان ماجەنساڭدىن كونىشەھەردىكى ئەسكەرلىرىنى دەرھال يېڭىشەھەرگە ئېلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماجەنساڭ «ماقۇل» دەپ قويۇپ، بۇ ئىشنى ئارقىغا تارتىدۇ. ئوسمان ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك ئەسكەرلەرنى تەشكىللەپ ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى كونىشەھەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئاندىن ئوسمان تۆمۈر سىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ھاپىز لۈيجاڭ ۋە باشقىلارغا خەت يېزىپ «ماجەنساڭنى بۇرۇنلا قورالسىزلاندۇرۇش كېرەك ئىدى. تۆمۈر ئۇنىماي بىخودلۇق قىلىپ، ئاخىرى ئۆز بېشىدىن ئايرىلدى. بۇ خاتالىق تۆمۈرنىڭ ئۆزىدە. ئەمدى ھەممىمىز بىرلىشىپ، تۆمۈرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى» دەيدۇ-دە، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، جەمئىي 1400 ئەسكەر بىلەن يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. كېيىن ئەھمەتجاننىڭ 200 ئەسكىرىمۇ يېڭىسارىدىن كېلىپ قاتنىشىدۇ. بۇ چاغدا يېڭىشەھەردىكى ماجەنساڭنىڭ 1700 ئەسكىرى بار ئىدى. شۇ پەيتتە، ھاپىز لۈيجاڭ تەرىپىدىن يەكەندە قورالسىزلاندۇرۇپ نەزەربەند قىلىنغان ئىمىر ساھىب بوشاپ چىقىپ، 500 پىدائىينى يىغىپ قايتىدىن قوراللىنىدۇ؛ تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە نەزەربەند قىلغان شاھ مەنسۇر بىلەن ساۋۇت داموللىمۇ نەزەربەندلىكتىن بوشىتىلىدۇ. شاھ مەنسۇر قېپقالغان 400 – 500 پىدائىيلىرىنى يىغىپ يەكەنگە كېتىدۇ، ساۋۇت داموللا ئاتۇشقا كېتىدۇ، ئوسمان سىجاڭ بولغاندىن كېيىن، ساۋۇت داموللا يەنە قەشقەرگە كېلىپ، ئوسماننىڭ ماقۇل بولۇشى بىلەن، «ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» قۇرىدۇ. بۇ ئىدارىنىڭ ۋەزىپىسى خوتەندىن ياردەمگە كەلگەن نەرسىلەرنى ھەممە قىسىملارغا ئوخشاش تەقسىم قىلىپ بېرىش



بولۇپ، 1933 – يىلى 8 – ئاينىڭ 15 – كۈنى ساۋۇت داموللا ئىدارە باشلىقى، زىرىپ قارى ھاجى مۇئاۋىن باشلىق بولىدۇ. كېيىن خوتەندىن كەلگەن ماللار ئوسماننىڭ سەمىگە سېلىنمايلا، قىسىملارغا بىۋاسىتە تەقسىم قىلىنغاچقا، بۇنىڭغا ئوسماننىڭ قورسىقى كۆپىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوسماننىڭ مىجەزى چۇس بولغاچقا، قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. ساۋۇت داموللا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن تەييارلىقلاردىن كېيىن 1933 – يىلى 9 – ئاينىڭ 10 – كۈنى «ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى»نى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. 1933 – يىلى 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئېلان قىلىنىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدىكى چاغدا قۇرۇلغان. بۇنىڭغا ساۋۇت داموللا باش ۋەكىل (زۇڭلى)، يۇنۇس بەگ داخىلى (ئىچكى) ئىشلار نازىرى، قاسىمجان ھاجى خارجى (تاشقى) ئىشلار نازىرى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مائارىپ نازىرى، ئورازبېك مۇداپىئە نازىرى، ئەلى ھاجى قۇربانى مالىيە نازىرى، ھاجى ئەلەم ئاخۇن دۆلەت ئىشلىرى كېڭەشىنىڭ باش كاتىپى، زىرىپ قارى ھاجى ئەدلىيە نازىرى، ئۇبۇلھەسەن ھاجى دېھقانچىلىق-سودا نازىرى، شەمشىدىن دىنىي ئىشلار نازىرى، ئابلا ھاجى سەھىيە نازىرى بولغان؛ رەئىسلىكنى خوجىنىياز ھاجىغا ئېلىپ قويغان. بۇ چاغدا ئوراز لۈيجاڭ، ئابدۇللا لۈيجاڭ، قۇشمەت تۇەنجاڭلار 600 ئادىمى بىلەن ئوسماندىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ساۋۇت داموللىنى قوللايدۇ. ئوسمان 300 ئادىمى بىلەن چەتتە قالىدۇ. ھاپىز لۈيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلار بولسا ھېچقايسى تەرەپكە قوشۇلمايدۇ. بۇنىڭ

بىلەن يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىش ۋە يېڭى قۇرۇلغان جەمئىيەتنى قوغداش پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇ. چۈنكى ئۇلار: ساۋۇت داموللا ھامان بىزنى چەتكە قاقىدۇ، دەپ گۇمان قىلىشاتتى. دېگەندەك، ئۇلار چەتكە قېقىلغانلىقتىن، ھاپىز لۈيجاڭ بىرنەچچە ئادىمى بىلەن بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ چېدىر يېزىسىغا يېتىپ كەلدى (مەھمۇت سىجاڭ شۇ يېزىدا ئىدى)؛ ھەمدەمبەك ھاجى لۈيجاڭ بىرنەچچە ئادىمى بىلەن كورلىغا، ھامۇتجان لۈيجاڭ بىر ئاز ئادىمى بىلەن بايغا كەتتى.

ئوسمانمۇ چەتكە قېقىلغاندىن كېيىن 1933 - يىلى 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا 300 ئادىمى بىلەن تاغقا چىقىپ كەتكەن. ئەمما ساۋۇت داموللا كېيىن ئۇنى ئادەملىرى بىلەن تاغدىن قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىپ، قوراللىرىنى ئېلىۋېلىپ بىكارچى قىلىپ قويغان. بۇ ۋاقىتتا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئىختىيارىدا ئالتە لۈي، 12 تۈەن (جەمئىي 3000) ئادەم بولۇپ، بۇلاردىن 2400 ئادەم قەشقەر يېڭىشەھەرنى قورشاپ تۇرغان؛ يۈسۈپجان تۈەنجاڭ 400 ئادەم بىلەن قەشقەر كونىشەھەرنى ساقلىغانىدى. يەكەندىن چەرچەنگىچە بولغان 12 ناھىيىنى مەتىمىن ھەزرەت، قەشقەر تەۋەسىدىكى توققۇز ناھىيىنى «ئىستىقالىيەت جەمئىيىتى»، ئاقسۇ تەۋەسىدىكى توققۇز ناھىيىنى باي سىجاڭ ئىدارە قىلاتتى. قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر ئۈچ ۋىلايەت كۆرۈنۈشتە خوجىنىياز ھاجىغا ئىتائەت قىلاتتى. 1933 - يىلى 8 - ئايدىن 10 - ئايغىچە يېڭىشەھەر ئۇرۇشىدا ھېچقانداق نەتىجە كۆرۈلمىدى. ساۋۇت داموللا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي شاھ مەنسۇر 500 - 600 پىدائىي



بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىشقا كېلىدۇ. ماجەنساڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، 300 ئەسكىرىنى شاھ مەنسۇر پىدائىيلىرىنى توسۇشقا چىقىرىدۇ. شاھ مەنسۇرپىدائىيلىرى چېكىنىپ، 1933 - يىلى 12 - ئايدا يېڭىسار تەۋەسىگە كېتىدۇ. شاھ مەنسۇر بۇ پىدائىيلىرىدىن 200نى يېڭىساردا قالدۇرۇپ، قالغان پىدائىيلىرى بىلەن يەكەنگە قايتىپ، ئىنىسى نۇر مۇھەممەتنى 500 پىدائىي بىلەن يېڭىسارغا قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە ئەۋەتىدۇ.

## 2. خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭ 1500 گە يېقىن پىدائىينى باشلاپ، ئۈچتۇرپاندىن قاخشال يولى بىلەن ئاتۇشقا باردى. ئاتۇش خەلقى بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى.

خوجىنىياز ھاجى تىجەندىكى ئەمەت ھاجى (پاكار) نىڭ ئۆيىگە، مەھمۇت سىجاڭ ياقۇپ ھاجى (ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ دادىسى) نىڭ ئۆيىگە چۈشتى. قەشقەردىكى ساۋۇت داموللا ۋە يۈسۈپجانلار خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئاتايىن ئاتۇشقا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇئامىلىسى قىزغىن بولمىدى. سۆھبەت ئىچكىركى ئۆيدە ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. مەن ئۆيدە نېمە پاراڭ بولىۋاتقانلىقىنى تولۇق بىلمىگەن بولساممۇ، لېكىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھويلىغا چىقىپ: «قەشقەرگە كىرمىسەم كىرمەيتمەن، مەن تاغلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلىپ ئۆگەنگەن. ئاتۇش تاغلىرىدا ئۇرۇش قىلىۋېرىمەن»

دېگىنىنى ئاڭلاپ بۇ سۆھبەتنىڭ بىزنىڭ قەشقەرگە كىرىش - كىرمەسلىكىمىز مەسىلىسى ئۈستىدە بولىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇلار بىرنەچچە سائەت سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، قالدى سۆزلەرنى قەشقەردە دېيىشىدىغان بولۇپ، ساۋۇت داموللىلار قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن بىز قەشقەرگە بارىدىغان بولدۇق. يولغا چىقىش ئالدىدا مەھمۇت سىجاڭ بىزگە: قەشقەردە ئەھۋال ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە چىگىش، بەزىلەرنىڭ پەيلى يامان، ھوشيار بولۇڭلار، ھاجى ئاكىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن چۈشكەن ئورۇندىن يىراق كەتمەڭلار، قول ئاستىڭلاردىكى ئەسكەرلەر رۇخسەتسىز سىرتقا چىقىپ چېچىلىپ كەتمىسۇن. ھەرقانداق ئىشقا تاقابىل تۇرۇشقا تەييار تۇرۇڭلار، قولۇڭلاردىكى قوراللاردىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماڭلار، - دەپ قاتتىق جېكىلىدى. بىز قەشقەرگە كىرگىچە، قەشقەر خەلقى ھەممە يەردە دېگۈدەك چارجاڭ قىلىپ بىزنى قىزغىن قارشى ئېلىشقا تەييارلىق قىپتۇ. قەشقەر خەلقى بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى؛ تۆشۈك دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە كىرگىنىمىزدە، شەھەردىكى ھەر ساھە خەلقى، ئوقۇغۇچىلار، پىدائىي ئەسكەرلەر، ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار، ئىدارە خىزمەتچىلىرى، چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ، داقا - دۇمباقلار بىلەن بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى.

لېكىن، قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى مەھمۇت سىجاڭ ئېيتقاندەك ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ يەردە ھەرخىل ھەربىي كۈچلەر ۋە بۇ ھەربىي كۈچلەرنىڭ ئارىسىغا



كىرىۋالغان چەت ئەل ئىشپىيونلىرىدىن باشقا، ئۆز ۋاقتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى چىقىپ، جۇڭگوغا قېچىپ كېلىۋالغان ۋە كېيىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» تەركىبىگە كىرىپ قوماندان بولىۋالغانلار؛ ئىلگىرى تۆمۈر سىجاڭغا سادىق بولۇپ، كېيىن خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلار تەرەپكە قوشۇلغان ھاپىز لۈيجاڭ، ھەمدەمبەگ ھاجى لۈيجاڭ، ھامۇتخان لۈيجاڭغا ئوخشاش قوماندانلارمۇ بار ئىدى. ئوسمان بولسا ئۇ چاغدا يەكەندە نەزەربەند ئاستىدا ئىدى. قەشقەردىكى ھەربىي كۈچلەر گەرچە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە ئىتائەت قىلىپ، يېڭىشەھەردىكى ماجەنساڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلاتتى؛ بۇ ھەربىي كۈچلەرگە بىرتۇتاش ھەربىي قوماندانلىق يوق ئىدى. بىرلىككە كەلگەن ھەربىي ئىنتىزامدىن ھەرگىز ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. شۇڭا، بۇ قىسىملار ئۆزئارا ماسلىشالمايتتى. ئۇرۇش ۋاقتىدا پىدائىي ئەسكەرلەر خالىسا مىلتىقلىرىدىن ئوق چىقىرىپ، خالىمىسا سېتىپ ئايرىلىپ ئۆزى بىلگەن يەرگە كېتىۋېرەتتى. قىسقىسى، باشباشتاقلىق، قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن، ھەركىم ئۆزىگە بەگ-ئۆزىگە خان بولىۋالغان؛ ھەركىم ئۆز كۈچىنى خوراتماسلىقنىڭ كويىدا ئىدى. قەشقەردە بۇ ئەھۋال بىرقانچە ئاي داۋاملاشقاچقا، يېڭىشەھەرنى قورشاپ ماجەنساڭغا زەربە بېرىش غەلىبە قىلالماي تۇرۇۋەردى.

خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى باردى. بىز قارشى

ئېلىشقا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇغان غەزەللىرىنى زادىلا چۈشىنەلمىدۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ «... سۆر بىزى ئالتايلەرە، تۇرپانلەرە، سۆر بىزى تارىغلەرە ـ ئىنسانلەرە» دەپ ئوقۇغانلىقى ھېلىغىچە ئېسىمدە. مەن شۇ چاغدا باشقىلاردىن سوراپ بۇ غەزەلنىڭ تۈركچە غەزەل ئىكەنلىكىنى، مەنىسى «بىزنىڭ ئەسلىمىز ئالتاي ۋە تۇرپاندىن، بىز تارىختىن تارتىپ ئىنسان بولۇشقا ھەقلىقمىز» دېگەندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. بۇ چاغدا قەشقەردە تۈركىيىدىن كەلگەن ياكى تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا تۈركچە غەزەل ئۆگەتكەنىكەن. بىزنى قارشى ئالغىلى چىققان ئەسكەرلەرنىڭ غەزەللىرىدىنمۇ «ئىنگىلىزلار باتۇر ئولاچاق، ئايروپىلانلىرى ئىگىز ئۇچاچاق» دېگەن جۈملىلەرنى ئاڭلاپ قالدۇق. بىز قەشقەر كونىشەھەرگە كىرىپ دوتەي يامۇلىغا (ھازىرقى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورنىغا) چۈشكەندۇق. ئۇ ۋاقىتتا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى»مۇ كونىشەھەردە ئىكەن. ئەتىسى بىرقانچىمىز شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇق. ھېيتكا ئالدىغا بارساق، ئۇنىڭ يان كوچىسىدىكى ئىككى ھامام (مۇنچا) نىڭ ئەتراپىدىكى تۈۋرۈك ۋە تاملاردا بېغىشىدىن كېسىلگەن بىرقانچە قوللار مىخلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئەتراپتىكىلەردىن: بۇ ـ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سورىساق ئۇلار: بۇ ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى، شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە، ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى كېسىۋېتىلىپ، مۇشۇنداق سازايى قىلىنىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. كوچىلاردا يۈزى ئوچۇق ئاياللارنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەگەر بىرەر ئايال ئىلىم ـ سىتىم سەۋەبى بىلەن يۈزىنى ئازراق ئوچۇق قويغان



بولسا، قولىدا دەررە كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئاتلىق كىشىلەر ئۇنى «يۈزۈڭنى ياپ!» دەپ قولىدىكى دەررە بىلەن ئۇرىدىكەن.

بىز بازارنى ئايلىنىپ يۈرسەك ئۇدۇل تەرىپىمىزدىن ئىككى ئەسكەر چىقىپ قالدى. ئۇلار بېشىغا كەمچەت تۇماق كىيگەن، بوينىغا شارپا ئورىغان بولۇپ، بېلىدە ئادەتتىكى تاسما، مۈرىسىدە مىلتىقى بار ئىدى. بىرسىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن يانچۇق سائىتىنىڭ زەنجىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار كېلىشى بىلەن تەڭ ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇلاردىن تەپتارتىپ دەرھال ئورۇن بوشىتىپ بېرەتتى. ئۇلار بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتكەندە، بىر-بىرىگە بىزنى كۆرسىتىپ: مۇشۇ ئەسكەرلەر نېمىگە يارايدۇ! ـ دەپ بىزنى زاڭلىق قىلىشتى. دېمىسىمۇ بىزنىڭ مۈرىمىزدە مىلتىق بولغان بىلەن ئۈستىبېشىمىز پاسكىنا، كىيىملىرىمىز يىرتىق، ئەپتى ـ بەشىرىمىز يىركىنىشلىك ئىدى. شۇڭا، بازاردىكى كىشىلەر بىزدىن قىلچىمۇ تەپتارتىپمۇ قويمايتتى. دېمەك، ئۇ چاغدىكى قەشقەردە ھەربىر گۇرۇھنىڭ پىدائىيلىرى ناھايىتى پۇزۇر كىيىنىپ سۆلەتلىك يۈرىدىكەن. بازار ئايلىنىپ بېرىپ، ئادەم بىلەن لىق توشقان بىر سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. كىشىلەردىن سورىساق، ئۇ ھىندى سارىيى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىگە پۈتۈنلەي ھىندىستان سودىگەرلىرى ئورۇنلاشقان. سارايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىساق، ھىندىلار ئۇيەر ـ بۇيەردە چىلىم چېكىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. بىز يەنە كىشىلەردىن: قەشقەردە ھىندىلارمۇ بار ئىكەنـھە؟ دەپ سورىساق، ئۇلار: قەشقەردە ھىندىلارلا ئەمەس، ئىنگىلىز، ئافغان، تۈرك، شىۋىت، ئورۇسلارمۇ بار، يەنە تېخى ئىنگىلىز ۋە ئورۇسلارنىڭ

كونسۇللىرىمۇ بار، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بىز ئانچە يىراق كەتمەي، چۈشكەن جايىمىزغا قايتتۇق. دوتەي يامۇلىدىن ھېيتكا تەرەپكە كېلىشتە، كوچا تاملىرىغا ئانچە سەپسالمىغان ئىكەنمىز، قايتىشىمىزدا بەزى تاملارغا «خىتايلارنىڭ ئۆزىمۇ كېرەك ئەمەس، سۆزىمۇ كېرەك ئەمەس» دېگەن شوئارنىڭ چاپلانغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ شوئارنى ئەكسىيەتچى ھاجى ساۋۇتداموللا تەرەپدارلىرى چاپلىغانلىقى مەلۇم ئىدى. لېكىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ پىدائىيلىرى قەشقەرگە كېلىشى بىلەنلا مۇنداق شوئارنىڭ چاپلىنىشى بىزنى ھەيران قالدۇردى. بىز ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كوچىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزنى بولۇپمۇ تامغا چاپلانغان ھېلىقى ئەكسىيەتچى شوئارنى نىياز فۇگۇەنجاڭغا دوكلات قىلساق، ئۇ كىشى: ھە، بۇ ئىشلار بىزنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشكىنىمىزنى ياقتۇرمايدىغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قىلغان ئىشى، دەپ جاۋاب بەردى.

مەھمۇت سىجاڭ قەشقەرگە كېلىپ 3 ـ كۈنى يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋەزىپىسى بىلەن چىقىپ كەتتى. مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىغا قاتتىق ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنى ھەر دائىم ئاسرايتتى. خوجىنىياز ھاجىمۇ مەھمۇت مۇھىتىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ يېڭىشەھەرگە مېڭىش ئالدىدا، ۋالىي يۇنۇس بەگنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا: «مەن سىزگە تەكرار ئېيتىمەن، مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالماڭ: ھەممە ۋاقىت ھاجى ئاكامنىڭ (خوجىنىياز ھاجىنىڭ) يېنىدىن يىراق كەتمەڭ، بولۇپمۇ قەشقەردىكى مەشھۇر زاتلار ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن كۆرۈشكەندە سىز بىللە بولۇڭ. ھاجى ئاكام قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان ئادەم، گەپنى ئۇدۇل قىلىۋېرىدۇ. ئەگىتمە گەپلەر بىلەن خۇشى



يوق، بەزىلەر گەپنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، ئارىدا كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا بولۇپ قالمىسۇن. ھاجى ئاكامنىڭ سۆزىنى باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن لازىم بولغان يەردە قوشۇمچە قىلىپ قويارسىز. بىز ئىلاجى بار ئىتتىپاق بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدىكى دۈشمەننى (ماجەنساڭنى) تېزدىن تار ـ مار قىلايلى. كېيىنكى ئىشلارنى ۋاقتىدا كۆرەرمىز. بەنە جېكىلەيدىغىنىم ـ ھاجى ئاكامنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىغا بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇڭ» دەپ تاپىلىدى. دەرۋەقە، خوجىنىياز ھاجى قەشقەر كونىشەھەردە تۇرغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپ، بىرقانچە كۈنگىچە ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەھەرنىڭ ھەر ساھە كىشىلىرىدىن باشقا، چەت مەملىكەتلەرنىڭ دىپلوماتىك ئادەملىرىمۇ بار ئىدى.

## 3 . قەشقەر يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسى

مەھمۇت سىجاڭ يېڭىشەھەرگە يېتىپ بارغىچە، يېڭىشەھەرگە ئالدىن بارغان ھەربىي كۈچلەر ئۇرۇشتا ئالغا بېسىشقىمۇ، ئارقىغا چېكىنىشكىمۇ پايدىلىق، شارائىتى ياخشى يەرلەرنى تاللاپ ئورۇنلىشىپ بولغانىكەن. پەقەت ئادەم ئورۇنلاشمىغان بارىن تەرەپلەر مۇداپىئەلىنىشكىمۇ ۋە ئالغا بېسىشقىمۇ ئەپسىز جاي بولغاچقا، ئۇ يەرگە ھېچكىم بارماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماجەنساڭنىڭ ئاساسىي كۈچىمۇ شۇ يەرگە جايلاشقانىكەن. بىز بارىن تەرەپكە بېرىپ ئورۇنلىشا ـ ئورۇنلاشمايلا، دۈشمەنگە ھۇجۇم باشلىدۇق. دۈشمەن ھە دېگەندىلا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى

ئارقىمىزغا چېكىندۇردى، بىرئاز چىقىم تارتتۇق. ھەتتا يېرىم كېچىدە بىزنىڭ ئالدىنقى سەپ پوستلىرىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ مىلتىق ۋە قول بومبىلىرىنى تارتىۋاپتۇ. ئەتىسى دۈشمەن ئاكوپىدا بومبا پارتلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. كېيىن ئۇقساق، ئۇلار بىزنىڭ پوستلىرىمىزدىن ئېلىۋالغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قول بومبىسىنى ئېتىشنى بىلمەي، ئۇياق-بۇيىقىنى بۇراپ ئولتۇرغىنىدا، بومبا تۇساتتىن پارتلاپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ بەش ئادىمى ئۆلۈپتۇ.

بىز دۈشمەن بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلغاندىن كېيىن، قەدەممۇ قەدەم ئالغا بېسىپ، ماجەنساڭنىڭ سېپىل تېشىدىكى ئەسكەرلىرىنى سۈرۈپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن سېپىل تۈۋىگە يېتىپ باردۇق. دۈشمەنمۇ ئاساسىي كۈچىنى سېپىل تۈۋىگە توپلاپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەھمۇت سىجاڭ يېڭىشەھەرنى قورشاپ تۇرغان ھەربىي كۈچلەرگە كېچىدە بىرلا ۋاقىتتا ھەممە بىردەك ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى ۋە يېرىم كېچە بولغاندا بىزگە سېپىلگە چىقىشقا بۇيرۇق بەردى. بىز شوتا قويۇپ سېپىلغا چىقىۋاتساق، خەندەكتىن ئۆتۈشكە قويغان شوتا سۇنۇپ كېتىپ، بىرقانچە ئەسكەرلىرىمىز خەندەككە چۈشۈپ كەتتى. بۇنى دۈشمەنلەر سېزىپ قېلىپ، سېپىلغا چىقىشىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى. ئاندىن بىز ناچۇق دەرۋازىسىدا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردۇق. لېكىن شەھەر ئەتراپىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە ئورۇنلاشقان ھەرقايسى گۇرۇھ پىدائىيلىرى بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزغا ماسلىشىپ بەرمەستىن، بەلكى چەتتە قاراپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن 20 كۈن ئۆتۈپ



كەتتى. دەل شۇ كۈنلەردە ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككى تۈمەن ئاتلىق ئەسكىرى ئاقسۇدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرلەر كەلگەنىدى. خوجىنىياز ھاجى ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پەيزاۋاتقا كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى توسۇش ئۈچۈن بىرنەچچە يۈز ئادەم بىلەن يامانيار دېگەن يەرگە كەتتى. ئۇلار ئۇ يەردە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ كۈچى ئاجىزكېلىپ قېلىپ، قەشقەر كونىشەھەرگە چېكىندى. شۇ كۈنى كېچىدە، خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت سىجاڭنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇنىڭ كونىشەھەرگە قايتىپ كېلىشىگە بۇيرۇق بەردى. مەھمۇت سىجاڭ پىدائىي ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شۇ كېچىدىلا كونىشەھەرگە قايتىپ كەلدى. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەر يېڭىشەھەرگە كېلىپلا ماجەنساڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. شەھەر ئىچى پاتىپاراق بولۇپ، بىر قىسىم پۇقرالار شەھەردىن يېزىلارغا چىقىپ كەتتى. ساۋۇت داموللىنىڭ ھەربىي ۋە مۈلكى ئەمەلدارلىرىمۇ شەھەرنى تاشلاپ ھەريەر-ھەريەرلەرگە چېچىلىپ كەتتى.

خوجىنىياز ھاجى دوتەي يامۇلىدىن چىقىپ، يارباغ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بارسا، ئۇ يەردە ھېچقانداق يەرلىك ئادەمنى ئۇچرىتالمىغاندىن كېيىن، قۇمدەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. لېكىن، دەرۋازا ئىچىدىن تاقىلىپ، يوغان قۇلۇپ سېلىپ قويۇلغانىكەن. قۇلۇپنى كىمنىڭ سالغانلىقى، ئاچقۇچىنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭ بۇ يەردە نېمە سىر بارلىقىنى، بۇ كىمنىڭ سۇيىقەستى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، قۇلۇپنى چېقىپ دەرۋازىنى ئېچىشقا

بۇيرۇق بېرىپتۇ. پولات تۇەنجاڭ بىر يەردىن پالتا تېپىپ كېلىپ، قۇلۇپنى چېقىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. خوجىنىياز ھاجى شۇ كۈنى بىرىم كېچىدە قەشقەر شەھىرىنى تاشلاپ، توققۇزاق ۋە بۆرى خىتاي (ھازىرقى بۇلاقسۇ) ئارقىلىق يېڭىسارغا يۈرۈپ كەتتى.

## 4. خوجىنىياز ھاجى قەشقەرنى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن

خوجىنىياز ھاجى قەشقەرنى تاشلاپ يېڭىسارغا بارغاندا، نۇرمۇھەممەت (ئۆمەر ساھىب) بىرنەچچە يۈز پىدائىي لەشكىرى بىلەن يېڭىساردا، ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇللا (شاھ مەنسۇر) بىرەر مىڭ پىدائىي لەشكىرى بىلەن يەكەندە ئىكەن. خوجىنىياز ھاجى ئۆمەر ساھىب بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، يەكەنگە بېرىپ ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلىشىشتىكى مەقسىتى ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قارشى جەڭ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئابدۇللا مىڭلىغان ئادىمىنىڭ قولىغا چوماق تۇتقۇزۇپ «شاھ مەنسۇر ئاتا، دۆلىتىڭىز مىڭلار ياشا» دەپ داقا ـ دۇمباق بىلەن غەزەل ئوقۇتۇپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ كۈچىنى نامايىش قىلدى. ئۇلار داقا ـ دۇمباقنى قانچە ئۇرسىمۇ، ئادەملىرىنىڭ قوراللىرىنىڭ تايىنى يوق، جەڭگىۋارلىقىنىڭ ناچار ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارغا قانچە يېقىنلاشقان بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى «پادىشاھ» دەپ ھېسابلاپ، خوجىنىيازنىڭ شىڭ



شىسەي بىلەن بىرلەشكەنلىكىگە نارازى بولۇپ، قورسىقىدا غۇم ساقلىغان. شۇنداقلا ئۇلار يەنە ھەرقانداق دۈشمەنگە چوماق تۇتقان پىدائىيلىرىم بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا قادىرمەن، دەپ قارايتتى.

بۇ چاغدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ باشلىقلىرى ئۆزى خالىغان تەرەپلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، قورچاق ھۆكۈمەتنى ساۋۇت داموللا يېڭىسارغا كۆچۈرۈپ كەتكەنىكەن. خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماي، ئابدۇللانىمۇ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ، يەكەندىن چىقىپ ئىلىشقۇنىڭ بازىرى، ئەيسانىڭ ئاۋىتى، تىرىم ۋە يوپۇرغا ئارقىلىق چوكانيارغا كېلىپ جايلاشتى؛ ئاندىن ئۇ يەردە قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىق كۆردى. قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭنىڭ چوكانيارغا ئورۇنلاشقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، چوڭ يول بىلەن ماڭماي، شىمال تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شاپتۇللۇققا يەنى مەھمۇت سىجاڭ تۇرغان جاينىڭ ئارقا تەرىپىگە يۈرۈش قىلغانىكەن. مەھمۇت سىجاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىزگە شاپتۇللۇقنىڭ جەنۇبىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پەيزاۋاتنىڭ ناھىيە بازىرىغا كىرىشىمىز توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. چۈنكى شۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى 50 كە يېقىن ئادىمى بىلەن پەيزاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بىخىرامان ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئەگەر مەھمۇت سىجاڭ شاپتۇللۇقنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈۋالمىسا، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ شاپتۇللۇققا كىرىپ خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇۋېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا، بىز مەھمۇت سىجاڭغا ئەگىشىپ كېچىچە يول مېڭىپ، پەيزاۋات

بازىرىغا ئۆتتۈۋالدۇق. مەھمۇت سىجاڭ دەرھال خوجىنىياز ھاجى، لۇيجاڭ ۋە تۇەنجاڭلار بىلەن بىرلىكتە كېڭىشىپ، ئەگەر پەيزاۋات بازىرىدا ئۇرۇش بولسا پۇقرالارنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى.

## 5. قاۋۇل كۆۋرۈكىدىكى ئۇرۇش

بىز پەيزاۋات بازىرىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر شەرق تەرەپتىكى چوڭ يول ئۈستىگە يەنى قاۋۇل كۆۋرۈكى دېگەن جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. ئەتىسى، دېگەندەك دۈشمەنلەر 300 ئاتلىق يېتىپ كەلدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىردىنلا بىزگە ئوت ئاچتى. مەھمۇت سىجاڭ ئۆز پىدائىيلىرىنى چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى 100 ئادەم بىلەن چوڭ يولنى توسۇپ تۇردى. ئۇ، بىزگە بۇيرۇقلا: دۈشمەن 400 مېتىر يېقىن كەلمىگىچە ئوق چىقارماڭلار، — دەپ تاپىلىغانىدى. بىز شۇ بويىچە ئوق چىقارماي چەنلەپ تۇرۇپ، دۈشمەن 400 مېتىر يېقىنلاشقاندا ئاندىن ئوق چىقىرىشقا باشلىدۇق. دۈشمەن قوشۇنىدىكىلەر ئالدىدا بايراق كۆتۈرگىنىدىن تارتىپ قاتىرىسىغا ئارقا-ئارقىدىن دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئالدىدىكى قىسمى يىقىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قالغانلىرى ئارقىغا قاراپ قاچقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ بىرقىسىم ئاتلىرىغا ئوق تەگدى؛ يەنە بىر قىسىم ئاتلىرى چۈشكىنىگە قارىماي، ئۇدۇلدىن بىز ئىگىلىرىنىڭ ئۇچۇپ تەرەپكە چېپىپ كەلدى. بىز ئۇ ئاتلارنى بىر-بىرلەپ تۇتۇۋالدۇق. بىراق، ئات ئىگىلىرىنىڭ قورالىنى ئولجا



ئالالمىدۇق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يىقىلغان يېرى تۈپتۈز ئوچۇقچىلىق بولۇپ، يەنە بىرقىسىم دۈشمەن بىزگە ئۇزمەي ئوق چىقىرىپ تۇرغاچقا، ئۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق. دۈشمەن تەرەپمۇ بىرھازاغىچە ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي، بىر ئىزدا تۇرۇپ قالدى. ئاخىر دۈشمەن چېكىندى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنە بىزگە ئوت ئاچتى. ئۇرۇش يېرىم كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، بىزنىڭ غەرب تەرىپىمىزدىكى سولقانات پىدائىيلىرىمىز چېكىنىشكە باشلىدى، ئارقىدىن ئوڭ قانات پىدائىيلىرىمىزمۇ چېكىنىشكە باشلىدى. ئەمما، مەھمۇت سىجاڭ چېكىنمەي ئوتتۇرا يولدا تۇرۇۋالدى. شۇ ئارىدا سول تەرىپىمىزدىكى دۈشمەنلەر ئارقا تەرىپىمىزگە ئۆتۈپ كەتتى. ئوڭ تەرىپىمىزنىڭ يەر شارائىتى سازلىق بولغاچقا، ئۇ يەردىكى دۈشمەننىڭ ھەرىكىتى ئاستىراق بولدى. شۇنداقتىمۇ، بىز ئىلاجىسىز قېلىپ چوڭ يولنى تاشلاپ چېكىنىشكە باشلىدۇق. دۈشمەنلەر مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئوتتۇرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئاق ئېتىدىن بىلىۋېلىپ، ياندىن ۋە ئارقا تەرىپىمىزدىن ئات سېلىپ، بىزنى ئورىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇلارنىڭ مەقستى مەھمۇت سىجاڭنى تۇتۇۋېلىش ئىدى. باشقا كەلگەندە باتۇر بولماي ئامال يوق. مەھمۇت سىجاڭنىڭ يېنىدىكى بىز 30 چە پىدائىي دۈشمەننى توسۇپ ئېتىپ تۇرۇپ، مەھمۇت سىجاڭنى يولغا سېلىۋەتتۇق. مەھمۇت سىجاڭ ئۇزاپ كەتكەندە ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ، دۈشمەن يېقىنلاشسا يەنە توسۇپ ئېتىشىپ، مەھمۇت سىجاڭنى قاچۇرۇپ تۇردۇق. مۇشۇنداق بىرقانچە قېتىم تەكرارلىنىش بولدى. ئەڭ قورقۇنچلىقى - مەھمۇت سىجاڭ ئىككى قېتىم دۈشمەنگە

تۇتۇلۇپ قالغىلى تاس قالدى. شۇنداق خەتەرلىك دەقىقىلەردىن قۇتۇلۇپ، لىڭكۇنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ توپتوغرا مەكىتكە يول ئالدۇق.

مەكىتكە بارغاندىن كېيىن، مەھمۇت سىجاڭ بىر قانچىمىزنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى. شۇ قاتاردا مېنىمۇ پەيجاڭلىقتىن لىيەنجاڭلىققا ئۆستۈردى. بۇ مېنى ئىككىنچى قېتىم ئۆستۈرۈش ئىدى. بىرىنچى قېتىم 1933 - يىلى يازدا، كورلا باشئەگمىدىكى دەسلەپكى ئۇرۇشتا مەھمۇت مۇھىتىغا ئوق تېگىپ، ما جۇڭيىڭغا تۇتۇلۇپ قېلىش خەۋپى ئاستىدا قالغاندا، بىر يەتتە-سەككىز پىدائىي ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغىنىمىز ئۈچۈن بىرقانچىمىزنى جۈملىدىن مېنىمۇ بەنجاڭلىقتىن پەيجاڭلىققا ئۆستۈرگەنىدى.

خوجىنىياز ھاجى 200 گە يېقىن پىدائىي بىلەن پەيزاۋاتتىن ئاتۇشقا كەتكەنىدى. دۈشمەنلەر بۇنى تۇيۇپ قېلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى. نەتىجىدە، ئىككى تەرەپ ئاتۇش ئاغىدا ئۇرۇش قىلدى. ئاخىر خوجىنىياز ھاجى ئەركەشتام تەرەپكە يول ئېلىپ، سوۋېت چېگرىسى سىمخانىغا باردى. قەشقەردىكى يۇسۇپچان قۇربېشى ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتۇشتا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوپالدىن قەشقەر كونىشەھەرگە كېلىپ، شۇ يەردىكى ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئوت ئاچقانىدى. شەھەر خەلقى ئۇلارغا دۇئا قىلىپ، تىلەكداشلىق بىلدۈردى. بىراق، يۇسۇپچان قوزغىغان ھۇجۇم غەلىبە قىلالمىدى. نەتىجىدە، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەر خەلقىنى «بىزگە قارشى تۇرۇپ يۇسۇپچانغا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنلەر» دەپ ئالدىغا ئۇچرىغانلا كىشىنى قىرىپ - چېپىپ، چوڭ قىرغىنچىلىق



قىلدى. ئارقىدىن يەنە يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىمىر ساھىب (نۇرمۇھەممەت) قوشۇنىنى قورشىۋالدى.

## 6. يېڭىسار ئۇرۇشى

مەھمۇت مۇھىتى مەكىتتە بىر نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، تىرىمنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۆكرابانقا يېرىپ يەكەندىكى خوتەن پىدائىيلىرىنى يېڭىساردىكى ئىمىر ساھىبنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا تەشەببۇس قىلدى، ئۆزى بىرنى باشلاپ يېڭىسارغا يۈرۈپ كەتتى. مەھمۇت سىجاڭ يېڭىسارغا بېرىپلا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە ئوت ئاچتى. ئىمىر ساھىب يېڭىسارنىڭ سېپىلى ئىچىگە 400 چە پىدائىيلىرى بىلەن سولىنىۋالغان ۋە سېپىل دەرۋازىسىنى ئىچىدىن تاقاپ خىش قوپۇرۇۋەتكەنىكەن. بۇ پىدائىيلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قولىدا ئوقى يوق ھەرخىل ناچار مىلتىق بولسىمۇ، كۆپىنچىسىنىڭ قولىدا چوماقلا بارئىدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى سېپىلنىڭ شەرقىي سىرتى تەرەپتىكى ياغاچچىلار مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان. سېپىل ئىچىدە پۇقرالار ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى، سېپىل سىرتىدىكى بازار ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكىمۇ ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئۆيلىرىنى تاشلاپ، سەھرالارغا تارقاپ كەتكەن ياكى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋەتكەن. سېپىل سىرتىدا پەقەت ئاز ساندىكى يېتىم - يېسىرلار قالغان.

مەھمۇت سىجاڭنىڭ مەقسىتى بىر تەرەپتىن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئىمىر ساھىبنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇش ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئىمىر ساھىب پىدائىيلىرىنى تونۇيدىغان بىرقانچە خوتەن

مۆتىۋەرلىرىنى ئات سېلىپ بېرىپ، سېپىل ئىچىدىكى ئىمىر ساھىب پىدائىيلىرىنى چېكىنىپ چىقىشقا دەۋەت قىلدۇردى. ھەتتا مەھمۇت سىجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان پىدائىيلاردىن ئىسكەندەر ئابدىمۇ سېپىل تۈۋىگە ئاتلىق بېرىپ، سېپىل ئۈستىدىكى پىدائىيلارغا: مەھمۇت سىجاڭ سىلەرنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دەرھال سېپىل تېشىغا قايتىپ چىقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ، - دەپ جېكىلەپ قايتىپ كەلدى. بىراق، ئىمىر ساھىب سېپىلنى تاشلاپ چىقماي «دۈشمەن سېپىل ئىچىگە كىرەلمەيدۇ» دېگەن ئوي بىلەن قۇرۇق شەھەرگە سولىنىپ ياتتى.

مەھمۇت سىجاڭ يېڭىسارغا كېلىپ ئون كۈنلەردىن كېيىن، ئىمىر ساھىبنىڭ ئاكىسى ئابدۇللا (شاھ مەنسۇر) يەكەندىن يېڭىسارغا كېلىپ مەھمۇت سىجاڭ بىلەن كۆرۈشتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ خوجنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلار بىلەن يەكەندە كۆرۈشكەن چاغدىكى كىبىرسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ يوق، پەقەت ئىككىلا ئادەم بىلەن بىز چۈشكەن يەرگە كېلىپ كەمتەرلىك بىلەن سالاملىشىپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۇنىڭ ئىنىسى نۇرمەھەممەت باشلىق خوتەن پىدائىيلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىنۋاتقانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە: مەن ئۆتكەندە جانابلىرىنى ئوبدان چۈشەنمەپتىمەن، - دەپ مەھمۇت سىجاڭدىن ئەپۇ سورىدى. ئۇ، بەلكىم ئەينى ۋاقىتتا تۆمۈر سىجاڭنىڭ خوتەن پىدائىيلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ۋەخوتەنگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك سېلىپ قويغانلىقىدىن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك.

ئابدۇللا مەھەممەت سىجاڭغا ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋالساق دەپ ئۆزىنىڭ ئىككى مىڭ سەر ئالتۇن ئالغاچ



كەلگەنلىكىنىمۇ ئېيتتى. مەھمۇت سىجاڭ بىلەن ئابدۇللا يېڭىسار بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئۈچار يېزىسى تىۋىزمازا، دېگەن يەردىكى بىر ھويلىدا ئىمىر ساھىب باشلىق خوتەن پىدائىيلىرىنى يېڭىسار سېپىلى ئىچىدىن قانداق قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرە نەتىجىسىدە، ئابدۇللا ئۆزى 30 كىشىنى باشلاپ، سېپىل ئىچىگە ئاتلىق ئوت ئېچىپ كىرىۋېلىپ، ئاندىن ئىنىسى بىلەن بىر ئامال قىلىپ ئاجىز نۇقتىغا ئوت ئېچىشنى مەسلىھەتلىشىپ بۆسۈپ چىقماقچى؛ مەھمۇت سىجاڭ بايقاپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە كەينىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. مەھمۇت سىجاڭ ئابدۇللادىن ئادەملىرىنىڭ قورال - ياراق ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارغا بېرىدىغان زاپاس مىلتىق بولمىغاچقا، قول ئاستىدىكى پىدائىيلارنىڭ ياخشى مىلتىقلىرىدىن 27 تالنى سۇغۇرىۋېلىپ، ھەربىر تال مىلتىققا 100 تالدىن ئوق قوشۇپ بەردى. يالغۇز مىنىڭ لىيەنىمدىنلا ئالتە تال مىلتىق ئېلىپ بەردى.

ئابدۇللا باشلىق 30 ئادەم ئاتلىق قوراللىنىپ، يېڭىسارنىڭ يەكەن تەرەپتىن كېلىدىغان چوڭ يولىنى بويلاپ، ياغاچچىلار مەھەللىسى ئارقىلىق ئاللا-چۇقان سېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ يول سالدى. مەھمۇت سىجاڭ ئۇنىڭغا زىچ ماسلىشىپ، جەنۇب تەرەپتىن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئابدۇللا باشلىق كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئوق تەگمىگەن بىر قانچەيلەن شەھەرنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن ئاران - پاران بىزنىڭ قېشىمىزغا قېچىپ كېلىۋالدى. ئۇلاردىن ئۇقىشىمىزچە، ئەھۋال مۇنداق

بوپتۇ: ئابدۇللا باشلىق 30 پىدائىي چوقان سالغان پېتى شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ ئات سالغاندا، ھەربىر دەڭ-سارايلاردا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان دۈشمەنلەر بۇ چوقان ساداسىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ كوچىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئوققا تۇتقان. نەتىجىدە، پىدائىيلارنىڭ تەڭدىن تولىسى سېپىل تۈۋىگە بارماي تۇرۇپ جېنىدىن ئايرىلغان. ئابدۇللا بىلەن تۆت - بەش كىشى مىڭ تەسلىكتە سېپىل دەرۋازىسىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ: دەرۋازىنى ئېچىڭلار! دەپ توۋلىسا، سېپىل ئۈستىدىكىلەر: دەرۋازىنىڭ ئىچى خىش بىلەن قىرلاغلىق، - دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ ئارىدا ئابدۇللاغا ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلغان. قالغان ئۈچ - تۆت كىشى دەرھال شىمال تەرەپكە يۈرۈلۈپ ئارقا كوچا بىلەن قېچىپ، تەسلىكتە بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىۋالغان. دېمەك، شاھ مەنسۇر بۇ ئۇرۇشتا ناھايىتى زور تەۋەككۇلچىلىك ۋە قارامىلىق قىلغان.

شۇ چاغدا دۈشمەنلەر سېپىلنى پارتلىتىش كويىدا يەر ئاستى يولى كولىغانىكەن. ئەگەر پىدائىيلار چوقان سالماي سېپىل تۈۋىگە جىمجىت بېرىۋالغان بولسا، سېپىل دەرۋازىسىنى ئاچالمىغان تەقدىردىمۇ، بىر ئامال قىلىپ سېپىل تۈۋىدىن يۇقىرىغا يامىشىپ چىققىلى بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن مەھمۇت سىجاڭ ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە باشقا تەرەپلەردىن ئوت ئاچقان بولسىمۇ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرنى قولدىن بەرمەي، ئىمىر ساھىبنى قاچۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن سېپىل ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنى چىڭ ساقلاپ ياتقان. كېيىن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى سېپىلغا چىقىشقا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، جېنىدىن كەچكەن خوتەن پىدائىيلىرى ئۇلارنى قىلىچ، كالتەك، تاشلار بىلەن ئۇرۇپ سېپىلغا يېقىن



كەلتۈرمىگەنىكەن. دۈشمەنلەر سېپىلنى دورا بىلەن پارتلىتىپ بۇزۇپمۇ سېپىلغا يامىشىپ چىقالمىغان. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر بىرنەچچە كۈن سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىپ، خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ ئەتىگەندە ناماز بامدات ئوقۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن قاتتىق ھۇجۇم بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ناماز ئوقۇۋاتقان پىدائىيلارنى ئوققا تۇتقان. خوتەن پىدائىيلىرى قىلىچ، كالتەك، چوماقلار بىلەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگەن. ۋەھشى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئىمىر ساھىب باشلىق 400 نەچچە پىدائىينى بەش ئاتار مىلتىق، پىلىموت، گىراناتلار بىلەن قىرىپ تاشلىغان. بۇ، ما جۇڭيىڭ يىرتقۇچلىرىنىڭ قەشقەر كونىشەھەردە قىلغان قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقى ئىدى.

ئىمىر ساھىب يېڭىساردا سېپىل ئىچىگە قامىلىپ تۇرغان مەزگىلدە، ساۋۇت داموللا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى يەكەنگە كۆچۈرۈپ كەتكەن؛ بۇ ھۆكۈمەتكە قاراشلىق قىسىملار تاشمىلىق، ئوپال ۋە قەشقەر كونىشەھەر ئەتراپلىرىدا بېشى قايغان، پۈتى تايغان جايلاردا چېچىلىپ يۈرۈپ، ئىمىر ساھىبنى قۇتقۇزۇشقا بىرمۇ ئەسكەر ئەۋەتمىگەن. مەھمۇت سىجاڭ يېڭىساردا ئىمىر ساھىبنى قۇتقۇزۇش يولىدا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، ئىلىدىن مەسئۇت سەبىرى (1947 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولغان) بىلەن ئابدۇرەخمان ئەپەندى يېڭىسارغا كېلىپ، مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. ئۇرۇشتا

ئابدۇراخمان ئەپەندىگە ئوق تېگىپ قازا تاپتى، مەسئۇت سەبىرى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى.

## 7. مەكىت ئۇرۇشى

مەھمۇت سىجاڭ يېڭىساردا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىۋاتقاندا، خوجىنىياز ھاجى سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن ئەركەشتام دېگەن يەردە ئىدى. ئۇ، مەھمۇت سىجاڭغا ئادەملىرىنى ئېلىپ يېڭىساردىن دەرھال قىزىلغا كېلىشكە بۇيرۇق بەردى. مەھمۇت سىجاڭ بىلەن خوجىناز ھاجى قىزىلغا كېلىپ كۆرۈشتى ۋە ئەتىسى يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. يەكەنگە بارغاندىن كېيىن، ئۇلار مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئىككى ئىنىسىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن شەھىرىنى بىر خىل جىددىيلىك قاپلاپ كەتتى؛ خوتەن پىدائىيلىرى ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا ئات سېلىشىپ ئالدىراپ يۈرۈشتى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭ يەكەنگە كېلىپلا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭلىسى ساۋۇت داموللا، ئەدلىيە مىنىستىرى زىرىپ قارى ھاجى ۋە باشقا ئەمەلدارلىرىنى قاماققا ئالدى. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يەكەندە بەربات بولدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇلارنى ئەركەشتامدىن كېلىپلا قاماققا ئالغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئىشنىڭ مەسلىھەتى سىمخانىدا پۈتۈشۈلگەن بولسا كېرەك. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭ شۇ كۈنى كەچقۇرۇن مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن كۆرۈشكەندە، ئەينى



ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلىپ، ھەممەيلەن بىرلىكتە قاغىلىق ۋە خوتەنگە چېكىنىپ، شۇ يەردە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولدى؛ ئۇرۇشقا قاتناشمايدىغان پىدائىيلارنى بولسا قاغىلىققا يولغا سالدى.

مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن مۇزاكىرىلىشىدىغان يەنە جىق ئىشلار بارلىقىدىن ھەممەيلەننىڭ خەۋىرى بار ئىدى. لېكى خوجىنىياز ھاجى ساۋۇت داموللىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، مەمتىمىن ھەزرەت نارازى بولۇپ خوتەنگە كېتىپ قالدى. خوجىنىياز ھاجى پىدائىيلىرىنى باشلاپ پوسكامغا بارغاندا، مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ باشقا نىيىتى بارلىقىنى بىلىپ، خوتەنگە بارماي، مەكىتكە قاراپ يول ئالدى؛ ئاندىن مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە خوتۇن ـ بالىلىرىنى قاغىلىقتىن مەكىتكە قايتۇرۇپ كەلدى. مەھمۇت سىجاڭ قولغا ئېلىنغان ساۋۇت داموللا باشلىق تۇتقۇنلارنىمۇ مەكىتكە بىللە ئېلىپ باردى. بىز مەكىتكە بېرىپ بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ، چېچىلىپ كەتكەن ئادەملىرىمىزنى يىغىپ تۇرۇشىمىزغا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئۆزىنىڭ يېڭىساردىكى كۈچلىرىگە قەشقەردىكى بىر قىسىم كۈچلىرىنى قوشۇپ، يەكەن ئارقىلىق بىزگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەكىتتە بىر كۈن ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا مەھمۇت سىجاڭنىڭ فۇگۇەنجاڭى نىياز ئاخۇن (سەنخۇچاڭ نىياز) غا ئوق تېگىپ قازا تاپتى. بىز ئاخىر مەكىتتىن سىرىقبۇيا تەرەپكە قاراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. شۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن توقسۇنلۇق ھېساملىدىن دېگەن ئادەم مىلتىقىنى كۆتۈرگەن پېتى بىز تەرەپكە قېچىپ ئۆتتى. بىز ئۇنىڭدىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇمچىدىن چېكىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن

ئۈچۈن مەكىتتىن ئاقسۇ ئاۋاتقا قاراپ ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن مەكىتتىن ئاقسۇ ئاۋاتقا قاراپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ، شاقۇر دېگەن ماڭدۇق. تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ، شاقۇر دېگەن يەرگە كەلگەندە كەچ بولۇپ كەتتى. شۇ يەردە قونماقچى بولۇپ خاتىرجەم ياتساق، بىرىم كېچە بولغاندا دۈشمەن قوشۇنى ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ بىزگە ئۇشتۇمتۇت ئوت ئاچتى. ئۇلار بىزنىڭ تۆگىلەرگە ئارتقان 1600 سەر ئالتۇن، ئون ساندۇق ئوق، 30 نەچچە تال ئۇزۇن - قىسقا كونا مىلتىقلىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى. بىز دەرھال ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالدۇق.

## 8. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇشى

خوجىنىياز ھاجى پىدائىيلىرىنى باشلاپ مەكىتتىن ئاقسۇ ئاۋاتقا كېلىشى بىلەن تەڭ، ما جۇڭيىڭنى ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قوغلاپ كېلىۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى، شېڭ شىسەيىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ۋە بىكتىيۇ باشچىلىقىدىكى ئاق ئورۇس (گۇيخۇاجۈن) ئەسكەرلىرىمۇ ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى.

ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن بارلىق ئەسكەرلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا باش مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن گېنېرال مالىكوۋ (تاتار) قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇ، ئاقسۇغا كېلىپلا، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭنى ئاۋاتتىن ئاقسۇغا چاقىرتتى. بۇ ئىككىيلەن پىدائىيلىرىنى ئاۋاتتا قالدۇرۇپ، مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەنلا ئاقسۇغا بېرىپ گېنېرال مالىكوۋ



ۋە باشقىلار بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولدى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بۇ مېھمانلارنى كۈندە دېگۈدەك باغلارغا چاقىرىپ بەس-بەس بىلەن مېھمان قىلدى.

گېنېرال مالىكوۋ خوجىنىياز ھاجىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە تېزراق بېرىپ خىزمەتكە چۈشۈشى لازىملىقىنى؛ مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھەربىي قىسىملار بىلەن بىللە ما جۇڭيىڭنى قوغلاپ قەشقەرگىچە بېرىپ، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل تار - مار قىلىشقا ئاتلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. خوجىنىياز ھاجى بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «مەن قول ئاستىمدىكى لەشكەر باشلىقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي» دەپ قايتىپ چىقىپ، ئاۋاتتا قالغان تۆەنجاڭدىن يۇقىرى ئەسكەر باشلىقلىرىنى دەرھال ئاقسۇغا چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىش - بارماسلىقىنى مەسلىھەتلەشتى. لۈيجاڭ، تۆەنجاڭلاردىن بەزىلىرى: ھاجىمنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسۈپتۇ. ئۈرۈمچىگە بارسا قانداق؟ ھاجى ئاكام ئۈرۈمچىگە بارسا، يالغۇز بارمايدۇ، ئەلۋەتتە بىر قانچە ئون ئەسكەر بىلەن بىللە بارىدۇ. بىز مەھمۇت سىجاڭ بىلەن جەنۇبتا تۇرساقمۇ، يەنىلا ھاجى ئاكامنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىمىز، - دېسە، بەزىلىرى: ھاجى ئاكام ئۈرۈمچىگە بارسا بولمايدۇ. بىز ئۆتكەندىكى ساۋاقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۆتكەندە ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن قۇمۇل خەلقىنىڭ سەردارى تۆمۈر خەلپىگە يېڭىچاڭلىق مەنسىپىنى بېرىپ «ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلمايمىز، ئۈرۈمچىگە كەلسۇن» دەپ تۆمۈر خەلپىنى بىرنەچچە يۈز

ئەسكىرى بىلەن قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئاخىردا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن، بۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك، دېدى. يەنە بەزىلەر: شېڭ شىسەي بىز بىلەن پۇكاڭدا تۈزگەن كېلىشىم بويىچە، ما جۇڭيىڭ تار-مار قىلىنغاندىن كېيىن شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلمەيدىغان بولغان. بۇ گەپنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتىمۇ ياكى ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقانلىقى ئۈچۈنلا شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن ئورۇس ئەسكەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىۋاتامدۇ؟ ما جۇڭيىڭ بۇ يەردە ئۇزۇل - كېسىل تار - مار بولغاندىن كېيىن بۇ ئەسكەرلەر شىمالىي شىنجاڭغا قايتىپ كېتەمدۇ يوق؟ دېيىشتى. ئارىدىن بىرسى: ئاق ئىت، قارا ئىت، ھەممىسى بىر ئىت. ياڭ زېڭشىن بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش دېگەندە، خوجىنىياز بېشىنى لىڭشىتىپ، بۇ سۆزگە مايىللىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، مەھمۇت سىجاڭ پىكىر بايان قىلماي، جىم ئولتۇردى.

گېنېرال مالىكوۋ بۇ مۇنازىرە ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا شېڭ شىسەينىڭ خوجىنىياز ھاجىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى نامىدىن ۋەدە بېرىدىغانلىقىنى، باشقىلارغا بۇ ھەقتە خىزمەت ئىشلەشنى مەھمۇت سىجاڭغا ھاۋالە قىلغانلىقىنى ئېيتتى. كۆپچىلىك گېنېرالنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: بىز تۇرپاندىكى ۋاقتىمىزدىلا (1933 - يىلى 4 - ئاي) شېڭ شىسەي ھاجىمغا خەت يېزىپ: «سىز ئۈرۈمچىگە كەلسىڭىز، يۇرتنى بىللە



باشقۇرساق» دېگەنىدى. قېنى، دېگەن گېپىدە تۇرامدۇ يوق، كۆرۈپ باقايلى. لېكىن، مۇھاپىزەتچىلەرنى يېتەرلىك ئېلىۋېلىش كېرەك، - دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، ھامۇتخان لۇيجاڭ مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە بارىدىغان بولدى. بىز مەھمۇت سىجاڭ بىلەن ئاقسۇ ئاۋاتقا قايتتۇق.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭ گېنېرال مالىكوۋنىڭ چاقىرتىشى بىلەن ئاۋاتتىن ئاقسۇغا كەلگەندە، گېنېرال مالىكوۋ ساۋۇت داموللىنى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلىغانىكەن. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ باشلىقلىرىدىن بىرقانچىنى خوجىنىياز ھاجى يەكەندە قولغا ئېلىپ، ئاقسۇغا ئېلىپ كېتىۋېتىپ شاقۇرغا كەلگەندە، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىزگە يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاچقا، پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە ساۋۇت داموللىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالغاندۇق. كېيىن ئۇلارنى ئاقسۇنىڭ قاراتال دېگەن يېرىدىن تېپىپ كېلىپ، ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىگە قاماپ قويغان. مەھمۇت سىجاڭ ئاۋاتتىن قەشقەرگە مېڭىش ئالدىدا، ئاقسۇدىن ئالتە ئورۇس ئەسكەر ساۋۇت داموللىنى ئالغىلى كەلدى. مەھمۇت سىجاڭ ساۋۇت داموللىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇنىڭغا: «ھەي مۇتتەھەم، سەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ، بىزنىڭ خەلقىمىز ساڭا ئوخشاش موللىلارنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇ كۈنگە قېلىۋاتىدۇ» دېدى-دە، «بۇنى ئەپچىقىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئىككى ئەسكەر كىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن سىجاڭنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئالتە نەپەر ئورۇس ئەسكەر شۇ

كۈنى ساۋۇت داموللا بىلەن زىرىب قارى ھاجىنى ھارۋىغا سېلىپ، ئاقسۇغا ئېلىپ ماڭدى. كېيىنكى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، گېنېرال مالىكوۋ ساۋۇت داموللىنى ئۈرۈمچىگە ئەكەلگەندىن كېيىن 2 - تۈرمىگە قامىغان.

1941 - يىلى مەن ئۈرۈمچى 4 - تۈرمىدە ئابلىز مەخسۇم دېگەن كىشى بىلەن بىر ئۆيدە ياتقانىدىم. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، 1936 - يىلى (ئۇ كىشى تېخى تۈرمىگە كىرمىگەن چاغدا) ساۋۇت داموللا بۇ كىشىگە بىرسىدىن «مەھمۇت سىجاڭ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا قاتتىق گەپ قىلىپ قوپاللىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر بىردىنبىر ئۈمىد مەھمۇت سىجاڭدا قالدى. مېنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىمغا مەھمۇت سىجاڭ ياردەم قىلغان بولسا، مېنىڭ مۇشۇ ئۈمىدىمنى مەھمۇت سىجاڭغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز» دەپ ئېيتىپ بەرگەن. ئابلىز مەخسۇمنىڭ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ساۋۇت داموللىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتكەن. ئۇنى ئاخىرى شىڭ شىسەي ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

## 9. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنكى پائالىيىتىم

مەھمۇت سىجاڭ ساۋۇت داموللىنى گېنېرال مالىكوۋقا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ كىشى قەشقەرگە مېڭىش ئالدىدا، مەن (مەھمۇت سىجاڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق قوغداش لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى)، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللايوۋ (مەزكۇر لىيەنىنىڭ پەيجاڭى)، فۇگۇەنلەردىن: ئەيسا نىياز، باۋۇدۇن يۇسۇپ، ئابدۇللا ھوشۇرۇپ، ئىسمائىل ھېپىزۇللايوپلار بىرلىشىپ مەھمۇت



سىجاڭغا «سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلسەك» دەپ ئىلتىماس يازدۇق. مەھمۇت سىجاڭ ئىلتىماسىمىزنى ماقۇل كۆرۈپ، ئاقسۇ ۋالىيسى نىياز شەرىپكە بىزنى ئۇچتۇرپان چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلاپ خەت يېزىپ بەردى. مەن قول ئاستىمدىكى ئەسكەرلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئالتە كىشى بىرلىكتە ئاۋاتتىن ئاقسۇغا كەلدۇق. مەھمۇت سىجاڭنىڭ خېتىنى ۋالىيغا بېرىپ، سوۋېتتىن جاۋاب كەلگىچە ئاقسۇدا ئوقۇپ تۇردۇق. بىر ئايدىن كېيىن ئاقسۇ ۋالىيسى بىزگە: سوۋېتتىن «ئۈرۈمچى ئارقىلىق كەلسۇن» دەپتۇ، - دېگەن جاۋابنى بەردى. بىز ئالتەيلەن ئۈرۈمچىگە ئاتلىق يولغا چىقتۇق. كۇچاغا كەلگەندە، مەھمۇت سىجاڭنىڭ سەنمۇجاڭى قۇربان سەئىدى، تۈەنجاڭ ئەخمەت مەخسۇملار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن بىزگە: سىلەر ئۈرۈمچىگە بارساڭلار ئاتا-ئاناڭلار سىلەرنى ھەرگىز سوۋېتكە ئوقۇشقا ئەۋەتمەيدۇ، ئوقۇيمىز دېگەن مەقسىتىڭلارغا يېتەلمەيسىلەر. بىز بىلەن قەشقەرگە قايتىڭلار، بىز سىلەرنى شۇ يەردىن سوۋېتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرەيلى - دەپ، بىزنى يولىمىزدىن قايتۇرۇپ، قەشقەرگە بىللە ئېلىپ ماڭدى.

بىز مارالبېشىغا بارساق، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئاق ئۇرۇس ئەسكەرلىرى قەشقەرگە ماڭماي مارالبېشىدا تۇرۇپ قاپتۇ؛ مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى خەنزۇ ئەسكەرلەر بىلەن بىللە قەشقەرگە كېتىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلى روس ئەسكەرلىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە: قەشقەرگە

خەنزۇ، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى كىرسە گېپىمىز يوق. ئەگەر بۇگۇن روس ئەسكەرلىرى كىرسە، ئەتە ھىندى ئەسكەرلىرى كىرىدۇ، ـ دەپ ئۇلتىماتىم تاپشۇرغانىكەن. شۇڭا، روس ئەسكەرلىرى مارالبېشىدا توختاپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق. مارالبېشىدا قۇربان سەئىدى ماڭا: قولۇڭغا بىر تاغار ئال، يۇر، ـ دېگىنىچە مېنى كەينىگە سېلىپ ئۇدۇل روس ئەسكەرلىرىنىڭ شتابىغا ئېلىپ باردى. پوستتىكىلەر ئىچ-كىرىدىن «كىرسۇن» دېگەن رۇخسەتنى ئالغاندىن كېيىن، بىز ئىچكىرىگە كىردۇق. گېنېرال مالىكوۋ بىرنېمىلەرنى دەپ بىزنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. قۇربان سەئىدى ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا: گېنېرال، بىز ئەتە قەشقەرگە بارىمىز، ئەسكەرلىرىمىز تەمىناتتىن قىينىلىپ قالدى. ئۇرۇمچىگە خەۋەر قىلساق، ھازىرغىچە پۇل كەلمەيۋاتىدۇ. بىزگە بىرئاز پۇل تەستىقلاپ بەرگەن بولسىڭىز. يەنە بىر ئىلتىماسىم: سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇچتۇرپان چېگرىسى ئارقىلىق بىزگە قورال ياردەم قىلغاندا، مىلتىقلارنى بېرىپ، پىلىموتلارنى «ئاتىدىغان ئادىمىڭلار بولمىغاندىكىن، ھازىرچە چېگرىدا ئامانەت تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىن ئېلىۋېلىڭلار» دېگەنىدى. شۇ پىلىموتلارنى ئالدۇرۇپ بەرسىڭىز، ـ دېدى. گېنېرال ماقۇل بولغان ئىشارەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، يېنىدىكى كانۋويغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىۋىدى، كانۋويى ئىچكىرىكى ئۆيدىن بىر سىقىم شىنجاڭ پۇلىنى ئېلىپ چىقىپ بىزگە سۇندى (پۇلنىڭ سانى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ). قۇربان سەئىدى پۇل تاپشۇرۇۋالغانلىقىغا قول قويۇپ بەردى.

قۇربان سەئىدى باشلىق بىز سەككىز كىشى مارالبېشىدىن قەشقەرگە باردۇق. مەھمۇت سىجاڭ



قىسىملىرى (6 ـ ئاتلىق دىۋىزىيە دەپ ئاتىلاتتى) قەشقەر يۇمىلاق شەھەرگە، ليۇ بىڭ سىلىڭ قىسىملىرى قەشقەر يېڭىشەھەرگە ئورۇنلاشقانىكەن. ما جۇڭيىڭ 100 گە يېقىن مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېتكە چىقىپ كېتىپتۇ. ما خۇسەن ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قاغىلىق ناھىيىسىدىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان جايلارنى بېسىۋاپتۇ. 6 ـ دىۋىزىيە شتابىغا ئۇرۇمچى ئارقىلىق مەسلىھەتچى بولۇپ كەلگەن سوۋېت گېنېرالى رىبالكا، رادىست مۇرتازا (تاتار)، تەرجىمان ئەيسا يۇنۇسوۋ (تاتار) لار مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. ئۇلار پىدائىيلارنى ھەربىي تۈزۈم بويىچە رەتكە سېلىش، قىرلارغا رۇخسەت بېرىپ ياشلاردىن ئەسكەر ئېلىش، پىدائىيلارنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان كىيگەن پۇقراچە كىيىملىرىنى ھەربىچە كىيىمگە ئالماشتۇرۇش، ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇش، ئوفىتسېرلارغا دەرس ئۆتۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىۋېتىپتۇ. مەھمۇت سىجاڭنىڭ قەشقەرگە بارغان پىدائىيلىرىنىڭ سانى جەمئىي 3000 ئاتلىق بولۇپ، ئۇلاردا 2700 تال مىلتىق، 16 دانە پىلىموت بار ئىدى. گېنېرال رىبالكا تۆت پولك ۋە دىۋىزىيە شتابىغا بىۋاسىتە قاراشلىق پىلىموت ئەترىتى (مەھمۇت سىجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان 30 كىشىلىك ئەترەت) گە ئايرىپ تەشكىللەپتۇ.

بىز قەشقەرگە بېرىشىمىز بىلەنلا گېنېرال رىبالكا مېنى پىلىموت ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتەيسەن دەپ بەلگىلەپ قويدى. قالغان بەش كىشىنى ئوقۇشقا بېرىشقا رۇخسەت قىپتۇ. مەن گېنېرال رىبالكا بىلەن مەھمۇت سىجاڭغا: مەن مۇشۇ بەش كىشى بىلەن بىللە ئوقۇمىسام، سوۋېتكە ئوقۇشقا چىقىشتىن قېپقالىمەن، ـ دېسەم، ئۇلار سوۋېتكە كېلەر

قېتىم ئوقۇشقا چىقىرىشتا سىنى بىللە ئوقۇتىمىز. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن مايور كۆرىمىز، - دېدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن مايور دەرىجىلىك پىلىموت ئەترىتى باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم.

1935 - يىلى كۈزدە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭدىن 2 - قېتىم ئوقۇغۇچى چىقىرىشتا مەھمۇت سىجاڭ شىڭ شىسەيگە قەشقەردىن 12 ئوقۇغۇچى چىقىرىشنى تەستىقلاتتى. ئۇلار: سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، ئابدۇقادىر ھەسەنوپ، ئەيسا نىياز، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللا-يوپ، ئابدۇللا ھۇشۇروپ، ئىسمائىل ھىبزۇللايوپ، مۇھەممەت خۇسەينوپ، ئابدۇقادىر توختاروپ (قىرغىز)، تۇرغۇن غوجامبايوپ (قىرغىز)، قېيۇم ئارىزھاجىيوپ، مەن (ئابلىمىت مەخسۇتوپ)لاردىن ئىبارەت. بىز شۇنىڭ بىلەن قەشقەردىن ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە ئوقۇشقا كەتتۇق.

## ئاخىرقى سۆز

مۇندىن 60 يىل ئىلگىرى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۈملىدىن قۇمۇل، تۇرپان خەلقىنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرىغا قاتنىشىپ، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇرۇشلاردا بولدۇم. بۇ جەرياندىكى كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلىمە قىلىپ يېزىپ چىققاندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا بىللە بولغان ۋە بۇ ۋەقەلەرنى بىلىدىغان يولداشلاردىن سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، باۋۇدۇن



يۇسۇپ، ئوسمان قارى ھاجىلاردىن پىكىر ئالدىم. بولۇپمۇ يولداش سەيپۇللايوپ قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ ئەسلىمە شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالار، دېگەن ئۈمىدتىمەن. بۇ ئەسلىمىنىڭ تولۇق بولمىغان ۋەياكى خاتا بولۇپ قالغان يەرلىرى بولسا كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سەمىمىي ئۆتۈنىمەن.

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئى. ئەسقەرى**

# خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سودا - سانائىتى ھەققىدە ئەسلىمە

## مۇھەممەت ئابدۇللا ھاجى

1878 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە تىنچلىق - ئەمىنلىك بارلىققا كېلىپ، سودا-سانائەت ئىشلىرى راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ. جۈملىدىن خوتەندە چەت ئەللەر بىلەن بىۋاستە سودا قىلىدىغان سودا يوللىرى ئېچىلىدۇ. مەسىلەن، 1880 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ دول كەنتىدىكى مۇھەممەت ھاجى ئوغۇللىرى توختى مۇھەممەت ھاجى، روزى ھاجى، راشىدىن ھاجىلارنى 40 ئات يېپەك بىلەن ھىندىستانغا سودىغا ماڭغۇزىدۇ. ئۇلار تىبەت يولى بىلەن ھىندىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردىن نۇرغۇن گەزمال ۋە چەرچىن ماللارنى ئېلىپ كېلىپ كۆپ پايدا ئالىدۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا



كىشىلەر لاداق يولىنىڭ خەتەرلىك ۋە جەبرى - جاپالىق بولۇشىغا قارىماي، ھىندىستان بىلەن سودا قىلىشقا باشلايدۇ. ئىلچى كونىشەھەرنىڭ گۇجان دەرۋازىسىدىن يۇسۇپ ھاجى، بەردى ھاجى، مىراپ ھاجى، تارى ھاجى؛ ناۋاغدىن سەلىم ھاجى، ئىمىن ھاجى؛ يۇرۇڭقاشتىن نەمەتجان ھاجى، داۋۇت ھاجى، ئەلەم ئاخۇنۇم؛ ئاقتاش كەنتىدىن مەسۇم ھاجى، يۇسۇپ ئاخۇنباي ۋە ئۆزبېك سودىگەرلەردىن ئابدۇللاجان ھاجى، غوپۇرجان ھاجى، مۇساجان ھاجى قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر خوتەننىڭ گىلەم، كىگىز، يۇڭ، تېرە، تىۋىت قاتارلىق ماللىرىنى تاشكەنت، قوقان، ئەنجان، مەرغىلان، بۇخارا، نەمەنگان قاتارلىق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ جايلارنىڭ مەھسۇلاتىنى خوتەنگە ئەكىلىپ سېتىپ، ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. سودىگەرلەرنىڭ كۆپىيىشى ھەم سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خوتەن بازىرى ھەرقايسى ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن ماللارغا تولۇپ، ئاۋات سودا مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە، خوتەننىڭ ئۇستا ھۇنەرۋەنلىرى ۋە ئىشلەمچىلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە چىقىپ ئىشلەپ، پۇل تېپىپ باي بولۇپ قايتىپ كېلىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، خوتەن شەھىرى ئىچىدىن قۇربان ھاجى خارات دېگەن كىشى ئەنجاندا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ ياغاچچىلىق (خاراتچىلىق) قىلغانلىقى ئۈچۈن قۇربان ھاجى ئەنجان دەپ ئاتالغان، بۇزان چامغۇرچىدىن رەھمەت ئاخۇن ئۇستام، ساۋۇر ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر شايى، بەقەسەم توقۇپ، مەمەت ئەسەت قاتارلىق كىشىلەر مەدىكارچىلىق قىلىپ كۆپ پۇل تېپىپ، باي بولۇپ قايتىپ كەلگەن.

سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل سانائەت كارخانىلىرىمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. قەشقەرلىك ئاخۇنباي دېگەن كىشى 300 ـ 400 ئىشچىسى بىلەن يۇڭ توقۇيدىغان مويكا قۇرغانىدى. ئۇنىڭ سودىغا مەسئۇل ئادەملىرى يۇڭ، تېرە، تىۋىت، داۋغان، يىپەك، سەرنەخ قاتارلىق خام ماللارنى قەشقەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، قەشقەردىن گەزمال، تۆمۈر، چىنە، قەنت ـ گېزەك، گۈڭگۈرت، ياغ قاتارلىق ماللارنى خوتەنگە ئېلىپ كېلىپ ساتىدۇ. شۇ چاغلاردا خوتەندىكى 24 چوڭ سارايىنىڭ ھۇجرىلىرى ماللارغا لىق تولۇپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، غوپۇرجان ھاجى، نەمەتجان ھاجىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاجان قارىلارنىڭ يۇڭ يۇيۇش مويكىسى، جېلىل ھاجى، قادىر ھاجى، مەمەت باباباي دېگەن ئۆزبېك سودىگەرلەرنىڭ يىپەك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى بار ئىدى. سانائەت خامئەشيالىرىغا ئېھتىياجلىق نۇرغۇن سودىگەرلەر دېھقانلارنىڭ خام ماللىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ قىممەت باھادا سېتىش ئارقىلىقمۇ ناھايىتى كۆپ پايدا ئالاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى قەشقەردە «سوۋ ـ سىن ـ تورگ» سودا ئىدارىسىنى قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىنى ئەتكەندىن كېيىن، قەشقەردە دوگۇۋور ئاساسىدا مال ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى. شۇ چاغلاردا قەشقەردىكى مۆيدىنجان باي بىلەن خوتەندىكى غوپۇرجان ھاجى قاتارلىق سودىگەرلەر تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا شېرىكلىشىدۇ. ئۇلار خوتەننىڭ خام ماللىرىنى قوقەندىكى پىلە ئۇرۇقى شىركىتى بىلەن دوگۇۋورلىشىپ ئۇلارغا ئۆتكۈزىدۇ؛ ئۇلاردىن خوتەنگە يىلىغا 160 مىڭ قۇتا پىلە ئۇرۇقى ئەكەلدۇرىدۇ. ئەسلىدە



بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقى بىر سەر تۆت مىسقال كۆمۈشكە توختىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنى ئىككى سەر بەش مىسقال كۆمۈشكە ساتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، پىلە بېقىش ئارقىلىق كۆپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن دېھقانلار پىلە ئۇرۇقىنى تالىشىپ سېتىۋالاتتى.

1924 ـ يىلى ما شاۋۋۇ خوتەنگە دوتەي بولۇپ كېلىپ، پىلە ئۇرۇقى سودىسى ئارقىلىق كۆپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئۇرۇقنى خەن دارىن دېگەن توغقىنىغا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق نۇرغۇن كۆمۈش تەڭگىگە ئىگە بولىدۇ.

دېھقانلار بىر يىل جاپالىق ئىشلەپ پىلە چىقارسا، خۇدابەردى باي باشلىق پىلە ئېلىپ يىپەك تارتىدىغان بايلار بىرلىشىپ پىلىگە ئەرزان باھا قوياتتى. دېھقانلار سېتىپ بېرىشكە ئۇنىمىسا، ئۇلار پىلە سودىسى قىلىشنى توختىتاتتى. ئامالسىز قالغان دېھقانلار پىلىنى ئەرزان باھادا سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ، بىر يىل سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكىگە چۇشلۇق كىرىم قىلالمايتتى. شۇڭا، پىلىچىلىكتىن بولىدىغان ھەممە پايدا پىلىكەش بايلارغىلا بولاتتى. شۇ چاغلاردا خۇدابەردى باينىڭ چوڭ كارخانىسىدا 80 قازاندا، كىچىك كارخانىسىدا 28 قازاندا پىلە تارتىلىپ يىپەك ئىشلەپچىقىرىلاتتى؛ 40 دۇكاندا ئالىي گىلەم توقۇلاتتى، 20 دۇكاندا شايى، ئەتلەس، بەقەسەم توقۇلاتتى. خۇدابەردى باينىڭ يەنە، ئۆچەي پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىمۇ بولۇپ، بۇ كارخانا تۆت داچەندىن ئۆچەي ئېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنى 25 داچەندىن ساتاتتى. بۇ باينىڭ يىللىق كىرىمى 200 مىڭ سەر كۆمۈشتىن ئاشاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، كىركىن دېگەن چەت ئەللىك ئەجنەبىنىڭمۇ يىپەك، گىلەم، شايى، بەقەسەم توقۇيدىغان خېلى چوڭ كارخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا خوتەننىڭ ئۇستا ھۈنەرۋەنلىرىدىن تۇردى ئاخۇن، ئىمىر ئاخۇن قاتارلىقلار ئىشلەيتتى. ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ئاز بولسىمۇ، ئۇلار ئامالسىزلىقتىن تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەيتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا خوتەنلىك سودىگەرلەرنىڭ كارخانا قۇرغۇدەك دەسمايىسى بولمىغاچقا، سودا - سانائەت ئىشلىرى ئاساسەن چەت ئەللىك بايلارنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى.

شۇ چاغلاردا يەنە، خوتەن بىلەن ھىندىستان ئارىلىقىدا قاتناپ يۇرۇپ سودا قىلىدىغان سودىگەرلەردىن دول كەنتىدىن روزى ھاجى، ئابدۇراخمان خەلپە ھاجى؛ يۇرۇڭقاشتىن ئابلاجان قارىم؛ لوپتىن قۇربان نىياز ھاجى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار ھىندىستانغا مەشۇت (يىپەك)، جەيناماز، كىگىز، شايى، ئەتلەس، قاشتېشى، چىنە قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ بېرىپ، مالنى مالغا ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. 18 كۈنلۈك بۇ تاغ يولى ئىنتايىن خەتەرلىك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئات-ئۇلاغلارغا يەيدىغان ئوزۇق بولمىغانلىقى ۋە دائىم ئىس ئېلىپ كېتىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئات - ئۇلاغ ۋە ئادەملەر كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتەتتى، بەزىلىرىنىڭ پۇت - قوللىرى ئۈششۈپ قالاتتى، شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يولدا سودا كارۋانلىرىنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيتتى. چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بىللە، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودىمۇ ئىنتايىن جانلانغانىدى. خوتەن شەھەر ئىچىدىن سوپۇرگە ھاجى، مەتتۆمۈر ئاخۇن ۋە ئىسھاقجان (ئۆزبېك) دېگەن سودىگەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ



سودا قىلاتتى. 1915 - يىلى روزى ھاجى ھىندىستان بىلەن سودا قىلىشنى توختىتىپ، تۇرپاننى مەركەز قىلىپ، خاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىن ھەر خىل تاۋار - دۇردۇن، چىنە ۋە باشقا چەرچىن مال، دورا - دەرمانلارنى ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، كېرىيىدىن ئوسمان ھاجى قودەي، سىدىق ئاخۇن قودەي قاتارلىق سودىگەرلەر دۇڭخۇاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ سودا قىلىپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇلار كاۋاۋچىن دەرىخىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆز بېغىدا يەرلەشتۈرگەن. گۇما، قاراقاش، ئېلچى، لوپ، چىرىيە، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا يەنە چەت ئەللىكلەرگە دېھقانلارنىڭ خام ماللىرىنى ئەرزان ئېلىپ بېرەلەيدىغان دەلاللارمۇ بار ئىدى.

خوتەن ناھايىتى باي جاي بولسىمۇ، ئەمما چەت ئەللىك ۋە يەرلىك بايلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئاستىدا، دېھقانلار ناھايىتى نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. 1938 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى چەت ئەللىكلەرنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ، نامدار بايلارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى «سوۋ - سىن - تورگ» سودا ئىدارىسى بىلەن دوگۋورلىشىشقا سودىگەر چىقماي قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىرنەچچە سودىگەر بىرلىشىپ «بىرلىك شىركىتى»، «پىلە - پاختا شىركىتى»، «دېھقانلار شىركىتى»، «ئىتتىپاق شىركىتى» قاتارلىق شىركەتلەرنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل باج- سېلىقلىرى تۈپەيلىدىن، بۇ شىركەتلەر ئارقا - ئارقىدىن تاقىلىپ، ئۇلارغا پاي قوشقانلارنىڭ قولىغا ھېچنېمە تەگمەيدۇ. شۇنىڭ

بىلەن، سودا ئىشلىرى بارغانسېرى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ نامراتلىشىدۇ.

1944 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، بازاردا مال باھاسى ئۆرلەپ پۇل پاخاللىشىپ، خەلق ئاچ - يالىڭاچلىق تۇرمۇشقا قالغانىدى. 1949 - يىلى ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خوتەننىڭ سودا - سانائەت ئىشلىرى زور دەرىجىدە يۈكسەلدى. بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، سودا- سانائەت ئىشلىرى تېخىمۇ يۈكسىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

(ئاپتورى: خوتەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 100 ياشتىن ھالقىغان پېشقەدەم تارىخچى)

جاۋابكار مۇھەررىرى : **جۈرئەت ئابلىمىت**



# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تاشقى سودىسى ۋە چېگرا سودا ئېغىزلىرى

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

## شىنجاڭ - يىپەك يولى ۋە خەلقئارا سودا يولى مەركىزى

شىنجاڭ - ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ياۋروپا - ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كۆۋرۈكى بولغان بۇ رايون شەرقتە تەخمىنەن 550 كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق چېگرا لىنىيىسى ئارقىلىق گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا تەخمىنەن 570 كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق چېگرا لىنىيىسى ئارقىلىق چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن، شەرقىي شىمالدا تەخمىنەن 1200 كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق چېگرا لىنىيىسى ئارقىلىق موڭغۇلىيە بىلەن،

شىمالدا تەخمىنەن 60 كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق چېگرا لىنىيىسى ئارقىلىق روسىيە بىلەن، غەربىي شىمال ۋە غەربتە تەخمىنەن 1000 كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق چېگرا لىنىيىسى ئارقىلىق قازاقىستان بىلەن، جەنۇبتا تەخمىنەن 1200 كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق چېگرا لىنىيىسى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربىي جەنۇبتا تەخمىنەن 750 كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق چېگرا لىنىيىسى ئارقىلىق قىرغىزىستان، تاجىكىستان (چېگرا لىنىيىسى تەخمىنەن 380 كىلومېتىر)، ئافغانىستان (چېگرا لىنىيىسى تەخمىنەن 100 كىلومېتىر)، پاكىستان (چېگرا لىنىيىسى تەخمىنەن 370 كىلومېتىر) ۋە ھىندىستان (چېگرا لىنىيىسى تەخمىنەن 250 كىلومېتىر) بىلەن چېگرىلىنىدۇ. مانا شۇ سەككىز دۆلەت (ئومۇمىي چېگرا لىنىيىسى تەخمىنەن 4300 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ) ۋە ئۈچ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون (ئومۇمىي چېگرا لىنىيىسى تەخمىنەن 2500 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ) بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايونىمىز شىنجاڭنىڭ چېگرا سودا ئېغىزلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى يىپەك يولى سودىسىغا ئالاقىدار خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، تار مەنىدىكى «غەربىي يۇرت» (西域) دەپ ئاتالغان بۇ رايوننىڭ قەدىمكى زامانلاردىلا ھەر تەرەپكە ئۆتۈشىدىغان كارۋان يوللىرى ۋە چېگرا سودا ئېغىزلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. مەسىلەن، قەدىمكى زامانلاردىكى مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى ھەم ئۆزئارا مال ئالماشتۇرىدىغان سودا ئورۇنلىرى بولۇپ كەلگەن جايلاردىن - بۈگۈنكى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 90 كىلومېتىر كېلىدىغان قورغاس چېگرا سودا



ئېغىزى (قازاقىستاننىڭ پامپىلوپ شەھىرىگە 34 كىلومېتىر كېلىدۇ)، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى تۇرغات چېگرا سودا ئېغىزى (قىرغىزىستاننىڭ تورغات ئېغىزىغا 8 كىلومېتىر كېلىدۇ)، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چېگرىسىدىكى ئالاتاۋ چېگرا سودا ئېغىزى (قازاقىستاننىڭ تالدىقورغان شەھىرىگە تۇتىشىدۇ)، چۆچەكتىكى 9 - دىۋىزىيە 163 - تۇەن تۇرۇشلۇق ئاقچوقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى بەختى چېگرا سود ئېغىزى (قازاقىستاننىڭ ئاياگۇس پويىز بېكىتىگە 283 كىلومېتىر كېلىدۇ)، جىمىنەي ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 21 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى كونا جىمىنەي چېگرا سودا ئېغىزى (قازاقىستاننىڭ رېئىنگىن-تۆپە پويىز بېكىتىگە 453 كىلومېتىر كېلىدۇ)، قورغاس ناھىيە بازىرىغا 7 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى يىنتار چېگرا سودا ئېغىزى (قازاقىستانغا تىرىك چارۋا ئېكسپورت قىلىدىغان ئېغىزى)، چۆچەك (سارسۇمبە) شەھىرىگە 10 كىلومېتىرچە كېلىدىغان ۋە تىرىك چارۋا ئېكسپورت قىلىدىغان ئىمىل چېگرا سودا ئېغىزى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا 47 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تىرىك چارۋا ئېكسپورت قىلىدىغان ۋە مال ئالماشتۇرىدىغان ئالمىلىق چېگرا سودا ئېغىزى، جىمۇنەي ناھىيىسىگە 110 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى (ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى) بۇرچىن چېگرا سودا ئېغىزى (قازاقىستاننىڭ مىش پورتىغا 337 كىلومېتىر كېلىدۇ)، غولجا شەھىرىگە79 كىلومېتىر، قورغاسقا 85 كىلومېتىر (ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا) كېلىدىغان ھەم دەريا قاتنىشى ئارقىلىق قازاقىستاننىڭ ئىلىسكى پورتىغا بارىدىغان سەنداۋ خېزى

(ئۈچ ئاچماق دەريا دېگەن مەنىدە) چېگرا سودا ئېغىزى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 100 كىلومېتىر (قەشقەر شەھىرىگە 282 كىلومېتىر) كېلىدىغان جايدىكى ئىركەشتام چېگرا سودا ئېغىزى (قوقان، ئەنجانلارغا بارىدىغان ئەڭ قەدىمى يىپەك يولى لىنىيىسى)، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا 132 كىلومېتىر (قەشقەر شەھىرىگە 420 كىلومېتىر) كېلىدىغان خويدىكى قونجىراپ چېگرا سودا ئېغىزى (پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى جىرجىتقا 256 كىلومېتىر كېلىدىغان ھەم قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم لىنىيىسى بولۇپ كەلگەن قەدىمكى سودا ئېغىزى)، چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ چاغانغۇلى يېزىسىغا 42 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى (بۇرگىن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى چىڭگىل - موڭغۇلىيە چېگرىسىدا) تاقاشقان چېگرا سودا ئېغىزى قاتارلىق 50 تىن كۆپ چېگرا سودا ئېغىزلىرى تارىختىن بۇيان شىنجاڭ بىلەن سەككىز دۆلەت ۋە تۆت ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) خەلقلىرىنىڭ تاشقى سودىسىدا ۋە ئۆزئارا مال ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، يۇقىرىدىكى چېگرا سودا ئېغىزلىرىنىڭ بەزىلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا شەرق بىلەن غەربنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدىغان مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان بولسا، بەزىلىرى مىلادىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئېچىلغان ھەم شەرقتە چاڭئەندىن تارتىپ غەربتە رىمغىچە ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى مىڭلارچە خەلقئارا سودىگەرلەرنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرغان. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، شىنجاڭدا قەدىمكى زامانلاردا ئېچىلغان قاتناش - كارۋان يوللىرى بىلەن چېگرا سودا ئېغىزلىرى پەقەت سودا ھەم



ئۆزئارا مال ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنلا مۇھىم بولۇپ قالماي، مەدەنىيەت - سەنئەت، دىن، پەلسەپە، دورا - دەرمەك، تىبابەتچىلىك، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، بىناكارلىق، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ھەم ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا قوبۇل قىلىش جەھەتلەردىمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور ۋە مۇھىم رول ئوينىغان. مانا مۇشۇنداق خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش، قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان توپ - توپ كارۋان، سودىگەرلەرنى يول، ياتاق، تاماق، ئوت - يوغۇز بىلەن تەمىنلەش، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم قاتنىشى ۋە سودا - سېتىق قىلىشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوينىغان رولىغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئەجداد - ئەۋلادلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ زېمىندا ياشاپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ، يۈزلەرچە يول - تۆۋرۈكلەرنى ياساپ، ياۋروپا - ئاسىيادىن ئىبارەت ئىككى قىتئە خەلقلىرىنىڭ سودا ئالماشتۇرۇش ۋە قاتناش - كارۋانچىلىق ئىشلىرىغا غايەت زور تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇيغۇر خەلقى ئەينى زامانلاردىكى قاتناش ۋاستىسى بولغان ئات، تۆگە ۋە ھارۋا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاساسىي قاتناش بوغۇزىغا جايلاشقانلىقىدىن ئىبارەت ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كۆپلىگەن قاتناش - كارۋان يوللىرىنى ۋە چېگرا سودا ئېغىزلىرىنى ئېچىپ،

تاشقى سودا ۋە چېگرا سودىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ كەلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىن ھەر تەرەپلەرگە ئېچىلغان چېگرا سودا ئېغىزلىرى ۋە قاتناش ـ كارۋان يوللىرى ئەينى زامانلاردا ئاۋاتلاشقان يىپەك يولى سودىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىلىشىمىزچە، بۇ يوللار ۋە ئېغىزلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە قاشقوۋۇق (يۈيمېنگۇەن) ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن، مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى زامانلاردا رىمغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلار ۋە خەلقلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى قىلىشتىن تاشقىرى، پېرسىيە، جەنۇبىي ياۋروپا، كىچىك ئاسىيا، ئاناتولىيە، ھەتتا رىمغىچە كەڭ دائىرىدە يېيىلغان كۈچلۈك سودا رىقابىتىنى شەكىللەندۈرگەن. سودا تەرەققىياتىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يوللار ۋە چېگرا سودا ئېغىزلىرى خەلقئارالىق سودا يولىغا ئايلانغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى قاتناش ئۆز دەۋرىدە ئاساسەن تۆگە بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى؛ ھەر بىر كارۋان ئەترىتى 100 ـ 200، ھەتتا 500 تۆگىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەرقتىن غەربكە ياكى غەربتىن شەرققە بىر قېتىم قاتنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى. كۇچا ياكى قەشقەردىن يولغا چىققان كارۋان ئەترىتى رىمغا بېرىشقا توغرا كەلسە، يول ئۈستىدە تۇرۇپ قېلىش، سودا قىلىش ۋەھاكازالارنى قوشقاندا، ئۇنىڭغا بەش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت كېتەتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، يىپەك يولى سودىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدا شىنجاڭ



خەلقى (ئاساسەن ئۇيغۇرلار) ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. چۈنكى، يىپەك يولى سودىسىدا تۆگە بىلەن قىلىنىغان قاتناش ئارقىلىق كۈنىگە ئاران 50 كىلومېتىردىن 60 كىلومېتىرغىچە يول باسقىلى بولاتتى. شۇڭا، ھەر 50 ـ 60 كىلومېتىر يول ئارىلىقىدا كارۋان چۈشىدىغان ئۆتەڭ بولۇشى لازىم ئىدى. بۇ ئۆتەڭلەر ئەگەر بىر قەدەر چوڭ بولمىسا، كارۋانلارنى ۋە ئۇلارنى قوغدىغۇچىلارنى ئاش ـ نان بىلەن تەمىن ئېتىش، ئۇلارنىڭ قونالغۇ ياتاقلىرىنى ھەل قىلىش، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساقلاش، تۆگىلەرنى ئوت ـ چۆپ، سۇ بىلەن تەمىن ئېتىش قاتارلىق زۆرۈرىيەتلەرنى ھەل قىلىش قىيىن بولۇپ قالاتتى. قىسقىسى، بۇ ئۆتەڭ (بېكەت) لەرنىڭ ھەر بىرىنى كىچىكرەك بىر شەھەر ياكى بازار دېيىشكە بولاتتى. ھەر 50 ـ 60 كىلومېتىر يولدا ئىككى ئۆتەڭ (بېكەت) بولغاندا، شىمالىي يول ۋە جەنۇبىي يولدا قانچە ئۆتەڭ (بېكەت) بولۇشى كېرەك؟ ئاددىي بىر مىسال ئالساق، كۇچا بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 750 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يولنىڭ ھەر 50 كىلومېتىرىدا ئىككى ئۆتەڭ بولغاندا، تەخمىنەن 15 جايدا ئۆتەڭ (بېكەت) بولغان بولىدۇ؛ ھەر بىر ئۆتەڭ (بېكەت) دە 100 دىن ئادەم ئىشلىگەندە (ئاشپەز، ناۋاي، تىۋىپ، كۈتكۈچى، قوغدىغۇچى، ئەسكەر، يايمىچى، سودىگەر، قول ھۈنەرۋەن، كۆچمەن كارۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاز دېگەندىمۇ 1500 كىشى دائىملىق تۇرغان بولىدۇ. بۇ ئاددىي مىسالدىن ئەينى ۋاقىتتا نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ مەخسۇس يىپەك يولى (جۈملىدىن چېگرا سودا ئېغىزلىرى) ئۈچۈن كارۋانلارنى كۈتۈۋېلىش، يول ـ كۆۋرۈكلەرنى ياساش ۋە باشقا مۇلازىمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

ئەگەر ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە قاتناش - كارۋانچىلىق ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلمىگەن بولسا، كارۋانلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ بىخەتەرلىكى، تەمىناتى، قونالغۇسى ۋە مال قويۇش - ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردىن ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. چۈنكى، ھازىرقى زامان قاتنىشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، قوڭغۇراق ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان قەدىمكى دەۋرلەردىكى يىپەك يولىنىڭ ئەھۋالى كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۈگۈنكى بارىكۆل ناھىيىسىدىكى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان بىگىمنىڭ بۇتخانىسى (لاۋيېمياۋ)، گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئۇلاستاي، قىزىلساي، ئاگويىت جىلغىسى، چوڭ قارىغاي (داسۇڭشۇ) جىلغىسى، جانباس باستاۋ ۋە ئۇرانسالا، چىڭگىل ناھىيىسىدىكى خازىڭ داۋان، تۇلات داۋان، مۇز داۋان، دالا داۋان، ئاراتۈرك ناھىيىسىدىكى داۋلانباي داۋان، مورى ناھىيىسىدىكى داشىبات، كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى قىزىلتاغ ئېغىزى، بورتالا شەھىرىدىكى قارا داۋان، چاپچال ناھىيىسىدىكى شارنوغاي داۋىنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى تارتقۇل بەلتاغ ئېغىزى، كۇچۇكبەل داۋان، قارابەل تاغ ئېغىزى، جولتىكبەل تاغ ئېغىزى، ئاقتەسكەي تاغ ئېغىزى، مۇز بەل تاغ ئېغىزى، سارتۇلبەل تاغ ئېغىزى، بەلئايرىق تاغ ئېغىزى، تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تۈگمەنسۇ داۋىنى، كۆك ئالاچوقۇر داۋىنى، گېيلىكقول داۋان، قوشبەل داۋان، مۇز جىلغا داۋان، كۆكتۇلۇق داۋان قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق



چېگرا سودا ئېغىزلىرى خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بەزىدە ئاۋاتلاشقان، بەزىدە ئۇرۇش ۋە يېغىلىقلار ۋەھىمىسىدىن چۆللىشىپ كەتكەن. بولۇپمۇ قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىغا ئەگىشىپ، يىپەك يولى ۋە يۇقىرىدىكى چېگرا سودا ئېغىزلىرى ناھايىتى ئاۋاتلاشقان. چۈنكى، قاراخانىلار خانلىقى تازا گۈللەنگەن مەزگىللەردە، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى، ئىلى - مىڭبۇلاق ۋادىسى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي، چۇ دەرياسى ۋادىسى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى، شۇنىڭدەك ماۋەرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ ئۇنىڭ شەرقىدە كۇچا خاندانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بولۇپ، شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىلكىدە مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرغان. بۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەۋەسىدە ئىچكى-تاشقى سودا ئىشلىرى تازا روناق تاپقان. ياۋروپا - ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ سودىگەرلىرى شۇنىڭدەك يەرلىك سودىگەرلەر ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان بولغاچقا، ئۇيغۇر خانلىقى ئۇلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىپلا قالماي، بەلكى يول، كۆۋرۈكلەرنى ياسىتىش، بېكەت - ئۆتەڭلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش، كارۋان ئەترەتلىرىنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، قوغداش، باشقۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش، ھەرقايسى چېگرا ئېغىزلىرىدا مۇستەھكەم قاراۋۇلخانىلارنى ياسىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خەلقئارا تاشقى سودا ئىشلىرىغا كۆپ جەھەتتىن

قولايلىق يارىتىپ بەرگەن.

موڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، بىر قەدەر دەھشەتلىك ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتتى. چىڭگىزخاننىڭ ھەيۋەتلىك ھەربىي يۈرۈشلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم شەھەر - قەلئەلەرنى كۆلگە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە كۈنسايىن ئەسلىگە كېلىنىۋاتقان ئىچكى - تاشقى سودا ئىشلىرى ۋە خەلقئارا سودىگەرلەرنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە ئۆتۈشۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، سودا يوللىرى، ئۆتەڭ - بېكەتلەر ۋە چېگرا سودا ئېغىزلىرى خېلى ئاۋاتلاشقان. ئۇيغۇر سودىگەرلەر شۇ چاغدىكى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئۈنچە - مەرۋايىت، ھەر خىل رەڭلىك مارجان، زۇمرەت، پىل چىشى، مەستىكى رۇمى، قۇستە، قەھرىۋا، سەگەز، نۇشۇدۇر، تۇز، رەڭدار شايى، ئەتلەس، كىمخاپ، تاۋار - دۇردۇن، ھەر خىل قاشتېشى بۇيۇملىرى، ئات جابدۇقلىرى، ئىپار، مەرمەر تاش، سىماپ، قەلەمپۇر، پارپۇر قاچىلار، ھەر خىل پۇراقلىق دورا ماتېرىياللىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، قۇرۇتۇلغان مېۋە - چېۋىلەر، ھاراق، مۇسەللەس، ، پاختا، ھەر خىل گۈل نۇسخىلىق يۇڭ توقۇلمىلار قاتارلىق تاۋارلارنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ، بۇنىڭدىن ھەسسىلەپ پايدا ئالغان. بىراق، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلۇپ، ئىقتىسادىي ئىگىلىك ۋەيران بولدى، يول - كۆۋرۈكلەر بۇزۇلدى. شۇ قاتاردا شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىمۇ سۇسلىشىپ، تاشقى سودا ۋە چېگرا سودىسىمۇ بىر ئىزدا توختاپ قالدى.



يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، بولۇپمۇ سۇلتان سەئىدخان بىلەن ئابدۇرېشىت خانلار سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرلەردە، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئىگىلىك، سودا - سانائەت، پۇل - مۇئامىلە، تاشقى ئالاقە، ھەر خىل ھۈنەر - كەسىپ ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. جۈملىدىن، خەلقئارالىق ئىچكى - تاشقى سودىنىڭ روناق تېپىشىغا ئەگىشىپ، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، زەرگەرلىك، كىمياگەرلىك، قورال - سايمان ياساش، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، كۆنچىلىك، ياغاچچىلىق، قاشتېشى قىرىش ۋە ئويۇش، ئويمىگەرلىك، كۇلالچىلىق، ھاراق - شاراپ ئىشلەش، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ياساش ۋە قەغەزچىلىككە ئوخشاش سودىغا ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلىپ، چېگرا سودىسىنى ئاۋاتلاشتۇردى. بۇ دەۋرلەردە يەنە، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇزۇلغان يول - كۆۋرۈكلەر قايتا رېمونت قىلىنغاندىن باشقا، يېڭىدىن بىرمۇنچە يول - كۆۋرۈكلەر ياسالدى. تاشقى چېگرا سودا يوللىرىغا كۆپلىگەن ئۆتەڭلەر، بېكەتلەر ۋە پوچتا راباتلىرى ياسالدى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا مىستىن يارماق پۇل قۇيۇپ ئىشلىتىلگەن. بىر يارماق بىر پۇل دېيىلەتتى، 50 پۇل بىر تەڭگە دېيىلەتتى. جايلاردىكى سودا - سېتىق ئىشلىرىدا مۇشۇ پۇل بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلىناتتى. بۇ مەزگىللەردە ئافغانىستان، كەشمىر، ھىندىستان، ئەنجان، بۇخارا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ سودىگەرلىرى بۇ يەرگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ سودا قىلاتتى. سودىغا ماھىر ئۇيغۇرلارمۇ غەرب ئەللىرىنىڭ جاي - جايلىرىغا ھەمدە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بولۇڭ -

پۇشقاقلىرىغىچە بېرىپ سودا تىجارىتى بىلەن كەڭتاشا شۇغۇللىناتتى. مانا مۇشۇ مەزگىللەردە، شىنجاڭدا ياسالغان سودا ــ كارۋان يوللىرى، ئۆتەڭ ــ بېكەتلەر ۋە چېگرا سودا ئېغىزلىرى ھەسسىلەپ كۆپەيگەن ھەم ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان.

## شىنجاڭنىڭ چار روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان تاشقى سودا ۋە چېگرا سودا ئېغىزلىرى

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا باش كۆتۈرگەن خوجىلار جەمئىيەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئۆز تەسىرىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھوقۇق ــ مەنپەئەت تالىشىپ، ئاقتاغلىقلار ۋە قاراتاغلىقلار دېگەن ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىل خان قاراتاغلىقلار مەزھىپىنى قوللاپ، ئاقتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ ساھىپكالامى ئاپئاق خوجىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. لېكىن، دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان يامان نىيەتلىك ئاپئاق خوجا ئوتتۇرا ئاسىيادىن تىبەتكە بېرىپ، دالاي لامانىڭ خېتىنى ئېلىپ، دەرھال ئىلىغا باردى ۋە جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى غالدان سېرىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلدى. نەتىجىدە، شۇ يىلى (1678 ــ يىلى) غالدان 12 مىڭ ئاتلىق چېرىك بىلەن ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق قەشقەر، يەكەنگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئاقتاغلىقلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاپئاق خوجىنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن



جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىنىڭ تىنچلىق ھالىتى بۇزۇلۇپ، جاي ــ جايلاردا يەرلىك فېئوداللارغا ۋە چېرىك چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تارىخىي شارائىتلار ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ــ تاشقى سودىسى ئەسلىدىكى نورمال ھالەتتىن بىراقلا سۇسلاشتى. شىنجاڭدا تۇرۇپ سودا تىجارەت قىلىۋاتقان چەت ئەل سودىگەرلىرى زىيان تارتقانلىقتىن، شىنجاڭدىن ۋاقىتىنچە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىقتىسادىي ئىگىلىك ۋە ھۈنەر ــ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋەيران بولغانلىقتىن، بازار ئېھتىياجىنى تەمىنلەش قىيىنلاشتى. ئىچكى ــ تاشقى سودىنىڭ ئېكسپورت ــ ئىمپورت مىقدارى زور دەرىجىدە كېمىيىپ، خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى، بولۇپمۇ كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى جىددىيلىشىپ، تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسە ــ كېرەكلەر تېپىلماس بولۇپ كەتتى. بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدىكى قاتناش ــ كارۋان يوللىرى ۋە چەت بىلەن بولۇپ كېلىۋاتقان تاشقى سودا يوللىرى، كۆۋرۈكلەر ۋەيران قىلىنىپ، قاتناش ئىشلىرى زور توسالغۇلارغا ئۇچراپ تۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يول بويلىرىغا ياسالغان دەڭ ــ ساراي ۋە چۈشكۈنلەر، راباتلار ۋە بېكەتلەر ۋەيران قىلىندى. شۇڭا، سەئىدىيە خانلىقى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، مۇتەئەسسىپ، ئاپئاق خوجا يۇرت سورىغان ۋاقىتلاردىن باشلاپ تاكى 18 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ــ تاشقى سودا ئىشلىرى تازا روناق تاپالمىدى. پەقەت ئاز ساندىكى بىر قىسىم سودىگەرلەر

قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ سودا قىلغان بولسا، يەنە بىر قىسىم سودىگەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى چوڭ - كىچىك شەھەرلەرگە جۈملىدىن ھىندىستان، ئافغانىستان، كەشمىر، بەدەخشان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغىچە بېرىپ سودا قىلدى.

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ چاررۇسىيە سودىگەرلىرى ئىلى، چۆچەك ۋە تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغا كىرىپ سودا قىلغاندىن باشقا، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغىمۇ كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا مادارى يەتمىگەن چىرىك چىڭ ھۆكۈمىتى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشىدىن قورقۇپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ۋە چېگرا سودا ئىشلىرىنى بىر مەزگىل چەكلەش خىيالىدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇنداق خەلق ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى سودا ئىشلىرىنى توسىيالمىغان. چۈنكى، ئىستىبدات مەنچىڭ خانلىقىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ، قوشنا دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى سودا ئىشلىرىنى چەكلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى سودا ۋە چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان يەرلىك سودىگەرلەرنى قاتتىق جازالاپ، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشى، ئەلۋەتتە، يەرلىك خەلقلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايتتى.

XIX ئەسىردىن باشلاپ، چاررۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى كۈنسايىن كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن، چاررۇسىيە ئۆز سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېڭىيىشىنى قوللاش، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلاش ئۈچۈن 1847 -



يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چاررۇسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق پراۋوسلاۋىيە دىنىي ئۆلىماسى ئارقىلىق روسىيە زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى مەكتۇپىنى مەنچىڭ ئوردىسىنىڭ ۋاسساللار مەھكىمىسىگە سۇنغان. مەكتۇپتا ئىلى، تارباغاتاي ۋە قەشقەر قاتارلىق ئۈچ ئورۇندا سودا ئېغىزى ھەم مال ئالماشتۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىش تەلەپ قىلىنغان. لېكىن، مەنچىڭ ئوردىسىنىڭ ۋاسساللار مەھكىمىسى پەقەت چاكتۇدا يەرلىك چېگرا سودىسى قىلىشتىن باشقا، ھېچقانداق جايدا سودا ئېغىزى ئېچىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنداقتىمۇ، مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئەتراپلىرىدىكى قاراۋۇلخانىلىرى ئاجىز بولغانلىقتىن، سودىگەرلەر ئۆزئارا كىرىپ - چىقىشىۋەرگەن.

1850 - يىلى چاررۇسىيىنىڭ سىبىرىيىدىكى باش ھەربىي ۋالىيسى مولاۋىيېپ ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئىلى، چۆچەك، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا چېگرا سودا ئېغىزى ئېچىشنى ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئۆلچەپ پىلانلاتقۇزغان ھەمدە بۇ سودا يولىنى جىيا يۈگۈەن ئارقىلىق شەنشى، گەنسۇ رايونلىرىغا تۇتاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي شىمالنىڭ دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ، تاشقى سودا ۋە چېگرا سودىسىنى قاتتىق چەكلەپ كەلگەن مەنچىڭ ئوردىسى چاررۇسىيىنىڭ بۇ پىلانىغا تاقابىل تۇرالمىغان، بەلكى بېكىنمىچىلىك پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان.

1851 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەنچىڭ ئوردىسى ئىلى جىياڭجۈنى، چۆچەك مەسلىھەتچى ئامبىلى بۇ يەنتەيگە ھوقۇق بېرىپ، ئۇنىڭ چاررۇسىيە ۋەكىلى كوۋالېۋسكى بىلەن

جۇڭگو - روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى «ئىلى - تارباغاتاي سودا ئالاقە نىزامنامىسى» غا ئىمزا قويۇشنى بۇيرۇغان. نەتىجىدە، چارروسىيە تەرەپ بۇ «نىزامنامە» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭدا سودىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس كونسۇلخانا تەسىس قىلىش، جۇڭگو تەرەپ چارروسىيىنىڭ سودا بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە سودا چەمبىرىكى قۇرۇش قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئېرىشكەن، شۇنىڭدەك ئىلى - تارباغاتاي چېگرىلىرىدا سودا ئېغىزى ئېچىشنىمۇ قولغا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ بىلەن چارروسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى سودا ئەسلىگە كېلىپ، ئۆزئارا مال ئالماشتۇرغان. چېگرا بويلىرىغا مال ئامبارلىرى، بېكەتلەر سېلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ يىللىق ئېكسپورت ۋە ئىمپورت مىقدارى كۆپەيگەن.

1860 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چىرىك ۋە زەئىپ چىڭ ئوردىسى يەنە چارروسىيىنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، جۇڭگو - روسىيە «بېيجىڭ شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان. بۇ شەرتنامىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار قىسمىدا شىنجاڭ - روسىيە سودىسىغا ئائىت مۇنداق مەزمۇنلار بولغان: 1) قەشقەرنى ئېچىۋېتىش؛ 2) چارروسىيە ئىلى، چۆچەك ۋە قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىش؛ 3) چارروسىيىلىكلەر كونسۇلنىڭ ھۆكۈم (كېسىم) قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش؛ 4) چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسىدىن خالىغانچە كىرىپ - چىقىش، ئولتۇراقلىشىش، ساياھەت قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىدا ۋاقىت چەكلىمىسى قويماسلىق ۋەھاكازالار. بۇنىڭ بىلەن، چارروسىيە نۇرغۇن مەنپەئەتكىلا ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم



زېمىنلىرىنىمۇ مەجبۇرىي ئىگىلىۋالغان.

1881 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى پېتېربورگتا جۇڭگو - روسىيە «ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەنگەن: 1) چارروسىيە ئەسلىدىكى شەرتنامە بويىچە ئىلى، چۆچەك ۋە قەشقەردە داۋاملىق كونسۇلخانا تەسىس قىلغاندىن تاشقىرى، تۇرپاندىمۇ كونسۇلخانا تەسىس قىلىش؛ قۇمۇل، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ بازارلىرىدا سودىنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ۋە بۇنىڭدىن ئىككى تەرەپ ئوخشاش بەھرىمان بولۇش؛ 2) چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي شىمالىدا سودا قىلسا ۋاقىتىنچە باج تۆلىمەسلىك؛ روسىيە سودىگەرلىرى يۇقىرىدىكى جايلاردا ھەر قانداق دۆلەت ماللىرىنى ئەكىرىپ سېتىش، يۆتكەش، توشۇش، مال باھاسىنى ئۆستۈرۈش - چۈشۈرۈش ھوقۇقى بولۇش؛ 3) روسىيە سودىگەرلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدا سودا قىلغاندىن باشقا، روسىيە ۋە باشقا دۆلەت ماللىرىنى جىيايۈيگۈەنگە يۆتكەش ۋە ئۇ جايدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ سېتىشقا ھوقۇقلۇق بولۇش.

1895 - يىلى ئۆلكە مەركىزىي ئۈرۈمچىدە جۇڭگو روسىيە سودا ئالماشتۇرۇش باش ئىدارىسى تەسىس قىلغاندىن باشقا، قەشقەر، ئىلى، چۆچەكلەردە بۇ ئىدارىنىڭ شۆبىلىرى تەسىس قىلىنغان. بۇ ئىدارە جۇڭگو - روسىيە سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، روسىيە سودىگەرلىرى ئېلىپ كىرگەن ھەم ئېلىپ چىققان ماللارنى تەكشۈرۈش، تىزىملاش، رەسمىيەتلىرىنى دەپتەرگە ئورنىتىش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرگەن.

بۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭنىڭ چېگرا سودا ئېغىزلىرى

تەرەققىي قىلىپ، يېڭى ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن. مەسىلەن، 1) روسىيە سودىگەرلىرى ئەسلىدە بار چېگرا سودا ئېغىزلىرىغا قانائەت قىلماي، يەنە شىنجاڭ چېگرىسىنى ئىچىدىكى نەچچە يۈز كۋادرات مېتىر كېلىدىغان جايلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن سودا رايونىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغان؛ 2) روسىيە سودىگەرلىرى چېگرا سودا ئېغىزىدا مال توختىتىش، مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىغا رازى بولمىغان، بەلكى نەق پۇلغا سېتىش قاتارلىق كۆپ خىل سودا شەكلىنى قوللانغان؛ 3) شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى يەرلىك ھۆكۈمىتى چېگرا سودا ئېغىزلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، چېگرا ئېغىزلىرىغا قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئىلىدىكى نىجىكا (كېيىنكى قورغاس) بىلەن چۆچەكتىكى بەختىنى شىمالدىكى ئىككى چوڭ سودا ئېغىزى يولى قىلىپ، ئۇنى ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ سودىسىغا قاراتقان؛ ئۇچتۇرپاندىكى ئىبراھىم بىلەن روسىيىگە تەۋە قارا قولنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدىغان شەرقىي سودا يولى قىلغان؛ قەشقەرنىڭ مىڭيولنى جەنۇبتىكى سودا ئېغىزى يولى قىلىپ، ئۇنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى ئۇچتۇرپان، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارنىڭ سودىسىغا قاراتقان. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىن خېلى كۆپ سودا ئېغىزلىرى ھەم تاشقى سودا يوللىرى ئېچىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى خېلى قويۇقلاشقان، ئېكسپورت - ئىمپورت مىقدارى ئىلگىرىكى زاماندىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن.



## روسىيە بىلەن بولغان تاۋار ۋە خام ئەشيا سودىسى

1887 - يىلدىن 1888 - يىلغىچە، روسىيىلىكلەر بىزدىن ئالغان يەرلىك ماللار ئۇلارنىڭ بىزگە كىرگۈزگەن ماللىرىدىن كۆپ بولۇپ، سېلىشتۇرمىسى 2 : 10 گە توغرا كەلگەن. دېمەك، شىنجاڭنىڭ روسىيە بىلەن بولغان سودىدا ئىمپورت قىلغىنىدىن ئېكسپورت قىلغىنى ئېشىپ كەتكەن. روسىيە ھۆكۈمىتى بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن روسىيە سودىگەرلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ سودا قىلىشقا ھەدەپ رىغبەتلەندۈرگەن ھەمدە تۈرلۈك ئېتىبارلارنى بەرگەن. مەسىلەن، شىنجاڭ رايونىغا پاختا گەزلىمىلەر ئېكسپورت قىلىنسا، ئىلگىرى ئېلىنغان پاختا بېجىنى قايتۇرۇپ بېرىش؛ سەرەڭگە ۋە قەنت ئېكسپورت قىلىنسا، بۇ ئىككى خىل تاۋاردىن ئېلىنغان ئىستېمال بېجىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، روسىيە ئىلى ۋە قەشقەر چېگرىسىغىچە بىۋاسىتە كېلىدىغان تۆمۈر يول ياسىغان. شۇنىڭ بىلەن، قاتناش راۋانلىشىپ، سودا - ساياھەت ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتكەن. روسىيە تاۋارلىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى كۈچەيگەن. سودا مىقدارى ھەيران قالارلىق سۈرئەت بىلەن داۋاملىق ئېشىپ بارغان. 1881 - يىلدىن 1905 - يىلغىچە بولغان 25 يىل ئىچىدە، روسىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان مالنىڭ قىممىتى 200 نەچچە مىڭ سەر (كۈمۈش) دىن تەدرىجىي كۆپىيىپ 4 مىليون سەر كۈمۈشكە يەتكەن، شىنجاڭدىن ئېكسپورت قىلىنغان يەرلىك مالنىڭ يىللىق قىممىتىمۇ 3 مىليون سەرگە يەتكەن. 1909 - يىلىغا

كەلگەندە، روسىيىنىڭ شىنجاڭ بىلەن قىلغان سودىسىنىڭ مىقدارى 12 مىليون 574 مىڭ سەر كۈمۈشكە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە روسىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن مېلىنىڭ قىممىتى 6 مىليون 439 مىڭ سەر، شىنجاڭدىن روسىيىگە چىقىرىلغان مالنىڭ قىممىتى 6 مىليون 135 مىڭ سەر بولغان. گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، روسىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن مېلى 31 ھەسسە كۆپەيگەن. 1908 - يىلى ئىلى جياڭجۈنى چاڭگېڭنىڭ پادىشاھقا يوللىغان مەلۇماتىدا: «ھازىر روسىيە شىنجاڭدا باشقۇرۇۋاتقان سودا ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ ھوقۇق تەسىرىنى ھەدەپ كېڭەيتمەكتە، دۆلىتىمىزنىڭ موڭغۇلىيىگە تۇتاش چېگرا رايونىغا جايلاشقان قازاقلار ۋە روسىيە ئىككى دۆلەت چېگرىسىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك روسىيە ماللىرى» دېيىلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۈكى، كەلكۈن سۈيىدەك ئېقىپ كىرگەن روسىيە تاۋارلىرىنىڭ باھاسى ئەرزان، سۈپىتى ياخشى بولغانلىقتىن، ئۇلار جۇڭگونىڭ ئۆزىدىن چىققان مەھسۇلاتلارنى بېسىپ چۈشۈپ، شىنجاڭنىڭ كەڭ بازارلىرىنى ئىگىلىۋالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدىكى روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ سانى تېز كۆپەيگەن. 1898 - يىلى روسىيىلىكلەر ئاچقان ئۈرۈمچىنى ئالساق، روسىيىلىك سودا دۇكىنى ئۈچ-تۆتلا بولۇپ، روسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ سانى 200 نەچچىلا ئىدى. 1907 - يىلىغا كەلگەندە، روسىيىلىكلەر ئاچقان سودا دۇكىنى 30 نەچچىگە يېتىپ، روسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ سانى 800 دىن ئاشقان. ئىلى، چۆچەك، قەشقەرلەردە روسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ سانى ئۈرۈمچىدىكىدىن كۆپ ئېشىپ



كەتكەن. 1911 - يىلى يېزىپ چىقىلغان «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» دا خاتىرىلىنىشىچە، چۆچەكتە بار روسىيىلىك سودىگەرلەر 1163 ئۆيلۈك، 3325 كىشى؛ قەشقەر رايونىدا بار روسىيىلىك سودىگەرلەر 525 ئۆيلۈك، 1344 كىشى بولغان. پۈتۈن شىنجاڭدىكى روسىيىلىك سودىگەرلەرنى ستاتىستىكا قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 10 مىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. بۇ روسىيىلىك سودىگەرلەر چار روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تەسىر كۈچىگە ۋە تەڭسىز شەرتنامىلەر بەخش ئەتكەن تاجاۋۇزچىلىق ئىمتىيازىغا تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ «ئۆلكە ئىچىدىكى مۇھىم جايلاردا ھەدەپ ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى تىكلەپ، پۇت تىرەپ تۇرىدىغان زېمىنىنى مۇستەھكەملەپ، جۇڭگو سودىگەرلىرى بىلەن رىقابەتلەشكەن».

شۇ چاغلاردا، روسىيىنىڭ شىنجاڭغا توشۇپ كېلىپ ساتقان تاۋارلىرى ئىچىدە پاختا گەزلىمىلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان. مەسىلەن، ھەر خىل گۈللۈك رەخت، قىرغىز رەختى، تېرىكە، كەمپۇت، بومازى، چىبەرقۇت ۋە باشقا يىپ رەختلەر؛ ئۇنىڭدىن قالسا، يۇڭ توقۇلمىلار، تاۋار - دۇردۇن، تۆمۈر جابدۇق، فارفور قاچىلار، ئاق شېكەر، خۇرۇم، سەرەڭگە، كېرسىن، سائەت، ئەينەك قاچا - قۇچا ۋە باشقىلار. شىنجاڭدىن روسىيىگە چىقىرىلغىنى ئاساسەن يەرلىك خام ئەشيالار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا مال، تېرە - يۇڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان. ئۇنىڭدىن قالسا پاختا، ئۈزۈم، كىگىز، گىلەم ۋە باشقا ماللار. بۇ سودا كۆپىنچە تەڭسىز قىممەتتە ئالماشتۇرۇش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان. چېگرا ئېغىزلىرىدا بولىدىغان سودا تامامەن دېگۈدەك مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش

ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. روسىيە سودىگەرلىرى تاۋار باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھا بىلەن ئېلىۋالغان. روسىيىنىڭ چۆچەك ۋە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان بوگىياۋلېنسكى مالنى مالغا ئالماشتۇرىدىغان بۇ خىل سودىنىڭ روسىيە سودىگەرلىرى ئۈچۈن نەق پۇل سودىسىدىن پايدىلىقراق ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن. روسىيە سودىگەرلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى شەھەرلەرگە ئومۇميۈزلۈك سودا سارايلىرى قۇرۇپ، سودا دۇكانلىرى ئېچىپ، ئۆز تاۋارلىرىنى كۆپلەپ سېتىپ، خام ئەشيالارنى ئەرزان باھادا سېتىۋالغان. مەسىلەن، ئۈرۈمچىدە روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ سەككىز ئورۇندا سودا فىرمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ كاپىتالى نەچچە يۈز مىڭ سەردىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ مەقسىتى روسىيە ماللىرىنى سېتىشلا ئەمەس، بەلكى قوي ۋە يۇڭ ـ تېرىلەرنى بىزدىن ئەرزان ئېلىپ، قايتىدىن بىزگە قىممەت سېتىش، بازارنى مونوپول قىلىپ پايدا ئېلىش ئىدى. بەزى روسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭدىن خام ئەشيا يۆتكەپ ئاپىرىپ، ئۆز دۆلىتىدە پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئاندىن ئۇنى يەنە شىنجاڭغا ئەكىلىپ قىممەت باھادا سېتىپ، ئون ھەسسىلەپ پايدا ئالغان. مەسىلەن، تۇرپاندا يىلىغا نەچچە مىليون جىڭ پاختا چىقىدۇ. روسىيىلىكلەر بۇنى سېتىۋېلىپ، ئۆز دۆلىتىگە ئاپىرىپ رەخت توقۇپ، ئاندىن ئۇنى يەنە شىنجاڭغا ئەكىلىپ سېتىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز پايدا ئالغان. يەنە ئالايلۇق، قۇمۇلدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆپىنچە روسىيە سودىگەرلىرى ئۆز دۆلىتىگە ئاپىرىپ، «ئەجنەبىي مال» قىلىپ ئىشلەپ، ئۇنى قايتىدىن بىزنىڭ زېمىنىمىزغا كىرگۈزۈپ، پايدا ئالغان. تەڭسىز



قىممەتتە ئالماشتۇرۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەن. 1901 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى زالافېڭئىنىڭ پادىشاھقا يوللىغان مەلۇماتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «تارباغاتايدىن كۆپلەپ تېرە ـ يۇڭ چىقىدۇ، روسىيە سودىگەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر سودىگەرلەر ھەر يىلى چارۋا رايونلىرىغا بېرىپ ئۇلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، چەتئەلگە ئاپىرىپ ساتىدۇ، موڭغۇللار بىلەن قازاقلار ئۇلارنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچراپ، كۈندىن ـ كۈنگە نامراتلاشماقتا». تارباغاتاي شۇنداق بولغان ئىكەن، باشقا رايونلارمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

چارروسىيە يەنە شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە زاۋۇت قۇرۇپ، بۇ يەردىكى ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، زور مىقداردا پايدا ئۈندۈرۈۋالغان. 1910 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، چارروسىيە غۇلجا شەھىرىنىڭ سىرتىدا تېرە زاۋۇتى، مويكا، ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق بىر نەچچە چوڭ كارخانا قۇرغان، ھەتتا كاپىتال غەملەپ، كۆلىمىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتمەكچى بولغان.

## چاي سودىسى جەھەتتە

1881 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «قايتىدىن تۈزۈلگەن قۇرۇقلۇق يولى سودا ئالاقا نىزامنامىسى» دە: روسىيە سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن يەرلىك مال سېتىۋېلىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندا، شەرتنامىدە كۆرسىتىلگەن يول بىلەن مېڭىشى يەنى جاڭجياكۇدىن چاقتۇغا، جاڭجياكۇدىن نىبۇچۇغا،

جاڭجياكۇدىن قۇبدۇ ئارقىلىق روسىيە چېگرىسىغا كىرىشى شەرت، دەپ بېكىتىلگەن. بۇ نىزامنامىدە يەنە: روسىيە سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ يەرلىك ماللىرىنى سېتىۋېلىپ ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ ماڭغاندا، يول ئۈستىدە ئۆز مەيلىچە سېتىشقا بولمايدۇ، ئەگەر يول ئۈستىدە ئۆز مەيلىچە ساتىدىغان بولسا، تەكشۈرۈپ تېپىلغان هامان ئۇنىڭ پۈتۈن مېلى هۆكۈمەتكە تاپشۇرۇۋېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. چاي يەرلىك مال بولغانلىقتىن بۇ بەلگىلىمىنىڭ شىنجاڭ بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى چاي سودىسىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. لېكىن، روسىيە سودىگەرلىرى هەددىدىن ئارتۇق پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش ئۈچۈن چارروسىيە جاهانگىرلىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، شەرتنامىدىكى بەلگىلىمىگە پىسەنت قىلماي شىنجاڭدا چاي ئەتكەسچىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. ئۇلار يا جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن چاي سېتىۋېلىپ ئېلى، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ ساتقان، يا بولمىسا جۇڭگو چايلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە ئاپىرىپ ئاندىن روسىيە چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە يەنە شىنجاڭغا ئەكىرىپ ساتقان. ئىككىنچى خىل ئەهۋال شۇ چاغلاردا «قايتۇرۇپ تۆكۈش» دەپ ئاتالغان. قايتۇرۇپ تۆكۈش شەكلى خىلمۇ - خىل بولۇپ، روسىيە سودىگەرلىرى چاقتۇدىن چاي سېتىۋېلىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندا، شىنجاڭ چېگرىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى جايلىرىدا ساتقۇچىلارمۇ بولغان؛ جۇڭگو چايلىرىنى روسىيە چېگرىسىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە روسىيە ماللىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ شىنجاڭ چېگرىسىدىن كۆز بوياپ ئەكىرىپ ساتقۇچىلارمۇ بولغان؛ جۇڭگونىڭ مەككار سودىگەرلىرى ئىچىدە روسىيە



سودىگەرلىرىگە بېرىلىدىغان سودا كىنىشكىسىنى كۆز بوياپ ئېلىۋېلىپ، ئۇنى دەستەك قىلىپ قانۇنسىز هالدا خۇپىيانە سودا قىلغۇچىلارمۇ بولغان ۋەهاكازالار.

روسىيىنىڭ چۆچەك ۋە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بوگياۋلېنىسكى ئۆزىنىڭ 1906 - يىلى نەشىردىن چىققان «سەددىچىن سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونى» دېگەن كىتابىدا، روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان قانۇنسىز چاي سودىسى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ چاي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى شەرت-شارائىتى تا هازىرغا قەدەر ناهايىتى ئوبدان بولۇپ كەلگەن. چۈنكى، جۇڭگو دائىرىلىرى روسىيە كونسۇللىرىدا ئۇقۇشماسلىقنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورققانلىقتىن، روسىيە سودىگەرلىرىگە قاتتىقراق مۇئامىلە قىلىشقا پېتىنالمىغان. شۇڭا، روسىيە پۇقرالىرىغا بۇ جەهەتتە كۆپرەك ئەركىنلىك بېرىلگەن. ئۇلار جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرىدىمۇ چاي تىجارىتى قىلالايدۇ، شۇنداقلا چاينى روسىيە چېگرىسىغىمۇ ئېلىپ كېتەلەيدۇ». روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا چاي ئەتكەسچىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشقا جۈرئەت قىلالىشى دەل ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا روسىيە كونسۇللىرىنىڭ مەدەت بېرىپ تۇرغانلىقىدا.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، چايمۇ تۇزغا ئوخشاشلا هۆكۈمەت مەخسۇس پايدا ئالىدىغان تاۋار بولۇپ، بەلگىلىمە بويىچە پەقەت خۇنەنلىك چاي سودىگەرلىرىگىلا هۆكۈمەتكە باج تۆلەپ فاكتور ئالغاندىن كېيىن شىنجاڭغا چاي ئەكىلىپ سېتىشقا رۇخسەت قىلىنغان. چاي شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ موڭغۇل، قازاق قاتارلىق چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان تۇرمۇش

بۇيۇمى بولغاچقا، چاينىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك بولغان.

## كان بايلىقلىرى سودىسى

چارروسىيە شىنجاڭنىڭ مول كان بايلىقلىرىغا، بولۇپمۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە مەشھۇر ئالتۇن كانلىرىغا ئاللىبۇرۇنلا قىزىقىپ كەلگەن.

1897 - يىلى روسىيە سودىگىرى موسكۋىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تارباغاتاينىڭ قاتۇ تېغىدىكى ئالتۇن تېغىنى ئىجارىگە ئېلىش تەلىپىنى قويغان. شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى بولۇپ تۇرغان راۋ يىڭچى: «شىنجاڭدا كان بىلىملىرىنى پىششىق بىلىدىغانلار كەم بولغاچقا، ئۆزىمىز كان ئېچىشقا ئامالسىز. ئەگەر روسىيە بىلەن شېرىكلىشىپ ئاچساق، بۇمۇ بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشنىڭ بىر چارىسى» دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى دوتىيى قوشۇمچە ئەدلىيە نازىرى پەن شياۋسۇنى روسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئوسىپىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن.

راۋ يىڭچىنىڭ جۇڭگو بىلەن روسىيە شېرىكلىشىپ كان ئېچىش تەشەببۇسى روسىيىنىڭ شىنجاڭنىڭ كان بايلىقلىرىنى ئېچىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكتىن، ئوسىپىن روسىيە سودىگىرى موسكۋىننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن شېرىكلىشىپ كان ئېچىشنى قارار قىلغان. توختام تۈزۈشتىن ئاۋۋال، جۇڭگو بىلەن روسىيە ئىككى تەرەپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، رودا بەلگىللىرىنى بىرلىكتە تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، تارباغاتاي تەۋەسىدىكى قاتۇ تېغىنىڭ



زاگۇڭ، شىنشىڭگۇڭ، لەنجۇۋەن، شىخونىڭ جىرغىلاڭ دېگەن جايلىرىدىكى تۆت كاننىڭ ئالتۇن رودىسى بىر قەدەر مول بولۇپ، ئېچىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بايقالغان. سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 1899 - يىلى فەن شياۋسۇ ئوسىپىن بىلەن «جۇڭگو - روسىيە شېرىكلىشىپ شىنجاڭدا ئالتۇن كېنى ئېچىش توختامى» ئىمزالىغان.

جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ «شىنجاڭدا شېرىكلىشىپ ئالتۇن كېنى ئېچىش توختامى» جەمئىي 19 ماددىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: 1) جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ شىنجاڭدا شېرىكلىشىپ ئالتۇن كېنى ئېچىش مۇددىتى 25 يىل بولىدۇ، كېيىن داۋاملىق ئېچىشقا توغرا كەلسە مۇددىتى قايتا بېكىتىلىدۇ. كاندىن پايدا چىقمىسا، توختامدىكى يىل چەكلىمىسىگە قارىماي مەسلىھەتلىشىپ ئىش توختىتىلىدۇ، زىيان كۆرۈلسە، ئىككى تەرەپ تەڭ تارتىدۇ؛ 2) ئاۋۋال تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قاتۇتېغىدىكى زاگۇڭدا ئالتۇن كېنى ئېچىلىدۇ. ئەگەر زاگۇڭدا سۇ بولمىسا، دەريا سۈيىدە ئالتۇن چايقاش ئوڭاي بولغىنى ئۈچۈن شىنشىڭگۇڭدا كان ئېچىلىدۇ. كېيىن كۈچ يېتىشسە لەنجۇۋەن بىلەن جىرغىلاڭدىكى ئالتۇن كانلىرى ئېچىلىدۇ؛ 3) كاننىڭ بارلىق ئىشلىرى مەسىلەن، كان ئىنژېنېرى ۋە باشقا قۇرۇلۇش تېخنىكلىرىنى تەكلىپ قىلىش، ئىشچى يالّاش، ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش، ئۆي - ئىمارەت سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى موسكۋىن بىلەن جۇڭگو تەرەپنىڭ باش دىرېكتورى بىرلىكتە بېجىرىدۇ؛ 4) كان ئېچىش مەبلىغى ۋاقتىنچە 60 مىڭ سەر كۈمۈش بولۇپ، ئىككى تەرەپ تەڭ چىقىرىدۇ؛ 5) ئېلىنغان ئالتۇن يىلدا بىر قېتىم ھېساب - كىتاب قىلىنىدۇ. روسىيىنىڭ ئالتۇن بېجى

نىزامنامىسى بويىچە باج تاپشۇرۇلىدۇ. 1500 سەردىن تۆۋەن بولسا بىر پىرسەنت، 1500 سەردىن 2500 سەرگىچە بولسا ئۈچ پىرسەنت، 2500 سەردىن يۇقىرى بولسا بەش پىرسەنت باج ئېلىنىدۇ. قالغان قىسمىنى ئىككى تەرەپ تەڭ بۆلۈشۈۋالىدۇ، يەنى يېرىمى جۇڭگو خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ، يېرىمى موسكۋىنغا تەئەللۇق بولۇپ ئۇنىڭدىن قايتا باج ئېلىنمايدۇ.

توختام ئىمزالانغاندىن كېيىن، زاۋۇت قۇرۇپ ئۆي سېلىش، كان ئېچىپ كۆمۈر قېزىش، ماشىنىلارنى قوراشتۇرۇپ نو (ئوقۇر) سېلىش قاتارلىق تەييارلىق ئىشلىرى ئىشلىنىپ، 1900 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ماشىنىلار سىناق قىلىنغان. موسكۋىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ئىنژېنىر دېدوۋ، ۋورونىن، تولماچېۋ قاتارلىقلارنىڭ تېخنىكىسى تۆۋەن بولۇپ كاننىڭ ئېچىلىشى جايىدا بولمىغانلىقتىن، چىققان ئالتۇن تەننەرخىنى قاپلىيالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، روسىيىلىكلەر بەكمۇ ئىسراپخور، كان ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى جۇڭگونىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولغاچقا، يىلمۇيىل زىيان تارتىپ ئاخىرى 1902 - يىل 9 - ئايدا ئىش توختىتىلىپ تارقىلىپ كەتكەن. 1930 - يىلى ھېساب - كىتاب قىلغاندا، جۇڭگو تەرەپنىڭ سالغان دەسمايىسىدىن كۆرۈلگەن زىيان 81 مىڭ 392 سەرگە يەتكەن. جۇڭگو - روسىيە شېرىكلىشىپ قاتۇ تېغىدىكى ئالتۇن كېنىنى ئاچقان شۇ مەزگىلدە، چارروسىيە يەنە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىدىن روسىيە قوشۇنىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 1901 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى روسىيىدە تۇرۇشلۇق جۇڭگو



ئەلچىسى ياڭ زېڭغا 12 ماددىلىق تەلەپ قويۇپ، ئۇنى روسىيە قوشۇنىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنىڭ شەرتى قىلغان. ئۇنىڭ سەككىزىنچى ماددىسى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا: (جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ) چېگرىداش جايلىرى مەسىلەن، مانجۇ، موڭغۇل ۋە شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي، ئىلى، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كېررىيە قاتارلىق جايلىرىدىكى كان، يول ۋە باشقا پايدىلىق ئەسلىھەلەرنى روسىيىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا دۆلەتكە ياكى باشقا دۆلەت كىشىلىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ. روسىيىنىڭ رۇخسىتىسىز جۇڭگونىڭ ئۆز مەيلىچە يول ياسىشىغا بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ كالا فېرمىسىدىن باشقا يەر-زېمىنلىرىنى باشقا دۆلەت كىشىلىرىگە ئىجارىگە بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ يېزىلغان.

چارروسىيىنىڭ شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى كان ۋە يوللارنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋېلىش تەلىپى رەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، شىنجاڭنىڭ يول ھوقۇقى ۋە كان ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش نىيىتىدىن يانمىدى. 1905 - يىلى روسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى يەنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ماناس ۋە شىخولاردا نېفت قېزىش تەلىپىنى قويغان. ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغان نوتىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «تەكشۈرۈشىمىزچە ماناس، شىخودىكى ئىككى جاينىڭ زېمىن دائىرىسىدىن نېفت چىقىدىكەن، روسىيىنىڭ كوكونباسوۋ سودا فېرمىسى بۇ ئىككى جايدىكى نېفتلىكنى ئېچىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ جايلارنىڭ نېفت چىقىدىغان ئۇچاستكىسىنى مەزكۇر فېرمىغا 40 يىللىق ئىجارىگە بېرىشىڭلارنى، يا بولمىسا يەرنىڭ مو سانىغا قاراپ

هەر يىلى يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇشقا بىرىنچىلارنى ئىلتىماس قىلىمىز. يەر ئىجارىسىدىن باشقا، هەر بىر پۇت (16.38 كىلوگرام) نېفىت ئۈچۈن بىر كوپېك (روسىيە پۇلى) ياكى هەر 100 جىڭ نېفىت ئۈچۈن بەش يارماق (جۇڭگو پۇلى) باج تاپشۇرىدۇ. قىسقىسى، باجنى قانداق تۆلەش، نېفىت ئۇچاستىكىسىنى قانداق ئىجارىگە بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلساق. كوكونباسوۋ سودا فىرمىسى روسىيىنىڭ ئاتاغلىق سودا فىرمىسى بولۇپ، بۇ فىرمىنىڭ جۇڭگودا تيەنجىن، خەنكۇ شەھىرىدە، روسىيىنىڭ پېتربورگ، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىدە دۇكانلىرى بار». شىنجاڭنىڭ باش مەمۇرىي باشلىقى (ئۆلكە باشلىقى) يەن شيۇسو بۇ ئىشنىڭ پايدا-زىيىنىنى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇ تەلەپنى رەت قىلغان.

## پۇل مۇئامىلە جەھەتتە

شىنجاڭنىڭ سودا ۋە پۇل - مۇئامىلىسىدە ئەسلى كۈمۈش ۋە مىس پۇل ئىشلىتىلىپ كەلگەن. كېيىن، شۇ هۆكۈمەتنىڭ پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، هۆكۈمەت مالىيىسىدىكى كەملىكنى تولدۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك كۈمۈش زاپىسى يوق تۇرۇقلۇقمۇ، زور مىقداردا قەغەز پۇل تارقاتقان. نەتىجىدە، قەغەز پۇل كۆپىيىپ، كۈمۈش ئازلاپ كەتكەنلىكتىن، قولىدا هۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنىڭ قەغەز پۇلى بارلار ئۇنى كۈمۈشكە ئالماشتۇرۇۋالغان. ئۈرۈمچىدە هەر 100 سەر كۈمۈشكە ئالتە - يەتتە سەر، ئىلى ۋە چۆچەكلەردە هەر 100 سەر كۈمۈشكە 25 - 26 سەر تىزا قوشۇپ بېرىلگەن. روسىيىنىڭ داۋشېڭ بانكىسى بۇ



پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ هۆكۈمەت پۇلىنى كۆپلەپ يىغىۋېلىپ، ئۇنى پۇل ئىدارىسىگە ئاپىرىپ نەق كۈمۈشكە تېگىشىۋالغان. شۇ ۋەجىدىن، كۈمۈش بارغانسېرى ئازىيىپ، بازار كۈنسايىن پۇچەكلىشىپ، سودا مۇئامىلىدە پەقەت قىممىتى يوق قەغەز پۇللا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالغان. نەتىجىدە، هۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنىڭ ئىناۋىتى بىراقلا چۈشۈپ، مۇنداق بىر غەلىتە هادىسە يۈز بەرگەن: روسىيىنىڭ رۇبلىسى بازارنى قاپلاپ كەتكەن، شەھەر ئاھالىسى سودا - مۇئامىلىدە روسىيە پۇلى بولمىسا بولمايدىغان، جۇڭگو پۇلىنى ئىشلەتمەيدىغان بولۇپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، داۋشېڭ بانكىسى شىنجاڭنىڭ پۇل - مۇئامىلە بازىرىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىۋالغان، روسىيە پۇلىغا تېگىشىدىغان كۈمۈشنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى تامامەن شۇلارنىڭ ئىختىيارىدا بولغان، ئۇلار ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىپ، پايدا چىقىدىغان ئىشنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. داۋشېڭ بانكىسى پۇل قەرز بېرىش كەسپىنىمۇ باشقۇرغان. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل جازانىخورلۇق بولۇپ، تارقىتىش ئوبيېكتى ئاساسەن سودىگەرلەر بولغان. مەسىلەن، ئىلىدىكى داۋشېڭ بانكىسى قەرز بېرىشتە ماددىي مەھسۇلاتنى رەنىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئادەتتىكى يىللىق ئۆسۈمى بەش پىرسەنت بولۇپ، ئۆز قەرەلىدە تۆلىيەلمىسە ياكى پىرسەنتى نىسبى قېپقالسا، مال - بىساتىنى ئۇنىڭ هېسابىغا تۇتۇۋالغان. ئەينى چاغدىلا بەزىلەر: «جۇڭگو سودىگەرلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئەمەلىيەتتە روسىيە بانكىسىنىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە مەككارلىقى كەلتۈرۈپ چىقاردى»، دېيىشكەن.

يالغۇز داۋشىلىك بانكىسىلا جازانىخورلۇق قىلىپ قالماي، ئادەتتىكى روسىيە سودىگەرلىرىمۇ جازانىخورلۇق قىلغان. «قەشقەردە «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» دا: «ئەنگلىيىلىكلەر سودا ئالاقىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، جازانىخورلۇقنى كەسىپ قىلغاندى. يېقىنقى يىللاردا روسىيىلىكلەرمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ئاشۇرۇۋەتتى» دېيىلگەن. ئەنگلىيە ۋە روسىيە سودىگەرلىرى تارقاتقان يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزنىڭ يىل ئۆتمەيلا ئانىسىدىن بالىسى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۆسۈمى يىلىنىڭ يېتىشىگە يەتتە — سەككىز پىرسەنت، ئېغىر بولغانلىرى بولغانلىرى بىر نەچچە پىرسەنت بولۇپ، بىر نەچچە ئايدىلا ھەسسىلەپ ئون نەچچە ھەسسىلەپ كۆپەيگەن، بىر نەچچە ئاي ئۆتۈشى بىلەن يەنە ھەسسىلەپ كۆپەيگەن، ئانىسى بىلەن بالىسى قاتلىنىپ ئۆسۈۋېرىپ، تۈگەتكۈسىز قەرزگە ئايلانغان. بۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەھۋال. شىمالىي شىنجاڭدا روسىيە سودىگەرلىرى پۇل قەرز بېرىپ قوي يىغىۋېلىش شەكلى ئارقىلىق موڭغۇل، قازاق چارۋىچىلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. چارۋىچىلار يىل بېشىدا بىر سەر كۈمۈش قەرز ئالسا، ياندۇرقى يىلى 4 — ئايدا ئىككى چىشلىق بىر قوي تاپشۇرغان. ئەگەر ئۇنى ئۆز قەرەلىدە تۆلىيەلمىسە، ئۆسۈمىنى بىر ھەسسە ئاشۇرغان؛ يەنە تۆلىيەلمىسە، يەنە بىر ھەسسە ئاشۇرغان.

## «ئىلى ۋاقىتلىق سودا ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» نىڭ ئىمزالىنىشى ۋە قورغاس سودا ئېغىزى

1 — دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ سودىسىنى چارروسىيە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك،



سودىگەرلىرىلا مونوپول قىلىۋالغانىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، بولۇپمۇ 1917 — يىلدىكى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن روسىيىدە بولۇۋاتقان ئىچكى ئىنقىلابلارنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى نادان تۇتۇش، يەرلىك خەلقلەرنى سىرت بىلەن ئالاقە قىلدۇرماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋېلىشتەك ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تاشقى سودا ئىشلىرى ئۈچ يىلچە ئۈزۈلۈپ قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولسىمۇ، 1920 — يىلدىن كېيىن يەنە ئەسلىگە كەلگەن.

1920 — يىلى 5 — ئاينىڭ 16 — كۈنى، روسىيىدىكى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق دىپلوماتىيە ئەمەلدارى لېمالىيۇ ۋە ئالاھىدە ھوقۇقلۇق سودا ئىشلىرى ئەمەلدارى لېۋېتاش قاتارلىق سەككىز نەپەر ئەمەلدار ئىلىغا كېلىپ، شىنجاڭ بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچىل ئەمەلدارى ياڭ زېڭشىن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ھازىرچە ئىلى تەرەپتىكى سودا ئېغىزلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، قەشقەر تەرەپتىكى سودا ئېغىزلىرىنى كېيىن مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن، 1920 — يىلى 5 — ئاينىڭ 28 — كۈنى ئىلى دوتەيى سۇي گۈجىن بىلەن سوۋېت روسىيە تاشقى ئىشلار

كومىتېتىنىڭ ئەمەلدارى ۋۇ ئەيخېۋ شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ۋە روسىيە تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن «ئىلى ۋاقىتلىق سودا ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» گە ئىمزا قويغان. بۇنىڭدا ئاساسەن تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەنگەن. 1) روسىيە سودىگەرلىرى روسىيىدىن ئىلىغا مال ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئىلىدىن روسىيىگە مال ئېلىپ چىقىدۇ، ئىلى تاموژنىسىغا باج تاپشۇرىدۇ؛ 2) جۇڭگو - روسىيە ئىككى دۆلەت سودىگەرلىرى ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجرا بولۇپ قالسا ياكى دەۋا - دەستەك ئىشلىرى بولسا، تامامەن ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلىپ ئىجرا قىلىنىدۇ؛ 3) روسىيە غۇلجا شەھىرىدە، ياڭ زىڭشىن ھۆكۈمىتى روسىيىنىڭ ۋېرنا شەھىرىدە سودا ۋە دىپلوماتىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىدۇ؛ 4) قورغاس چېگرا سودا ئېغىزى ئىككى دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى كىرىپ - چىقىدىغان يول قىلىپ بەلگىلىنىدۇ، ئەگەر بۇ يولنى ئەگىپ باشقا يول بىلەن كىرىپ - چىققانلار ۋە باج ئىشلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلار بولسا جازالىنىدۇ.

شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىلى تاموژنىسى قۇرۇلغان، ئىلى دوتىيى شۈي گوجېن قوشۇمچە تاموژنا ۋە باج ئىشلىرى باشلىقى بولغان. 1924 - يىلى ئۈرۈمچى، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر قايتىدىن ئېچىۋېتىلگەن، بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ - روسىيە تاشقى سودا ئىشلىرى كۈنسايىن راۋاجلانغان. شىنجاڭنىڭ روسىيىگە ئېچىۋېتىلگەن تاشقى سودا يولى ئېغىزلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئالتە يولدىن ئىبارەت بولغان:

1) قەشقەر - ئەنجان سودا يولى لىنىيىسى: بۇ



ئەسلىدىكى (بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرىدىكى) يىپەك يولىنىڭ كونا لىنىيىسى بولۇپ، تاغ - داۋانلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان تاشلىق ھەم قۇم - شېغىللىق يول بولغاچقا، پەقەت ئۇلاغ ترانسپورتىلا قاتنىيالايدىغان، ھاۋرا - ماشىنىلار ماڭالمايدىغان خەتەرلىك يول ئىدى. بۇ يول جۇڭگو - روسىيە چېگرا پاسىلى بولغان ئەركەشتامدىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، تاغ داۋانلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان خەتەرلىك يول بولغاچقا، ئۇلاغ ترانسپورتى ئۈچۈن 22 كۈنلۈك مۇساپە ھېسابلانغان.

2) قەشقەر - بىشكەك سودا يولى لىنىيىسى: بۇ يول قەشقەردىن باشلىنىپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ، تورغات تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن سوۋېت چېگرىسىغا تۇتاشقان ھەم نارىن ئارقىلىق بىۋاسىتە بىشكەككە بارغىلى بولىدىغان، بىر قەدەر قولايلىق يول ھېسابلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يول باشتىن - ئاياغ ئوت - چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك جايلارنى كېسىپ ئۆتكەچكە، سودا كارۋانلىرى ئۈچۈن ناھايىتى قولايلىق بولغان، قاتناش ئىشلىرىمۇ ئېركەشتام يولىدىن كۆپ ئاسان بولغان.

3) ئۈچتۇرپان - قاراقول سودا يولى لىنىيىسى: بۇ يول لىنىيىسى بىلەن ئات - ئۇلاغلىق سودا كارۋانلىرى ئىككى كۈن مېڭىپلا گۆڭگۈرا داۋىنىغا يېتىپ بارغان ھەم نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپلا سوۋېت چېگرىسىغا كىرگەن، ئۇ جايدا دەم ئېلىپ يەنە ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن، قاراقولغا يېتىپ بارغان. 1916 - يىلى قاراقولدىكى قازاق، قىرغىز ۋە تۇڭگان (خۇيزۇ) قاتارلىق مىللەتلەر چاررۇسىيىنىڭ مەجبۇرىي ئەسكەر ئېلىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۈچتۇرپانغا

قېچىپ كىرگەندە، ئەل ئۇشۇ سودا كارۋان يولىدىن مېڭىپ كەلگەنىكەن.

4) ئىلى - ئاردىك سودا يولى لىنىيىسى: بۇ لىنىيە ئىلىدىن باشلىنىپ قورغاس ئارقىلىق ئاردىك پويىز ئىستانسىسىغا تۇتاشقان. ھەمدە قورغاسنىڭ غەربىدىن ئۆتكەندە ئاندىن ئاپتوموبىللار بىلەن قاتناشقا بولىدىغان چوڭ يولغا تۇتاشقان.

5) چۆچەك - ئاياگوز سودا يولى لىنىيىسى: بۇ لىنىيىدە چۆچەكنىڭ بەختى دېگەن يېرىدىن ئاياگوزغىچە ماشىنا - ئاپتوموبىللار بىلەن قاتناشقان.

6) جىمنەي - زەيسان سودا يولى لىنىيىسى: بۇ سودا يولى لىنىيىسىدە جىمنەيدىن يولغا چىقىپ 100 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول يۈرگەندىن كېيىنلا، چاررۇسىيىگە تەۋە زەيسان چېگرىسىغا كىرگەن. شىنجاڭ ۋە چاررۇسىيە سودىگەرلىرى بۇ يول بىلەن قۇرۇقلۇقتا قاتناشتىن باشقا، يەنە ئىلى دەرياسى ۋە ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق كېمە بىلەنمۇ قاتناشقان، چاررۇسىيىنىڭ سودا كېمىلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرغان.

شۇ چاغلاردا يەنە، شىنجاڭ بىلەن ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئافغانىستانلارنىڭ تاشقى سودىسىمۇ خېلى گۈللەنگەن بولۇپ، سودا كارۋانلىرىنىڭ بەزىلىرى كۆكئارتنىڭ جەنۇبىدىكى كونا يىپەك يولى لىنىيىسى بىلەن، بەزىلىرى كۇئېنلۇن تېغىدىن ئارتىلىپ ئۆتىدىغان ئىپتىدائىي يىپەك يولى لىنىيىسى بىلەن ماڭغان. ئەمما، بۇ يول ناھايىتى خەتەرلىك ۋە تاغ - داۋانلار كۆپ بولغاننىڭ ئۈستىگە، قىش - ياز ئېرىمەيدىغان قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، پەقەت ياز پەسلىدىلا بىرنەچچە ئاي



قاتنىغىلى بولغان. شۇڭا، بۇ يولدىن ئۇياق - بۇياققا ئۆتىدىغان ماللارنىڭ مىقدارى ئاز ھەم چەكلىك بولۇپ، مال باھاسىمۇ ناھايىتى قىممەت بولغان. شىنجاڭدىن بۇ يول ئارقىلىق ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئافغانىستان تەرەپلەرگە ئېلىپ چىقىلىدىغان ماللار ئاساسەن ئالتۇن بۇيۇملار، خام يىپەك، ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلار، قاشتېشى، پار - پۇر بۇيۇملار، قاچا - قۇچا ۋە چارۋا ماللار بولغان بولسا، ئۇ تەرەپلەردىن شىنجاڭغا ئېلىپ كىرىلىدىغان ماللار ئاساسەن بوياق ماتېرىياللىرى، توقۇلما بۇيۇملار، يۇراقلىق دورا ماتېرىياللىرى، قىزىلچاي، ئەپيۇن، مال - چارۋا تېرىسى ۋە ئۇچار قۇشلار قاتارلىقلار بولغان.

1931 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» ئىمزالىغان. بۇ «كېلىشىم» نىڭ 1 - ماددىسىدا: شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆزئارا مال ۋە سودا ئالماشتۇرىدۇ. پۇقرالار ئۆزئارا بېرىپ - كېلىش قىلغاندا، چوقۇم ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسىدىن تەكشۈرۈلۈپ ئۆتىدۇ. شىنجاڭنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇن - پەرمانلىرىغا ئاساسەن، ئەركەشتام (ياكى تورغات)، قورغاس، بەختى ۋە جىمنەيدىن كىرىپ - چىقىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 3 - ماددىسىدا: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئورگانلىرى ۋە شەخسىي سودىگەرلىرىگە قەشقەر، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، ئۈرۈمچى رايونلىرىدا ئەركىن سودا قىلىش ھوقۇقى بېرىشكە روخسەت قىلىدۇ ھەمدە يۇقىرىدىكى

رايونلاردا سودا ۋەكالەتچىلىرىنى ياكى سودىغا مەسئۇل خادىملارنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ يەكەن، تۇرپان، قاراشەھەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك سودىگەرلەر بىلەن مال توختامى تۈزۈشكە، سودا كېلىشىم - پۈتۈملىرىنى تۈزۈشكە يول قويىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

بۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭ سودا ئېغىزلىرىدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەركىن سودا قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى بارلىق سودا ئېغىزىنى ئېچىۋېتىشنىمۇ تەلەپ قىلغان. جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ قورال - ياراقلىرىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن سوۋېت تەرەپنىڭ سودا ھەققىدىكى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئىمزالانغان سودا قىلىش دائىرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سوۋېت تەرەپنىڭ سودا قىلىش دائىرىسىنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىگىچە كېڭەيتىشكە يول قويغان. نەتىجىدە، قەدىمكى سودا ئېغىزلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەكلا قايتىدىن ئېچىلىپ، كېيىنكى تاشقى سودا ۋە چېگرا سودىسى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغان. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭدىكى چېگرا سودا ئېغىزلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلەردىن ئېچىلىشى — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سودا ئېھتىياجىغا ماسلىشىش بىلەنلا قالماي، بەلكى بەزى سودا يوللىرى سوۋېت تەرەپنىڭ تۆمۈر يوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، سوۋېت تەرەپنىڭ تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈر يولىنىڭ ئاياگۇس بېكىتىدىن چۆچەككە كەلگىچە مەخسۇس سۈپەتلىك تاشيول ياسالغان ۋە بۇ تاشيول



لىنىيىسى بىۋاستە چۆچەك چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا يەتكۈزۈلگەن. بۇ يولنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى قىسمى بەختى سودا ئېغىزىغا تۇتاشتۇرۇلغان. سوۋېت تەرەپتىكى بۇ ئىككى سودا يولى قايتا كېڭەيتىلىپ ياسالغان ۋە تاش - شېغىللار يېيىتىلىپ، شۇ چاغدىكى زامانىۋى يولغا ئايلانغان. ئۈچىنچى، شارائىتى ناچار بولۇپ كەلگەن چېگرا سودا ئېغىزلىرىنىڭ ئورنىنى شارائىتى ياخشى، ھەممىگە قولايلىق ئېغىزلار ئىگىلىگەن. ھەرقايسى چېگرا سودا ئېغىزلىرىدا ياتاق، ئاشخانا، مال ۋە يۈك - تاق قويۇدىغان بىخەتەرلىك ئورۇنلىرى، مال ئالماشتۇرۇش سورۇنلىرى ھازىرلانغان.

## ئاساسىي چېگرا سودا ئېغىزلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

شىنجاڭدىكى ئاساسىي چېگرا سودا ئېغىزلىرى مەنچىڭ خانلىقىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە يەرلىك خەلقلەرنىڭ سودا ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن پەيدىنپەي ئېچىلغان ۋە ئۇنىڭدىن شىنجاڭ - چەت ئەل سودىگەرلىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىستىبدات مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، بۇ چېگرا سودا ئېغىزلىرى ئاساسەن تاقالغان. قىسمەن چېگرا سودا ئېغىزلىرى بەزىدە ئېچىلىپ، بەزىدە تاقىلىپ، چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى تەرىپىدىن مەھكەم ساقلانغان. بولۇپمۇ فېئودال مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى يەرلىك خەلقلەرنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشىغا، سودا - سېتىق قىلىپ مال ئالماشتۇرۇشىغا يول قويماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولغاچقا، چېگرا سودا

ئېغىزلىرىنىمۇ مەھكەم تاقىۋالغان. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىمۇ بۇ چېگرا سودا ئېغىزلىرى بەزىدە ئېچىلىپ، بەزىدە تاقىلىپ قالغان. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ جۇڭگو بىلەن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا قاراپ، شىنجاڭدىكى چېگرا سودا ئېغىزلىرى بەزىدە ئېچىلغان، بەزىدە تاقالغان. مەسىلەن، 1950 - يىلى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى سودا توختامى ئىمزالىغاندىن كېيىن، 1950 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سودا ئېغىزلىرىدىن قورغاس، تورغات، بەختى، جىمۇنەي قاتارلىق تۆت قۇرۇقلۇق ئېغىزى ۋە سەنداۋخېزى، بۇرچىن قاتارلىق ئىككى سۇ قاتناش يولى ئېغىزى ئېچىۋېتىلگەن. 1962 - يىلدىن كېيىن، سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى بىلەن، يۇقىرىدىكى چېگرا سودا ئېغىزلىرى تاقالغان، 1967 - يىلغىچىلىك شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ئېكسپورت - ئىمپورت تاشقى سودا ئىشلىرى تامامەن توختاپ قالغان.

1969 - يىلى جۇڭگو بىلەن پاكىستان خونجىراپ چېگرا ئېغىزىدا چېگرا سودىسى ئالماشتۇرۇشنى باشلىغان. ئىككى تەرەپنىڭ شۇ يىللىق تاشقى سودا كىرىمى 24 مىڭ پاكىستان رۇپىيىگە يەتكەن.

1983 - يىلى مەركەز مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قورغاس، تورغات ئىككى چېگرا سودا ئېغىزىنى ئېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان تاشقى سودىنى يولغا قويۇشنى تەستىقلىغان.

1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭگو -



پاكىستان ھۆكۈمەتلىرى ئۆزئارا كېڭىشىش ئارقىلىق، خونجىراپ ئېغىزىنى ئۈچىنچى دۆلەتكە ئېچىۋەتكەن.

1986 - يىلى 9 - ئايدا، گوۋۇيۈەن جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسى بولغان ئالتاي ۋىلايىتىدىكى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ تاكشىكېن دېگەن جايىنى يەرلىك چېگرا سودا ئېغىزى قىلىشنى تەستىقلىغان ۋە ئۇنى موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ قۇبدۇ ئۆلكىسىدىكى بورگەن چېگرا ئېغىزى بىلەن تۇتاشتۇرغان.

1990 - يىلى 6 - ئايدا گوۋۇيۈەن ئالاتاۋ تېغى ئېغىزىنى چېگرا سودا ئېغىزى قىلىپ ئېچىشنى تەستىقلىغان.

ھازىرغىچە دۆلەت تەستىقلاپ، رەسمىي ئېچىۋېتىلگەن ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مۇھىم ۋە بىر قەدەر چوڭ چېگرا سودا ئېغىزلىرى قورغاس، تورغات، خونجىراپ، تاكشىكېن ۋە ئالاتاۋ ئېغىزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ب لىسمۇ ئەمما ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئېچىلغان چېگرا سودا ئېغىزلىرى خېلى كۆپ بولغان. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە يەرلىك خەلقلەر ئېچىلىپ ئېچىلىپ، ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ۋە باشقۇرۇلۇپ كەلگەن خېلى كۆپ چېگرا سودا ئېغىزلىرىنىڭ بەزىلىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى سىياسىي، ھەربىي ھەرىكەتلەر ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا تاقىلىپ قالغان. مانا شۇ ئېغىزلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش ماقالىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

### 1. قورغاس چېگرا ئېغىزى

قورغاس چېگرا ئېغىزى - غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە تەخمىنەن 90 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، تارىختىن

بويان شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم سودا ئېغىزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ سودا ئېغىزى بىلەن قازاقىستاننىڭ پامپىلوپ (يەركەنت) شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 34 كىلومېتىر، تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈر يولىنىڭ مارى ئۇھىك بېكىتى بىلەن بولغان ئارىلىقى 250 كىلومېتىر، ئالمۇتا بىلەن بولغان ئارىلىقى 386 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ سودا ئېغىزى مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بىر ئۆتكىلى بولۇپ، خەلقئارا سودا كارۋانلىرى ئۇزۇلمەي قاتناپ تۇرىدىغان ئاۋات جاي بولغان. كېيىنكى ... كىلىش ئىشلىرى مانا مۇشۇ ئېغىز ئارقىلىق بولۇپ ئۆتكەن. بىرىش - مىللەتلەرنىڭ كۆچىشى، ھەربىي يۈرۈشلىرى، بولۇپمۇ خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە ئاۋاتلاشقان يىپەك يولى سودىسى مۇشۇ ئېغىز ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئەينى زاماندا بۇ ئېغىز ئەتراپىغا دەڭ - سارايلار قونالغۇ ئۆتەڭلەر جايلاشقان. بۇ ئاۋات مەنزىرە تاكى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگىچە داۋاملاشقان. مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇ ئېغىزغا قاراۋۇلخانا ۋە چازىلارنى قۇرۇپ، شىنجاڭلىق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرنى قاتتىق تىزگىنلىگەن.



چاررۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ قورغاس ئېغىزىدىن ۋاقىتنچە ئۆتۈپ سودا قىلىشىغا قوشۇلغان. 1881 - يىلىدىن كېيىن، قورغاس يىلەن بەختى سودا ئېغىزلىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى رەسمىي چېگرا سودا ئېغىزى قىلىپ بېكىتىلگەن. 1920 - يىلى «ئىلى ۋاقىتلىق سودا ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قورغاس چېگرا ئېغىزى ئىككى دۆلەت سودىگەرلىرىنىڭ بىر - بىرىگە كىرىپ - چىقىش يولى قىلىپ بەلگىلەنگەن. 1931 - يىلى «شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» گە ئاساسەن، قورغاس، ئەركەشتام، تورغات، بەختى ۋە جىمىنەي قاتارلىق ئېغىزلار شىنجاڭنىڭ چېگرا سودا ئېغىزلىرى قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو - سوۋېت ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش سودىسىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 1950 - يىلى 3 - ئايدا قورغاستا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىنغان. بۇ ئورۇن شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەسئۇللۇقىدا باشقۇرۇلغان؛ شۇ يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قورغاس ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن؛ 1953 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئېكسپورت - ئىمپورت شىركىتىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ۋە ئۆلكىلىك ئېكسپورت شىركىتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1967 - يىلى سوۋېت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، قورغاس ئېغىزى يېپىلغان. 1983 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئېچىۋېتىلگەن.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭنىڭ

ئىمپورت قىلىنغان ماللىرى ئاساسەن مۇشۇ قورغاس چېگرا سودا ئېغىزى ئارقىلىق ئېلىپ كىرىلگەن بولۇپ، نىسبەت جەھەتتە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىمپورت مىقدارىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، ئېكسپورت نىسبىتى جەھەتتە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. 1983 - يىلى قورغاس چېگرا سودا ئېغىزى ئەسلىگە كەلگەندىن بۇيان، ئومۇمىي ئىمپورت - ئېكسپورت مىقدارى 1984 - يىلى 450 مىڭ توننا، 1985 - يىلى 110 مىڭ توننا، 1986 - يىلى 987 مىڭ توننا بولغان. 1990 - يىلى مەزكۇر چېگرا سودا ئېغىزىدىن كىرىپ - چىققان يولۇچىلار 53 مىڭ 339 ئادەم قېتىم بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى چېگرا سودا ئېغىزىدىن كىرىپ - چىققان ئومۇمىي ئادەم قېتىم سانىنىڭ 60.89 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

## 2. تورغات چېگرا ئېغىزى

تورغات چېگرا ئېغىزى - قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتر ئېگىز، بۇ سودا ئېغىزىنىڭ قەشقەر شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 164 كىلومېتىر، قىرغىزىستانغا تەۋە تورغات بىلەن بولغان ئارىلىقى 8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تورغات سودا ئېغىزى تارىختىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم سودا ھەم قاتناش ئېغىزى بولۇپ كەلگەن. مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئېچىلغان يىپەك يولىنىڭ بىر تارمىقى دەل مۇشۇ ئېغىز ئارقىلىق بولغان. بۇ ئېغىز مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە راسا ئاۋاتلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ يول بويلىرىغا دەڭ - سارايلار، قونالغۇ - ئۆتەڭلەر ۋە پوچتا راباتلىرى



سېلىنغان. شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەر ئۇزۇن تارىختىن بۇيان بۇ يولنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى باشقۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىستىبدات مەنچىڭ خانلىقى يەرلىك خەلقلەرنى چەت ئەل بىلەن ئالاقە قىلدۇرماسلىقتەك ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈزگەچكە، بۇ يولدا ماڭىدىغان ۋە ئۇنى ئاسرايدىغان ئادەم قالمىغانلىقتىن، بۇ يول چۆلدەرەپ، بۇزۇلۇپ، كۈنسايىن خارابلاشقان.

1931 - يىلى ئىمزالانغان «شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» گە ئاساسەن، تورغات ئېغىزى زاپاس چېگرا سودا ئېغىزى قىلىپ بېكىتىلگەن. 1932 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەركەشتام سودا ئېغىزىنى «خەتەرلىك ھەم ناچار يول» دەپ ھېسابلاپ، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقىنى باھانە قىلىپ، بۇ يولنى رېمونت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ماشىنا قاتنىيالايدىغان تورغات ئېغىزىنى ئېچىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1950 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت سودا كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، تورغات ئېغىزى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم چېگرا سودا ئېغىزى قىلىپ بېكىتىلگەن. 1966 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى يىرىكلەشكەنلىكتىن، بۇ ئېغىز تاقالغان. 1983 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ يەنە ئېچىۋېتىلگەن. 1983 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بۇ ئېغىزدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئېكسپورت - ئىمپورت ماللىرىنىڭ مىقدارى 200 مىڭ تونىنىغا يەتكەن. 1990 - يىلى بۇ ئېغىزدىن ئىمپورت قىلىپ كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ مىقدارى 929 مىڭ توننا، ئېكسپورت قىلىپ چىقىرىلغان ماللارنىڭ مىقدارى 37 توننا بولغان. شۇ يىلى بۇ ئېغىزدىن

كىرىپ - چىققان يولۇچىلار 164 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئېغىزلاردىن كىرىپ - چىققان يولۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 0.18 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

### 3. ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى

ئالاتاۋ ئېغىزى - بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە (شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە) بولۇپ، غەربىي تەرەپتىكى ئالاتاۋ تېغى بىلەن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى بارلۇق تېغى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، كەڭلىكى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر قەدەر تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي بۆلۈكى قازاقىستاننىڭ تالدىقورغان ئوبلاستىغا، جەنۇبىي بۆلۈكى بورتالا ئوبلاستىغا تەۋە. بۇ ئېغىز يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردا شىنجاڭ خەلقلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سودا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىلا مۇھىم رول ئويناپ قالماي، بەلكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سەنئەت، دىن، پەلسەپە قاتارلىق ئىلىم - مەرىپەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. بولۇپمۇ يايلاق خەلقلىرى بۇ يولدىن ۋە ئېغىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ ئېغىز ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، قامال قىلىشتەك ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن، 200 يىلچە تاقىلىپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر قىسىم چاغاتاي موڭغۇللىرى ئىچكى موڭغۇلىيىدىن غەربكە كۆچكەندە، بورتالاغا كېلىپ ماكانلىشىپ، مۇشۇ ئېغىزنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا بىردىن ئىككى قاراۋۇلخانا



قۇرۇپ، بۇ ئېغىزنى مەھكەم تاقىۋالغان. 1883 - يىلى جۇڭگو بىلەن روسىيە «تارباغاتاينىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرا ئەھدىنامىسى» نى ئىمزالىغاندا، ئالاتاۋ ئېغىزىنى جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ چېگرا پاسىلى قىلىپ بېكىتكەن. 1956 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپ بىرلىكتە «لەنجۇ - ئاقتوقا تۆمۈر يولىنى ياساش ۋە بىرلەشمە ترانسپورتنى تەشكىللەش كېلىشىمى» نى ئىمزالىغان بولسىمۇ، ئەمما بىر مەزگىل ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ياماللاشقانلىقى سەۋەبلىك، ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بولغان تۆمۈر يول لىنىيىسى 1960 - يىلى قۇرۇلۇشنى توختاتقان. 1989 - يىلى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ غەربىي قىسمى يېڭىدىن ياسالغان ۋە 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈر يولىغا رەسمىي تۇتاشتۇرۇلغان. 1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۈيتۇندىن يولغا چىققان تۇنجى يولۇچىلار پويىزى ئالاتاۋ ئېغىزىغا قاتنىغان. 1991 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئالاتاۋ ئېغىزىنى ئېچىۋېتىشنى رەسمىي تەستىقلىغان، 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپ بۇ ئېغىزدىن ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان.

### 4. بەختى چېگرا ئېغىزى

بەختى چېگرا ئېغىزى - چۆچەكنىڭ غەربىدە يەنى يېزا ئىگىلىك 9 - دىۋىزىيىسى 163 - تۇەنى تۇرۇشلۇق ئاقچوقا دېگەن جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، بۇ ئېغىز بىلەن جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئارىلىقى 10 كىلومېتىر، تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈر يولىنىڭ ئاياگۇس بېكىتى بىلەن بولغان

ئارىلىقى 283 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ سودا ـ قاتناش ئېغىزى نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان شىنجاڭ خەلقى تەرىپىدىن ئېچىلىپ، باشقۇرۇلۇپ ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ، جۈملىدىن ئىستىبدات مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىك خەلقلەرنى چەت ئەل بىلەن ئالاقە قىلدۇرماسلىقتەك ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ كاساپىتىدىن، چىيەنلۇڭ خان دەۋرىدە بۇ ئېغىزمۇ تاقىۋېتىلگەن ۋە قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇپ قاتتىق توسۇلغان؛ 1931 ـ يىلى يەنە ئېچىلغان؛ 1962 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يەنەتاقالغان؛ 90 ـ يىللاردا يەنە ئېچىۋېتىلگەن. 1990 ـ يىلى بۇ ئېغىزدىن ئىمپورت قىلىپ كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ مىقدارى 84.5 تونىنا، ئېكسپورت قىلىپ چىقىرىلغان ماللارنىڭ مىقدارى 4.019 تونىنا، كىرگەن ساياھەتچىلەر 22 ئادەم قېتىم، چىققان ساياھەتچىلەر 22 ئادەم قېتىم بولغان.

### 5. جىمۇنەي چېگرا ئېغىزى

جىمۇنەي چېگرا ئېغىزى ـ جىمۇنەي ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە 21 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئۇنىڭ قازاقىستاندىكى تۇركىستان ـ سىبىرىيە تۆمۈر يولى رېئىنگىس ـ تۆپە بېكىتى بىلەن بولغان ئارىلىقى 453 كىلومېتىر، بۇ ئېغىزدا قار ـ بوران ئېغىر بولمىغان شارائىتتا نورمال قاتنىغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئېغىزدىن ماڭىدىغان يول قەدىمدىنلا قار ـ بوراننىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ تۇرغان بولغاچقا، چارۋىچىلار پەقەت ياز ـ كۈز پەسىللىرىدىلا قاتناپ تۇرغان.

بۇ ئېغىز چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن



خېلى بۇرۇنلا تاقىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما قىسمەن ھاللاردا چارۋىچىلار بۇ يەردىن كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان، 1931 ـ يىلى كېلىشىمگە ئاساسەن ئېچىۋېتىلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئېرتىش دەرياسى قاتنىشى توختىتىلغان، بۇرچىن ئېغىزىدىن مال ئۆتكۈزگىلى بولمايدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكتىن، ئالتاي تەرەپتىن كىرگۈزۈلىدىغان ماللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا مۇشۇ جىمۇنەي سودا ئېغىزىدىن كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگو سوۋېت مۇناسىۋىتى يىرىكلەشكەندە تاقىۋېتىلگەن. 1962 ـ يىلى جىمۇنەينىڭ ناھىيە مەركىزىي پونىرەك بازىرىغا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ ئېغىز ئەتراپىدىكى جايلار يېزا ئىگىلىك 10 ـ دىۋىزىيىسى 186 ـ تۇەننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

### 6. يىنتار چېگرا ئېغىزى

يىنتار چېگرا ئېغىزى ـ قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، بۇ ئېغىزدىن ئاساسەن تىرىك چارۋا ئېكسپورت قىلىنىدۇ. چارۋا ئېكسپورت قىلغۇچىلار تىرىك چارۋىلارنى مۇشۇ ئېغىزغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، باھادا كېلىشكەندىن كېيىن، قارشى تەرەپ (قازاقىستان) نىڭ ئىسكىلاتىغا ئاپىرىدۇ، مال ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە مۇشۇ ئېغىز بىلەن قايتىپ كېلىدۇ.

### 7. ئىمىل چېگرا ئېغىزى

ئىمىل چېگرا ئېغىزى ـ چۆچەك شەھىرىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئاساسەن تىرىك چارۋا ئېكسپورت قىلىنىدۇ. بۇ ئېغىزدا قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق ۋە شىۋىرغان بولغاچقا، 5 ـ 8 ـ ئايلاردا يەنى يىلدا ئۈچ ـ تۆت ئايلا سودا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ.

8. ئالمالىق چېگرا ئېغىزى

ئالمالىق چېگرا ئېغىزى ـ قورغاسنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 47 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئاساسەن تىرىك چارۋا ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئېغىز. ئەمما، بۇ جاي قار ـ شىۋىرغان قاتتىق بولىدىغان سوغۇق جاي بولغاچقا، پەقەت 5 ـ 7 ـ ئايلاردىلا سودا — ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

9. بۇرچىن چېگرا ئېغىزى

بۇرچىن چېگرا ئېغىزى ـ ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ جېمۇنەي بىلەن بولغان ئارىلىقى 110 كىلومېتىر، جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەت چېگرىسىغىچە بولغان ئارىلىقى 172 كىلومېتىر، قارشى تەرەپ (قازاقىستان) بىلەن سودا ئالماشتۇرىدىغان مىش پورتى بىلەن بولغان ئارىلىقى 337 كىلومېتىر. بۇ ئېغىزدا ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ياكى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا كېمە قاتنىشى بىلەن سودا ئالماشتۇرۇش باشلىنىپ، 40 ـ 60 كۈنگىچە داۋام قىلىنىدۇ. شۇ نورمال شارائىتتا كېمە قاتنىشى راۋان بولىدۇ. ئەگەر سۇ تېمپېراتۇرىسىدا ئۆزگىرىش بولسا، قاتناش توسالغۇغا ئۇچراپ، 60 كىلومېتىردىن يىراق جايغا كېمە ماڭالمايدۇ.

1947 ـ يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كان بايلىقلىرىنى توشۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇرچىندا ترانسپورت ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلغان. 1950 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت سودا كېلىشىمىگە ئاساسەن، بۇرچىن ناھىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا سۇ ئارقىلىق قاتناش ترانسپورتى يولىغا قويۇلىدىغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت ۋە سودا ئالماشتۇرۇش ئېغىزى قىلىپ بېكىتىلگەن، بۇ



ئېغىز ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىز تەرەپكە ئاساسەن سانائەت مەھسۇلاتلىرى، نېفىت قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلسا، جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاساسەن ھەر خىل كان بايلىقلىرى، رودا ۋە سانائەتكە لازىملىق خام ئەشيالارنى ئېكسپورت قىلغان. بۇرچىن ئېغىزى ئارقىلىق ئىمپورت قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنىڭ ھەممىسى جېمۇنەي چېگرا ئېغىزىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ئاندىن تاپشۇرۇۋېلىش ۋە تاپشۇرۇپ بېرىش رەسمىيىتى بېجىرىلگەن.

10. ئۈچ دەريا (سەنداۋ خېزى) چېگرا ئېغىزى

ئۈچ دەريا ئېغىزى ـ ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ غۇلجا شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 79 كىلومېتىر، قورغاس بىلەن بولغان ئارىلىقى 85 كىلومېتىر، جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەت چېگرىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 12 كىلومېتىر. ئۇنىڭ جۇڭگو تەرەپ چېگرا ئېغىزى پورتىدىن قارشى تەرەپ (قازاقىستان) نىڭ پورتى ئىلىسكىغىچە بولغان ئارىلىقى 372 كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگو تەرەپ چېگرىسى ئىچىدە قاتنايدىغان قىسمى 85 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئېتىبارەن دەريا (كېمە) قاتنىشى ئىمپورت ئېغىزى قىلىپ ئېچىلغان، ئىمپورت قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى مەسىلەن، ھەر خىل سانائەت ماللىرى، نېفىت، ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش قوراللىرى قاتارلىقلارنى مۇشۇ دەريا قاتنىشى ئېغىزىدىن كىرگۈزگەن.

11. ئەركەشتام چېگرا ئېغىزى

ئەركەشتام چېگرا ئېغىزى ـ ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 100 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئۇنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 282 كىلومېتىر،

تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈر يولىنىڭ باش بېكىتى بىلەن بولغان ئارىلىقى 195 كىلومېتىر، ئەنجان بېكىتى بىلەن بولغان ئارىلىقى 267 كىلومېتىر. بۇ قاتناش ئېغىزى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش ئېغىزى بولغان. ئەينى زامانلاردا بۇ ئېغىز ئەتراپىدا بېكەتلەر، دەڭلەر، پوچتا راباتلىرى ۋە ئۆتەڭلەر ياسالغان؛ كارۋانلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغان ئاۋات جايلاردىن بولغانىدى. بۇ جاي ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان شىنجاڭ خەلقى تەرىپىدىن ئېچىلىپ، باشقۇرۇلۇپ ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، ئەمما چىرىك جاڭ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە قاتتىق قامال قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان، ئۇ يەردىكى يوللار رېمونتسىز قالغان، كۆۋرۈكلەر بۇزۇلغان. شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى قاتتىق چەكلەپ كەلگەن ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، پەقەت روسىيە سودىگەرلىرىدىن باشقا ھېچقانداق سودىگەر، يولۇچىلار كىرگۈزۈلمىگەن. 1931 - يىلى «شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» نى ئىمزالىغاندا، بۇ جاي سودا ئالماشتۇرۇش ئېغىزى قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئەمما، بۇ ئېغىزنىڭ ھاۋاسى ناچار، يوللىرى خەتەرلىك، توشۇش مىقدارى ئاز بولغاچقا، 1953 - يىلى تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن تاقىۋېتىلگەن.

12. خۇنجىراپ چېگرا ئېغىزى

خۇنجىراپ چېگرا ئېغىزى - تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 132 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4300 مېتىر ئېگىز (خۇنجىراپ تېغى ئېغىزى دېڭىز يۈزىدىن 4750 مېتىر ئېگىز)، قىش - ياز قار ئېرىمەيدىغان، تەبىئىي مۇھىتى ناچار جاي. خۇنجىراپ ئېغىزىنىڭ قەشقەر شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 426 كىلومېتىر، پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى مۇھىم شەھەر جىرجىتقىچە بولغان ئارىلىقى 256 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ، جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەتنىڭ بىردىنبىر سودا قاتناش ئېغىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئېغىز مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى زامانلاردىن تارتىپ شىنجاڭ خەلقى تەرىپىدىن پەيدىنپەي ئېچىلغان ۋە سودا - قاتناش ئالاقىسى قىلىش ئارقىلىق، خەلقئارا يىپەك يولىغا ئاساس سالغان. شۇنداقلا كارۋان، سودىگەر ۋە ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يولۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بۇ جايغا ئۆتەڭلەر، دەڭ - سارايلار، پوچتا راباتلىرى قاتارلىقلار سېلىنىپ ئاۋاتلاشتۇرۇلغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى زامانلاردا ئاساسەن ئادەم ۋە ئۇلاغ قاتنىشى ئاساس قىلىنغان بولغاچقا، يۈك توشۇش ئىشلىرى تامامەن ئات، كالا ۋە تۆگە ترانسپورتىغا تايانغان. 1963 - يىلى جۇڭگو بىلەن پاكىستان دۆلەت چېگرا كېلىشىمى ئىمزالىغان ۋە بۇ جايغا چېگرا بەلگىسى ئورناتقان. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى پاكىستان ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ خۇنجىراپ ئېغىزىدىن تاكتىغىچە بولغان 600 كىلومېتىرلىق خەلقئارا تاشيولنى ياساپ پۈتتۈرگەن. 1978 - يىلى 6 - ئايدا قاراقۇرۇم تاشيولىنىڭ ئۇمۇمىي لىنىيىسىدە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، جۇڭگو - پاكىستان ئارىلىقىدىكى ئاساسىي قاتناش يولى ياسالغان. ئىككى دۆلەتنىڭ كېڭىشىپ تەستىقلىشى

ئارقىلىق، خونجىراپ ئېغىزى 1982 - يىلى 8 - ئايدا ئىككى دۆلەت پۇقرالىرىغا ئېچىۋېتىلگەن. 1985 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەن. 1986 - يىلى جۇڭگو - پاكىستان ئىككى تەرەپنىڭ ئومۇمىي سودا سوممىسى جەمئىي 5 مىليون 500 مىڭ پاكىستان رۇپىيىسىگە، بۇ ئېغىزدىن كىرىپ - چىققان يولۇچىلار 21 مىڭ 521 كىشىگە يېتىپ، شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز چېگرىسىدىن كىرىپ - چىققان يولۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. 1990 - يىلى ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 15 مىليون 650 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى (بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 11 مىليون 420 مىڭ دوللار، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 230 مىڭ دوللار) غا يەتكەن. بۇ ئېغىزدىن كىرگەن يولۇچىلار 7150 ئادەم قېتىمغا، چىققان يولۇچىلار 7079 ئادەم قېتىمغا يەتكەن. دېمەك، بۇ چېگرا سودا ئېغىزى شىنجاڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي رول ئويناپ كەلمەكتە.

13. تاكشىكېن چېگرا ئېغىزى

تاكشىكېن چېگرا ئېغىزى - چىڭگىل ناھىيىسى چاغانغول يېزىسىغا 42 كىلومېتر كېلىدىغان جايدىكى بۇرگىن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىدا، بۇ ئېغىز ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە چارۋىچىلارنىڭ سودا ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم ئېغىزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى تەرىپىدىن تاقىۋېتىلىپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ بېرىپ - كېلىشى چەكلەنگەن. 1989 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو - موڭغۇلىيە ھۆكۈمەتلىرى



بىرلىكتە كېلىشىپ، تاكشىكېن ئېغىزى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ قوبدۇ ئۆلكىسى بۇرگەن ناھىيىسىنىڭ بۇرگەن ئېغىزىنى بىرلىكتە بىرلا ۋاقىتتا ئېچىۋېتىشنى رەسمىي ئېلان قىلغان. ئىككى دۆلەت كېلىشىمىگە ئاساسەن، ھازىرغىچە بۇ ئېغىزدا پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملىرىلا سودا ئالماشتۇرۇش بىلەن چەكلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى تەرەپ ئالماشتۇرغان ئومۇمىي سودا سوممىسى جەمئىي 1 مىليون خەلق پۇلىدىن كۆپرەك بولغان. 1990 - يىلى بۇ ئېغىزدىن كىرگەن يولۇچىلار 22 ئادەم قېتىم، چىققان يولۇچىلارمۇ 22 ئادەم قېتىم بولغان.

## چەت ئەللەرگە تۇتاشقان سودا يولى چېگرا ئېغىزلىرى

تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى ۋە مەركىزى بولۇپ كەلگەن يۇرتىمىز شىنجاڭ - ياۋروپا ۋە ئاسىيا سودىگەرلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان ھەم ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشىدىغان مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. يەنى ياۋروپالىقلار شىنجاڭ ئارقىلىق شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىگە بارسا، شەرقىي ئاسىيا سودىگەرلىرى شىنجاڭ ئارقىلىق ياۋروپا ئەللىرىگە بارغان. قەدىمدىن سودىگەرچىلىك بىلەن جاھانغا تونۇلغان ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مانا شۇ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىچكى - تاشقى سودا ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىن قوشنا ئەللەر ۋە رايونلارغا بارىدىغان قاتناش - كارۋان يوللىرىنى ئېچىپ، باشقۇرۇپ

ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ كەلگەن. بۇ يوللار تاكى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى زامانلىرىغىچە ناھايىتى ئاۋاتلىشىپ، ھەر 50 كىلومېتر ياكى 30 ـ 40 كىلومېتر مۇساپە ئارىلىقىدا قونالغۇلار، دەڭلەر ۋە مال سارايلىرى بولغان، نەچچە يۈز تارتىم تۆگىلەر، ئات ـ ئېشەكلەر بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا مال ئېلىپ ماڭغان كارۋانلار قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان، بۇ سودا ـ كارۋان يوللىرى ئاساسەن شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە، موڭغۇلىيىگە، قازاقىستانغا، قىرغىزىستانغا، تاجىكىستانغا، پاكىستان، ھىندىستان ۋە باشقا ئەللەرگە بىۋاسىتە بارىدىغان يوللار بولۇپ، بۇنىڭ بەزىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن پېچەتلەنگەن، بەزىسى دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ ئېچىلغان ياكى يېپىلغان، يەنە بەزىسى بۈگۈنكى زامان تاشقى سودىسى ئۈچۈن ھازىرمۇ خىزمەت قىلىنىۋاتىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردا شىنجاڭدىن ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئېچىلغان ھەم بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئېچىشقا بولىدىغان چېگرا ئېغىزلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

## 1. موڭغۇلىيىگە ئېچىلغان ھەم ئېچىشقا بولىدىغان سودا يولى چېگرا ئېغىزلىرى

1) بېگىم ئىبادەتخانىسى (لاۋيېمياۋ) چېگرا ئېغىزى

بۇ سودا يولى ئېغىزى باركۆل ناھىيىسى سەنخۇشاڭ يېزىسى جۇڭفۇسۇن كەنتىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېقىن جايدا بولۇپ،



قەدىمكى يىپەك يولىدىكى تۆگە كارۋانلىرى ئۆتۈدىغان مۇھىم يول ۋە جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان. ئەمما، كېيىنچە بىر مەزگىل رېمونتسىز قالغاچقا، يول ـ كۆۋرۈكلىرى بۇزۇلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىيەنلۇڭ پادىشاھى دەۋرىگە كەلگەندە، يەرلىك سودىگەرلەر ھەم كارۋانلار ئىئانە توپلاپ بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان، ئاندىن بۇ جايغا بىر بۇتخانا سالدۇرۇپ، ئۇنى «بېگىم ئىبادەتخانىسى» (لاۋيېمياۋ) دەپ ئاتىغان. 1901 ـ يىلى سودىگەر ۋە كارۋانلار يەنە ئىئانە توپلاپ، بۇ يولنى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان. ئەمما، يېقىنقى زامانلاردىكى ھۆكۈمرانلار بۇ يول بىلەن كارى بولماي، تاشقى سودىنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ سودا يولى ئېغىزى خارابلاشقان. ھازىر، بۇ جايدىكى تاتلىق سۇلۇق بۇلاق يېنىدا 142 ـ نومۇرلۇق چېگرا بەلگىسىدىن باشقا، سودا يول ئېغىزىدىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغان.

2) ئۇلاستاي چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، بەيتىك تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئۇلاستاي دەرياسى ئەتراپىدا. بۇ جايغا يېقىنلا يەردە جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا پاسىلى بار، پاسىل بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقىدا 243 كىلومېتىرلىق تۈز تاشيول بار. شۇ ئەتراپتا يەنە، ئۆزئارا كېسىشكەن بۇرۇنقى سودا يولى خارابىلىرىمۇ بار.

3) قىزىلساي چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا پاسىلى ئېقىنىدىن ئىبارەت. بۇ ئېقىننىڭ جۇڭگو

چېگرىسىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1300 مېتر، كەڭلىكى 70 نەچچە مېترچە كېلىدۇ. مۇشۇ ئېقىن بىلەن ماڭسا موڭغۇلىيىگە بارغىلى بولىدۇ.

4) ئاگۇيتى جىلغىسى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، جۇڭگو – موڭغۇلىيە چېگرا پاسىلى جىلغىسىدىن ئىبارەت. بۇ جىلغا سودا يولىنىڭ بىر تەرەپتىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مېتر، كەڭلىكى 80 مېترچە كېلىدۇ. مۇشۇ جىلغا يولى بىلەن مېڭىپ موڭغۇلىيىگە بارغىلى بولىدۇ.

5) چوڭ قارىغاي جىلغىسى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىزمۇ گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، يەنى جۇڭگو – موڭغۇلىيە چېگرىسىدا بولۇپ، قارىغايلىق جىلغا ئېقىن يولىدىن ئىبارەت. بۇ جىلغا ئېقىنىنىڭ بىر تەرەپتىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 مىڭ مېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 180 مېترچە بولۇپ، بەيتىڭ فېرمىسىنىڭ چارۋا بېقىش رايونىغا تەۋە، مۇشۇ قارىغايلىق جىلغا يولىنى بويلاپ ماڭسا موڭغۇلىيىگە بارغىلى بولىدۇ.

6) جانباستاۋ چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە، يەنى جۇڭگو – موڭغۇلىيە چېگرا پاسىلى ئوتتۇرىسىدىكى تاغ جىلغىسىدا، بىر تەرەپتىكى جىلغا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4000 مېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 150 مېتر بولۇپ، جىلغا ئىچىدە مۇنبەت ئوت – چۆپلەر ۋە بۇلاق سۇلىرى بار. مۇشۇ جىلغا ئىچىدىكى يولنى بويلاپ ماڭسا موڭغۇلىيىگە بارغىلى بولىدۇ.

7) ئۇلانسالا چېگرا ئېغىزى



بۇ ئېغىز گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، يەنى جۇڭگو – موڭغۇلىيە چېگرىسى پاسىلىدا بولۇپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىلغا يولىدىن ئىبارەت. جىلغا يولىنىڭ بىر تەرەپتىكى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 6500 مېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 120 مېتر، مۇشۇ جىلغا ئېقىن يولىنى بويلاپ ماڭسا موڭغۇلىيىگە بارغىلى بولىدۇ.

8) خازىڭ داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ جاي چىڭگىل ناھىيىسى چاغانغولى يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 27 كىلومېتر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان كونا كارۋان يولىدىن ئىبارەت. خازىڭ داۋىنىنىڭ شىمالىي قىسمى موڭغۇلىيىگە تەۋە، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 3000 مېتر ئېگىز، مۇشۇ داۋاندىن ھالقىسىلا موڭغۇلىيە چېگرىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە، چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا مۇشۇ داۋان يولى بىلەن ماڭغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

9) تۆلەت داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز چىڭگىل ناھىيىسى چاغانغولى يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 36 كىلومېتر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3331 مېتر ئېگىز جايدىكى جۇڭگو – موڭغۇلىيە چېگرا سىزىقىغا تۇتاشقان. بۇ سودا يولى قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپلا موڭغۇلىيە بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان. يېقىنقى زامانلارغىچە سودا كارۋانلىرى مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان، ھازىر ياز پەسلىدە كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىللارمۇ راۋان قاتنىيالايدۇ. قىش پەسلىدە قار قېلىن ياغىدىغان بولغاچقا، ئۇلاغ بىلەن قاتناشقا بولىدۇ.

10) مۇزداۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز چىڭگىل ناھىيىسى ئارالتۆپە يېزىسىنىڭ شىمالىغا 90 كىلومېتىر كېلىدىغان ھەم دېڭىز يۈزىدىن 3518 مېتىر ئېگىز كېلىدىغان يازلىق يايلاقتا بولۇپ، تاغ ئارىسىدىكى جىلغا ئېقىنىنى بويلاپ ماڭسا موڭغۇلىيىگە بارغىلى بولىدۇ. چارۋىچىلار ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان مۇشۇ سودا يولى بىلەن مېڭىپ، موڭغۇلىيە چارۋىچىلىرى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن.

11) دالاداۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز چىڭگىل ناھىيىسى ئارالتۆپە يېزىسىنىڭ شىمالىغا 90 كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ چىڭگىل دەرياسىنىڭ باشلىنىشىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3498 مېتىر ئېگىز يايلاقتا. تارىختىكى بۇ سودا يولى ئېغىزى شىنجاڭ بىلەن موڭغۇلىيە سودا كارۋانلىرىنىڭ يازلىق يولى يەنى 6 ـ 8 ـ ئايلاردىلا قاتناشقا بولىدىغان تاشقى ـ سودا يولى ھېسابلانغان.

12) ئۆچتايبۇلاق چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ باي يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا بەلگىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ قەدىمىي سودا يولى ئېغىزى ئەينى دەۋرلەردىكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ۋە چېگرا سودا ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

13) ئۇلامباي جىلغىسىدىكى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تاغتىنىڭ تېغىنىڭ غەربىدە، يەنى جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى 110 ـ نومۇرلۇق چېگرا سوقۇمىدىن تاشقى



موڭغۇلىيىگىچە سوزۇلغان جىلغا يولىدىن ئىبارەت. بۇ يولنىڭ بىز تەرەپ چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يولمۇ قەدىمكى سودا يولىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

14) ئۇلامباي جىلغىسىنىڭ شىمالىدىكى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تاغتىنىڭ تېغىنىڭ غەربىدە، يەنى جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى 109 ـ نومۇرلۇق چېگرا سوقۇمى ئەتراپىدا بولۇپ، جىلغا يولىنىڭ بىز تەرەپ چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 20 مېتىر كېلىدۇ. جىلغا ئىچىدىكى يول ئەتراپىدا بۇلاق سۇلىرى ھەم قويۇق ئۆسۈدىغان ئوت چۆپلەر بار. بۇ يولمۇ قەدىمكى سودا يولىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان.

15) داشبۇت چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىدىكى جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ 87 ـ نومۇرلۇق چېگرا پاسىل سوقۇمىنىڭ شەرقىگە ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، بىز تەرەپ چېگرىسى ئىچىدىكى جىلغا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 25 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يولمۇ چارۋىچىلارنىڭ سودا ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ كەلگەن.

16) قىزىلتاغ ئېغىزىدىكى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز بورۇلتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە 160 كىلومېتىر كېلىدىغان، دېڭىز يۈزىدىن 1926 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى

سودا يولى ئېغىزى. بۇ ئېغىزنىڭ بىز تەرەپ چېگراسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىر بولۇپ، يول بويلىرىدا قارىغاي ۋە قويۇق ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ. بۇ ئېغىز ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى چارۋىچىلارنىڭ موڭغۇلىيىگە كىرىپ - چىقىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولغان.

17) قۇرمىتۇ داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز كۆكتوقاي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى سىنتاشنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئاستىدا، يەنى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى 22 - نومۇرلۇق چېگرا بەلگىسى قېشىدا بولۇپ، موڭغۇلىيە چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ - چىقىش ئاسان بولغان كونا سودا يولى.

18) خەرتى داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ 29 - نومۇرلۇق چېگرا بەلگىسى قادالغان جايدا بولۇپ، ياز پەسلىدىلا موڭغۇلىيە تەرەپ بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشقا ۋە ئۇلاغ قاتنىشى بىلەن مال توشۇشقا بولىدىغان كونا سودا يولى.

19) دورگىن داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ 27 - نومۇرلۇق چېگرا بەلگىسى قادالغان جايدا بولۇپ، بۇ سودا يولى بىلەن هازىرمۇ موڭغۇلىيىگە بېرىپ - كەلگىلى بولىدۇ. بۇ ئېغىز خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى چارۋىچىلارنىڭ موڭغۇلىيە چارۋىچىلىرى بىلەن سودا - قاتناش ئالاقىسى قىلىدىغان كارۋان يولى بولۇپ كەلگەن.



## 2. قازاقىستانغا ئېچىلغان سودا يولى چېگرا ئېغىزلىرى

1) قارا داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز بورتالا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 40 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ئېگەر شەكلىدىكى تاغ ئېغىزىدا بولۇپ، قات - قات تاغلار ۋە پايپېشىل قارىغايلىقلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردا بۇ ئېغىز چارۋىچىلارنىڭ قازاقىستان تەرەپ بىلەن قاتناش ۋە سودا ئالاقىسى قىلىدىغان مۇھىم كارۋان يولى بولۇپ كەلگەن.

2) شارنوغاي داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تېملىق تېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا سىزىقىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3358 مېتىر ئېگىز. ئۆتمۈشتە مال - چارۋا ۋە ئۇلاغ كارۋانلىرى مۇشۇ داۋاندىن هالقىپ ئۆتسىلا قازاقىستان دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. بۇ جايمۇ ئىلگىرىكى زامانلاردا چارۋىچىلارنىڭ قازاقىستان تەرەپ بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولغان.

3) خابارئاسۇ تاغ ئېغىزىدىكى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز چۆچەك شەھىرىنىڭ شىمالىغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان، شەرق، شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرى جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىغا تۇتاشقان، شەرقىي جەنۇبىي سارچوققا ئېگىزلىكى بىلەن ياندىشىپ تۇرىدىغان تاغ جىلغىسىدىكى سودا يولى ئېغىزىدىن ئىبارەت. بۇ سودا يولى

ئېغىزى ئەسلىدە قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان چارۋىچىلارنىڭ قازاقىستان تەرەپ بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشىدىغان كونا قاتناش يولى بولۇپ، تېخى يېقىنقى زامانلارغىچە سودا كاۋانلىرى ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان. ئازادلىق ھارپىسىدا قاتناش چەكلەنگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئېچىلمىغان.

## 3. قىرغىزىستانغا ئېچىلغان سودا يولى چېگرا ئېغىزلىرى

1) تارتىقۇلبەل سودا يولى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز قىزىلسۇ ئوبلاستى ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 37 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى تارتىقۇلبەل تېغى ئېغىزىدا بولۇپ، ئات - ئۇلاغ كاۋانلىرى 6 - 9 - ئايلار ئارىلىقىدا قاتناشقا بولىدىغان خەتەرلىك تاغ يولى. بۇ تاغ ئېغىزى سودا يولى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بىر تارماق يولى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ كاۋانلىرى مۇشۇ يول بىلەن قىرغىزىستانغا بېرىپ - كېلىپ سودا ۋە قاتناش ئالاقىسى قىلغان.

2) كۆچۈكبەل چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ شىمال تەرىپىگە 37 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى كۆچۈكبەل تاغ ئېغىزىدا بولۇپ، 6 - 9 - ئاي ئارىلىقلىرىدا بۇ ئېغىز ئارقىلىق قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن بېرىش - كېلىش ھەم سودا قىلىشقا بولىدۇ.

3) قارابەل چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ



غەربىي شىمالىغا 19 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى قارابەل تاغ ئېغىزىدا بولۇپ، قارابەل داۋىنىدىن ئاشسىلا قىرغىزىستان تەۋەسىگە كىرگىلى بولىدۇ. ئەمما، ھاۋاسى سوغۇق، قار - يامغۇر كۆپ ياغىدىغان ھەم دېڭىز يۈزىدىن 3933 مېتر ئېگىز خەتەرلىك چىغىر يول بولغاچقا، پەقەت 6 - 11 - ئاي ئارىلىقلىرىدىلا قاتناشقا بولىدۇ.

4) جولتېكبەل چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 22 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى جولتېكبەل تېغى ئېغىزىدا بولۇپ، ياز پەسلىدە ئۇلاغلىق كاۋانلار مۇشۇ تاغ ئېغىزى سودا يولى بىلەن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، قىرغىزىستان تەۋەسىگە كىرىپ - چىقالايدۇ.

5) ئاق تەسكەي چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 20 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى ئاق تەسكەي تېغى ئېغىزىدا بولۇپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسى بولغان داۋاندىن باشلىنىدۇ. 3 - 10 - ئاي ئارىلىقلىرىدا ئۇلاغلىق كاۋانلار مۇشۇ سودا يولىنى بويلاپ مېڭىپ، قىرغىزىستان تەۋەسىگە كىرىپ - چىقالايدۇ.

6) مۇزبەل چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 29 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى مۇزبەل تاغ ئېغىزىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4430 مېتر ئېگىزلىكتىكى تاغ - داۋانلارنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ھاۋاسى سوغۇق، قار - يامغۇرى كۆپ ۋە خەتەرلىك جاي بولغاچقا، پەقەت 4 - 7 - ئاي ئارىلىقلىرىدىلا ئۇلاغلىق كاۋانلار قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ۋە قاتناش ئالاقىسى

قىلىشالايدۇ.

7) قىزدارتېغى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ شىمالىغا 29 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى قىزدارتېغى ئېغىزىدا بولۇپ، قىرغىزىستانغا بارىدىغان - كېلىدىغان سودا كارۋانلىرى دېڭىز يۈزىدىن 4202 مېتر ئېگىزلىكتىكى تاغ - داۋانلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوللارنى قېلىن قار قاپلاپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت 6 - 9 - ئاي ئارىلىقلىرىدىلا ئۇلاغلىق كارۋانلار قاتنىيالايدۇ.

8) سارتوربەل چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ شىمالىغا 29 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى جوڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسى بولغان سارتوربەل تاغ ئېغىزىدا بولۇپ، ئاساسەن ئۇلاغ قاتنىشى ماڭالايدۇ. بۇ كونا سودا يولى دېڭىز يۈزىدىن 4205 مېتر ئېگىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېلىن قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، كارۋانلار پەقەت 6 - 9 - ئاي ئارىلىقلىرىدىلا بىخەتەر قاتنىيالايدۇ.

9) ئويبالاقالاچالدىكى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 27 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى ئويبالاقالاچال تاغ ئېغىزىدا بولۇپ، تاش تۇپىلىق كونا يول. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4626 مېتر ئېگىزلىكتىكى سوغۇق جاي بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت 8 - 9 - ئاي ئارىلىقلىرىدىلا ئۇلاغلىق كارۋانلار قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ۋە



قاتناش ئالاقىسى قىلىشالايدۇ.

10) كۆرمۆدوك تاغ ئېغىزىدىكى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ شىمالىغا 32 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى جوڭگو - قىرغىزىستان چېگرا پاسىلىغا جايلاشقان كۆرمۆدوك تاغ ئېغىزىدىكى چىغىر يولدىن ئىبارەت. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4320 مېتر ئېگىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش - ياز قېلىن قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت 6 - 9 - ئاي ئارىلىقلىرىدىلا ئۇلاغلىق كارۋانلار مۇشۇ كۆرمۆدوك تاغ جىلغىسى يولىنى بويلاپ مېڭىپ، قىرغىزىستانغا بېرىپ - كېلەلەيدۇ.

11) دوڭگورمە بەلدىكى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 25 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى دوڭگورمە بەل تاغ ئېغىزىدا بولۇپ، ئات - ئۇلاغ قاتنىشى ئارانلا ماڭالايدىغان چىغىر يولدىن ئىبارەت. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4313 مېتر ئېگىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن سوغۇق جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، كارۋانلار پەقەت 6 - 8 - ئاي ئارىلىقلىرىدىلا قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ۋە قاتناش ئالاقىسى قىلىشالايدۇ.

12) قاراغايبەلدىكى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى ئوقسالۇنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى مۇزلۇق تاغ ئۈستىدە بولۇپ، قاراغايبەل داۋىنىدىكى چىغىر يول ئارقىلىق قىرغىزىستان تەۋەسىگە كىرگىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4468 مېتر ئېگىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش - ياز قېلىن

قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغانلىقى، يوللىرى ئىنتايىن خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاغلىق كارۋانلار پەقەت 6 ـ 9 ـ ئاي ئارىلىقلىرىدىلا قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ۋە قاتناش ئالاقىسى قىلىشالايدۇ.

13) بەلئايرىقتىكى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تىرەك يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەلئايرىق تاغ ئېغىزىدا بولۇپ، ئۇلاغ كارۋانلىرى قاتنىيالايدىغان چىغىر يول ئېغىزىدىن ئىبارەت. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4025 مېتىر ئېگىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاغلىق كارۋانلار پەقەت 5 ـ 10 ـ ئاي ئارىلىقلىرىدىلا قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ئالاقە قىلىشالايدۇ.

14) ئورتوسۇبەلدىكى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تىرەك يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭگو ـ قىرغىزىستان چېگرىسىدا، يەنى دېڭىز يۈزىدىن 3955 مېتىر ئېگىز ئورتوسۇپەلدىكى تاغ ئېغىزىدا بولۇپ، ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يول ئېغىزىدىن ئىبارەت. بۇ يول قەدىمدە قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ئالماشتۇرىدىغان كارۋان يولى بولغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى زامانلاردا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن يەرلىك خەلقنى ئالاقە قىلدۇرماي پېچەتلىۋېتىلگەن. مەلۇم بولۇشىچە، شىڭ شىسەي دەۋرىدە يەرلىك ھاكىمىيەت ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغ كۈچى تەشكىللەپ بۇ يولنى تاكى تاغ ئېغىزىغىچە ياساتقان بولسىمۇ، لېكىن ماشىنا ماڭالمىغانلىقتىن داۋاملىق ياساشنى توختاتقان. ئەمما، يەرلىك خەلقلەر ۋە ئۇلاغ كارۋانلىرى تاكى يېقىنقى



زامانلارغىچە بۇ يولدا قاتناشنى داۋاملاشتۇرغان.

15) تىرەكتېغى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تىرەك يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى ئاقتاشتاغسۇ تېغىنىڭ شەرقىي داۋىنىدىكى جۇڭگو ـ قىرغىزىستان چېگرىسىدا بولۇپ، ئۇلاغلىق كارۋانلار قاتنىيالايدۇ. ئەمما، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 3917 مېتىر ئېگىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش ـ ياز قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت 5 ـ 9 ـ ئاي ئارىلىقلىرىدىلا قاتناشقا بولىدۇ.

16) جىپچاق چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تىرەك يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭگو ـ قىرغىزىستان چېگرىسىدا بولۇپ، 5 ـ 8 ـ ئاي ئارىلىقلىرىدىلا ئات ـ ئۇلاغ كارۋانلىرى قاتناشقا بولىدىغان سودا يولى ئېغىزى. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 3912 مېتىر ئېگىز ھەم ھاۋاسى سوغۇق بولۇپ، ياز پەسلىدىلا قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ئالاقە قىلىشقا بولىدۇ.

17) گۇڭگۇرت تېغى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ئۇلاغلىق كارۋانلار 5 ـ 9 ـ ئاي ئارىلىقلىرىدىلا بۇ سودا يولى ئېغىزى بىلەن قىرغىزىستان تەۋەسىگە كىرىپ ـ چىقالايدۇ. ئەمما، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن3896 مېتىر ئېگىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش ـ ياز قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ھاۋاسى ئىسسىغان مەزگىلدىلا قاتناشقا بولىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردىكى سودىگەرلەر ۋە كارۋانلار مۇشۇ ئېغىز ئارقىلىق قىرغىزىستانغا بېرىپ ـ كېلىپ،

سودا ئالاقە قىلىشقان.

18) جىتىمۇئاشۇبەل چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى قاراچوقا تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 3850 مېتىر ئېگىز ھەم قىش - ياز قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، 5 - 9 - ئاي ئارىلىقلىرىدىلا ئۇلاغلىق كارۋانلار بىۋاستە قىرغىزىستانغا بارالايدۇ. بۇ - ئۇلۇغچاتتىن قىرغىزىستانغا بارىدىغان بىر قەدەر چوڭ ئېغىز بولۇپ، قەدىمدىن بۇيان يەرلىك سودىگەر بىلەن كارۋانلار مۇشۇ يول ئېغىزى ئارقىلىق قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ئالاقە قىلىپ كەلگەن.

19) تۇزبەلتاغ چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى ئاقتاغ (ئاقتاۋ) نىڭ جەنۇبىي داۋىنىدا. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 3935 مېتىر ئېگىز ھەم قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، 5 - 9 - ئاي ئارىلىقلىرىدىلا ئۇلاغلىق كارۋانلار مۇشۇ تاغ ئېغىزىنى بويلاپ مېڭىپ، سويۇقتاغ ئارقىلىق قىرغىزىستانغا بارالايدۇ. بۇ - جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى ئاساسىي قاتناش يولى ھېسابلىنىدىغان مۇھىم ئۆتكەل.

20) كۆكيەل چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى ئاقتاغ (ئاقتاۋ) نىڭ جەنۇبىي بۆلۈكىدە. بۇ قاتناش سودا يولى ئېغىزى قىش - ياز قېلىن قار - مۇزلار



بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، پەقەت 5 - 9 - ئاي ئارىلىقلىرىدىلا قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ئالاقە قىلغىلى بولىدۇ.

21) قىزىلقۇر تېغى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە بولۇپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىغا جايلاشقان. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 3807 مېتىر ئېگىز ھەم سوغوق بولغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت ياز ۋە كۈز پەسلىدىلا ئۇلاغلىق كارۋانلار قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا - ئالاقە قىلىشالايدۇ.

22) ئۇشلۇقبەل چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، تاغ ئۈستىدىكى چىغىر يول ئېغىزى ئارقىلىق قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا - قاتناش ئالاقىسى قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 3625 مېتىر ئېگىز ھەم سوغوق بولغانلىقى ئۈچۈن، قار - مۇزلار ئېرىگەن پەسىللەردە راۋان قاتنىغىلى بولىدۇ.

23) ئۇچقىزىلدۆۋە چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىغا جايلاشقان تاغ ئۈستى قاتناش يولى ئېغىزىدىن ئىبارەت. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 3747 مېتىر ئېگىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش - ياز قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئات ئۇلاغلىق كارۋانلار ياز پەسلىدىلا قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ئالاقە قىلىشالايدۇ.

24) چاخالايتېغى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن يېزىسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى چاخالايتېغى ئۈستىدىكى چېغىر يول ئېغىزىدىن ئىبارەت. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 3835 مېتىر ئېگىز ھەم قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، يولۇچى كارۋانلار پەقەت ياز، كۈز پەسلىدىلا قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن سودا ـ ئالاقە قىلىشالايدۇ.

25) ساۋاياردۆڭ چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز ئۇلۇغچات ناھىيىسى ئۇلۇغچات يېزىسىنىڭ شىمالىدا، يەنى تىيانشان تاغ تىزمىسىنىڭ چىقالا تاغ داۋىنىدىكى جۇڭگو ـ قىرغىزىستان چېگرىسىدا بولۇپ، ساۋاياردۆڭ تېغى ئېغىزىدىن قىرغىزىستانغا بارىدىغان چېغىر يول ئېغىزىدىن ئىبارەت. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 3655 مېتىر ئېگىز ھەم قېلىن قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، 6 ـ 9 ـ ئاي ئارىلىقلىرىدىلا سودا كارۋانلىرى ھەم يولۇچىلار قىرغىزىستان تەرەپكە بېرىپ كېلەلەيدۇ.

## 4. تاجىكىستانغا ئېچىلغان چېگرا ئېغىزلىرى

1) تۇگمەنسۇ داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز تاشقورغان ناھىيىسى تاشقورغان يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 133 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تۇگمەنسۇ داۋىنىدا بولۇپ، يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس ھەم ئەگرى ـ بۈگرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېڭىز يۈزىدىن 4956 مېتىر ئېگىز ھەم خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تاجىكىستان



تەرەپلەرگە بارىدىغان يولۇچى، كارۋانلار پەقەت 6 ـ 9 ـ ئاي ئارىلىقلىرىدىلا قاتنىيالايدۇ.

2) كۆكئالاچوقۇر داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز تاشقورغان ناھىيىسى تاشقورغان يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا 115 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى كۆكئالاچوقۇر داۋىنىدا بولۇپ، بۇ ئېغىزنىڭ غەربىي تەرىپى بىلەن تاجىكىستانغا بىۋاسىتە بارغىلى بولىدۇ. ئەمما، يول خەتەرلىك ھەم قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4981 مېتىر ئېگىزلىكتە بولغاچقا، تاجىكىستانغا بارىدىغان ـ كېلىدىغان يولۇچى، كارۋانلار پەقەت 6 ـ 9 ـ ئاي ئارىلىقلىرىدىلا قاتنىيالايدۇ.

3) سىرويداۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز تاشقورغان ناھىيىسى تاشقورغان يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى سىرويداۋىنىدا بولۇپ، ئېغىزدىن كىرگەندىن كېيىن، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ماڭىدۇ. ئەمما، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 5050 مېتىر ئېگىز ھەم ئېگىز ـ پەس، خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تاجىكىستانغا بارىدىغان ـ كېلىدىغان يولۇچى، كارۋانلار پەقەت 6 ـ 9 ـ ئاي ئارىلىقلىرىدىلا قاتنىيالايدۇ.

4) گېلىڭقول داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز تاشقورغان ناھىيىسى تاغارما يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 25 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى گېلىڭقول داۋىنىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 5298 مېتىر ئېگىزلىكتىكى خەتەرلىك جايغا جايلاشقان. يولۇچى، كارۋانلار مۇشۇ تاغ ئېغىزىدىكى يول بىلەن تاجىكىستانغا بارالايدۇ. بۇ جايمۇ قەدىمكى زامانلاردا يىپەك يولىنىڭ

مۇھىم بىر تارماق ئېغىزى بولغان ۋە شىنجاڭ بىلەن تاجىكىستاننىڭ قاتناش ئالاقىسى ھەم سودا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

5) چوڭخان شولتاشقول داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز تاشقورغان ناھىيىسى تىزناپ يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 49 كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭخان شولتاشقول داۋىنىدا بولۇپ، تاجىكىستانغا بېرىپ ـ كېلىشكە بولىدىغان مۇھىم قاتناش ئېغىزى. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4956 مېتىر ئېگىز بولسىمۇ، ئەمما يوللىرى بىر قەدەر تۈز ھەم راۋان بولغاچقا، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قاتنىغىلى بولىدۇ. بۇ ئېغىز ۋە ئۇنىڭ يولى قەدىمدە يىپەك يولى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشقان مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، شىنجاڭ بىلەن تاجىكىستان خەلقلىرىنىڭ قاتناش، سودا ـ ئالاقە ئىشلىرىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

## 5. پاكىستانغا ئېچىلغان سودا يولى چېگرا ئېغىزلىرى

1) قوشبەل داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز تاشقورغان ناھىيىسى تاشقورغان يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 132 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى قوشبەل داۋىنىدا بولۇپ، شىنجاڭدىن پاكىستانغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش كارۋان يول ئېغىزلىرىدىن بىرى. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4827 مېتىر ئېگىز بولسىمۇ، ئەمما يول يۈزى بىر قەدەر تۈز ھەم راۋان بولغاچقا، ئات ـ ئۇلاغلىق كارۋانلار تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا پاكىستان تەرەپكە خاتىرجەم قاتنىيالايدۇ.



2) ئۇپۇلاڭ داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز تاشقورغان ناھىيىسى تىزناپ يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا 123 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى ئۇپۇلاڭ داۋىنىدا بولۇپ، شىنجاڭدىن پاكىستانغا بارغىلى بولىدىغان مۇھىم قاتناش ئېغىزلىرىنىڭ بىرى. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4956 مېتىر ئېگىز ھەم سوغۇق تېمپېراتۇرىلىق جاي بولسىمۇ، ئەمما قىش پەسلىدىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە پاكىستان تەرەپكە بىخەتەر بېرىپ ـ كەلگىلى بولىدۇ. بۇ جاي قەدىمدىنلا ئات ـ ئۇلاغلىق كارۋانلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ پاكىستان تەرەپكە بېرىپ سودا ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

## 6. ئافغانىستانغا ئېچىلغان سودا يولى چېگرا ئېغىزلىرى

1) مۇزجىلغا داۋان چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز تاشقورغان ناھىيىسى تاشقورغان يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 130 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى مۇزجىلغا داۋىنىدا بولۇپ، ئىلگىرىكى زامانلاردا ئات ـ ئۇلاغ كارۋانلىرى ھەم سودىگەرلەرنىڭ ئافغانىستانغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولى ئېغىزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 5605 مېتىر ئېگىز ھەم قىش ـ ياز قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان سوغۇق جاي بولسىمۇ، ئەمما قىش پەسلىدىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە ئافغانىستان تەرەپكە بېرىپ ـ كەلگىلى بولىدۇ.

2) ۋاخاجىرۋي داۋىنى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز تاشقورغان ناھىيىسى تاشقورغان يېزىسىنىڭ

غەربىي جەنۇبىغا 149 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى ۋاخجىرۇي داۋىنىدا بولۇپ، ئىلگىرىكى زامانلاردا شىنجاڭدىن ئافغانىستان تەرەپكە بارىدىغان ئات ـ ئۇلاغ كارۋانلىرى ۋە سودىگەرلەرنىڭ مۇھىم قاتناش يولى ئېغىزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4942 مېتىر ئېگىز بولسىمۇ، ئەمما يەر شارائىتى تۈز ھەم راۋان بولغاچقا، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا قاتنىغىلى بولىدۇ.

3) كۆكتولۇق داۋىنى چېگرا ئېغىزى

بۇ ئېغىز تاشقورغان ناھىيىسى تاشقورغان بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 143 كىلومېتىر كېلىدىغان كۆكتولۇق داۋىنىدا بولۇپ، بۇ ئېغىز بىلەن جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئافغانىستان تەرەپكە ـ بېرىپ كەلگىلى بولىدۇ. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 5670 مېتىر ئېگىز ھەم سوغۇق بولسىمۇ، ئەمما يەر شارائىتى بىرقەدەر تۈز ھەم راۋان بولغاچقا، ئات ـ ئۇلاغلىق كارۋانلار تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئافغانىستان تەرەپكە بىخەتەر بېرىپ ـ كېلەلەيدۇ. بۇ ئېغىز ۋە ئۇنىڭ قاتناش يولى ئىلگىرىكى زامانلاردا شىنجاڭدىن ئافغانىستان تەرەپلەرگە بارىدىغان ئات ـ ئۇلاغ كارۋانلىرى ۋە سودىگەرلەر ئۈچۈن مۇھىم قاتناش يوللىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان چېگرا سودا ئېغىزلىرىدىن باشقا، يەنە قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئېچىلىپ، يېقىنقى زامانلاردا تاقىلىپ قالغان قىسمەن ئېغىزلارمۇ بار. لېكىن، ماتېرىيال كەمچىل بولغاچقا بۇ ئېغىزلار تونۇشتۇرۇلمىدى. شۇڭا، بۇ جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىشكە ۋە قەلەم تەۋرىتىشكە توغرا كېلىدۇ.



# پايدىلانغان ماتېرىياللار

شىنجاڭ بىلەن روسىيە سودىسىغا دائىر ماتېرىياللار، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇچۇرى» خەنزۇچە 90 ـ سان 8 ـ 20 ـ بەتلىرىگىچە؛ «باركۆل ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 247 ـ بەت؛ «گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 180 ـ 182 ـ بەتلەر؛ «چېكچىل ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسى» 81 ـ 82 ـ بەتلەر؛ «ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 151 ـ بەت؛ «مورى ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسى» 168 ـ 172 ـ بەتلەر؛ «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسى» 416 ـ 417 ـ بەتلەر؛ «ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 125 ـ 132 ـ بەتلەر؛ «چاپچال ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 156 ـ بەت؛ «بورتالا شەھىرىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 150 ـ بەت؛ «كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 134 ـ 136 ـ بەتلەر؛ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 57 ـ جىلد، دىپلوماتىيىگە دائىر خاتىرىلەر؛ «شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىشلىرى توغرىسىدىكى ۋەكالەت جەدۋىلى» 49 ـ بەت.

ئەسكەرتىش: بۇ ماتېرىيال خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەچكە، يەر نامىلىرى تامامەن توغرا بولۇپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن، كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

# خوتەننىڭ 1880ـ يىللاردىن بۇيانقى سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە

مۇھەممەت ئابدۇللا ھاجى

1878 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دۇڭ دارىن (دۇڭ فۇشياڭ) خوتەنگە ھاكىم بولۇپ كەلدى ھەمدە سۇ قۇرۇلۇشىغا خېلى ئەھمىيەت بەردى. لېكىن، بۇرۇن ئۆتكەن» ئەمەلدارلار يانچۇقىنى تولدۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، سۇ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، خوتەندە دائىم كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇراتتى. 1881 ـ يىلى قاراقاش دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، قاش كەنتىنى زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىپ، كۆپلىگەن ئۆي ـ ئىمارەت ۋە باغلارنى نابۇت قىلغاندىن تاشقىرى، نۇرغۇن ئادەملەرنى ھالاك قىلىپ، ئالتۇنلۇق دېگەن جايدا سوغۇق يار دەپ ئاتالغان بىر چوڭ يارنى پەيدا



قىلدى. دۇڭ دارىن بۇ جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تاشپولات بەگنى 3000 ھاشار بىلەن دەريا سۈيىنى تىزگىنلەشكە مەسئۇل قىلدى. تاشپولات بەگ ئالتە ئاي ئىشلەپ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا چاڭزا يانقۇزۇپ، كەلكۈننى توسۇش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. ئۇ چاغدا قاراقاش خوتەن ناھىيىسىگە تەۋە بىر بەگلىك بولۇپ، قاراقاش دەرياسىدىن ئېلىچى خەلقى بىلەن قاراقاش خەلقى، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئېلىچى خەلقى بىلەن لوپ خەلقى بىرلىكتە پايدىلىناتتى. شۇڭا، ئەتىيازدىكى تېرىلغۇ مەزگىلى ۋە سۇ قىس مەزگىللەردە سۇ جېدىلى دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. ھەتتا ئادەم ئۆلۈش، زەخىملىنىش ۋەقەلىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى. شۇ چاغدا، ياڭ دارىن دەيدىغان بىر ئامبال كېلىپ، سۇ جېدىلىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، پۈتۈن لوپ ۋە ئېلىچى خەلقىنى يىغىپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى لوپ خەلقى 12 كۈن، ئېلىچى خەلقى 10 كۈن ئىشلىتىدۇ دەپ بەلگىلەپ، ئامبال تامغىسىنى بېسىپ، خەت پۈتكەنىدى. بۇنى كۆرگەن قاراقاشلىق يۈسۈپ ھاجى، فازىل ھاجى قاتارلىق كىشىلەر: «ھەر يىلى سۇ جېدىلىدە 15 ـ 20 ئادەم ئۆلۈشتەك پاجىئەلىك ئەھۋال يۈز بېرىپ، خەلق ئامىنى ناھايىتى ئېتىبارسىز بولۇپ كەتتى. شۇڭا، بىزمۇ سۇنى تەقسىملەپ ئىشلەتسەك، بىزگىمۇ خەت پۈتۈپ بەرسە» دەپ ئامبالغا ئەرز قىلغاندىن كېيىن، ئامبال خوتەن خەلقى ئون كۈن، قاراقاش خەلقى 14 كۈن سۇ ئىشلىتىدۇ، دەپ خەت پۈتۈپ بەرگەن. 1952 ـ يىلىغا كەلگەندە، سۇنى ئېھتىياج بويىچە ئىشلىتىش دېگەن بەلگىلىمە چىقىپ، يۇقىرىقى ئىككى ھۆججەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. بۇرۇن بۇ ئىككى دەريا قۇرۇلۇشىغا ئىشلەيدىغان تېخنىكلار بولمىغاچقا،

دەرياغا كەلكۈن كەلسە، دەريا بويىدىكى گۈزەل باغ ـ بوستانلارنى ئېقىتىپ كېتەتتى. ھەر يىلى 2 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە تۈمەن مىڭلىغان ھاشارچىلار دەريا لىۋىگە دامبا سوقۇپ، بىر نەچچە يۈز مىڭ ھارۋا شاخ ـ شۇمبىلارنى باساتتى. لېكىن كەلكۈن كەلگەندە بۇ نەرسىلەر ھېچنېمىگە دالدا بولالمايتتى. جاپاكەش دېھقانلار يىل بويى ئارام ئالماي ھاشارغا ئىشلىگەچكە، دېھقانچىلىقنى ۋاقتىدا قىلالماي، نامراتلىق ئازابىدىن قۇتۇلالمايتتى.

ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ئورنى ناھايىتى ناچار، ياسىلىشى ئەگرى ـ توقاي بولغاچقا، دائىم كەلكۈن كەلسە ئۆستەڭ بويىدىكى باغ ـ بوستانلار ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى، ئاياغ كەنتلەرگە بولسا، بىر كۈن ھەتتا ئىككى كۈنگىچە سۇ بارمايتتى. ھەر بىر ئۆستەڭدە سەككىزدىن ئونغىچە كاتتا ئازمىلار بولاتتى. بۇ ئازمىلاردىن چۈشكەن سۇلار ئىككى ـ ئۈچ مو دائىرىدىكى يەرنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيتتى. يۇقىرىدىن سۇ سالسا بۇ سۇ ئاران يەرنى بىر قېتىم ھۆلدەشكىلا يېتەتتى، ئېتىزغا سۇ چىقمايتتى. بۇرۇن ھازىرقىدەك تاش ئۆستەڭلەر بولمىغاچقا، نۇرغۇن سۇ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە سىڭىپ كېتەتتى. شۇڭا، دېھقانلارنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ئىنتايىن قىيىن ئىدى.

ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر يەنە دائىم تىنىپ قالاتتى. جاپاكەش دېھقانلار ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەم كۈچى سەرپ قىلىپ، مۇنداق ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى چاپاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆستەڭلەرنىڭ ئازمىلىرىغا قوزۇق قېقىشقا شاخ ۋە ياغاچلار ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ قوزۇق ۋە شاخ ـ شۇمبىلار چىرىپ ـ سېسىپ، ئازمىلار تېشىلىپ كېتەتتى. بۇنىڭغىمۇ ھەر يىلى نۇرغۇن كۈچ ۋە ماتېرىيال كېتەتتى. بەزى



كەنتلەردە ئۆستەڭلەردىن يار كېتىپ، زىرائەتلەر دان تۇتمىسا، بەزى ئاياغ كەنتلەرگە سۇ يەتمەي، قۇرغاقچىلىق يۈز بېرەتتى. ئىلچىنىڭ شەھەر ئىچىدە توققۇز ئۆستەڭنىڭ بېشى دەپ ئاتالغان گازۇن دېگەن چوڭ ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن توققۇز ئۆستەڭگە سۇ ماڭاتتى. ئاندىن سۇ بۇ ئۆستەڭلەردىن ئېرىقلارغا بۆلۈنۈپ دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىغا باراتتى. قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيى بوزان، سوپا، شوما، بىزىن، يورۇڭقاش، قاش، كوسا، بوزاق قاتارلىق ئۆستەڭلەرگە تارتىلىپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئېرىقلار ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىغا باراتتى. ئۇ چاغلاردا سۇ قىس بولغاچقا، ھەر يىلى سۇ تالىشىپ ئادەم ئۆلۈش ھادىسىلىرى يولۇپ تۇراتتى؛ يېزا بىلەن يېزا، كەنت بىلەن كەنت ئوتتۇرىسىدا سۇ ئوغرىلىرىمۇ كۆپ ئىدى. سۇ باشقۇرىدىغان مىراپ بەگلەرمۇ ناھايىتى چىرىك ئىدى. يۇرت ئىچىدىكى زومىگەر، مۇتەئەسسىپ كىشىلەر كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ سۇلىرىنى تارتىۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. سۇ ياخشى باشقۇرۇلمىغانلىقتىن، خوتەننىڭ شۇ چاغدىكى نوپۇسى ھازىرقىنىڭ 20 دىن بىرىگە تەڭ كەلسىمۇ، ئاشلىقتا ئۆزىنى ـ ئۆزى تەمىنلىيەلمەي، باشقا جايلاردىن ئاشلىق سېتىپ ئەكىلىپ، تەمىنلەنەتتى. شۇڭا، ئاشلىق باھاسى ئۆسۈپلا تۇراتتى. ياللانما دېھقانلار يەر ئىگىلىرىگە 20 ـ 25 چارەك قوناق ئۈچۈن بىر يىل ئىشلەپ بېرىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايتتى.

1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ماۋ جۇشىنىڭ «سۇ ـــ يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش لازىم» دېگەن چاقىرىقىغا ئاساسەن، خوتەندە

1950 ـ يىلدىن باشلاپ سۇ قۇرۇلۇشى ھەرىكىتى باشلىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھالالباغ، يېڭىئېرىق قاتارلىق سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلدى. لايلاپ قالغان نۇرغۇن بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ، بۇلاق سۇلىرى راۋان قىلىندى. 1959 ـ يىلدىن باشلاپ ئامما سەپەرۋەر قىلىنىپ، نۇرغۇن تاش ئۆستەڭلەر ياسىلىپ، بەزى ئېرىقلارغا سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ، سىڭىپ كېتىدىغان نۇرغۇن سۇ تېجىلىپ، ئاياغ كەنتلەرگە ئۈچ كۈندە يېتىپ بارىدىغان سۇ يېرىم كۈندە يېتىپ بارىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن يىزا ـ كەنتلەر يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەندى. ئازمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن ماتېرىياللار تېجەلدى. يېزا ـ كەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ماجرالىرى يوقۇنىدىن كۆپ ئازايدى. دېھقانلار زىرائەتلەرنى ۋاقتىدا سۇغۇرۇپ، مول ـ ھوسۇل ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنى تىزگىنلەپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، يولداش ۋاڭ ۋېيىنىڭ باشلامچىلىقىدا، دەرياغا دامبا بېكىتىلىپ، 10 مىڭ ئادەم ئىشلەپ توختىتالمىغان كەلكۈن سۈيىنى 10 ـ 20 ئادەم توك قۇۋۋىتى بىلەن توختىتىپ، نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماتېرىيالنى تېجەپ قالدى؛ شۇنىڭدەك، دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى ۋە نۇرغۇن زاۋۇت، كان، كارخانىلارنى توك بىلەن تەمىنلىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن، بوز يەر ئېچىش مەيدانىدىن ئۈنى قۇرۇلۇپ، نەچچە يۈز مىڭ مو بىنام يەر ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل زىرائەتلەر تېرىلىپ، مول ـ ھوسۇل ئېلىندى؛ نۇرغۇن مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز ئورمان بەلباغلىرى بەرپا قىلىنىپ، خەلققە بەخت يارىتىلدى. ئۇن نەچچە يىلدىن



بۇيان، باشقا تاۋارلارنىڭ باھاسى ئۆسكەن بولسىمۇ، ئاشلىق باھاسى ئانچە ئۆسۈپ كەتمىدى. بۇ، سۇ ئىشلىرىنىڭ ياخشى باشقۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. چۈنكى، ھۆكۈمەت سۇ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن بولسا، نۇرغۇن بىنام يەرلەر ئېچىلماي ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ، خەلقنىڭ تۇمۇشى ناچارلاشقان بولاتتى.

1950 ـ يىلىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، سۇ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا سۇ ئىنشائاتلىرى كۆپلىگەن ۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن سۇ قۇرۇلۇشى ئىشلىرى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، مىسلىسىز ئۇتۇق ۋە نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر تېخىمۇ تەرەققىي قىلماقتا.

(ئاپتورى: خوتەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 100 ياشتىن ھالقىغان پېشقەدەم تارىخچى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **جۇرئەت ئابلىمىت**

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە مائارىپ

## ئەنۋەرخانبابا

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى نەتىجىسىدە، 1944 - يىل 12 - نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەركىبىدە نازارەتلەر، ئىدارىلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىلىرى، ناھىيىلىك ھاكىم ئىدارىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى قەدەممۇقەدەم تولۇقلاندى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشى بىلەن مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېچىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ 4 - سانلىق مەجلىسىدە قوبۇل قىلىنغان توققۇز ماددىلىق ھۆكۈمەت خىتابنامىسىنىڭ 5 - ماددىسىدا «مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى



تەرەققىي قىلدۇرۇش» دەپ بەلگىلەندى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مائارىپ نازارىتى تەشكىل قىلىندى ھەمدە نازىرلىققا ھەبىب يۇنچى، مۇئاۋىن نازىرلىققا سەيپىدىن ئەزىزى تەيىنلەندى. ھەبىب يۇنچى ۋاپات بولغاندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى نازىر بولدى. مۇقاتاي قۇرجاقانوۋ مۇئاۋىن نازىر بولدى. سابىت داموللام، سەيپۇللايوپلار رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى. مائارىپ نازارىتى قارمىقىدا ئىشخانا، مەكتەپلەر بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، مەدەنىيەت بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، دەرسلىك تەييارلاش بۆلۈمى، تارىخ تەتقىقات بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەر تەشكىل قىلىندى. مەن مەكتەپلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ خىزمەت قىلدىم. ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن ئىمىن ئاخۇن تارىخ، كىۋىر نىياز، مۇتەللىپ قاسىم، مۇھەممەت باقى، مۇھەممەت مەنسۇر، ئىمىن موللاخۇن، ئىمىن ئىلياس قاتارلىقلار بار ئىدى[1].

مائارىپ نازارىتى قۇرۇلۇشى بىلەن جايلاردا ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر، ناھىيە، ۋىلايەت دائىرىسىدە مائارىپ خىزمەتلىرىنى تەشكىللەش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. 1945 - 1946 - ئوقۇش يىلىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلەش زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئوقۇتقۇچى مەسىلىسى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار سان جەھەتتە ئازلىق قىلاتتى، چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن مىللىي زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى دېيەرلىك مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيتتى. ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدە مىللىي خىزمەتچىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىنقىلابتىن كېيىن ھەممە ئىدارىلەردە مىللىيلار

خىزمەت قىلىدىغان بولدى، شۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن ئوقۇتقۇچىلار ئىدارىلەر ۋە ھەربىي ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئەگەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇلمىغاندا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېڭىدىن ئوقۇتقۇچى تەييارلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى مەجلىسىنىڭ 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چىقارغان 108 - نومۇرلۇق قارارىنىڭ 3 - ماددىسىدا «خۇسۇسىي ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىققا مەجبۇرىي قايتۇرۇلسۇن، ھەربىي ئورۇنلاردا ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلار ئىچىدە بۇرۇن مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار بولۇپ، ئەگەر ئۇلارنى مائارىپ نازارىتى تەلەپ قىلسا، ھەممىسى مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قايتۇرۇلسۇن» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەرنى ئوقۇتقۇچى بىلەن تەمىنلەش بىر قەدەر ئۇتۇقلۇق بولدى. لېكىن سان مەسىلىسى بىلەن بىللە سۈپەت مەسىلىسى، خۇسۇسەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيولوگىيە مەسىلىسى، ئوقۇغۇچىلارغا قانداق تەربىيە بېرىش مەسىلىسى نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلە ئىدى. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەي دەۋرىدە، گومىنداڭ دەۋرىدە ئوقۇغان ھەم ئىشلىگەن ئادەملەر ئىدى. ئەمدى بولسا، خەلق گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇستەبىتلەرنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە ئېزىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىغان دەۋر ئىدى. خەلقنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ،



مائارىپقا، ئوقۇشقا بولغان روھىي ھالىتى يۇقىرى ئىدى. مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى قانداق روھ ۋە قانداق ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش بىر مەسىلە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئىدىيە جەھەتتە تەربىيىلەش، ئاندىن قالسا، كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كۈن تەرتىپكە قويۇلغان بىر ۋەزىپە بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئوق ئاۋازلىرى تېخى توختىمىغان بىر شارائىتتا، غۇلجا شەھەر ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن بەيتۇللا مەكتىپىدە قىسقا مۇددەتلىك كۇرس تەشكىل قىلىندى. 1945 - يىلى يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن غۇلجا شەھەر رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى تەشكىل قىلىندى. مەزكۇر كۇرسلاردا مەن كۇرس مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلدىم. 1946 - يىلى يازدا، ۋىلايەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ جىلىلىيۈزى يېزىسىدا تەشكىل قىلىندى. زۆرۈرىيەت ئېھتىياجى بىلەن بۇ خىل كۇرسلار ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ھەر يىلى يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ ئېچىلىپ تۇرۇلدى. «ئوقۇتقۇچىلار سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلەر ھەر يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا بىر ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئاچسۇن» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ كۇرسلاردا مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەننىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قىيىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كەچكى مەكتىپى غۇلجا شەھەر ئىلى

مەكتەپىدە تەشكىل قىلىندى. 1945 ـ يىلى 5 ـ دېكابىردا ئېچىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلەر مەجلىسىنىڭ 158 ـ قارارىدا «مائارىپ نازارىتى ئالتە ئاي مۇددەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچسۇن، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالايدىغان ھەر مىللەت ياشلىرى مىللەت ۋە جىنسىدىن قەتئىي نەزەر ئىشتىن ئايرىلغان ھالدا ئوقۇتقۇچىلار سىنىپىدا ئوقۇسا بولىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئىلمىي مۇدىرلىرىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇسا بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا دىنىي دەرس بېرىش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، دىنىي نازارەت مەخسۇس كۇرس ئېچىپ دىنىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلىسۇن» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ پەننىي ۋە كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، چۈنكى، ۋەزىيەت شۇنى تەلەپ قىلاتتى. 1948 ـ يىلدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى پۈتتۈرگەن مەكتىپى (مەلۇماتى) ۋە خىزمەت ستاژىغا قاراپ بېرىلىدىغان بولدى. ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆز بىلىملىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرۇلۇق مۇددەت بەلگىلەپ بېرىلدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى مەمۇرىي كادىرلارغا قارىغاندا يۇقىرى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى مۇدىرىنىڭ مائاشى ۋىلايەت ۋالىيسىنىڭ مائاشى بىلەن تەڭ ئىدى. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى نىسبەتەن مۇقىم، تۇرمۇشى بىر قەدەر خاتىرجەم ئىدى.

2). دەرسلىك مەسىلىسى ـ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك



زۆرۈر ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى، گومىنداڭ ۋاقتىدا قوللانغان دەرسلىكلەرنى قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئالدى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك تەييارلاش زۆرۈر تېپىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپ نازارىتى قۇرۇلۇشى بىلەن دەرسلىكلەر تەييارلاش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، دەرسلىكلەرنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى باشلاندى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ياشايدىغان ھەممە مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، داغۇر، ئۆزبېك، تاتار، خەنزۇ، خۇيزۇ، رۇس مىللەتلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان مەكتەپلىرى قۇرۇلغانىدى. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئېلىپبە، گراماتىكا، ئوقۇش كىتابى، ھېساب، تەبىئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، دىن دەرسلىكلىرى تەييارلاندى. مەكتەپلەردە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە ۋە باشقا مىللەت تىللىرىدا دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر مىللەتلەر تىلىدا دەرسلىك تەييارلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان دەرسلىكلەردىن قىسمەن پايدىلىنىلدى. رۇس مەكتەپلىرى پۈتۈنلەي سايۇزدا نەشر قىلىنغان دەرسلىكلەرنى قوللاندى. دەرسلىك تۈزۈشنىڭ مۇرەككەپلىكى مەتبەئە قىيىنچىلىقى، ۋاقىت قىسلىقى ۋە باشقا قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن ھەممە دەرسلىكلەرنى ھەر مىللەت تىلىدا تولۇق تۈزۈش قىيىن ئىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە دەرسلىك تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىكى ئېتىبارى بىلەن ھەر مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن تەمىن ئېتىلدى.

3) 1945 ـ يىلى يازدا ھۆكۈمەت، خەلق كۈچى ۋە

ئۆشرە - زاكات كىرىمى (1945 - يىللىق ئۆشرە - زاكات پۈتۈنلەي مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتىش قارار قىلىنغانىدى) . بىلەن مەكتەپ بىنالىرى رېمونت قىلىندى ھەم زۆرۈر جابدۇقلار بىلەن تولۇقلاندى. 1945 - 1946 - ئوقۇش يىلىدا، مەكتەپنى ۋاقىتدا ئېچىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى. 1945 - يىلى 1 - سېنتەبىردىن ئېتىبارەن مەكتەپلەر ئوقۇش باشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، ئاتا - ئانىلار، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن بىزار بولغانىدى. چۈنكى، ئوقۇشنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئوقۇغۇچىلار ساۋاتى چىققاندىن كېيىنلا ئوقۇشنى خالىمايتتى. ۋەھالەنكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش ئىمكانىيىتى ئاز ئىدى. سەۋەبى، پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتى بويىچە بىرلا گىمنازىيە مەكتىپى بولۇپ، بۇنىڭدا بەش سىنىپ ئۇيغۇر، ئىككى سىنىپ ئۇيغۇر قىزلار، تۆت سىنىپ خەنزۇ، ئىككى سىنىپ موڭغۇل، بىر سىنىپ رۇس بالىلىرى ئوقۇيتتى. قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى بولسا خەنزۇ قىزلىرىغا خاس ئىدى. مۇھىمى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ ئوقۇشنى خالىمايتتى. ھەم مەكتەپكە كەلمەيتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇھىم بىر ئىشى، ھەر كۈنى كوچىدا ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ بالا يىغىش ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، مەن غۇلجا شەھىرى ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى



ئىشلەيتتىم. مېنىڭ ھەر كۈنلۈك ئاساسىي ۋەزىپەمنىڭ بىرى ئوقۇتقۇچىلارنى بالا يىغىشقا تەشكىللەش ۋە ئۆزۈممۇ ئوقۇتقۇچىلار بىللە كوچىمۇكوچا يۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە چاقىرىش ئىدى. بۇ ئىشتىن ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئاتا - ئانىلامۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ بىزار ئىدى. ئوقۇغان بىلەن چىقىش يولى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىشكە بېرەتتى. ئۆگىنىدىغان كەسىپلەر سەيپۇڭچىلىق، موزدوزلۇق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تامچىلىق ۋە سودا - سېتىق قاتارلىق ئىشلار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بىرەر كەسىپ ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى بولاتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. 108 - قارارنىڭ 2 - ماددىسىدا: ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارغا شەھەرلەردە تولۇقسىز مەجبۇرىي تەلىم، يېزا، قىشلاقلاردا باشلانغۇچ مەجبۇرىي تەلىم - يۈرگۈزۈش» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. مۇھىمى ئوقۇشنى خالايدىغان بولدى. غۇلجا شەھىرىنى ئالساق، ئاۋغۇست ئېيىدا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە تىزىملىنىپ بولاتتى، 1 - سېنتەبىر كۈنى مەكتەپلەردە رەسمىي دەرس باشلىناتتى. كېچىكىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە كىرگۈزۈش خېلى قىيىن ئىدى.

نېمە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشقا بولغان ھەۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە قىزىقىدىغان بولدى؟ چۈنكى، ئامما مائارىپنىڭ ئىستىقبالىنى كۆردى، ئوقۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇش يولىنى تاپىدىغان بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە

ئوقۇش ئىمكانىيىتىنى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرلەردىكى تۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر يېنىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئېچىلدى. قازاق، قىرغىز، موڭغۇل مىللەتلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا تارقاق ياشايدىغانلىقى، كۆكلەۋ، يايلاۋ، كۈزلەۋ ۋە قىشلاۋ ئارا كۆچۈپ يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر ـ يېزىلارغا ئوخشاش مۇقىم بىر يەردە ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چارۋىچى خەلقنىڭ بىر قەدەر توپلىشىپ ئۇزۇنراق ئولتۇرىدىغان جايى قىشلاۋ بولۇپ، بۇ يەردىمۇ تۆت ـ بەش ئايلا ئولتۇرۇش مۇمكىن ئىدى. باشقا ۋاقىتلاردا بەك تارقاق جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى توپلاش تەس، شۇنىڭ ئۈچۈن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوقۇتۇش مەسىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىش چارىسى چارۋىچى خەلقنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئىدى. لېكىن بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت، ئىقتىساد ۋە تۈرلۈك چارا ـ تەدبىرلەر كېرەك بولاتتى. ئۈچ ۋىلايەت شارائىتىدا بۇنى ھەل قىلىش قىيىن ياكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قازاق، قىرغىز، موڭغۇل چارۋىچى خەلقنىڭ بالىلىرىنى يۇقىرى سىنىپلاردا (تولۇقسىز ئوتتۇرىدا) ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەركەزلەشكەن ياتاقلىق مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ئىلى ۋىلايىتىنى مىسالغا ئالساق، بۇ خىل مەكتەپلەردىن غۇلجا، سۈيدۈڭ، چىلپەنزە، بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ، كۈنەس، توققۇزتارا، قىزىلكۆرە، موڭغۇلكۈرە يۇلتۇز ناھىيىلىرىدە تەشكىل قىلىنغانىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈن راسخوتى ھۆكۈمەت تەرەپتىن بولۇپ، پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق راسخوتىنى ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىگە ئالغانىدى.



موڭغۇللارنىڭ يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن غۇلجىدا ياتاقلىق مەكتەپ تەشكىل قىلىندى، بۇ مەكتەپنىڭ پۈتۈن راسخوتى ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلدى. بۇنىڭ سىرتىدا بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ، يۇلتۇز ناھىيىلىرىدە ياتاقلىق مەركەزلەشكەن مەكتەپلەر بار ئىدى.

شەھەر، يېزىلارنىڭ تۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلىرى يېنىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلار، ئايرىم مەكتەپلەردە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلار، مەركەزلەشكەن ياتاقلىق مەكتەپلەر تەشكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئالاھىدە نەتىجە كۆرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تەمىنلەندى.

1945 ـ 1946 ـ ئوقۇش يىلىدا ئىلى ۋىلايىتىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر 303 بولۇپ، بۇنىڭدىن قازاق مەكتىپى 147، ئۇيغۇر مەكتىپى 106، موڭغۇل مەكتىپى 10، رۇس مەكتىپى 13، شىبە مەكتىپى 11، خۇيزۇ مەكتىپى توققۇز، قىرغىز مەكتىپى ئۈچ، ئۆزبېك مەكتىپى ئىككى، تاتار مەكتىپى بىر، خەنزۇ مەكتىپى بىر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 35 مىڭ 516 نەپەر. تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر 114، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر 12 بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت بويىچە مەكتەپلەر سانى 429 ئىدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوقۇش يىلىدا مائارىپ ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجە ئىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئومۇمىي مەلۇماتقا ئىگە ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى،

بوغالتىرلارغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ زۆرۈر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك بوغالتىر يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، ئىدارە، جەمئىيەتلەرنىڭ مالىيە - ھېسابات خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياجى قىسمەن تەمىن ئېتىلدى. 1948 - يىلىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەر ساھە مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى ۋە ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلى گىمنازىيىسى ئاساسىدا ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭدا ئاگرونومىيە، مال دوختۇرلۇق، زوئوتېخنىكىلىق، ئوقۇتقۇچىلىق، ئىقتىساد، ئەدلىيە، قۇرۇلۇش قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدا 18 سىنىپ ئېچىلىپ، 500 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. تىببىي خادىملارغا بولغان ئېھتىياجنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، تىببىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلىپ، نەچچە قارار ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي خادىملار تەربىيىلەندى. قىزلار ئۈچۈن تىككۈچىلىك ھۈنەر مەكتىپى ئېچىلىپ، تىككۈچىلەر تەربىيىلەندى. يېتىم - يېسىرلار ئۈچۈن دارىلئېيتام ئېچىلىپ، ئۇلارنى ياتاق، تاماق، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە، ئۇلارغىمۇ ئادەتتىكى مەكتەپلەرگە ئوخشاش دەرس ئۆتۈلدى. جەمئىيەتتىكى ئاجىز ئادەملەر ئۈچۈن دارىلئاجىزىن ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ياش ئەۋلادلارنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىللە، چوڭلارنىڭ ساۋات چىقىرىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. گومىنداڭچىلار خەلق ئاممىسىنىڭ ساۋات چىقىرىشى بىلەن كارى يوق ئىدى،



شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭلار ئىچىدە ساۋاتسىزلار كۆپ ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىش بىلەن، چوڭلار ئىچىدە ساۋات چىقىرىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. ھەر يىلى قىشتا ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلۈپ، نۇرغۇن ئادەملەر ساۋاتلىق بولدى.

4) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئوقۇتۇش سىستېمىسى، پروگراممىسى، دەرسلىكلىرى، تەلىم - تەربىيە جەھەتتىكى نامۇۋاپىق قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. چۈنكى، ئەكسىيەتچىل مائارىپقا ۋارىسلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش زۆرۈر بولدى.

ئوقۇتۇش سىستېمىسى جەھەتتە، گومىنداڭ ۋاقتىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئالتە يىل، تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا ئۈچ يىل جەمئىي 12 يىل ئىدى. بىز باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تۆت يىل قىلىپ ئۆزگەرتتۇق، چۈنكى، تۆت يىل بولغاندا باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن ئىدى. ۋاقىتنى قىسقىراق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تېزرەك يېتىشتۈرگەندە ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قېرىنداش مىللەتلەردىن ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى تۆت يىل ئىدى. بىزنىڭمۇ تۆت يىل بولغاندا، ئۇلارنىڭ دەرسلىك، پروگرامما ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئوڭايلىق تۇغۇلاتتى. ئەمەلىي قوللىنىش جەريانىدا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تۆت يىللىق قىلغىنىمىز توغرا بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىلىرى ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭدا سوۋېت پروگراممىلىرىدىن پايدىلىنىلدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە گىراماتىكا، ئوقۇش كىتابى، ھېساب، تەبىئەت، دىن، رەسىم، شېئىر، گىمناستىكا قاتارلىق دەرسلەر كىرگۈزۈلدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە گىراماتىكا، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە (بوتانىكا، زوئولوگىيە، ئاناتومىيە، فىزىئولوگىيە)، گىمناستىكا، دىن دەرسلىرى ئۆتۈلەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەپتىسىگە 24 سائەت، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرىلاردا 30 سائەت دەرس ئۆتۈلەتتى، بىر سىنىپتا ئادەتتە 30 بالا ئوقۇيتتى. خەلق تارقاق جايلاشقان، ئوقۇغۇچىلار ئاز جايلاردا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بىرلەشمە سىنىپلار تەشكىل قىلىنىدى.

باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرىلاردا دىن دەرسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، سائەت سانى ئاز ئەمەس ئىدى، دىن دەرسى سائىتىنى مائارىپ نازارىتى بىلەن دىنىي نازارەت بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي نازارەتنىڭ پىكرى بويىچە دىن دەرسى سائىتى كۆپرەك بەلگىلەنگەنىدى. يازلىق تەتىلدىكى قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار كۇرسلىرىغىمۇ دىن دەرسى كىرگۈزۈلگەنىدى.

مەكتەپلەردە ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيتتى، 1948 - يىلىغا كەلگەندە، غۇلجا شەھىرىدە بىر باشلانغۇچ قىزلار «سايرامىيە» مەكتىپى تەشكىل قىلىنىدى.

باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپنىڭ ئاساسى، بۇ ئاساس ياخشى بولمىسا مائارىپتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. تەلىم - تەربىيە مەكتەپنىڭ ئاساسىي مەسىلىسى،



مەكتەپلەردە تەلىم - تەربىيە خىزمىتى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلمىسا، ياش ئەۋلادلارنى ئەخلاقلىق، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ياراملىق بولۇشىدا، ئاساسىي مائارىپنىڭ رولى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، چىڭ تۇتۇلدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ۋە ئەخلاقىغا نومۇر قويۇشتا ئەلا، ياخشى، ئوتتۇرا، ناچار، ناھايىتى ناچار دەپ بەش دەرىجىگە بۆلۈندى. بىر ئوقۇش يىلى تۆت چارەككە بۆلۈنۈپ، ھەر چارەك داۋامىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىگە ئاساسەن دەرس سوراپ باھالىنىپ، چارەك ئاخىرىدا سىناق ئېلىپ، ئادەتتىكى ۋاقىتتىدا دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نومۇرى بىلەن چارەكلىك سىناق نەتىجىسىنى بىرلەشتۈرۈپ باھا بېرىلەتتى. يىل ئاخىرىدا يىللىق ئىمتىھان ئېلىناتتى، يىللىق ئىمتىھان سوئاللىرى ئالاھىدە چىقىرىلىپ، مەكتەپلەرگە تارقىتىلىپ بېرىلەتتى. بەزى دەرسلەردىن ئاغزاكى، بەزى دەرسلەردىن يازما، بەزى دەرسلەردىن ھەم يازما ھەم ئاغزاكى ئىمتىھان ئېلىناتتى. ئىمتىھان ئالغاندا، دەرس ئوقۇتقۇچىسىدىن باشقا، نازارەت قىلغۇچى ئوقۇتقۇچىمۇ بولاتتى. تۆت چارەكنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ۋە يىللىق ئىمتىھان نەتىجىسى ئاساسىدا، يىللىق نەتىجە چىقىرىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۈچ پەندىن ئۆتەلمىسە سىنىپتا قالاتتى، ئىككى پەندىن ئۆتەلمىسە كۈزلۈك ئىمتىھانغا قاتنىشاتتى، كۈزلۈك ئىمتىھاندىن ئۆتسە سىنىپتىن كۆچۈرۈلۈپ، ئۆتەلمىسە سىنىپتا قالاتتى.

ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ھەربىر ناھىيە، شەھەر

ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ تۇرغاننىڭ سىرتىدا، ۋىلايەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئېلى ۋىلايىتىدە ھەربىر ناھىيىگە بىردىن مۇپەتتىش تەيىنلەنگەنىدى، بۇ مۇپەتتىشلەر بەلگىلەنگەن ناھىيىلەرگە بېرىپ، ئوقۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇش يىلىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمەتلىرىنى يەنى مەكتەپلەرنىڭ رېمونت قىلىنىشى، پارتا، ئورۇندۇق، دوسكا قاتارلىق مەكتەپ جاھازىلىرىنىڭ رېمونت ۋە تولۇقلىنىش ئەھۋالىنى؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولۇق - كەملىكى ۋە دەرسكە تەييارلىق قىلىش ئەھۋاللىرىنى، ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنكى تەلىم - تەربىيىگە دائىر خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ھەممە ناھىيىلەرنىڭ مۇپەتتىشلىرى ۋاقتى - ۋاقتىدا خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر توغرۇلۇق يوليورۇق ئېلىپ، يەنە ئۆز ناھىيىلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش يىلىغا تەييارلىق قىلىش خىزمەتلىرى چىڭ تۇتۇلاتتى. ئوقۇتقۇچىلار يازلىق قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارغا قاتناشقاندىن سىرت، ھەر يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا، ئوقۇش يىلى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلار كونفېرېنسىيىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭدا ئۆتكەن ئوقۇش يىلىنىڭ خىزمەتلىرى يەكۈنلىنىشتىن سىرت، تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلاتتى ۋە يېڭى ئوقۇش يىلىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى.

مەكتەپ ئوقۇتۇش - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشى - مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشىغا باغلىق. ئاتا - ئانىلارنى مەكتەپ ئىشىغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن ھەربىر مەكتەپ يېنىدا ئاتا - ئانىلار كومىتېتى تەشكىل قىلىناتتى. ئاتا - ئانىلار



كومىتېتى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئوبدان ماسلىشىپ، مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيە ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بېرەتتى. ھەربىر مەكتەپ دائىرىسىدە مەكتەپ ئىشلىرىغا كۆيۈنىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان، مەكتەپ ئىشىنى ئۆز ئىشىدەك قارايدىغان ئاتا - ئانىلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئاتا - ئانىلار كومىتېتىغا ئاساسەن ئەرلەر ئىشتىراك قىلاتتى.

5) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، غۇلجىدا مائارىپ نازارىتى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى، ناھىيىلەردە بۆلۈملەر تەشكىل قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا (1945 - 1946 - يىللىرى) ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىغا مائارىپ نازارىتى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى. 1946 - يىلى 1 - ئىيۇلدا 11 ماددىلىق بىتىم ئاساسىدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ نازارىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىغا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتى رەھبەرلىك قىلدى. ئەمما بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۇزاق داۋام قىلمىدى. 1947 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بىتىم بۇزۇلدى. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدا ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ رەھبەرلىك ھەيئىتى قۇرۇلدى. بۇ ھەيئەت تاكى ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىغا رەھبەرلىك قىلدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسى ئۈچ ۋىلايەت رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەن

بىتىم ۋاقتىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىدە مۇدىر كاتىپ (مىشۇ جۇرېن) بولۇپ ئىشلىدىم، بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن تاكى ئازادلىققا قەدەر ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ (ئىدارىسىنىڭ) باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، تاكى ئازاد بولغانغا قەدەر بەش يىل ۋاقىت ئۆتتى. بۇ، تارىخنى جەھەتتىن ئالغاندا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ، ئەمما بۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مائارىپ ساھەسىدە نۇرغۇن ئىشلار قىلىندى، بۇ ھەممىگە ئايان.

1948 ـ 1949 ـ ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە، ئۈچ ۋىلايەتتە يەنى ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە 545 باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، 1830 سىنىپ، 56 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى، 2059 نەپەر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى بار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقتىدا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئايرىم ـ ئايرىم تەشكىل قىلىنماستىن، بەلكى نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن بىرلىكتە ئېچىلغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ مائارىپىغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن زور ئىدى. يەتتە ۋىلايەتتىكى 100 مىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھەربىلىرىنىڭ مۇھاسىرىسى ئاستىدا تۇرغان ئۈچ ۋىلايەتتە، قىسقىغىنە بەش يىل جەريانىدا مائارىپ ساھەسىدە مۇنداق تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش ھەقىقەتەن زور غەلىبە ئىدى.

ئەلۋەتتە، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى زور



دىگەندە، بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ۋاقتىدىكى مائارىپنى نەزەردە تۇتىمىز. تەبىئىيكى، بۇنى ئازادلىقتىن كېيىنكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭ مائارىپ تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئازادلىقتىن كېيىنكى شىنجاڭ مائارىپى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، دەۋرنىڭ تەقەززاسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلەپ ۋە ئېھتىياجى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى نەتىجىسىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوق، بۇمۇ ھەممىگە ئايان.

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

باھارگۈل ئابلىز

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان (1912 ـ 1928 ـ يىللار) ۋە جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان (1928 ـ 1933 ـ يىللار) ۋاقىتلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ھېچقانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان، ئەمەلدارلار چىرىكلەشكەن، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ ـ ياساق يىلدىن يىلغا ئېغىرلاشقان، مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك بارغانسېرى كۈچەيگەن قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىك تۇرغۇن يىللار ئىدى. جۈملىدىن، ياڭ ـ جىنلارنىڭ 20 نەچچە يىللىق ھۆكۈمرانلىق تارىخىدا تۇتقان ئاساسىي يولى ۋە ئىدىيىسى: «كىچىك دائىرىلەرگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىش»، «خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش»، «خەلقنى بولۇشىغا قويۇۋېتىش» بولغاچقا، مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر



ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئۆچمەنلىكنى، جايلار بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى يۇرتۋازلىقنى، دىنىي تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئىلغار ئىدىيە ۋە پەننىي كۆزقاراشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توستى. دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا (جۈملىدىن ئوغرىلىق، ئەپيۇنكەشلىك، نەشىكەشلىك، جازانىخورلۇق، پاھىشە قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنىڭ يامرىشىغا) كەڭ يول قويدى. ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىگە سادىق بولۇشىنىلا كۆزلەپ، ئۇلارنىڭ پارىخورلۇق ۋە خىيانەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كەڭ يول بەردى. كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلار ۋە ھۈنەرۋەنلەر ئۈستىدىكى ئالۋاڭ ـ ياساقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، خەلقنى كەمبەغەللىك، يوقسۇزلۇق گىردابىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. مۇشۇنداق شارائىتتا، خەلق جان بېقىش ۋە تۇرمۇش غېمى بىلەنلا بولۇپ، پەن ـ مەدەنىيەتكە قىزىقماسلىقى تەبىئىي ئىدى. مۇنداق ئەھۋال شىنجاڭدا، ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ساۋاتسىز، بالىلار ئوقۇشسىز، ھەممە جاينى جاھالەت، خۇراپاتلىق، نادانلىق قاپلىغان قاراڭغۇ زۇلمەتلىك بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

لېكىن، تۈن قانچە قاراڭغۇ بولغانسېرى يۇلتۇزلار شۇنچە يورۇق چاقنىغىنىدەك، قارىمۇقارشىلىق ۋە زىددىيەتلەر ئىچىدە يېڭى شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، زۇلمەتتە قالغان كىشىلەرنىڭ چىراق يېقىپ بولسىمۇ يورۇقلۇق ئىزدىشى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭدا ئەسلىدە بار بولغان ئەنئەنىۋى مائارىپتىن

تاشقىرى، ھۆكۈمەت يېڭىدىن ئاچقان خەنزۇ تىلىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، خۇسۇسىيلار ئاچقان دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن «جەدىد» مەكتەپلىرى بارلىققا كەلدى.

## ھۆكۈمەت ئاچقان خەنزۇ تىلىدىكى مائارىپنىڭ شەكىللىنىشى

ئەسلىدە، ياڭ زېڭشىن ئۆز تەبىئىتى بويىچە «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش» نى بەك ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن، ئوبىيېكتىپ ئەمەلىيەت بۇنىڭغا يول قويماي، ئازراق بولسىمۇ مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى، بۇنىڭدا تۆۋەندىكى سەۋەبلەر بار:

بىرىنچى، ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىقىنى ئورنىتىش، شىنجاڭنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانى بولۇشنى خالايتتى. بىراق، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى بېيجىڭ مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى، شىنجاڭدا ئىقتىدارلىق ئەمەلدار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئازلىقىنى باھانە قىلىپ، ھەدەپ ئۆز قول - چوماقچىلىرىنى ئەۋەتىشكە باشلىدى. كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى ئارقا تايانچىسى كۈچلۈك ئەمەلدارنىڭ ئورۇق - ئەۋلادى بولسا، يەنە بىر قىسمى ھەقىقەتەن بىلىملىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، ھاكىم مۇتلەق سىياسىتى يۈرگۈزۈپ كەلگەن ياڭ زېڭشىن، بىر تەرەپتىن ئۇلارنى كونترول قىلالماسلىقتىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا كۆپەيسە، ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلاپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا



ئۇ، 1916 - يىلى «شىنجاڭدا مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئۆزىگە سادىق بىر تۈركۈم مۇرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۆز ھاكىم مۇتلەقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئىدى.

ئىككىنچى، شۇ چاغدا شىمالىي شىنجاڭدا بىر تۈركۈم خەنزۇ ئاھالىسى بولغاندىن تاشقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىمۇ بىر تۈركۈم خەنزۇ ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەر بار ئىدى. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشىنى خالىمايتتى. ئۇلارنى شىنجاڭدا ئۇزاق مۇددەت تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئوقۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش لازىم ئىدى.

ئۈچىنچى، شىنخەي ئىنقىلابى ۋە 1919 - يىلىدىكى «4 - ماي» مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن كېيىن، ھەممە جايدا مەدەنىي - مائارىپ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ دولقۇننىڭ ۋە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە مەدەنىيەت ۋە مائارىپقا بولغان تەشنالىق بارغانسېرى كۈچەيدى. شۇڭا، ئازراق بولسىمۇ يەرلىك ئاھالىنى مەدەنىي - مائارىپتىن بەھرىمەن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش زۆرۈر ئىدى.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ھەر يىلى بېرىپ - كەلگەن ئىككى مىليون سەر كۈمۈش پۇل ياردىمى توختىتىپ قويۇلغان؛ ئەمەلدارلار بارغانسېرى چىرىكلىشىپ، يەرلىك باج كىرىمى شەخسلەرنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن،

شىنجاڭنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى شۇنچە ئېغىر بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ياڭ زېڭشىن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئىلگىرى بار باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قىسقارتىشقا جۈرئەت قىلالمايلا قالماستىن، يېڭىدىن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى كۆپەيتىشكە ۋە ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇڭا ئۇ، «بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ھۆكۈمەت باشقۇرغان، ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇيدىغان بىر تۈركۈم باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇردى. ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭراق شەھەرلەردە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى ئېچىشقا باشلىدى. بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭغا، شۇ جايدىكى خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ ۋە ئاھالىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن باشقا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ قوبۇل قىلىناتتى. بۇ مەكتەپلەر «شۆتاڭ» دەپ ئاتىلىپ، بەزىلىرى بۇتخانىلارنى ئوقۇتۇش ئورنى قىلغان؛ بەزىلىرىدە ئوقۇغۇچىلار مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش ئۆرۈمە چاچ قويۇشقا مەجبۇر قىلىنىپ، مانجۇچە قاراتەقى بۆك، ئۇزۇن قارا چاپان كىيگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، يەرلىك ئاھالە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ «دىنسىز» بولۇپ قېلىشى ۋە مىللىي ئەنئەنىلەردىن چەتنەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ خىل مەكتەپلەرگە ئۆز پەرزەنتلىرىنى بېرىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى تاللىنىپ، ئۈرۈمچىدىكى يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلىپ،



ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چوڭ ئەمەلدار بولاتتى. ئادەتتىكىلەر ئۆز يۇرتىدىكى ئامبال، يامۇل (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت)، باجخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا ھۆكۈمەت خادىمى، تەرجىمان بولۇپ ئىشلەشكە ۋە يېزىلارنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلىنەتتى. شۇڭا بىر قىسىم كىشىلەر، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ زالىملارغا «قول - چوماق» بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا، يەرلىك ئاھالە ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر يىلى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى خۇددى ئەسكەر تۇتۇش ۋەزىپىسىگە ئوخشاشلا، ھەرقايسى يېزا - كەنتلەرگە تەقسىم قىلىنىپ بېرىلەتتى. كىمنىڭ بالىسى ئوقۇشقا تاللانغان بولسا، شۇ ئائىلىگە دېھقانلارغا ئالۋاڭ چېچىپ تۆلەم پۇلى يىغىپ بېرەتتى. مەسىلەن، 1915 - 1927 - يىللىرى لوپ ناھىيە بازىرىدا، يۇرۇڭقاش ۋە تەۋەككۇل يېزىلىرىدا، بۇ خىل مەكتەپلەردىن بىر سىنىپلىقتىن ئۈچ مەكتەپ بولۇپ، ھەر قاراردا 80 دەك ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. دەسلەپكى يىللاردا، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا يىلىغا 12 سەردىن تۆت يىللىققا جەمئىي 48 سەر كۈمۈش پۇل (تەڭگە) يىغىپ بېرىلگەن بولسا، كېيىنكى يىللاردا ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن يىلىغا 60 - 80 چاراكتىن قوناق (بىر چارەك 16 جىڭ ھېسابىدا) يىغىپ بېرىلگەن.

ئۇ چاغلاردا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش تۈزۈمى تۆت يىللىق بولۇپ، بىر سىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرسە بىر سىنىپ قوبۇل قىلىنغان، ھەر بىر سىنىپتا 30 - 40 ئوقۇغۇچى بولغان. ناھىيە بازىرى ياكى ۋىلايەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە باشلانغۇچ سىنىپ (چۇجى بەن)،

روشدى سىنىپ (گاۋجى بەن) لار بولۇپ، روشدى سىنىپلارنىڭ مۇددىتى ئىككى يىل بولغان، ئادەتتىكى مەكتەپلەردە ئەڭ ياخشى ئوقۇغانلار روشدى سىنىپلارغا تاللاپ ئەۋەتىلگەن. روشدى سىنىپلاردا ئەڭ ياخشى ئوقۇغانلار ئۆلكە مەركىزىدىكى دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تاللاپ ئەۋەتىلگەن، ئېشىپ قالغانلىرى ناھىيىنىڭ ئۆزىدە ئىش بېجىرگۈچى (بەنسىيۈەن)، تەرجىمان (تۇڭچى)، يېزا بېگى قاتارلىق خىزمەتلەرگە تەيىنلەنگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى تاماق راسخوتى يىلدا ئىككى قۇر كىيىم، قىشلىق ئىسسىنىش پۇلى يۇقىرىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسى بويىچە يەرلىك مالىيىدىن ھۆكۈمەت ھېسابىغا چىقىم قىلىناتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئانا تىلى (تىل — ئەدەبىيات)، ھېساب، تەبىئەت قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇلغاندىن تاشقىرى، ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا كۈنىگە بىر سائەتتىن دىنىي دەرس (ئاساسەن قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىش) كىرگۈزۈلگەن. دەرسلىك ماتېرىياللار جەھەتتە، بەزى جايلاردا مىنگودىن بۇرۇنقى ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان بولسا، بەزى جايلاردا مىنگودىن كېيىنكى ئىچكى ئۆلكىلەردە بېسىلغان باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىنى ئاساس قىلغان. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە، خەت تونۇتۇش ئاساس قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار سۆزلەش، قارىلارچە يادقا ئالدۇرۇش، خەتنى تونۇتۇپ مەنىسىنى چۈشەندۈرمەسلىكتەك ئۆلۈك ئۇسۇل قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ سانلىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۆزى بىلگەن خەتنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمىگەن.



جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، شاڭخەي «سودا باسمىخانىسى» نەشر قىلغان لىۋ مەنچىڭ ئەپەندىنىڭ «چېگرا رايونلار مائارىپى» ناملىق كىتابىدا، شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە دائىر مەلۇماتلار مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى) شىنجاڭدا 59 ناھىيە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى يەتتە ناھىيىدە مائارىپ ئىدارىسى ياكى مائارىپنى باشقۇرۇش ئورگىنى قۇرۇلغان، بىرەر ناھىيىدىمۇ بالىلار باغچىسى بولمىغان. ئۆلكە بويىچە 59 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر 128 سىنىپتىن تەشكىل تاپقان. مەكتەپلەردىن ئىككىسى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا 18 سىنىپ بولغان. ناھىيىلەردە 93 مەكتەپ، 110 سىنىپ بولغان. 1927 ـ يىلى ئۆلكە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەر 83 مىڭ 935 نەپەر، بۇنىڭدىن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇۋاتقىنى 4132نەپەر بولۇپ، بۇ سان ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئاران 25 . 2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە قىزلار 259 نەپەر بولۇپ، مەكتەپتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ ئاران 2 . 6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر مەكتەپكە 43 نەپەردىن، ھەر بىر سىنىپقا 32 نەپەردىن توغرا كېلىدۇ. 1927 ـ يىلى، ئۆلكە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 571 نەپەر.

«چېگرا رايونلار مائارىپى» ناملىق كىتابتا، شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە شۇ يىللاردا ئۈچ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈچ ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنىپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرۇلغان:

بىرىنچى، ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ: ئورنى

ئۈرۈمچىدە، تۆت يىللىق ئۇيغۇر، قازاق ئالاھىدە سىنىپىدىن تەركىب تاپقان. بۇ مەكتەپ 1917 - يىلى قۇرۇلغان، دەسلەپ «ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ» دەپ ئاتىلىپ، 1935 - يىلى 1 - ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكى ئۇنىڭ نامىنى «ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ» كە ئۆزگەرتكەن. 1935 - يىلى بۇ مەكتەپتە 18 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 10 نەپەر خىزمەتچى، 139 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان (ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىرمۇ قىز يوق).

ئىككىنچى، ئۆلكە باشقۇرۇشتىكى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ: 1934 - يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان. كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىكى مەكتەپ نامىنى «ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى غۇلجا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى» گە ئۆزگەرتكەن.

ئۈچىنچى، ئۆلكىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ: بۇ 1934 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلۇپ، بىرلا رۇس تىلى سىنىپىدىن تەشكىللەنگەن.

تۆتىنچى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن: 1920 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان، ئۈچ يىللىق دارىل كەسپى سىنىپى ۋە بىر يىللىق ئۇيغۇر، قازاق ئالاھىدە كەسپى سىنىپىدىن تەشكىللەنگەن. 1935 - يىلى 7 - ئايدىكى مەلۇمات بويىچە، بۇ مەكتەپتە 16 ئوقۇتقۇچى، يەتتە خىزمەتچى، 79 ئوقۇغۇچى بولۇپ، قىز ئوقۇغۇچىلار بولمىغان.

بەشىنچى، ئۆلكىلىك قىزلار مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىل سىنىپى: ئۈچ يىللىق ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن خاراكتېرىدە بولۇپ، 1934 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان.

ئالتىنچى، بىرىنچى تېز پۈتتۈرۈش دارىل سىنىپى، خاراكتېرى، بىر يىللىق دارىل مەخسۇس كەسپى بولۇپ،



1935 - يىلى 5 - ئايدا ئاقسۇدا قۇرۇلغان. كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىكى مەكتەپ نامىنى «ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى ئاقسۇ تېز پۈتتۈرۈش دارىلمۇئەللىمىنى» گە ئۆزگەرتكەن.

«چېگرا رايونلار مائارىپى» ناملىق كىتابتا، ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ۋە كۆلىمى چوڭراق بولغان ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ سانلىق مەلۇماتى جەملىنىپ، 1928 - يىلى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 551 مىڭ 721 سانىغا سېلىشتۇرۇلۇپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «يۇقىرىدىكى ئىككى مەكتەپتە 34 ئوقۇتقۇچى، 17 خىزمەتچى، 281 ئوقۇغۇچى بولغان. بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 9.0 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ».

كىتابتا يەنە، ئىجتىمائىي ئاقارتىش ئىشلىرى (ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى) تونۇشتۇرۇلۇپ، 1932 - يىلى شىنجاڭدا توققۇز ئىجتىمائىي ئاقارتىش ئورنى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە باشقۇرۇشىدا پەقەت بىرلا كىتابخانە بولغان. سەككىز ساۋات چىقىرىش مەكتىپى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ تۆتى ناھىيىلەردە، قالغىنى ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىنغان. بۇ مەكتەپلەردە ئون ئوقۇتقۇچى، 260 ئوقۇغۇچى بولغان. كىتابتا يەنە خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ يوقلۇقى ئىزاھلانغان.

بىز بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ناھايىتى

تۆۋەن، بولۇپمۇ قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئاز. ساۋاتسىزلىق نىسبىتى شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ، ساۋات چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا ئېچىلغان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئاساسەن خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى مەكتەپلەر بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز تىل - يېزىقىدا ئوقۇيدىغان مەكتەپ ۋە سىنىپلار سانى يوق دېيەرلىك ھالدا بولغان. بۇنىڭدىن بىز ياڭ - جىن ھاكىمىيىتىنىڭ «خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش» سىياسىتىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

## ئەنئەنىۋى دىنىي مەكتەپلەر

ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن دىنىي مەكتەپلەر ئۆز زامانىسىدا مەلۇم ئىجابىي رول ئويناپ، كىشىلەرنى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتقۇزۇش، زور بىر تۈركۈم يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش رولىنى ئوينىغانىدى. جۈملىدىن، ئىلىم - پەن تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالغان ئەبۇ ناسىر فارابى، ئىبنى سىنا، مەھمۇت قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلشىر ناۋايى، نىزارى زەلىلى قاتارلىق ئەللامەلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز زامانىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مېۋىسى، شۇنداقلا دۇنياغا تونۇلغان ئىلىم - پەن ئۇستازلىرى ئىدى. ئەپسۇسكى، كېيىنكى يىللاردا دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە دىنىي مائارىپ مەزمۇنىدىن زامانىۋى ئىلىم - پەن جەۋھەرلىرىنى چىقىرىپ



تاشلىشى نەتىجىسىدە، دىنىي مەكتەپلەر خاس دىنىي تەربىيە بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ مۇتەئەسسىپ ئىشان ھىدايىتۇللا خوجا (1626 - 1694 - يىللار) قاتارلىق بىر ئوچۇم مۇتەئەسسىپلەر فېئودال ھاكىمىيەت مەنچىڭ خانلىقىغا تايىنىپ، دىنىي ھوقۇقنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ مائارىپىدا زور چېكىنىش بولدى. ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، فىزىكا، خىمىيە، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەر «پەرەڭلەرنىڭ سېھىرىسى»، «دىنسىزلارنىڭ ۋە غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ دەستۇرى»، «كىشىلەرنى دىنسىزلىققا باشلايدۇ» دەپ قارىلىپ، دىنىي مەكتەپلەردە بۇ پەنلەرنى ئوقۇشقا يول قويمىدى.

شۇڭا كېيىنكى كۈنلەردە، دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسلىرىمىزدە ئوقۇغۇچى - تالىپلارنىڭ قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرى ۋە قائىدە - قانۇنلىرىنىلا ئۆگىنىش، مەكتەپ تەلىم - تەربىيىسىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ قالدى. جۈملىدىن، مۇتەئەسسىپلەر خەت ئوقۇشقىلا يول قويۇپ، خەت يېزىشقا يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا، ئوقۇغۇچىلار خەت يېزىش مەشقىدىن مەھرۇم قىلىندى.

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار دەۋرىدىكى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «چېگرا رايونلار مائارىپى» دېگەن كىتابتا: «شىنجاڭدا خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر يوق»، دەپ ئىزاھلانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دىنىي مەكتەپلەر مۇشۇ كاتېگورىيىگە

كىرىدۇ.

ياڭ، جىن دەۋرلىرىدىكى شىنجاڭدا بار دىنىي مەكتەپلەر — باشلانغۇچ مەكتەپ، مەدرىسىلەر (ئوتتۇرا مەكتەپكە تەڭ)، دارىئۇلۇم (ئالىي مەكتەپكە تەڭ) ئۈچ خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، شەھەرلەردىكى ھەرقايسى كوچا — مەھەللىلەردە، يېزا — قىشلاقلاردا، چوڭراق كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، «ئاخۇنۇم» ياكى «خەلپىتىم» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ياش قورامى، سەۋىيىسى بويىچە سىنىپلارغا ئايرىلماي، چوڭراق بىر ئۆيدە ئارىلاش ئوقۇيتتى. ياش قورامى ۋە سەۋىيىسى ئوخشاشراق بولغان ئۈچ — تۆت بالا بىر گۇرۇپپا قىلىنىپ، ئاخۇنۇم شۇ گۇرۇپپىلار بويىچە دەرس ئۆتەتتى. چوڭ ياشلىق ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قانچىسى «خەلپەت» لىككە تەيىنلىنىپ، تەكرارلاش مەشىقلىرىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار بولۇپ، دەرسخانا ئىچىدە مەخسۇس ئۈستەل — ئورۇندۇق ۋە دوسكا يوق ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئورۇندۇقلار ئۈستىگە كىتابلىرىنى يېيىپ، يەرگە سېلىنغان پاخال ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى.

دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئىككى چوڭ باسقۇچتىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچى باسقۇچتا ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچە خەت تونۇش، قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىش ئاساس قىلىنىپ، ئاۋۋال ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى، «قائىدە» ئوقۇتۇلۇپ، ھەرپلەرنى تونۇتۇش، توغرا تەلەپپۇز قىلىش، زىر — زەۋىرلىك ھەرپلەرنى بىر — بىرىگە قوشۇپ



يېزىش — ئوقۇش، سۆز جۈملىلەرنى ئوقۇش — يېزىش تەلەپ قىلىناتتى. «قائىدە» تۈگىگەندىن كېيىن «ھەپتىيەك» (قۇرئان كەرىمدىن تاللانما) ۋە قۇرئان ئاساسىي دەرسلىك قىلىنىپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى راۋان ئوقۇش ئۆگىتىلەتتى. بۇ باسقۇچتا بەزى مەكتەپلەر يېزىش مەشقى ئېلىپ بارسىمۇ، بەزىلىرى پەقەت ھەرپلەرنى تونۇش، قوشۇپ ئوقۇشنى ئاساس قىلاتتى. مەيلى «قائىدە»، «ھەپتىيەك» ياكى «قۇرئانى كەرىم» لار بولسۇن ھەممىسى ئەرەب تىلىدا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلۈكلەرنىڭ لۇغەت تەركىبى ۋە تەرجىمىسى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلمەيتتى. ئىككىنچى باسقۇچتا چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇش ئاساس قىلىنىپ، خوجا ئاللايار دىۋانى، زاھىرىدىن بابۇرنىڭ «مۇبەييەن» ناملىق دىۋانى، ئەلشىر ناۋايى دىۋانى ۋە خوجا ئەخمەت يەسەۋىينىڭ ھىكمەتلىرى قاتارلىق تۈركى تىلىدىكى كىتابلار ئاساس دەرسلىك قىلىنىپ، تېكىستلەرنى راۋان ئوقۇش، يادلاش، دېكلاماتسىيە قىلىش مەشىقلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى. يېزىش مەشقى بەزى مەكتەپلەردە بار، بەزىلىرىدە يوق ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بەلگىلەنگەن ئوقۇش مۇددىتى، دەرس تېكىستى، بىرلىككە كەلگەن دەرسلىك، ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈملىرى يوق ئىدى. ئوقۇغۇچىلار قۇرئان ۋە تۈركىي تىلىدىكى كىتابلارنى راۋان ئوقۇيالايدىغان، ئادەتتىكى خەت — چەكلەرنى ئاز — پاز يازالايدىغان بولسىلا، ئوقۇش پۈتتۈرۈش تەلىپىگە يەتكەن بولاتتى.

مەدرىسە (ئوتتۇرا مەكتەپ) ئوقۇتۇش: بۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى قارىيلىق مەكتىپى، يەنە بىرى مۇتىزىم مەكتەپ ئىدى. قارىيلىق مەكتەپلىرىدە، قۇرئانى كەرىمنى

يادلاش، قىرائەت قىلىپ ئۆنلۈك ئوقۇش ئېلىپ بېرىلىپ، ئەرەب تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە گرامماتىكا قائىدىلىرى ئۆگىتىلەتتى. مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئاساسەن يىزا ـ كەنت مەسچىتلىرىدە ئىمام، مەزىن بولاتتى. مۇتىزىم مەكتەپلەرنىڭ كۆپرەكى ۋىلايەت ۋە ناھىيە مەركەزلىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇغانلار ئەرەب ـ پارس تىلى گرامماتىكىسى، مەنتىقە، ئابدۇراخمان ھاجى، شەيخ سەئىدى، خوجا ھاپىز شىرازى قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەرەب ـ پارس تىلىدىكى ئەسەرلىرىنى، قۇرئاننىڭ تەپسىرلىرىنى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم قائىدە ـ ئەركانلىرىنى ئۆگىنەتتى. بۇ خىل مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۆزى ئوقۇيدىغان مەدرىسلەرنىڭ ھۇجرىلىرىدا يېتىپ ـ قوپۇپ ئوقۇيتتى ۋە تاماق، كىيىم ـ كېچەك چىقىملىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلاتتى. مەدرىسلەردىمۇ بەلگىلىك ئوقۇش مۇددىتى، بىرلىككە كەلگەن ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى بولمايتتى. قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ: ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى ئىگىلەپ، قۇرئان، ھەدىس (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى) ۋە باشقا دىنىي كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، قىسقىچە ئىبارىلارنى يېشىپ بېرەلەيدىغان، مۇھىم مەزمۇنىنى شەرھلەپ بېرەلەيدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدە ـ قانۇنى ۋە پەلسەپە ئاساسلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆگەنگىنى بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يىللار ئاۋۋالقى قۇرئان تىلى بولغاچقا، ھازىرقى زامان ئەرەب تىلىنى بىلمەيتتى. مەدرىسنى پۈتتۈرگەنلەر، شەھەر ـ يېزىلاردىكى مەسچىت، جامە، خانىقا، مازار قاتارلىقلارغا ئىمام، مۇتەۋەللى، شەيخ



قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنەتتى.

ئۆز جايىدىكى مەدرىسلەردە ئەڭ ياخشى ئوقۇغانلار ئاتاقلىق چوڭ شەھەرلەردىكى مەدرىسلەرگە، چەت ئەلگە بېرىپ دارىلئۇلۇم، دارىلفۇنۇن مەكتەپلىرىدە ئوقۇيتتى. ياڭ ـ جىن دەۋرلىرىدە، ئالىي مەكتەپكە تەڭ بۇ خىل ئاتاقلىق مەكتەپلەر ئاساسەن قەشقەر شەھىرىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، خانلىق مەدرىسە، ساچىدىيە مەدرىسى قاتارلىق مەدرىسلەرنىڭ ھەر بىرىدە بەشتىن ئونغىچە تالىپلار بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەكەن، خوتەن، تۇرپان ۋە كۇچا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىمۇ، سانى ئاز بولسىمۇ ئالىي مەكتەپكە تەڭ مەدرىسلەر بولغان. بىر قىسىم ھاللىق كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، ھىندىستاننىڭ دېھلى، مىسىرنىڭ قاھىرە، تۈركىيىنىڭ ئىستامبول شەھەرلىرىگە بېرىپ، شۇ جايلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە تەلىم ئالغان. بۇ مەكتەپلەردە يالغۇز دىنىي دەرسلەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئالگېبرا، فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق مۇھىم پەنلەرمۇ قوشۇپ ئوقۇتۇلغاچقا، بۇنداق مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر «داموللا»، «مەۋلىۋى» دەپ ئاتىلىپ (بۇ ئاتالغۇ پروفېسسور مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ)، شۇ زاماننىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلىرى ھېسابلىناتتى. يەرلىك مەدرىسلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەنە شۇلار مۇدەررىسلىك (ئوقۇتقۇچىلىق) قىلاتتى. ياڭ ـ جىن دەۋرلىرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق دىنىي ئالىملاردىن ـ سابىت داموللا ھاجى، زەرىپ قارى ھاجى، ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس قەشقەرى، ھاشىم داموللا، سوبىتۇللا مەۋلىۋى قاتارلىق كىشىلەر ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نۇرغۇن

ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، يەرلىك مەدرىسلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك ۋە ئوقۇشلۇق كىتابلارنىڭ كەملىكىنى تولۇقلىغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ياڭ، جىن دەۋرلىرىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە پەننىي بىلىم كەم بولۇشتەك نۇقسانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، بىر تۈركۈم ئاڭلىق، بىلىملىك زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە ئوينىغان رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپىنى تىلغا ئالغاندا، دىنىي مەكتەپلەرمۇ چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە.

## خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى مەكتەپلەر

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر — شىنجاڭ تارىخىدا ھەم زۇلمەتلىك دەۋر، ھەم ئويغىنىش دەۋرى بولدى. «يالتىراپ يولتۇز يانادۇر تۈن قارا بولغانسېرى» ① دېگەندەك، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە بالدۇرراق ئويغانغان بىر تۈركۈم ئىلغار ئىدىيىدىكى خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر كىشىلەر مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، زۇلمەت قوينىنى يورۇتتى. قىشتا كۆمۈلۈپ قالغان ئۇرۇقلار باھار كېلىش بىلەن تاشنى يېرىپ چىقىپ كەڭ تەبىئەتكە يېڭى ھۆسن قوشقاندەك، ئۇلار پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن مائارىپ گۈللىرى ھەممە ياقتا

① بۇ مىسرا تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاينىڭ.



پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇشپۇراق چاچتى. مانا بۇ — ئويغىنىش دەۋرىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىدىن بىرى.

شىنجاڭدا پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەر ئەڭ ئاۋۋال ئاتۇشنىڭ ئېكساق يېزىسىدىن باشلىنىپ، قەشقەر، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا يېڭى مائارىپ دولقۇنى شەكىللىنىش بىلەن، بۇ دولقۇن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى قاپلىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم زامانىۋى سانائەت قۇرۇشنى ئىش باشلاپ، سودىگەرچىلىك ۋە ساياھەت بىلەن رۇسىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭراق شەھەرلىرىگە بېرىپ — كېلىپ تۇرغان ئاتۇشلۇق مۇسا ھاجى باي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى — ھۈسەيىن مۇسابايوۋ (1844 — 1926)، باۋۇدۇن موسابايوۋلار (1851 — 1828)، بۇ جايلاردا زامانىۋى سانائەت ۋە ئىلىم — پەننىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى، ھەرقايسى مىللەت پەن — مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى؛ ئۆز يۇرتىدىكى قالاقلىق، خۇراپاتلىق ۋە چۈشكۈنلۈك تۇمانلىرىنىڭ قانچىلىك قويۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشتى. ئاتۇشتىكى خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇمۇشلۇق زات مۇسا باي، نەپەس ئۈزۈش ئالدىدا ئوغۇللىرىغا: «بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆشرە — زاكىتىنى مەكتەپ ۋە مەدرىسكە تەسەددۇق قىلىڭلار!»، دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

چەت ئەللەرنىڭ يېڭىچە مائارىپىدىن چوڭقۇر تەسىرات ئالغان ئاكا — ئۇكا موسابايوۋلار، ئۆز يۇرتىدا مائارىپ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۈچ

سىنىپلىق زامانىۋى مەكتەپ بىناسىنى سالدۇرىدۇ. مەكتەپتە 1885 ـ يىلى رەسمىي دەرس باشلىنىپ، 105 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە 25 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى بىر سىنىپ بولۇپ ئوقۇيدۇ). ئوقۇتقۇچىلىقتا روسىيىدىكى قازان دارىلمۇئەللىمىنىدە (تاتار تىلىدا) ئىككى يىل ئوقۇپ كەلگەن ئىپكساقلىق كېرىم ئاخۇن، چوڭ غوجىكام، سۇلتان مەھمۇت، ئىدرىس ھاجى، رائىلە بۇۋى قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كەڭ ـ ئازادە، دېرىزىلىك، دوسكا، پارتا قاتارلىق جاھازلىرى مۇكەممەل بولغان يېڭى سىنىپلارغا كىرىپ، خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن ئۆگىنىشنى باشلايدۇ.

پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ مەكتەپ مۇتەئەسسىپ دىنىي نەبىقە ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما كەڭ خەلق ئاممىسى بۇ يېڭىلىقنى قىزغىن قوللايدۇ، مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار كۈنسايىن تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 1896 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوۋلار ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم مازىرى» نى رېمونت قىلىش پىلانىغا ماسلاشتۇرۇپ، مازارنىڭ ئۇدۇلىغا مەكتەپ بىناسى سېلىشنى باشلايدۇ، مەكتەپ بىناسى 1898 ـ يىلى پۈتىدۇ. مەكتەپ قۇرۇلۇشى ـ سىنىپ، يىراقتىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن 12 ئېغىز ياتاق، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، ئاشخانا، ئىسكىلات، مەسچىت، مۇنچا، ھاجەتخانىلار ئۈچۈن 20 نەچچە ئېغىز ئۆي قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقاندىن تاشقىرى، مەكتەپ ئىچىدە يەنە 4125 مورەببەمېتىر چوڭلۇقتا تەنھەرىكەتمەيدانىنى، تىياتىر زالى، ئالتە مو چوڭلۇقتا باغ ۋە ئورمانلىق، گۈللۈك



قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىن بۇ مەكتەپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتىلىپ، مەكتەپتىكى سىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار سانى يىلمۇيىل ئېشىپ بارىدۇ. 1911 ـ يىلىغا بارغاندا سىنىپ سانى سەككىزگە، ئوقۇغۇچىلار 310غا، ئوقۇتقۇچىلار 12گە يەتكەن بولسا، 1929 ـ يىلىغا بارغاندا، سىنىپ سانى ئونغا، ئوقۇغۇچىلار 372گە، ئوقۇتقۇچىلار 14كە يېتىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ۋە سىنىپ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈركىيىدىن ئابابەكرى ئەپەندى، ئەھمەت كامال قاتارلىق يەتتە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىنىپ كەلتۈرۈلگەندىن تاشقىرى، 1902 ـ يىلى تۇرسۇن ئەپەندى، كامال باۋۇدۇن، ھەسەن ئەپەندى، قادىر ئەپەندى ۋە غۇلجىدىن مەسئۇد سەبىرى، جىرجىس ھاجى قاتارلىق ياشلار تۈركىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. 1907 ـ يىلى مەكتەپ قارمىقىدا ئىككى يىللىق بىر دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى تەشكىل قىلىنىپ، بۇنىڭغا ئۇستۇن ئاتۇشتىكى يەتتە كەنتتىن، قەشقەر ۋە خوتەندىن بولۇپ 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى 1909 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جايلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن شاۋۇدۇن قارى گۇچۇڭغا، ساۋۇت ئەپەندى قۇتۇبىغا، روزى ئەپەندى كۇچاغا، ماھىرە خەلپەتخوتەنگە، ئابلىز ئەپەندى قاغىلىققا، ئابدۇرەھىم شەۋكەت قەشقەرگە، ئابدۇللا روزى توققۇزاققا، قالغانلىرى بەيساق، ئوچا، قايراق، تاقۇت، ئىكساق قاتارلىق كەنتلەرگە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز جايىغا بارغاندىن كېيىن، شۇ يەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشىنى زىممىسىگە ئېلىپ، پەننىي

مائارىپ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. ئىكسپاقتا قۇرۇلغان يەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەرنىڭ داڭقى پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتىگە تارقىلىدۇ. ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ۋە پەيلاسوپ ئابدۇقادىر داموللام، ئىبنى ئابدۇۋارىس قەشقەرى ۋە ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، جامائەت ئەربابى ـ ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى، ئۇلارنىڭ كەڭ جامائەتچىلىككە «پۇلى بارلار پۇل چىقىرىپ، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ، ھەممىمىز ئۆز كەنتىمىزدە مەكتەپ قۇرايلى!» دېگەن چاقىرىقى ۋە ئامما ئىچىدىكى تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە، قەشقەرنىڭ تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلىرى ۋە بايلىرى بەس ـ بەس بىلەن مەكتەپ قۇرۇشقا باشلايدۇ. 1894 ـ يىلى ئاتۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر باش ئاخۇنۇم ئەزىزى ۋاقۋاق كەنتىدە ئاچقان بىر سىنىپلىق مەكتەپ؛ 1913 ـ يىلى ئەھمەت كامال، ئىمىرۇللا بەگ، نەسرۇللا بەگ قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن جانان كوچىسىدىكى يۇسۇپ ئاخۇننىڭ ھويلىسىدا ئېچىلغان بىر سىنىپلىق مەكتەپ؛ تاشمىلىق بازىرىدا ئېچىلغان ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ؛ 1917 ـ يىلى يۇسۇپ زىيا توقام ئۆز خىراجىتى بىلەن مەدرىس كوچىسىدا ئاچقان بىر سىنىپلىق بوغالتىرلىق مەكتىپى؛ 1921 ـ يىلى قەشقەردىكى ئاتاقلىق باي ئابدۇرېھىم بايۋەتچىنىڭ ھازىرقى ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ ئورنىدا ئاچقان ئالتە سىنىپ، 250 ئوقۇغۇچىسى بار «ئابدۇرېھىم بايۋەتچە مەكتىپى»؛ 1920 ـ يىلى ئاستىن ئاتۇشلۇق ئەھمەت ھاجىمنىڭ ئۆز يۇرتى ـ تىجەندە ئاچقان بىر سىنىپلىق مەكتىپى ۋە ئۇرۇمچىنىڭ شىخابا كوچىسىدا ئاچقان ئۈچ سىنىپلىق



مەكتىپى؛ 1930 ـ يىلى ئابلىز ئاخۇن بايۋەتچىنىڭ ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 6 ـ مەكتەپ ئورنىدا ئاچقان بىر سىنىپلىق مەكتىپى؛ 1931 ـ يىلى شەھەر بايلىرى بىرلىشىپ ئاچقان چوڭ كۆلەملىك نوبېشى مەكتەپ؛ يەكەن ناھىيىسىدە 1927 ـ 1930 ـ يىللىرى مۇھەممەت ئابدۇللاخان تەرىپىدىن ئېچىلغان «مەتلەئىل ئىرپان» مەكتىپى؛ ئارتۇق ھاجى ئاچقان ئارتۇقىيە مەكتىپى؛ ئىمام مامۇت قارى خەندەككۆلدە ئاچقان «مەھمۇدىيە» مەكتىپى؛ ئىمىن قارىنىڭ قوچقار ئاتا مەھەللىسىدە ئاچقان «ئىمىنە» مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن قۇرغان مەكتەپلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدا، تۇرپان ئاستانىلىق مەخسۇت مۇھىتى (1885 ـ 1932) ۋە مەھمۇت مۇھىتىلارنىڭ تۆھپىسىمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى كۆپ قېتىم روسىيىنىڭ شەمەي، قازان قاتارلىق شەھەرلىرىگە سودىگەرچىلىك بىلەن بېرىپ، تاتار زىيالىيلىرى ئاچقان يەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن «ئۇسۇلى جەدىت» مەكتەپلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرات ئالىدۇ. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇ تاھىر بەگ① ئارقىلىق شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكىنى

① تاھىر بەگ ـ پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن يېزىسىدىن بولۇپ، شۆتاڭدا ئوقۇغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئۈمىكى بىلەن نەنجىڭغا بېرىپ، زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتناشقان. ئۇ شۇ چاغدا، مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ مائارىپ ھەققىدىكى پىكىر ـ تەلەپلىرىنى سۇن جۇڭشەنگە يەتكۈزگەن. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭ مىللىي ئىشلار ھەيئىتىگە باشلىق بولغان. 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ۋاپات بولغان.

پاش قىلىپ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا سۈن جۇڭسەن ئەپەندىگە بىر قانچە ماددىلىق تەكلىپ سۇنىدۇ. سۈن جۇڭسەن بۇنى قوللىغان بولسىمۇ، ئەمما ھاكىمىيەت يۈەن شىكەي قاتارلىق مىلىتارىستلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ھېچكىم ھەل قىلالمايدۇ. شۇڭا، مەھمۇت مۇھىتى مىللەتنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز راسخوتى بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، ئۆلكە كۆرستىتشكەبەل باغلايدۇ. 1913 - يىلى ئۇ روسىيىگە بارغاندا تاتار زىيالىيلىرىدىن ھەيدەر ئەپەندى سايرانىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، تۇرپان ئاستانىدىكى ئۆز قورۇسىنىڭ يېنىغا قەۋەتلىك زامانىۋى مەكتەپ بىناسى سالدۇرىدۇ. بۇ مەكتەپكە تۇرپان، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىن 20 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، مەكتەپكە «مەكتىپى مەقسۇدىيە» دەپ نام بېرىلىدۇ. ئۇ يەنە 1917 - يىلدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن موسكۋاغا بارغاندا، مۇھىببۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستاي، ئىبلى ئىبراھىم، ھېسامىدىن ئەپەندى قاتارلىق ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇلاردىن مۇھىببۇللا بىلەن گۈلەندەم ئاستانە مەكتىپىدە ئىشلەيدۇ (كېيىن ئىككىسى توي قىلىدۇ)، ئىبلى ئىبراھىم تۇرپان بازىرىدا، ھېسامىدىن ئەپەندى گۇچۇڭدا مەكتەپ ئاچىدۇ. يۆتكەپ كېلىنگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يول خىراجىتىنى مەخسۇت مۇھىتى تۆلىگەندىن تاشقىرى، ئۇلارغا شىنجاڭغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ مۇقىم مائاش بەلگىلەپ، ئايمۇئاي بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن لۈكچۈنلۈك تاھىر بەگ ئۆز يۇرتىدىكى دىنىي مەكتەپ مۇدەررىسلىرىدىن ھامۇت مەخسۇم ۋە رەقىپ قازى ئاخۇنۇملارنىڭ ماقۇللۇقىنى



ئېلىپ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 100 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئايرىپ چىقىپ، يەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن «تاھىرىيە» مەكتىپىنى قۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن لەمجىن ۋە چۇۋانقىر يېزىلىرىدىمۇ يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلىدۇ.

ھېسامىدىن ئەپەندى ئاچقان مەكتەپ كېيىن ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى «گۈلشەن مائارىپ مەكتىپى»گە ئۆزگەرتىلىپ، 1916 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە بولغان 17 يىل ئىچىدە زور بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈپ، گۇچۇڭنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى پەننىي مائارىپى ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ.

شۇ چاغلاردا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا خۇسۇسىلار باشقۇرۇشىدىكى پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەر ئىلى ۋە چۆچەك رايونىدىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، يىلدىن - يىلغا كېڭىيىدۇ.

ئىلىدا، پەننىي مائارىپنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇقىنى ئاكا - ئۇكا مۇسابايوۋلار چاچتى. يەنى1889 - يىلى ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىلى «ھۈسەينىيە» مەكتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئىلى ۋادىسىدا 1905 - يىلى «ھۈنەر - كەسىپ مەكتىپى» ، 1911 - يىلى «بەشەرىيە» ، «تۇرانىيە» ، «سايرامىيە» مەكتەپلىرى، 1916 - يىلى «نۇر» مەكتىپى، «ئەلا بايقورا مەكتىپى» ، 1924 - يىلى «دەرنەك مەكتىپى» ، 1925 - يىلى «كەشپىيە مەكتىپى» ، 1928 - يىلى «مۇراد مەكتىپى» ، 1932 - يىلى «تەئالىيە مەكتىپى» قاتارلىق مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، مەرىپەت مەشئىلىنىڭ چىرىغى ھەر تەرەپتە يېنىشقا باشلايدۇ. مىللىي

تەركىبى مۇرەككەپرەك بولغان تارباغاتاي ۋىلايىتىدىمۇ ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار مەكتەپلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، 1910 - يىلى تاتار بايلىرىدىن ئۆمەر ھاجى، ئوغلى ئابدىراخمان قاتارلىق بىر قانچە كىشىنى قازانغا ئەۋەتىپ ئوقۇتۇپ كېلىپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن چۆچەك قىزىل مەسچىت يېنىدا ئۈچ سىنىپلىق «ئۆمەرىيە» مەكتىپىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. 1912 - يىلى ئاتاقلىق مائارىپچى سوفىيە ئابىستاي دۆربىلجىنگە كېلىپ، ئۆز قورۇسىدا مەكتەپ ئاچىدۇ. يەنە 1910 - يىلى مۇھەممەتجان ئەپەندى ئاچقان قوشتولغاي مەكتىپى، 1917 - يىلى مۇھەممەد شەفىق ئاچقان جايىر قازاق مەكتىپى، 1925 - يىلى ئاتاقلىق تاتار مائارىپچى گۈلەندەم تۇرپاندىن قايتىپ كېلىپ، مەقسۇت مۇھىتى قورۇسىدا ئاچقان «گۈلەندەمىيە» قىزلار مەكتىپى (بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان قىزلاردىن 60 تىن ئارتۇقراقى ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى بولۇپ يېتىشكەن) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئېچىلغان تۇپۇق خەلق مەكتىپى، ساۋەن ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى، دوربىلجىن ئۇيغۇر - قازاق مەكتىپى، شىخودىكى ئۇيغۇر مەكتىپى، چاغانتوقايدىكى باشباي مەكتىپى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن مەكتەپلەردۇر.

چارۋىچىلىق رايونى دەپ ئاتالغان ئالتاي ۋىلايىتى دائىرىسىدىمۇ، پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ خىل مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، قازاق يېڭى زامان مائارىپىغا ئاساس سالدى. 1900 - يىلدىن ئىلگىرى، ئالتايدا شاھى مەنسۇر (ئۆزبېك) ئاچقان بالباغاي دىنىي مەكتىپى، مىرزاقان



داموللا ئاچقان كۆكتوقاي دىنىي مەكتىپى قاتارلىق بىر قانچە دىنىي مەكتەپلەرلا بار ئىدى. 1900 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئالتاي ناھىيىسىنىڭ قىران دېگەن يېرىدە مەمتى بەيسى ئاچقان «باقىيە» (ئاباق كېرەي) مەكتىپى (1900 - يىل)، بۇرچىن ناھىيىسىدە ئۆمۈرتاي گۆك ئاچقان «ئۇسۇلى جەدىت» مەكتىپى (1905 - يىلى)، ئابدۇلخەللاقى ۋە توختى قارىلار ئاچقان ئۇيغۇر - قازاق باشلانغۇچ مەكتىپى (1927 - يىل) ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، ئاۋۇل - قىشلاقلاردا تۇنجى قېتىم ئىلىم - پەن نۇرى چاقنىدى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىدىن ئىلگىرىكى يىللاردا ئاقسۇ، خوتەن، كورلا ۋىلايەتلىرىدىمۇ بۇ خىل مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن دىنىي مەكتەپلەر ئورنىنى پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەر ئىگىلەشكە باشلىدى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە، پەننى مائارىپنىڭ تەشەببۇسچىسى ھامۇت ھاجى (1939 - 1882) 1900 - يىلى ھەرەمگە بېرىپ قايتقاندىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسىدىكى پەننىي مائارىپنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ، ئۆز يۇرتى كۇچانىڭ كۆزى بولغان يېڭى مەھەللىدىكى ئون مو يېرىنى ئاجرىتىپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن مەكتەپ سالىدۇ. كېيىن بۇ مەكتەپ دەسلەپكى ئالتە سىنىپ 246 ئوقۇغۇچىدىن 12 سىنىپ، 600 ئوقۇغۇچىغا تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلاردىن ئابدۇللا ھاجى، كېيىنكى كۈنلەردە شايار مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، سوفىيە خانىم كۇچادىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە «نىيازىيە»، «مەكتىپى

ئىسمائىلىيە»، «يۇنۇسىيە»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «تۆمۈر غازى»، «تۇرانىيە»، «سۇبھى سابا»، «ئابباسىيە» قاتارلىق مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىدە، 1920 ـ يىلى دېھلىدە ئوقۇپ كەلگەن قاسىم ئەپەندى، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئىسمائىل ھەققى ۋە خالى ئەپەندىلەر تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ «ئالتۇنلۇق مازار» مەدرىسىدە «جەدىت» مەكتىپى ئاچىدۇ. 1932 ـ يىلى، سۇدەرۋازىدىكى بۇتخانا ئورنىدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپكە تەڭ «دارىلئۇلۇم» مەكتىپى قۇرۇلۇپ، بىر قىسىم تالىپلار پەننىي بىلىم ئۆگىنىدۇ. شۇ يىلى يەنە، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئىدرىس ئەپەندى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومغا باراۋەر «زىرائەت مەكتىپى» قۇرۇپ، دېھقانچىلىق، يىپەك ـ ئۈجمىچىلىك ساھەسى بويىچە پەننىي دەرسلەرنى ئۆتىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلار خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق، يىپەك ـ ئۈجمىچىلىك ئىشلىرىدا ئاساسلىق تايانچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. 1933 ـ يىلى ئاتاقلىق مۇدەررىس ئەھمەد ھاجىمنىڭ غوجامكۆلبېشى مەھەللىسىدە ئاچقان مەكتىپىدە 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى مەكتەپ بولۇپ قالغانىدى.

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن بىز شۇنى كۆرەلەيمىزكى، 1933 ـ يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن ئىلگىرى، شىنجاڭ مائارىپىدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر، ئاخۇنلار باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپلەر، خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى پەن بىلەن دىن



بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەردىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەكتەپ شەكلى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى تېز، نەتىجىسى چوڭراق بولغان.

پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەرنىڭ دىنىي مەكتەپلەردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ھەممە ئوقۇغۇچىلارنى بىر سىنىپقا يىغىپ ئوقۇتۇش ۋە يەردە، سۇپىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئوقۇتۇش بىكار قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار يېشى، جىنسى ۋە سەۋىيىسى بويىچە سىنىپلارغا بۆلۈپ ئوقۇتۇلغان؛ سىنىپلار دېرىزىلىك، دوسكا، پارتا قاتارلىق جاھازلىرى تولۇق بولۇپ، زامانىۋى مەكتەپ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

2) مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلغان، مەسىلەن، بىر قىسىم يېزا ـ مەھەللىلەر بويىچە «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» قۇرۇلۇپ، پەننىي مەكتەپنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلار شۇ ھەيئەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ھەيئەت ـ يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئاتاقلىق ئۆلىمالار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن تەركىپ تاپقاچقا، ئۇلارنىڭ رولى خېلى چوڭ بولغان. ھەرقايسى مەكتەپلەردە يەنە ئاتا ـ ئانىلار ھەيئىتى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، سىنىپلاردا سىنىپ ھەيئىتى بولغان.

3) ئوقۇش ۋاقتى، ھەپتىلىك دەرس سائىتى، ئىمتىھان ئېلىش، خۇلاسە قىلىش قاتارلىق ئوقۇتۇش تۈزۈملىرى ئورنىتىلغان. ئادەتتە مۇتلەق كۆپ قىسىم

مەكتەپلەر تۆت يىللىق تۈزۈمدە، بەزىلىرى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرگە ئوخشاش ئالتە يىللىق تۈزۈمدە بولۇپ، كېيىنكى ئىككى يىلدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرى ئۆتۈلگەن. مەسىلەن، ئاتۇش ئىكساقتىكى «ھۈسەينىيە» مەكتىپىدە، يۇقىرى يىللىق سىنىپلارنىڭ 1888 ـ يىللىق دەرس جەدۋىلىدە، ھەپتىدە ئالتە كۈن دەرس ئۆتۈش، كۈندىلىك دەرس ۋاقتى تۆت سائەت بولۇش؛ ئازنە (جۈمە)①كۈنى دەم ئېلىش بەلگىلەنگەن. ھەپتىلىك دەرس ۋاقتى 24 سائەت بولۇپ، بۇنىڭدا ئانا تىلى ئىككى سائەت، تەجۋىد (ئىملا قائىدىسى) ئىككى سائەت، تىل ـ ئەدەبىيات بىر سائەت، تارىخ ئۈچ سائەت، تەبىئەت ئىككى سائەت، جۇغراپىيە ئىككى سائەت، چەت ئەل تىلى (ئەرەب، پارس تىلى) ئىككى سائەت، ھېساب ئىككى سائەت، شىپاھىيە (تازىلىق ساۋادى) بىر سائەت، تەنتەربىيە ئىككى سائەت، ناخشا بىر سائەت، رەسىم بىر سائەت جەمئىي 20 سائەت بولۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى تۆت سائەت ئۇدا ئاقايىدى زۇرۇرىيە (ئەقىدە ۋە ئەخلاق تەربىيىسى) ئۆتۈلگەن. چەت ئەل تىلى (ئەرەب، پارس تىلى) ۋە ئاقايىدى زۆرۈرىيەنى دىن دەرس دەپ ھېسابلىغاندا، جەمئىي ئالتە سائەت بولۇپ، بۇ ھەپتىلىك دەرس سائىتىنىڭ25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. پەننىي دەرسلەردە ھېساب (ماتېماتىكا) دەرسىنىڭ ۋاقتى ئازراق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەننىي دەرسلەرنىڭ ۋاقتى ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ مەكتەپتە يەنە پەسىللىك، مەۋسۇملۇك، يىللىق ئىمتىھان تۈزۈملىرى ئورنىتىلغان

① ئادەتتە ئىسلام كالېندارىدا ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى، خرىستىئان كالېندارىدا يەكشەنبە كۈنى دەم ئېلىش كۈنى ھېسابلىنىدۇ.



بولۇپ، پەسىللىك، مەۋسۇملۇك ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى چىقىرىپ ئىمتىھان ئالغان، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنى مەكتەپ ئىشلار ھەيئىتى بىۋاسىتە ئالغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى تۆت دەرىجە بويىچە چىقىرىلغان، يەنى 1 ـ دەرىجىلىكلەر «ئەلىيۇلئەلا» (ئەڭ ئەلا)، 2 ـ دەرىجىلىكلەر «ئەلا»، 3 ـ دەرىجىلىكلەر «ئەۋسات» (ئوتتۇرا)، 4 ـ دەرىجىلىكلەر «ئەدنا» (ئۆتەلمىگەن) دەپ ئايرىلغان.

4) مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى ۋە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى (پارتا، دوسكا قاتارلىق) شەخسلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سېلىش، ئاتا ـ ئانا ۋە جامائەتنى ئىختىيارىي ياردەم توپلاش (ياغاچ، تاش ۋە نەق پۇل قاتارلىقلار) ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنغان. بەزى جايلاردا شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆيلىرىنى ئوقۇتۇش سىنىپى ئۈچۈن ھەقسىز ئارىيەت بەرگەن.

5) ئوقۇتۇش خىراجىتى (ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى، تازىلىق راسخوتى، ئىشخانا راسخوتى، كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ياردەم قاتارلىق راسخوتلار): (1) مەكتەپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان شەخسلەر ھەممە خىراجەتنى ئۆزى تۆلەش؛ (2) مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، شۇ يېزا (كەنت) دائىرىسىدىكى چوڭراق مازار، مەدرىسە ۋە مەسچىتلەرنىڭ بىر بۆلۈم ۋەخپى①

① ۋەخپى يەر، ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى جايلاردىكى چوڭ مازار، مەسچىت، خانىقا، مەدرىس قاتارلىقلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرى (شەخسلەر مەڭگۈلۈك تەقدىم قىلىشقان يەرلەر) بولۇپ، بۇنى شۇ ئورۇنغا مەسئۇل بولغان شەيخ، ئىمام قاتارلىقلار باشقۇراتتى

يەرلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىجارە ھەققىنى مەكتەپلەر ئۈچۈن ئىشلىتىش، شەخسلەرنىڭ ئۆشرە - زاكات ① پۇللىرىنى يىغىۋېلىپ مەكتەپلەر ئۈچۈن ئىشلىتىش، ئاممىدىن ئىختىيارىي ئىئانە توپلاش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، توپلانغان پۇلنى مەكتەپ خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. بەزى مەكتەپلەر، يىراق جايلاردىن كېلىپ ئوقۇيدىغان كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىنى بۇ مەكتەپكە ياتاقلاشتۇرۇپ، تاماق، كىيىم - كېچەك، ئوقۇش ماتېرىياللىرىنىڭ خىراجىتىنى مەكتەپ بەرگەن. بۇ خىل مەكتەپ «ياتاقلىق مەكتەپ» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان خىراجەت «خانىدەنلىك پۇلى» (ئوقۇتۇش ياردەم پۇلى) دېيىلگەن. مەسىلەن، ئىكساقتا كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلار تۆت دەرىجىگە ئايرىلىپ، بىر ئوقۇش يىلىدا 1 - دەرىجىلىكلەرگە 15 چارەك، 2 - دەرىجىگە 12 چارەك، 3 - دەرىجىگە سەككىز چارەك ئاشلىق بېرىلگەن.

6) كۆپلىگەن مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇقىم ئىش ھەققى بولغان. بۇنىڭغا كۆپرەك ئاشلىق بېرىلگەن، ئايرىم جايلاردا نەق پۇل بېرىلگەن. ئاشلىق بېرىلگەن ئورۇنلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققى 200 چارەكتىن 400 چارەككىچە (بىر چارەك 16 - 18جىڭ)

① ئۆشرە - زاكات، ئىسلام دىنىدا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ دائىملىق مەجبۇرىيىتى سۈپىتىدە بەلگىلەنگەن بەش پەرھىزنىڭ بىرى. ئۆشرە، دېھقانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئاجرىتىپ، كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلەرگە بېرىشنى؛ زاكات، سودا - سانائەتچى، ھۈنەرۋەن، چارۋىچىلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئومۇمىي سەرمايىسىنىڭ 40 دىن بىرىنى (جۈملىدىن ھەر خىل چارۋا مالىنىڭ ئۆز تۈرى بويىچە 40 دىن بىرىنى) ئاجرىتىپ، كەمبەغەل، يېتىم - يېسىر، ئىگە - چاقىسىز كىشىلەرگە بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەجبۇرىيەتنى ئۆتەش ھەر كىمنىڭ ئىختىيارى بولۇپ، ئۆتىمىگەنلەر «ئاخىرەتتە خۇدا ئالدىدا جاۋابكار» دەپ قارىلىدۇ



بولغان. ئايرىم جايلاردا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىش ھەققىنى ئاتا - ئانىلار تەڭ نىسبەتتە چىقىرىپ تۆلىگەن. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ساۋابلىق ئىش دەپ تونۇپ ھەق ئالمىغان.

7) دەرسلىك كىتاب: ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ بويىچە بىرلىككە كەلگەن دەرسلىك بولمىغان. قەشقەردە، ئاكا - ئۇكا مۇسابايوۋلار تەرىپىدىن چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن تاش مەتبەئە ئاساسىدا قۇرۇلغان «مەتبەئى خۇرشىد»؛ 1910 - يىلى قەشقەرلىق ئۇلۇق ئالىم، مۇدەررىس ۋە جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر داموللام يېڭىسارلىق نۇر ھاجىمنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرغان «نۇر مەتبەئەسى» بولۇپ، بەزى دەرسلىكلەر مۇشۇ مەتبەئەدە، بەزىلىرى رۇسىيىدىكى «قازان» مەتبەئەسىدە بېسىلغان. شۇ چاغدا، ئابدۇقادىر داموللام ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن «ئىلمىي تەجۋىد»، «ئىلمىي ھېساب»، «ئىلمىي جۇغراپىيە»، «ئاقائىدى زۆرۈرىيە» (مۇھىم ئەقىدىلەر ساۋادى)، «گۆدەكلەرگە تەربىيە»، «ئەدەبىيات ئاچقۇچى»، «ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى قەشقەردە، يەنە بىر قىسمى رۇسىيىدە بېسىلغان، كۆپ قىسىم مەكتەپلەردە مۇشۇ كىتابلارنى دەرسلىك قىلىپ ئىشلەتكەن. شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا، قازاندا تاتار مەكتەپلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىكلەر سودىگەرلەر ئارقىلىق كەلتۈرۈلۈپ، ئوقۇش ماتېرىيالى قىلىنغان.

8) ئايرىم مەكتەپلەر ئوقۇش سىرتىدا قالغان باللارنىڭ ئائىلىدە قوي بېقىش بىلەن مەكتەپكە كىرەلمىگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «قويچى» ياللاپ ئىشلىتىپ، قويلارنى پادىغا قوشۇپ بېقىشنى يولغا قويۇش

ئارقىلىق ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپكە جەلپ قىلغان ۋە تۇراقسىزلىقنى ئازايتقان.

ھەر قانداق يېڭى شەيئى ـ كونا شەيئىلەرنىڭ، كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى جەدىت مەكتەپلىرى، ئەينى ۋاقىتتا مۇتەئەسسىپ دىنىي تەبىقىلەرنىڭ، يەرلىك فېئوداللارنىڭ كەسكىن قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئۇلار خەلق ئىچىدە ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ سادىق مۇرتى ھېسابلاپ، يېڭى مەكتەپلەرگە نىسبەتەن «بالىلارنى دىن يولىدىن ئازدۇرىدۇ»، «ئىمانىنى سۇسلاشتۇرىدۇ» دەپ بوھتان چاپلاپ، نادان ئاھالىنى يېڭى مەكتەپلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشقا، بالىلارنى بەرمەسلىككە قۇتراتتى. يەرلىك ئەمەلدارلار بۇ مەكتەپلەرنى «ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانكارلارنى تەربىيىلەيدۇ» دەپ، ئوقۇتقۇچىلارنى بولسا «ھۆكۈمەتكە قارشى خەتەرلىك ئۇنسۇرلار» دەپ قاراپ، ئىلاجى بار تارقىتىۋېتىش تەرىپىدە تۇردى. ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېنلارنىڭ ئەزەلدىن يەرلىك خەلققە قاراتقان سىياسىتى «نادانلىقتا تۇتۇش»، «مۇتەئەسسىپ دىندارلار ۋە فېئودال كۈچلەر» ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بولغاچقا، ئۇلار ئاخۇنلارنىڭ دىنىي مەكتەپ باشقۇرۇشىغا يول قويۇپ، پەننىي مەكتەپلەرنى چەتكە قاقتى. مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ پەننىي مەكتەپلەرنى قارىلىشىنى «خەلق تەلىپى» دەپ ھېسابلاپ، ھەر خىل باھانىلار بىلەن بۇ خىل مەكتەپلەرنى تارقىتىۋېتىش، ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش يولىنى تۇتتى.

قەشقەردە ئېچىلغان يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە تەنتەربىيە دەرسىدىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى



سورۇن تۈزۈپ، ھەر خىل تەنھەرىكەت مەشىقلىرىنى ئېلىپ بارغان. بىر كۈنى «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن» ئوقۇغۇچىلىرى ئالا كەلتەك بىلەن مەشىق قىلىۋاتقاندا، بۇنى ياڭ دوتەي كۆرۈپ قېلىپ، «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەشىق قىلىۋېتىپتۇ» دېگەن گۇمان بىلەن دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن مەكتەپ مۇدىرى ئەھمەد كامالنى قولغا ئېلىپ، ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش»نىڭ يالغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى يەنىلا ئەھمەد كامالنى چېگرىدىن چىقىپ كېتىشكە زورلايدۇ. ئۇ غۇلجا ياكى قەشقەر ئارقىلىق چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، يول قويماي ئىچكىرى ئارقىلىق يولغا سالىدۇ. ياڭ دارىن يەنە ئەھمەد كامال بىللە كەلگەن تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچىنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەكتەپتىن ھەيدەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دارىلمۇئەللىمىن بىلەن ئېكساق مەكتىپىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دۆلەت ھېسابىغا خەنزۇ تىلىدا ئوقۇيدىغان بىردىن ئىككى سىنىپ تەشكىل قىلىشنى بۇيرۇپ، بۇ ئىككى سىنىپقا دەرس ئۆتۈشكە خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار تەيىنلەيدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە پايلاقچى قويۇش چارىسى ئىدى.

1920 ـ يىلى، مەخسۇت مۇھىتى تۈركىيىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن شامى شەرەپ لۈكچۈندە پەننىي مەكتەپ ئاچىدۇ، لېكىن لۈكچۈن ۋاڭ شامى شەرەپكە «ئىسيانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، ئوقۇغۇچىلارنى يولدىن ئازدۇردى» دەپ بوھتان چاپلاپ، ياڭ زېڭشىنغا ئەرز يازىدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ بوينىغا زەنجىر تاقاق سېلىپ، ئۇرۇمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ.

ھامۇت ھاجى كوچادا قۇرغان پەننىي مەكتەپ راسا راۋاجلىنىۋاتقان 1914 - يىلى، مۇتەئەسسىپ كوچىلار بىر تۈركۈم لۈكچەكلەرنى قوترىتىپ، مەكتەپ بىناسىنى تۈزلىۋەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، ۋاڭ ئوردىسىغا «مەكتەپ دىنىي دەرس ئۆتمىدى» دەپ ئەرز يېزىپ، نۇر ھاجى، ئابدۇراخمان ئىبراھىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ۋاڭ ئوردىسىغا سولاپ قويىدۇ. ۋاڭ ئوردىسى چوڭ داغدۇغا پەيدا قىلىپ، مەكتەپنى ئۇزۇل - كېسىل ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن باھانە بويىچە «سوراقچىلار ئۆمىكى» تەشكىللەپ، ئوقۇتقۇچىلارنى سوراق قىلىدۇ. لېكىن، ئوقۇغۇچىلار نەق مەيداندا قۇرئان سۈرىلىرىدىن ئوقۇپ قىرائەت قىلىپ، سوراقچىلارنى مات قىلىدۇ. نەتىجىدە، ۋاڭ ئوردىسى ئوقۇتقۇچىلارنى سولاقخانىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

دېھلىدا ئوقۇپ كېلىپ 1920 - يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم جەدىت مەكتىپى ئاچقان قاسىم ئەپەندى، شۇ چاغدىكى خوتەننىڭ ئەڭ چوڭ دىنىي ھوقۇقدارى سۇلايمان ئەلەم بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ «يەر ياپىلاق، ئۇنى بىر ئىلاھ ئۆكۈز ئىككى مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن خۇراپىي كۆز قارىشىغا رەددىيە بېرىپ، يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قۇياشنىڭ تارتىش كۈچى مۇئەللەق تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىلمىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن سۇلايمان ئەلەم ئۇنى «دەھرى» (دىنسىز) لىك بىلەن ئەيىبلەپ، چېڭ دارىنغا ئەرز يازىدۇ. چېڭ دارىن مۇشۇنى باھانە قىلىپ، مەكتەپنى تارقىتىۋېتىش بىلەن قاسىم ئەپەندىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.



بۇ پاكىتلىق مىساللاردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەر فېئودال جاھىل كۈچلىرىنىڭ ۋە مۇتەئەسسىپ دىنىي تەبىقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭمۇ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ كەلگەن. يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەر ئۆزىنىڭ يېڭى شەيئى بولۇشتەك جەڭگىۋار كۈچى، ئوقۇتۇش سۈپىتىدىكى نەتىجىسى ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار كۈچلەرنىڭ ھەم كەڭ ئاممىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن قاتمۇ - قات توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ پۇت تىرەپ تۇرالىدى ۋە شىنجاڭدا پەننىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# «چالا تۇغچى ئادەم ئۆلتۈرەر» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانى

سىدىق مۇسايوپ

ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت) نىڭ كونا سەركەردىلىرىدىن ئالداش 1878 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ياقۇپ بەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگنىڭ قالدۇق قىسملىرىدىن 300دەك ئەسكەرنى باشلاپ ئەنجاندىن يولغا چىقىپ، قەشقەرنىڭ تاشمىلىق يېزىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئوپال رايونىغا كېلىپ، ئىماملىرىم مازىرىدا چۈشكۈن قىلىپ، ياقۇپ بەگكە قۇرئان تالاۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سەركەردىسى ليۇ جىنتاڭ قول ئاستىدىكى لەشكەر باشلىقلىرىنى باشلاپ ئالداشقا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئوپالغا يېتىپ كېلىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئالداشنىڭ



قىسملىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئوپال رايونىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ليۇ جىنتاڭ ئوپال رايونىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدار، باي، سودىگەرلەر ۋە يۇرت چوڭلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ياقۇپ بەگ قىسىملىرىنىڭ ئوپالغا كېلىپ قەيەرلەردە تۇرغانلىقى، كىملەر بىلەن ئالاقە قىلىپ، قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، نېمىلەرنى ياردەم قىلغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۈرۈشتۈرۈشكە باشلايدۇ. يەرلىكلەر بۇنىڭغا: «ئۇلار ئىماملىرىدا تۇردى، خەلق ئۇلارغا يېقىنلاشماي، يوشۇرۇنۇپ ۋە قېچىپ يۈرۈپ پاناھلاندى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ليۇ جىنتاڭنىڭ تۇغچىسى (تەرجىمانى): «ئىماملىرىمدا تۇردى» دېگەن سۆزنى «ئىماملارنىڭكىدە تۇردى» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ليۇ جىنتاڭ ئوپال رايونىدىكى بارلىق ئىماملارنى دەرھال يىغىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پۈتكۈل ئوپال رايونىدىكى 52 مەسچىتنىڭ 52 ئىمامى پۈتۈنلەي يىغىپ كېلىنىدۇ. ئۇلار بۇ 52 ئىمامنى بازارغا 500 مېتىر كېلىدىغان قاچا تۆشتەك بېشىدىكى ئېتىزلىققا ئېلىپ بېرىپ قاتار تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ھەر بىرسىنى: «سېنىڭ ئۆيۈڭدە قانچە ئادەم تۇردى؟ ئۇلار بىلەن نېمە دېيىشتىڭ؟ نېمىلەرنى ياردەم قىلدىڭ» دەپ بىر - بىرلەپ سوراق قىلىدۇ. بۇ ئىماملار: «بىز ئۇ ئوغرىلارنى كۆرمىدۇق، ئۇلار ئۆيىمىزدىمۇ ياتمىدى، بىز ھېچقانداق نەرسە ياردەم قىلمىدۇق» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. لېكىن، سوراقچىلار: «سىلەر بىزگە راست گەپ قىلمىدىڭلار، ساداقەتمەنلىك بىلدۈرمىدىڭلار» دەپ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. كاللا كېسىشكە بەلگىلەنگەن

ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىشقا باشلايدۇ. 22 ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ بولغاندا، ئۆز ۋاقتىدىكى «شۆتاڭ» مەكتەپتە ئوقۇغان ئابلا بەگ بىلەن ئىسمايىل چوڭ يورۇق باش كېلىپ قىلىپ، ليۇ جىنتاڭلار بىلەن سۆزلىشىپ: «بۇلار نېمە گۇناھ قىپتۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالىسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ياقۇپ بەگ قىسىملىرى ئوپالغا كەلگەندە ئىماملارنىڭ ئۆيىدە ياتقانىكەن، بىز ئۇلارنى سوراق قىلساق، راست گەپ قىلمىدى. شۇڭا، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئابلا بەگ بىلەن ئىسمايىل چوڭ يورۇق باش ئۇلارغا ياقۇپ بەگ قىسىملىرىنىڭ ئوپالغا كەلگەندە ئىماملارنىڭكىدە ئەمەس، ئىماملىرىم مازىرىدا تۇرغانلىقىنى، ئىماملىرىم مازىرى ئەتراپىدا مازارنىڭ شەيخ، مۇتىۋەللىسى، جارىپكەشلىرىدىن باشقا ئادەم بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ليۇ جىنتاڭلار مازارغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئادەم چېپىشنى توختىتىدۇ. ئۇلار تۇڭچى (تەرجىمان) نىڭ: «ياقۇپ بەگ قىسىملىرى ئىماملىرىم مازىرىدا تۇرغان» دېگەننى «ئىماملىرىمنىڭكىدە تۇرغان» دەپ خاتا تەرجىمە قىلىپ بېرىشى بىلەن، ياقۇپ بەگ قىسىملىرىغا ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز بولغان بىگۇناھ 22 ئىمامنىڭ كاللىسى ئېلىنغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ليۇ جىنتاڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلار ئوپال خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن ھېلىقى تۇڭچى (تەرجىمان) نى ئېلىپ كېلىپ، كۆپچىلىك ئالدىدا ئاۋۋال ئۇنىڭ تىلىنى كېسىپ، ئاندىن كاللىسىنى ئالىدۇ. بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يۇرت خەلقىغە



تەسەللى بېرىپ، ئۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سورايدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئابلا بەگ «چالا تۇڭچى ئادەم ئۆلتۈرۈر» دېگەن گەپنى قىلىدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ سۆز خەلق ماقالىسى سۈپىتىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە.

ليۇ جىنتاڭ ئوپال بېگى ئابلا بەگنى تارتۇقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ھاكىم بەگ» لىك ئۇنۋان بېرىدۇ ۋە دۆلەت بۇلىقىم دېگەن يەردىن 1000 مو يەرنى سۈيى بىلەن تارتۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوپال بازىرىدىكى بارلىق دۇكانلارنىمۇ ئابلا بەگ ئىختىيارىغا بېرىشنى بېكىتىدۇ (ئابلا بەگ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاكىسى سۇلايمان قارى تاكى 1936 ـ يىلىغىچە بۇ جايلارنى ئىجارىگە بېرىپ پايدىلىنىپ كالگەندى). شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئوپال رايونىنىڭ بېگى «ھاكىم بەگ» دەپ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى زامانلارغىچە، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق 11 بەگلىكنىڭ ئىچىدە ئوپالنىڭ بېگى ھاكىم بەگ، قالغانلىرىنىڭ بېگى مىراب بەگ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

(ئەسكەرتىش: 1935 ـ يىللىرى ئىسمايىل چوڭ يورۇق باش بۇ ۋەقەنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى)

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# پولات تاۋلاش ماھىرى تايىپ توغرىسىدا

## ئابدۇللا مامۇت

جىمسارنىڭ پولات تاۋلاش تارىخى ئۇزۇن ۋە خېلى داڭلىق بولۇپ، لياۋتاۋگۇ دېگەن جايدىن شىنندى يېزىسىدىكى يۇشۇۋوزى ۋە گەنگۇ ئەتراپلىرىغىچە بولغان جايلاردا كۆپلىگەن پولات تاۋلاش خارابىلىرىنى ۋە پولات تاۋلىغۇچىلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىزلىرىنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىدىن تايىپ (تايىۋاخۇن) نىڭ ئاتا - بوۋىلىرى شۇيشىگۇدا بولغان پولات تاۋلاش ئىشلىرىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى ئىدى. تايىپنىڭ ئاتىسى ئىبرىز ياڭ زېڭشىن دەۋرىگە كەلگەندە، ئەنە شۇ پولات تاۋلىغۇچى ئائىلىنىڭ 69 - ئەۋلادى بولۇپ قالغان. تايىپنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئەخمەت گۇاڭشۈي يىللىرىدىلا شۇيشىگۇدىكى 3 - پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى بولغان. ئۇ، كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغان، تېخنىكىدا پىشقان ئادەم بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «سىرىق



چاپانلىق باتۇر» دەپ تەرىپلەشكەن. ئەخمەتنىڭ ئىككى ئوغلى بولغان، چوڭ ئوغلى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، يوقىلىپ كەتكەن؛ كىچىك ئوغلى ئىبرىز ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ، 12 يېشىدا بىر باينىڭ باشقۇرۇشىدىكى پولات تاۋلاش زاۋۇتىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەن. 1916 - يىلى شۇيشىگۇنىڭ پولات تاۋلاش ئىشلىرى گۈللىنىپ، شەرق ۋە غەرب تەرەپلەردە ئىككى زاۋۇت قۇرۇلغان؛ بۇ زاۋۇتلارغا جەمئىي 32 تاۋلاش ئوچىقى سېلىنغان. ئىبرىز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى رېن ماۋلىن بۇ ئىككى زاۋۇتنىڭ تېخنىكى بولۇپ ئىشلىگەن. ئىبرىزنىڭ ئۈچ ئوغلى بولغان. تايىپ ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئەقىللىق چوڭ بولغان. ئۇ، 14 يېشىدىن باشلاپ ئاتىسىدىن قېتىرقىنىپ ھۈنەر ئۆگەنگەنلىكتىن، تېخنىكا جەھەتتە ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، باشقىلاردىن ئۆتۈپ كەتكەن. شۇڭا، كۆپچىلىك ئۇنى «شۇيشىگۇدىكى قابىل تېخنىك» دەپ ئاتىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامما ئارىسىدا بىرقەدەر يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولىدۇ. 1923 - يىلى ئىبرىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تايىپ دادىسىنىڭ ئىشىغا تا ئۇرۇش باشلىنىپ زاۋۇت ئىشتىن توختىغانغا قەدەر ۋارىسلىق قىلغان، كېيىن كەسپىنى ئۆزگەرتىپ كۆمۈر قېزىشقا كىرىشكەن.

1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، جۇڭگو - سوۋېت سودىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، چويۇن ناھايىتى قىس بولۇپ كەتكەن. مۇشۇنداق ئالاھىدە شارائىتتا، شۇيشىگۇنىڭ توختاپ قالغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان پولات تاۋلاش ئىشلىرى كوڭ چىڭۋۇ، باۋۋېيشىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قايتا جانلىنىشقا باشلىغان. ئۇلار زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تايىپنى

تېخنىك بولۇشقا تەكلىپ قىلغان؛ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 2500 جىڭ، 3000 جىڭ پولات ئىشلەپچىقىرىلغان. بۇ پولات ۋە تۆمۈرلەردىن كۆپلىگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياسىلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلغان، ئەينى ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت كۆنچى دەرياسىنىڭ قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 150 مىڭ جىڭ چۆيۈنگە ئېھتىياجلىق بولۇپ، شۈيشىڭگۇ پولات زاۋۇتى بىلەن توختام تۈزۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن شۈيشىڭگۇنىڭ پولات تاۋلاش كەسپى تېز تەرەققىي قىلىپ، تايۇپىڭنىڭ نامى كەڭ تارقالغان؛ بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈچ يىل توختاتماي داۋاملاشتۇرغان.

1947 - يىلىغا كەلگەندە، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئوتى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى لىڭشىپ قالغانلىقتىن، پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن شۈيشىڭگۇ زاۋۇتىمۇ ۋەيران بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان.

1948 - يىلى 5 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى تايۇپىڭنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇساتتىن بىر ئاپتوموبىل توختاپ، ئاپتوموبىلدىن بىر ئوفىتسېر ۋە تولۇق قوراللانغان يەتتە - سەككىز ئەسكەر چۈشكەن. ئۇلار يەكەن ناھىيىسىنىڭ سىغىزخان دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرىدىن بولۇپ، تايۇپىنى ئۆزلىرى قۇرۇۋاتقان پولات زاۋۇتىغا تېخنىك يېتەكچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ كەلگەن. تايۇپ ئۇلارغا راست گەپنى قىلىپ، باش ئاغرىتىدىغان مۇنداق ئەمگەكنى قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەمما ھېلىقى ئوفىتسېر تايۇپىڭنىڭ يۈز - خاتىرە قىلماي تەكلىپنى رەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئاچچىقلانغان،



ھەتتا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تايۇپقا قول سالماقچىمۇ بولغان. تايۇپىڭنىڭ ئاكىسى بىلەن ئۇكىسى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، تايۇپىڭنىڭ ئۆزىنىغا بېرىشقا دەرھال رازى بولغان. خەتەرلىك تالاش - تارتىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان.

1949 - يىلى ئازادلىق ئارمىيە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭدا تىنچ ئازاد بولۇشنىڭ تەييارلىقلىرى ئىشلىنىۋاتقاچقا، گومىنداڭ قىسىملىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى؛ گومىنداڭ قىسمىغا قاراشلىق يەكەندىكى پولات تاۋلاش زاۋۇتىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن تايۇپىڭنىڭ ئىنىسى ئىشسىز قالدى ۋە ئاخىر كارۋانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئاكىسى تېنى ئاجىزلاپ، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئاخىر جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

1950 - يىلىنىڭ بېشىدا جىمسارغا ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگەندە، تايۇپ بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، كومپارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ؛ ئامما تەرىپىدىن ناھىيىنىڭ 1 - قېتىملىق ھەر مىللەت - ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ۋەكىللىكىگە كۆرسىتىلىدۇ. شۇ پەيتتە، ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ قالدۇقى بولغان چىڭخۇڭباڭ گۇرۇھى① تايۇپقا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما، خۇيزۇ بوۋاي خۇاڭ

① چىڭخۇڭباڭ گۇرۇھى - ئازادلىقتىن ئىلگىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتكە قارشى قويۇپ قويغان، خەلق ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىشپىيونلار گۇرۇھى بولۇپ، ئازادلىق ھارپىسىدا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتكە جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى قولغا ئېلىنىپ باستۇرۇلغان.

جىنشىنىنىڭ ياردىمى بىلەن تايۇپ بۇ بالادىن قۇتۇلۇپ قىلىدۇ.

1951 - يىلى 6 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمى خۇاڭشەن پولات تاۋلاش زاۋۇتى قورغاندا، تايۇپ ۋە ئۇنىڭ جىيەنى روزى ئاخۇن تېخنىكلىققا تەكلىپ قىلىنىدۇ. كېيىن ھەربىي قىسىم باشقا يەرگە يۆتكەلگەنلىكتىن، بۇ زاۋۇت ئىشتىن توختايدۇ. تايۇپ جىيەنى بىلەن ئۆزىنىڭ يۇرتى شۇيشىگۇغا قايتىپ كېلىپ، كۆمۈر قېزىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

1954 - ۋە 1957 - يىللىرى بېيجىڭ يەر ئاستى كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى جىمسارغا كۆپ قېتىم كېلىپ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تەكشۈرگەندە، تايۇپ تومۇز ئىسسىققا، قەھرىتان سوغۇققا ۋە ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، ئىشەك مىنىپ ئۇلارغا يول باشلايدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇزۇن يىللىق قىممەتلىك تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، تەكشۈرۈش ئەترىتىگە چوڭ ياردەم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ.

1957 - يىلى 6 - ئايدا، تايۇپنىڭ ئۆيىگە بىر جىپ ماشىنىدا بىرنەچچە كىشى كېلىپ، تايۇپ بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تۇدۇڭخابا پولات زاۋۇتىدىن كەلگەنلىكىنى، زاۋۇتتا بىر قارار يەرلىك تاپانچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچماقچى بولغانلىقىنى، تايۇپنى ئاشۇ كۇرسنىڭ تېخنىكا يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ چاغلاردا تايۇپ ياشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدىنى ئاجىزلاپ كېسەل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، پارتىيە ۋە



ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكى ئۇنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ كۇرسقا ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پولات تاۋلاش ئۇسۇللىرى يەرلىك ئۇسۇلغا تامامەن ئوخشىشىپ كەتمىگەن (بەزى روشەن پەرقلەر بولغان)، بەزى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى كۇرسانتلار تولۇق قوبۇل قىلىپ كېتەلمىگەن. مۇشۇ سەۋەبلىك تايۇپ ئۆزىنىڭ بۇ كۇرسقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى كېيىن بىلگەن. تايۇپ كۇرسقا كەلگەندە، ئوقۇش باشلانغىنىغا بىر ئايدىن ئاشقان بولۇپ، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى دەسلەپ تايۇپنى ئانچە كۆزگە ئىلماي، ئۇنىڭ قانچىلىك ھۈنىرى بارلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولىدۇ. بىر كۈنى ئۇلار پولات تاۋلاش ئوچىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى شامال يولى ئېغىزىنى تايۇپقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرىكەتلىنىۋاتقان قانچە شامالدۇرغۇچ بار؟» دەپ سورايدۇ. تايۇپ شامال ئېغىزىغا قاراپ بېقىپ، دەرھال «ئىككى!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار كۆزگە ئىلمىغان بۇ جۇڭگولۇق ئىشچىغا ئۆز كۆڭلىدە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «سەن ھەقىقەتەن بىڭسىنىڭ (ھۈنىرىڭ) بار جۇڭگولۇق ئىكەنسەن» دەيدۇ. ئوقۇتۇش جەريانىدا، تايۇپ ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، رودىلارنىڭ ھەجمى ۋە رەڭگىگە قاراپ پولات تەركىبى ۋە مىقدارىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە رودا تاللاش، ماتېرىيال تەييارلاش، تاۋلاش ئوچىقى قۇراشتۇرۇش، ئوچاققا ئوت يېقىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى كۇرسانتلارغا بىر - بىرلەپ ئۆگىتىدۇ؛ ھەربىر

مەشغۇلات تۈرىنى ئاۋۋال ئۆزى سىناق قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ قارارلىق كۇرسقا قاتناشقان كۇرسانتلار بىر قەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا، كۆپلىگەن كۇرسانتلار ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكىدۇ.

ئۆزبېكىستان رىياپىتى ئۆتكۈزۈلگەندە سوۋېتلىك ئوقۇتقۇچىلار تاپۇپقا: «بىز ۋەتىنىمىزگە قايتماقچى بولىۋاتىمىز، بىز بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى سىزنى چوقۇم قىزغىن قارشى ئالىدۇ» دەيدۇ. تاپۇپ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ: «مەن جۇڭگولۇق، مەن ئۆز ۋەتىنىمنى سۆيىمەن. دۆلىتىمىز ھازىرچە سوۋېت ئىتتىپاقىدەك باي بولمىسىمۇ، لېكىن مەن پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ، يېقىن كەلگۈسىدە گۈزەل كېلەچەك يارىتالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ، 70 ئەۋلاد ياشىغان يۇرتى ــ جىمسار ناھىيىسىدىكى شۇيشىگۇغا يەنە بىر قېتىم قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ كانچىلىق ھاياتىنى قايتىدىن باشلايدۇ.

1958 ــ يىلى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش باشلىنىپ، پولات تاۋلاش قىزغىنلىقى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغاندا، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ شۇيشىگۇچە پولات تاۋلاش ئوچىقى 2000دىن كۆپرەككە يېتىدۇ. تاپۇپ يەنە ئالدىراش بولىدۇ ۋە يەرلىك ئۇسۇلدا پولات تاۋلاشنىڭ باش تېخنىكلىقىغا تەيىنلىنىدۇ؛ سانجى ئوبلاستلىق «ئىشچى ــ دېھقانلار»، «تيەنفىڭ» قاتارلىق ئۈچ پولات زاۋۇتىمۇ ئۇنى تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ



قىلىدۇ. ئۇ يەنە، بىر مەزگىل جىيەنى روزى بىلەن «خۇاگشەن» پولات زاۋۇتىدىمۇ تېخنىكا يېتەكچىلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. رەھبەرلىك ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر جىپ ماشىنا ئاجرىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ تاكى يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

1963 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 74 ياشقا كىرىپ قالغان تاپۇپ بەك چارچاپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن كېسەل بولۇپ قېلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ۋەتەننى ۋە يۇرتىنى قىزغىن سۆيگەن بۇ پولات تاۋلاش ماھىرى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ياخشى ئوغ ى بولۇشقا ۋە جىمسار دىيارىنىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرىدىن بولۇشقا مۇناسىپ.

(«جىمسار تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 4 ـ سانىدىن ئېلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇرېھىم مۇھەممەت.**

**جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# «100 نومۇرلۇق» ئورغاقنىڭ كەشپىياتچىسى ئابلىمىت

## ما يەنخۇڭ

«100 نومۇرلۇق» ئورغاقنىڭ كەشپىياتچىسى ئابلىمىت 1915 ـ يىلى قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىدە بىر كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ سەككىز ياش ۋاقتىدا دادىسى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. كىچىككىنە ئابلىمىت توققۇز يېشىدىن باشلاپ ئاپىسىدىن نان يېقىشنى ئۆگىنىپ، ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان. 14 يېشىدا (1929 ـ يىلى) ئاپىسىنىڭ تەلىپى بىلەن بىر قەدەر داڭلىق تۆمۈرچى ئابدۇرازاققا شاگىرتلىققا كىرىپ، كەتمەن سوقۇشنى ئۆگەن؛ تەلەپچان ئۇستازنىڭ يېتەكلىشى ئۇنىڭ كېيىنكى تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىگە پۇختا ئاساس سالغان، ئابلىمىت كەتمەن سوقۇشنى ئۆگىنىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ئۇ (19 يېشىدا) يەنە شۇ يەردىكى يەردىن چىققاندىن كېيىن



داڭلىق تۆمۈرچى ئابلىمىتنى ئۇستاز تۇتۇپ، بېگەن سوقۇشنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي ماھارىتى پۇختا، زېھنى ئۆتكۈر، ئۆگىنىشكە ماھىر، پۇت ـ قولى چاققان بولغاچقا، ئۇستازى ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى ئۆگەتكەن. ئۇ، تۆت يىل جەريانىدا تۆت ئۇستازغا شاگىرت بولۇپ، ھەر بىر ئۇستازدىن بىردىن ھۈنەر ئۆگەنگەن: مەسىلەن، جۇمەخۇن ئۇستىنىسىدىن پىچاق سوقۇشنى، خوجاخۇن ۋە باشقا ئۇستىلىرىدىن گۈرجەك، لاخشىگىر، ئورغاق قاتارلىقلارنى سوقۇشنى ئۆگەنگەن.

1938 ـ يىلى 23 ياشلىق ئابلىمىت ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ئەمما، ئۈرۈمچىدىكى كىشىلەر كەتمەن ئىشلىتىشنى ئانچە ياخشى كۆرمىگەچكە، ئۇ، چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئاچقان كوچىلىق ئىبزىز ۋە ئەمەتجان دېگەن ئىككى ئۇستىدىن يەنە ئورغاق سوقۇشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ، ئورغاق سوقۇشنى يېڭىساردا ئۆگەنگەن بولسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئورغىقى بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئورغىقى ئوخشىمايتتى. شۇڭا ئۇ، ئۈرۈمچىدە ئىككى يىل كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەش ئارقىلىق ئۆگەنگەن ھۈنىرىنى ئەسلىدىكى ئاساستا ئىسلاھ قىلىدۇ. نەتىجىدە ئورغاق سوقۇش ھۈنىرى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

1940 ـ يىلى ئابلىمىت سانجىغا كېلىپ، تاللىق (لىيۇ شۇ) كوچىسىدا ئولتۇراقلىشىدۇ ۋە غەربىي كوچىدا تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، بىر تەپچە ياردەمچى تېپىپ، ئاساسەن ئورغاق، كەتمەن قاتارلىقلارنى سوقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابلىمىتنىڭ تۆمۈرچىلىك تېخنىكىسى خېلى دەرىجىدە پىشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى

قوبۇل قىلغانلىقى، ئىشنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ۋە پۇختا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئورغاق سوققاندا پولات سوقۇش، سۇيىگە قاندۇرۇشنى دەل جايىدا قىلالايتتى. شۇڭا، ئابلىمىتنىڭ ئورغىقىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، شەكلى ياخشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىشلىتىشكە ناھايىتى ئەپلىك ئىدى. ئۇ ئورغاقنىڭ سېپىگە بوغداي باشىقىنىڭ تامغىسىنى ئويۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئورغىقى يىراق - يىراقلارغا داڭ چىقارغان بولغاچقا، ئۈرۈمچى، مىچۈەن، فۇكاڭ، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق جايلاردىكى ئىستېمالچىلار ئالاھىدە سانجىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئورغىقىنى سېتىۋالاتتى.

1955 - يىلى 10 - ئايدا ئابلىمىت تۆمۈرچى سانجى ناھىيىلىك تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپىغا كىردى. كوپېراتىپقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېخىمۇ داڭقى چىقتى. ئۇنىڭ سوققان ئورغىقى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئىستېمالچىلار ئۇنى تالىشىپ سېتىۋالدى. لېكىن ئۇ، بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، ھۈنەر تېخنىكىسىنى تېخىمۇ يېڭىلاپ، ئورغاقنىڭ سۈپىتىنى «100 نومۇر»غا يەتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ تىرىشىش نىشانىسى قىلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا قول بىلەن مەشغۇلات قىلغانلىقى، يەنە كېلىپ ئىشنى ناھايىتى ئەستايىدىل، ئىنچىكە قىلغانلىقى، ھەر كۈنلۈك ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلات سانى باشقىلارنىڭكىدىن ئازراق بولدى. كېيىن يەل بازغان، قوم چاق ئىشلىتىش ئوموملاشقاندىن كېيىنمۇ، ئورغاق بېسى سوققاندا ئۇ يەنىلا تۆمۈر ئەگەك ئىشلىتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، قوم چاق ئىشلەتمىگەچكە، ئۇ سوققان ئورغاقنىڭ بېسىنىڭ قېلىن - نېپىزلىكى تەكشى، بېسى ئاقۇش بولۇپ چىقىدۇ - دە، ئورغاقنىڭ بىر يېرى



قارا، بىر يېرى ئاق بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال قەتئىي كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئورغىقى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپى تەرىپىدىن ھەر يىلى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالىنىدۇ.

1964 - يىلى پۈتۈن سانجى ئوبلاستىدىكى سەككىز ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك سانائەت مەھسۇلاتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، ئابلىمىتنىڭ ئورغىقى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورغىقىغا رەسمىي ھالدا «100 نومۇرلۇق» دېگەن نام بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورغىقىنىڭ سېپىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بوغداي باشىقىنىڭ تامغىسى، ئوتتۇرىسىغا «100» دېگەن خاتىرە بەلگە ئويۇلىدۇ.

ئابلىمىت ئۇستام 1983 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنەر - تېخنىكىسى يوقىلىپ كەتمىدى. ئۇ ئىلگىرى شاگىرتلىققا ئالغان ساتتار رەجەپ، ئىزكەي قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئۆگەتكەن ھۈنەر - تېخنىكىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. بولۇپمۇ ئىزكەي ئابلىمىت ئۇستامنىڭ ئېسىل ئىستىلىنى ساقلاپ، ئىشنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئىنچىكە ئىشلىدى. شۇڭا، ئۇ سوققان ئورغىقىمۇ بوغداي باشىقىنىڭ تامغىسى ئويۇلۇپ، سۈپىتى ھەر يىلى بىرىنچىلىكنى ساقلاپ كەلمەكتە.

(«سانجى تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 3 - سانىدىن ئېلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: **جۈرئەت ئابلىمىت**

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات - قادىر ئاخۇن خەلپىتىم

ئادىل مۇھەممەت

قادىر ئاخۇن خەلپىتىم 1890 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق رايونىنىڭ چاقا يېزىسىدا تۇغۇلغان، 12 ياشقا كىرگەندە، دادىسى خۇدابەردى شاگىزۇڭ بىلەن مەككىگە كۆچۈپ بېرىپ، دادىسى ئاچقان گەزلىمە دۇكىنىدا دادىسىغا ياردەملەشكەچ، مەككىتىكى چوڭراق ئۆلىما بەختى ئىمام دېگەن كىشىدىن دىن ئىلىم ئۆگەنگەن، كىچىكىدىن ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، ئۆتكۈر پىكىرلىك بۇ ئۆسمۈر قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي ئۆلىمالاردىن بولۇپ چىققان. ئۇ، ئوچۇق ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىكى، كەمتەر ۋە جامائەت ئىشىغا ئاكتىپ ئارىلىشىشچانلىقى بىلەن مەكىت خەلقى ئارىسىدا تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات، ئىلغار پىكىرلىك جامائەت ئەربابى بولۇپ تونۇلغان.

قادىر ئاخۇن خەلپىتىم 1933 - يىلى شىنجاڭ بويىچە



مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، قەشقەردىكى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، زىرىپ قارى ھاجى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ تەسىرى بىلەن مەكىت ناھىيىسىدىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشقا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ ۋە زور كۈچ چىقىرىدۇ. 1935 - يىلدىن باشلاپ ئۇ، مەكىت خەلقى ئارىسىدىكى يۇقىرى ئابرويى بىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، بىخ ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرىدۇ. شۇ چاغلاردا ئۇيۇشما ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقان مالىيە مەسىلىسىنى ئۆزى باش بولۇپ ئىئانە توپلاش، ئۆشرە - زاكات يىغىش، ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمىنى توپلاش يولى بىلەن ھەل قىلىپ، ئۇيۇشما مالىيىسىگە پۇختا ئاساس سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىر قىسىم پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىش ۋە بۇرۇنقى دىنىي مەكتەپلەرنى پەننىي مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. 1934 - يىلى مەكىتتە ئابلا ئاخۇن خەلپىتىم ئاچقان يېڭى پەننىي مەكتەپمۇ، قادىر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قوللاپ ياردەم بېرىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

قادىر ئاخۇن خەلپىتىم 1936 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چاقىرغان ئۆلكىلىك قۇرۇلتايغا مەكىت خەلقى نامىدىن قاتنىشىپ، قۇرۇلتاي داۋامىدا يېڭى بىر مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى؛ ئۈرۈمچىدىكى تەرەققىياتلارنى، مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتىكى ئويغىنىشنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆردى؛ ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن ئۇچرىشىپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى؛

ئۇ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مەكىت ناھىيىسىدە مەدەنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى يېڭى بالداققا كۆتۈردى؛ جەمئىيەت كەيپىياتىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، پەن - مەدەنىيەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى. شۇڭا، ئۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىل (1935 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە ئىككى قېتىم ئۇيۇشما رەئىسى بولۇپ سايلانغان) مەكىت خەلقىنىڭ يادىدىن چىقمايدۇ. تەرەققىيپەرۋەر، مائارىپ سۆيەر بۇ زاتنىڭ نامىنى خەلق ھېلىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

قادىر ئاخۇن خەلپىتىم 1946 - 1947 - يىللىرى ناھىيىلىك سەيىخۇي (كېڭەش ھەيئىتى) نىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. بۇ چاغدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ، ئۆلكە بويىچە ناھىيە ھاكىملىرىنى دېموكراتىك ئاساستا سايلاش ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، بۇرھان ئەپەندى جەنۇبىي شىنجاڭدا «11 بىتىم» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن يەكەن ۋىلايىتىگە كەلگەن، مەكىت ناھىيىسىنىڭ سايلام ئەھۋالىنىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ، ئەڭ ئاۋۋال قادىر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە پاتىھە ئوقۇغىلى كىرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، مەكىتنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قادىر ئاخۇن خەلپىتىم مەكىتتىكى ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە، «11 بىتىم» نىڭ



مەزمۇنىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، مەكىت ناھىيىسىدە «11 بىتىم» نىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن زور كۈچ چىقاردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «11 بىتىم» نى بۇزغاندىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنى قولغا ئېلىش باشلانغاندا، مەكىتتىمۇ قادىر ئاخۇن خەلپىتىم باشلىق 27 نەپەر كىشى قولغا ئېلىندى. قادىر ئاخۇن خەلپىتىم 1948 - يىلدىن 1949 - يىلنىڭ باشلىرىغىچە مەكىتنىڭ «11 بىتىم» بويىچە سايلانغان ھاكىمى مۇھەممەدىن نىياز بىلەن بىللە يەكەن تۈرمىسىدە يېتىپ، 1949 - يىلنىڭ بېشىدا كاپالەت بىلەن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، داۋاملىق نازارەت ئاستىدا تۇردى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتقادىر ئاخۇن خەلپىتىمنى بىرلىكسەپ خىزمىتىگە قاتناشتۇردى؛ 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكىئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، يەر ئىسلاھاتى ھەيئىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزدى. ئۇ، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگە بېرىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئاندىن ئۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ئۇ، 1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، جەمئىيەت ئەزالىقىغا سايلاندى ۋە 56 - ، 59 - ، 62 - يىللاردىكى يىغىنلىرىغا قاتناشتى. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، قادىراخۇن خەلپىتىم «دىنىي مۇتەئەسسىپ، جىن - شاياتۇنلارنىڭ جارچىسى» دەپ قارىلىنىپ، رەسمى كۈرەش قىلىنغان ۋە مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە

قىلىنغانىدى. 1970 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۆيىگە قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ساھەسىگە قوشقان تۆھپىسى كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

(ئاپتورى: مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئى. ئەسقەرى**



# كەلپىن ئۆرۈكى

## سامساق ئىبراھىم

كەلپىن ئۆرۈكىنىڭ قەنت ماددىسى يۇقىرى، مەززىلىك، پىيشلىك بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا داڭقى بار.

كەلپىننىڭ ھاۋاسى ۋە تۇپرىقى قۇرغاق بولۇپ، ئۆرۈكلۈك باغ قىلىشقا ناھايىتى ماس كېلىدۇ. شۇڭا كەلپىن دېھقانلىرى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئولتۇراق ئۆي ئەتراپىنى باغۇ ـ بوستانلاشتۇرۇپ، قاقاس، خىلۋەت يۇرتنى مېۋە ماكانىغا ئايلاندۇرغان. ھەر بىر ئائىلە مېۋىلىك باغ قىلىشنى، بولۇپمۇ ئۆرۈكلۈك باغ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن پايدىلىنىشنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم بىر قىسمى قىلغان، شۇڭا، ئۆرۈكلۈك بېغى يوق بىرمۇ دېھقان ئائىلىسى يوق دېيەرلىك. ئېنىق بىلىشىمىزچە، 1949 ـ يىلغىچىلىك كەلپىندە 3840 مو مېۋىلىك باغ بولغان، بۇنىڭ 85 پىرسەنتى ئۆرۈكلۈك باغ بولغانىكەن.

كەلپىن دېھقانلىرى نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئۆرۈك

سورتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەڭ ياخشى، داڭلىق ئۆرۈك سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.
كەلپىن ئۆرۈكىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە باغۋەنلەر يېتىشتۈرگەن داڭلىق ئۆرۈك سورتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ۋە ئىلمىي باھالاشنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئازادلىقتىن بۇرۇنلا يېتىشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدا داڭ چىقارغان ئۆرۈك سورتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولغان:
خۇۋەينە ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈكىنىڭ گۈلىسى (قۇرۇتۇلغان قېقى) تەملىك، ئەتلىك، قەنت ماددىسى يۇقىرى بولۇپ، پىشقاندا مېۋىسىنىڭ (بىر تال ئۆرۈكىنىڭ) ئېغىرلىقى 6.
31 گرام، ئۇرۇقچىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ گرام، مېغىزى توق، تاتلىق، ئېغىرلىقى 0.8 گرام كېلىدۇ. بۇ كەلپىندە ئۇلاپ يېتىشتۈرۈلگەن، بىر نەچچە يۈز يىللىق تارىخى بار سورتلۇق ئۆرۈك ھېسابلىنىدۇ. خۇۋەينە ئۆرۈكىنىڭ خىللىرى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن ئەڭ ياخشىسى بالدۇر پىشىدىغان خۇۋەينە، كېيىن پىشىدىغان خۇۋەينە، قوشماق مېغىزلىك خۇۋەينە، ئۇزۇنچاق خۇۋەينە، قارا خۇۋەينە، قىزىل خۇۋەينە قاتارلىق خىللىرى بار. ھەممە خىللىرى گۆشلۈك، يېيىشلىك بولۇپ، ئىستېمال قىممىتى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.
مەرشۇ ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈك يېيىشلىك، سىڭىشلىك بولۇپ قاق قۇرۇتۇلسا، خوما ئىشلەنسە ئىقتىسادىي قىممىتى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. پىشقان ھۆل مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 6.27 گرام، ئۇرۇقچىسىنىڭ ئېغىرلىقى بەش گرام، مېغىزى تاتلىق بولۇپ، ئوتتۇرىچەئېغىرلىقى 0.9 گرامدىن ئاشىدۇ.



موللائاۋۇي ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈك يېيىشكە بەك مەززىلىك، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 16.4 گرام، مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى بىر گرام، ئۇرۇقچىسىنىڭ ئېغىرلىقى 2.32 گرام بولۇپ، قەنت تەركىبى يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ.
قاراغازاڭ ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈكىنىڭ قەنت ماددىسى يۇقىرى، يېيىشلىك، تەملىك، پىشقان مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 21.1 گرام، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر، ئۇرۇقچىسىنىڭ ئېغىرلىقى 1.86 گرام، مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى 0.75گرام كېلىدۇ. بۇ ئۆرۈك ھەر يىلى تۇراقلىق مېۋە بېرىدۇ. ئوتتۇرا ھال بىر تۈپ ئۆرۈكتىن ھەر يىلى 300 كىلوگرام ھۆل مېۋە ئالغىلى بولىدۇ. بۇ ئۆرۈكىنىڭ كېيىن پىشىدىغان يەنە بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە خۇسۇسىيەتلىرى ئالدىنقى قاراغازاڭ ئۆرۈك بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ.
قىزىلاڭ ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈكىنىڭ مېۋىسى تاتلىق، يېيىشلىك بولۇپ، كۆپ مېۋە بېرىدۇ. مېۋىسىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 18.35 گرام، مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى 0.55 گرام كېلىدۇ. بۇ ئۆرۈكىنىڭ بىرقانچە خىللىرى بولۇپ، خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسەن ئوخشايدۇ.
سېرىق ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈكىنىڭ مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى 21.85 گرام، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، تەملىك، ئۇرۇقچىسىنىڭ ھۆل ئېغىرلىقى 2.15 گرام (مېغىزى تاتلىق)، مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى 0.7 گرام كېلىدۇ. بۇ خىل ئۆرۈك گۈلە قۇرۇتۇش، خوما قىلىش، كونسېرۋا ئىشلەشكە بەك مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئاق ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈكنىڭ تەمى تاتلىق، مەززىلىك بولۇپ، ئېغىرلىقى 89 .27 گرام، ئۆرۈكچىسىنىڭ ئېغىرلىقى 6 .2 گرام، مېغىزى تاتلىق، ئېغىرلىقى 65. 0 گرام كېلىدۇ. بۇ ئۆرۈكنىڭ خىللىرى كۆپ بولۇپ، خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسەن ئوخشايدۇ.

گۆشلۈك ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈكنىڭ مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 51 گرام، تاتلىق، سۇپىتى ئەلا بولۇپ، خۇما قىلىش، كونسېرۋا ئىشلەشكە باپ كېلىدۇ. ھەر يىلى تولۇق مېۋە بېرىدۇ، بىر تۈپ ئۆرۈكتىن ھەر يىلى 400 كىلوگرام ھۆل مېۋە ئالغىلى بولىدۇ. ئۆرۈكچىسىنىڭ ھۆل ئېغىرلىقى 1. 4 گرام، مېغىزى تاتلىق، ھۆل ئېغىرلىقى 87. 0 گرام، قەنت ماددىسى يۇقىرى.

ياڭاق ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈك مەززىلىك، تەملىك، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 8. 0 سانتىمېتر، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 1. 22 گرام، ئۆرۈكچىسىنىڭ ئېغىرلىقى 5. 3 گرام، مېغىزى تاتلىق، ئېغىرلىقى 85. 0 گرام كېلىدۇ. شىرنە، مۇراببا ئىشلەشكە باب كېلىدۇ.

كۆكچى ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈكنىڭ مېۋىسى كىچىك، ئېتى يۇمشاق، شىرنىلىك بولۇپ، قەنت تەركىبى يۇقىرى، شىرنە، مۇراببا ئىشلەشكە باب كېلىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 3. 15 گرام، مېغىزى تاتلىق، ئېغىرلىقى 68. 0 گرام، ئۆرۈكچىسىنىڭ ئېغىرلىقى 35. 1 گرام كېلىدۇ.

لەش ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈكنىڭ مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 6. 12 گرام، شىرنىسى كۆپ، چۈچۈمەل تاتلىق، ئۆرۈكچىسىنىڭ ئېغىرلىقى 5. 1 گرام، ھۆل مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى 28. 0 گرام كېلىدۇ. بۇ ئۆرۈكنىڭ مېۋىسىنىڭ كۆرۈنۈشى ئانچە چىرايلىق ئەمەس.



كۇچا ئۆرۈكى: بۇ ئۆرۈك مېۋىسىنىڭ پوستى سېرىق، ئېتى ئاق، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 7. 0 سانتىمېتر، تامى تاتلىق، يېپىشلىك بولۇپ، ئوتتۇراھال بىر تۈپ ئۆرۈكتىن 150 ـ 200 كىلوگرام ھۆل مېۋە ئالغىلى بولىدۇ. گۈلە، خۇما ئىشلەشكە تازا باب كېلىدۇ. مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى84. 0 گرام، ئۆرۈكچىسىنىڭ ئېغىرلىقى 14. 2 گرام، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 3. 16 گرام كېلىدۇ.

ئاچچىق ئۆرۈك: بۇ ئۆرۈكنىڭ مېۋىسى كىچىك، پىشقان مېۋىسى تاتلىق (پىشمىغان غورىسى ئىنتايىن ئاچچىق)، شىرنىلىك، يېپىشلىك بولۇپ، مېغىزى ئاچچىق. بۇنىڭ مېغىزىدىن ياغ چىقىرىپ ئىستېمال قىلىشقا، ئۆچەي يوللىرى كېسەللىكلىرىگە دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ ئۆرۈك تاتلىق ئۆرۈككە ئۆزگەرتىلىپ، ناھايىتى ئاز ساندىكى باغلاردا قىسمەن ھالدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تارىخىي ئۇزۇن سورتلۇق ئۆرۈك: كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئەڭ يىراق تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان تېرەكئاۋات كەنتىدە، 160 يىلدىن ئاشقان بىر تۈپ كونا مەرشو ئۆرۈك بار. بۇ ئۆرۈكنىڭ ئېگىزلىكى 14 مېتر، غولىنىڭ ئېگىزلىكى3. 1 مېتر، غولىنىڭ ئايلانمىسى 3. 2 مېتر كېلىدۇ. بۇ ئۆرۈكنىڭ مېۋىسى يۇمىلاق، سېرىق، يالغۇز مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 8. 20 گرام، مېۋىسى تاتلىق، شىرنىلىك، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 9. 0 سانتىمېتر، ئۆرۈكچىسىنىڭ ئېغىرلىقى 55. 1 گرام، مېغىزى تاتلىق، مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى 5. 0 گرام كېلىدۇ.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئۆرۈك سورتلىرى نۇسخا تاللاپ، تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ

مۇقىملاشتۇرۇلغان ئىلمىي يەكۈندۇر. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسى ۋە تەجرىبىلىك باغۋەنلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىغا قارىغاندا، كەلپىن ئۆرۈكىنىڭ داڭلىق سورتلىرى كەلپىن باغۋەنلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن سورتلار ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ خىل سورتلۇق ئۆرۈكلەرنى يېتىشتۈرگەن باغۋەنلەرنى تونۇشتۇرۇش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما كەلپىندىكى بەزى ئۆرۈكلەرنىڭ نامىغا قاراپ، ئاشۇ نام بىلەن ئاتالغان ئۆرۈكنى ئاشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان باغۋەن ئەجىر سىڭدۈرۈپ يېتىشتۈرگەنلىكى ھەقىقەت دەپ قارىساق خاتا بولماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن، بارات ئۆرۈكى دەپ ئاتالغان بۇ خىل ئۆرۈكنىڭ تارىخىنى، بۇرچى پېزا يۇقىرى كەنتتىكى شېرىپ بارات بېغىدىكى 150 يىلدىن ئاشقان بىر تۈپ قاراغازاڭ ئۆرۈكىنىڭ سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى 150 يىلدىن بۇيان خېلى كۆپ باغۋەنلەر بۇ ئۆرۈكتىن نوتا ئېلىپ، ئۆز باغلىرىدا قارا غازاڭ ئۆرۈك سورتىنى يېتىشتۈرگەن. شۇڭا، كۆپ كىشىلەر بۇ خىل سورتنى «بارات ئۆرۈكى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. يەنە چەمەنلە ئۆرۈكى، سەيپۇلا ئۆرۈكى، جىنەستە ئۆرۈكى، مايسەم ئۆرۈكى دەپ ئاتالغان ئۆرۈكلەرمۇ بولۇپ، بۇ نامدىكى ئۆرۈكلەرنى ئاشۇ باغ ئىگىلىرىنىڭ باغلىرىدىن نوتا ئېلىپ، ئۇلاپ كېڭەيتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

يەنە بەزى سورتلۇق ئۆرۈكلەر توغرىسىدا، خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن رىۋايەتلەرمۇ بار. ئۇنىڭدا كەلپىندىن ھەج قىلىش، ئوقۇش ۋە تىجارەت قىلىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلەر بىلەن چەت ئەلگە چىققانلار سەئۇدى ئەرەبىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلاردىكى ياخشى



ئۆرۈك سورتلىرىنىڭ ئۇرۇقچىسىنى ئېلىپ كېلىپ، كەلپىندە تىكىپ ئۆستۈرۈپ يېتىشتۈرگەن دېيىلىدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن، كەلپىن باغۋەنلىرى نەچچە ئەسىردىن بۇيان باغۋەنچىلىككە كۆپ ئەجىر قىلىپ، بۈگۈنكىدەك داڭلىق ئۆرۈك سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، بۈگۈنكى باغۋەنچىلىكىمىزگە ئاساس سالغان. ھەتتا ئازاد بولغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، كەلپىن ئۆرۈكىنىڭ سورتىغا تېخى يېڭىدىن بىرەر سورت كىرىپ ئۆزلەشكىنى يوق. پەقەت ئەجداتلىرىمىز يارىتىپ بەرگەن ئاشۇ داڭدار سورتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆرۈكلۈك باغنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخى بىرقانچە يىلدىن بۇيان چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، كەلپىن ئۆرۈكى دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە مېۋە - چېۋە يېمەكلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. قىسمەن دېھقانلار ئۆرۈكتىن قاق قۇرۇتۇپ، سىرتقى ناھىيىلەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، ئاشلىق، پاختىلارغا ئالماشتۇرۇپ كېلىپ تۇرمۇشقا ئىشلىتەتتى. ياخشى قۇرۇتۇلغان بىر چارەك ئۆرۈك قېقىنى بىر چارەك بۇغداي كېلەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن باغۋەنچىلىكنى بولۇپمۇ ئۆرۈكلۈك باغنى كېڭەيتىش ئىشى جىددىي تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى 3840 مو باغ ئورنى 1992 - يىلىغا كەلگەندە 9500 موغا كېڭەيدى، مۇشۇ يىلقى ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4546 توننا بولۇپ، قىممىتى 4 مىليون 900 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. كەلپىندەك نامرات ناھىيە خەلقى ئۈچۈن مۇھىم ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان ئۆرۈكچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەنلىكتىن، دېھقانلار ئۆرۈكلۈك باغنى ياخشى باشقۇرۇپ

ۋە ئۇنىڭدىن يىلمۇ - يىل ياخشى ھوسۇل ئېلىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

(ئاپتورى: كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزا ئۈستۈن قاشئېرىق كەنت 7 - مەھەللىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# قاراقاشتىكى «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» نىڭ تارىخى ھەققىدە

## جاپپار رەھىمى

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدا نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە «ئېگىز ئېرىق غوجىلار»، «سەئىد ئەۋلادى»، «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام نەسەبىدىن» دەپ ئاتالغان بىر يەرلىك فېئوداللار تەبىقىسى تاكى ئازادلىققا قەدەر ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن.

«ئېگىز ئېرىق غوجىلار» ئاساسەن زاۋا يېزىسىدىكى ئېگىز ئېرىق، شاخلىق، يارېيشى ۋە ئاقساراي يېزىسىدىكى تاقى ئالدى قاتارلىق تۆت كەنتتە ئولتۇراقلاشقان؛ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نامى «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» ياكى «شاخلىق غوجىلار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ يەرلىك ئىمتىيازى كۈچلۈك، بايلىقلىرى ھېسابسىز بولۇپ، ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر، يايلاق، دەڭ - ساراي ۋە ئىشلەمچىلىرى بولغان. جۈملىدىن «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» نىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى مەمتىلىخاننىڭ زاۋا -

ياربېشىدا 4000 مو، ياۋا يېزىسىدا 1000 مو (ھازىرقى «مىڭ مو كەنت» دېگەن نام شۇنىڭدىن قالغان)، جاھانباغ يېزىسىنىڭ داراسكال كەنتىدە 800 مو (شاللىق)، ئاراگۇم، غازلىق دېگەن يەرلەردە 400 مو، بوستانتوغراقتا 600 مو يېرى بولغان؛ دۇۋا، مېتىز، پوشىشى تاغلىرىدىكى يايلاقلاردا 22 مىڭدىن ئارتۇق قويى يايلىغاندىن باشقا، قاراڭغۇ تاغ ۋە كىرىيە تاغلىرىدا 3000 دىن ئارتۇق قويى، 1000 غا يېقىن قوتىزىمۇ بولغان؛ ئەگرىساي، پوپۇنا، پۇكا، پىيالما قاتارلىق جايلاردىمۇ خېلى كۆپ يايلاق ۋە تېرىلغۇ يەرلىرى بولغان.

مەمتىلىخان غوجىنىڭ خوتەن شەھىرى ئىچىدىكى زاۋاكوتىرەم دېگەن يەردە (ھازىرقى بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئورنىدا) ئوندىن ئارتۇق ھەشەمەتلىك دەڭ - سارايلىرى بار ئىدى. بۇ سارايلاردا خوتەنگە كەلگەن تىجارەتچى - سودىگەرلەر، بايلار، ساياھەتچىلەر قونۇپ ئۆتەتتى. دەڭ - سارايلارنىڭ مەخسۇس مۇلازىملىرى، كۈتكۈچىلىرى، ئاشخانىلىرى بولۇپ، مۇلازىملار دەڭ - سارايدىن كىرگەن كىرىمنى غوجىنىڭ خەزىنىسىگە ئۆتكۈزەتتى. خەزىنە باشقۇرغۇچى ماڭسۇر ئاخۇن ھەممە كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ھېساباتچىلارنى باشقۇرۇپ، خەزىنە تولدۇرۇش كويىدا كېچە - كۈندۈز چېپىپ يۈرەتتى. شۇنچە كۆپ يەر - جاي، چارۋا - مال ۋە خەزىنىگە ئىگە غوجىلار، ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرگە ئۆز تەۋەلىكىدىكى دېھقانلارنى ئىشلىتەتتى. ئۇلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ، ھۆكۈمەت بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى. ھەر قېتىملىق ھۆكۈمەت سايلىمىدا، غوجىلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن غوجىلاردىن بىر كىشى



ھاكىمىيەت تەركىبىگە كىرگۈزۈلەتتى. مەسىلەن، 1935 - يىلى مەمتىلىخان غوجا بىر مەزگىل بەگ بولغاندا، غوجىلارنىڭ يەرلىك ھوقۇقىنى بىمالال يۈرگۈزۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. غوجىلارنىڭ يەرلىرىگە ئاقىدىغان سۇ «تەرەت سۈيى» دەپ ئاتىلىپ، سۇ قىس ۋاقىتلىرىدىمۇ بۇ سۇ توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. ئەمما، دېھقانلار ئازغىنا كۆكتاتلىقىنى دىنىي تۈس ئالغان بۇ «تەرەت سۈيى» دىن ئېچىپ سۇغۇرۇشقا ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايتتى. «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» شۇنچە كۆپ يەر، چارۋا قاتارلىق بايلىقلاردىن پايدىلىنىشتا، ئۆزلىرىگە چەكسىز سادىق ئاقساقاللىرىغا تايىناتتى. مەسىلەن، خەزىنە ئاقساقىلى ماڭسۇر ئاخۇن، دېھقانچىلىق ئاقساقىلى ھاشىم ئاخۇن، سەيلا - ساياھەت، مېھماندارچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان (غوجىلار قۇش قارچۇغا بىلەن ئوۋغا چىققاندا، ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭىدىغان) ئاقساقىلى تۇرسۇن ئاخۇن ئىدى. ھەممە ئاقساقاللارنى باشقۇرىدىغان چوڭ ئاقساقال روزى كۆز ئىدى. ئۇ، ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرغاندىن تاشقىرى، غوجىلارنىڭ مۇھىم ئالاقە تاپشۇرمىلىرىنى ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈش، ھۆكۈمەتتىن سورايدىغان ئىشلارنى سوراپ جاۋاب ئېلىپ كېلىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ بېجىرەتتى. ئۇ، غوجىلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولغاچقا، غوجىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىت ئىش قىلغان، غوجىلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلغان ئادەملەرنى تىڭ - تىڭلاپ، غوجىلاغا دوكلات قىلىپ تۇراتتى. ھەر بىر ئاقساقالنىڭ بىردىن كاتىپى بولۇپ، ھەر بىر كاتىپقا 10 مو، ھەر بىر ئاقساقالغا 20 مو ئەتراپىدا يەر بېرىلەتتى. ئاقساقاللار جاي - جايلاردىن غوجىلارغا ئەۋەتىلگەن ھەر خىل

سوۋغا ـ سالام، پارا ـ زەللىلەردىن چوتنا ئايرىپ، چوتنىكىنى تولدۇراتتى. غوجىلار ئۆز خەزىنىسىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش، قاشتېشى قاتارلىق قىممەت باھالىق بايلىقلارنى كۆپەيتىشكە مەخسۇس بىر ئاقساقال تۇرغۇزاتتى. ئۇ، ھەر قېتىمدا 20 ـ 30 كالا ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى قوناقتا ئالماشتۇرۇپ، قوناقنى ئۇلۇغئاتا دېگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپ ئالتۇن، قاشتېشىغا ئالماشتۇراتتى. غوجىلار بۇنىڭدىن باشقا، مەخسۇس شېكەر قونىقى شىرنىسى، ئۈزۈم شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇنى نەچچە پاتمان تۇلۇمغا قاچىلاپ، ئات ـ تۆگىلەرگە ئارتىپ، شىمالىي شىنجاڭغا ئاپىرىپ سېتىپ، خەزىنىسىنى تولدۇراتتى.

غوجىلارنىڭ يەرلىرىدە ئىشلەيدىغانلار پۈتۈن دېھقان، يېرىم دېھقان، ئورتاقچى، ئىجارىكەش، يىللىقچى دەپ بەش خىلغا بۆلۈنەتتى. پۈتۈن دېھقان يىل بويى ئىشلەيتتى، ئىش ھەققى ئۈچۈن ئون مودىن 15 موغىچە يەر تېرىپ يېيىشكە بېرىلەتتى؛ يېرىم دېھقان ئالتە ئاي ئىشلەيتتى، ئۇلارغا ئالتە مو يەر بېرىلەتتى؛ ئورتاقچى دېھقان قانچىلىك يەر ئالسا شۇنچىلىك يەر بېرىلەتتى، چىققان ھوسۇلىنى تەڭ بۆلۈشەتتى؛ ئىجارىكەش دېھقانلار قانچە مو يەرنى قانچىلىك ئاشلىققا ۋەدىلىشىپ ئالغان بولسا، شۇنچىلىك ئاشلىقنى تولۇق تاپشۇرۇش توختام قىلىناتتى؛ ئۇلار پايدا ئالسىمۇ، زىيان تارتسىمۇ ئۆزىگە ھېساب بولاتتى؛ لېكىن، ئالۋاڭ ـ ياساق، سۇ پۇلى دېگەنلەرنى غوجىلار ئۆزى تۆلەيتتى.



غوجىلار دېھقانلارنى شۈكرىگە دالالەت قىلىش ئۈچۈن: «ئاللاتائالا بىزنىڭ زوۋۇلىمىزنى چوڭ ئۈزگەن، بىز ئاسماندىن ئالتۇن بۆشۈكتە چۈشكەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن نادان دېھقانلارنى ئالدايتتى.

غوجىلارنىڭ ئەيشى ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا، كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرى ئاساسەن ئىككى خىل ئىدى. بىر خىلى، دىنىي تۈس ئالغان زىكرى ـ سۆھبەت بولۇپ، بۇنىڭدا ھۆكمەت ئوقۇش، ساپايە چېلىپ ئۇسسۇل ئويناش ۋە ئاللاغا تېۋىنىش بىلەن سورۇننى قىزىتاتتى؛ ئاخىرىدا داستىخان تارتىلىپ شورپا، پولۇ، ھالۋىلار بىلەن زىياپەت بېرىلەتتى. يەنە بىر خىلى، ئاتاقلىق سازەندىلەر ۋە داستانچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا»، «يۈسۈپ ئەخمەت» قاتارلىق داستانلارنى ئوقۇش، مۇقام چالدۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قىلاتتى. بۇنىڭدا بەزىلەر قىمار ئويناش، نەشە چېكىش بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. غوجىلار قىش كۈنلىرى ئوغلاق تارتىشىش، ئوۋغا چىقىش ئىشلىرى بىلەنمۇ كۆڭۈل ئاچاتتى.

غوجىلار ئۆزلىرىنى «بىز پەيغەمبەر ئەۋلادى»، «سەئىد ئەۋلادى»، «ئەجدادىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەيمىز» دەپ يەرلىك دېھقانلار بىلەن تويلاشمايتتى. مۇبادا غوجىلارنىڭ

ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا دېھقانلار بىلەن نىكاھلىنىپ قالغانلار بولۇپ قالسا، ئۇنداقلارنىڭ ئىناۋىتى بولمايتتى ياكى ئۇنداقلار غوجىلارنىڭ ئىچىدىن سىقىپ چىقىرىلاتتى. غوجىلار ئاساسەن ئۆز ئەۋلادلىرى بىلەن توپلاشقاندىن باشقا، گۆرۈ - غوجىلار بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتاتتى.

## «ئېگىزئېرىق غوجىلار» نىڭ يەر ئىگىلىشى

ېگىزئېرىق غوجىلار» ئاپئاق غوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) دەۋرىدە سوپى - ئىشانلىق يولى بىلەن ئىمتىياز تىكلەپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە قارانقان بولسا، مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتتىن نۇرغۇن يەر، مال - مۈلۈككە ۋە زور ئىقتىسادىي ئىمتىيازغا ئىگە بولىۋالغان. ئىلگىرى ئۇلارغا سوپى بولغان مىڭلىغان ئېتىقادچىلار كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، يىل بويى ئۇلارنىڭ ئېتىزلىرىدا ئىشلەيدىغان بولغان. غوجىلار بۇنداق ئىمتىيازغا قانداق ئىگە بولغان؟

ئەسلىدە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يەكەندىكى خان ئامبىلى قاراقاشتىكى «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» نىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «خان» دېگەن سۆپەت قوشۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ چاغدىكى غوجىلارنىڭ ۋەكىلى تارىخاننى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن. يەرلىك



ئەمەلدارلار خان ئامبالنىڭ تارىخاننى نېمە مۇددا بىلەن چاقىرتقانلىقىنى بىلمەي، پەرماننى جىددىي بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ، بېشىغا مىس لېگەننى قىزىتىپ يېقىپ، مىڭ بىر ئازابتا يەكەن خانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغان. يەكەن خان ئامبىلى تارىخاننىڭ رىيازەت چەككەنلىكىدىن ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالغان. ئاندىن ئۇنىڭدىن: «سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى نېمە ئۈچۈن تارىخان دەيدۇ؟» دەپ سورىغان. مەلۇم بولۇشىچە، خان ئامبالنىڭ تارىخاننى چاقىرتىپ كېلىشتىكى مەقسىتىمۇ دەل مۇشۇ «خان» نىڭ ئۆزىدىن خانلىق تالىشىدىغان - تالاشمايدىغانلىقى جەھەتتىكى گۇماننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىش ئىكەن. تارىخان ناھايىتى قۇۋ ۋە زېرەك ئادەم بولغاچقا، خان ئامبالنىڭ سوئاللىرىغا دۇدۇقلىماي جاۋاب بېرىپ: «بىز دېھقان خەق، يەر تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىمىز. شۇڭا، بىزنىڭ ئىسمىمىزنىڭ ئاخىرىغا ‹دېھقان› دېگەن سۆزدىكى ‹خان› قوشۇلۇپ كەلگەن» دېگەن. خان ئامبال ئۇنىڭ سۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ: «خوش، رىيازەت چېكىپسىز. نېمە تەلەپ - ئارزۇلىرىڭىز بار؟» دەپ سورىغاندا، تارىخان: «ھېچقانداق چوڭ تەلىپىممۇ يوق، پەقەت بىر كالا تېرىسى چوڭلۇقتا يەرگە مۆھۈرلۈك خەت قىلىپ بەرسىڭىز، شۇ يەرنى تېرىپ يەپ جان باقسام» دېگەن. خان ئامبال ئۇنىڭ دېگىنىدەك مۆھۈرلۈك خەت قىلىپ بېرىپ، ئۇنى قوغداپ قاراقاشقا يەتكۈزۈپ قويۇشقا پەرمان چۈشۈرگەن. تارىخان قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ئۆسكەن. ئاندىن ئۇ، بىر كالا تېرىسىنى ئىنچىكە تىلىپ ئۇزۇن رەيتاسما قىلىپ، بۇ

تاسمىنى شىمالدىن جەنۇبقا، شەرقتىن غەربكە تارتىپ نەچچە مىڭ مو يەرگە ئىگە بولىشۇالغان. كېيىن يەنە، زاۋىدىن تارتىپ پىيالما، دۇۋا، فۇقۇنا، خوتەن ياۋا قاتارلىق جايلارغىچە بىرمۇنچە تاغ ـ يايلاق ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىمۇ ئىگىلىۋالغان. دېمەك، «ئېگىزئېرىق غوجىلار» نىڭ زاۋىدىن خوتەنگىچە بولغان جايلاردىكى نەچچە مىڭ مو يەرلىرى، نەچچە يۈزلىگەن دەڭ ـ سارايلىرى، نەچچە مىڭ تۇياق چارۋىلىرى شۇ چاغدىن باشلاپ روناق تېپىپ كۆپەيگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يەرلىك ئىمتىيازىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» غا بولغان ساددا ھۆرمەت ـ ئېتىقادى بارغانسېرى ئېشىپ بارغان.

## «ئېگىزئېرىق غوجىلار» نىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى

1) «ئېگىزئېرىق غوجىلار» نىڭ ئاقسارايى يېزىسىدا «غوجا خەلپىلىرىم» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئۇرۇقداش تارمىقى بولۇپ، ئۇلار نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا موللا، ئۆلىما، ئىشانلار كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلار «خەلپىلىرىم» دەپ ئاتالغان. «ئېگىزئېرىق غوجىلار» نىڭ يەر ۋە مال دۇنياسى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا موللا كىشىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇلار «ئېگىزئېرىق غوجىلار» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

ئەڭ دەسلەپ مەۋلانە خەلپەم دېگەن كىشى چىڭگىزخان ئىستىلاسى ۋاقتىدا بەلختىن قېچىپ كېلىپ، گويا يېزىسىنىڭ دەرۋىش كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان. مەۋلانە خەلپەمنىڭ سوپى ـ تالىپلىرى دەرۋىشتىكى يەرلىك خەلقلەر بىلەن سۇ تالىشىپ قېلىش ماجراسىدا يەرلىك كىشىلەر مەۋلانە خەلپەمنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋەتكەن. مەۋلانە خەلپەمنىڭ بىر قىزى خەزىنە ئاچقۇچىنى، بىر ئوغلى قۇرئان ۋە باشقا كىتابلارنى كۆتۈرۈپ قېچىپ چىققان. شۇ چاغدا مەۋلانە خەلپەم ئاچقۇچ كۆتۈرۈپ چىققان قىزىغا: «ساڭا ئاللا دۇنيا ئاتا قىلغاي» دەپ دۇئا قىلغان؛ قۇرئان ـ كىتابلارنى كۆتۈرۈپ چىققان ئوغلىغا: «ساڭا ئاللا ئىمان ۋە ئىلىم ئاتا قىلغاي» دەپ دۇئا قىلغانىكەن. شۇڭا، قىز تەرەپ نەسەبى يەنى «ئېگىزئېرىق غوجىلار» مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان، ئوغۇل تەرەپ نەسەبى يەنى ئاقسارايى خەلپىلەر ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىپ، موللا ـ ئۆلىمالاردىن بولغان. بۇ رىۋايەت ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن. ①

2) «ئېگىزئېرىق غوجىلار» ئۆز نەسەبىدىن بولمىغان يەرلىك خەلقلەر بىلەن نىكاھلانمىغىنى بىلەن ئۆز نەسەبىدىن بولمىسىمۇ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بىلەن نىكاھلىناتتى. مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئاتچويدىكى غوجىلاردىن ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ قىزى «ئېرگىزئېرىق غوجىلار» دىن مۇھەممەت توختىخان بىلەن نىكاھلانغان. كېيىن ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇراخمانخان مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ تەييارلىقىنى ئۇچۇن غوجىلارنىڭ كالا ـ قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەن. غوجىلار: «ماللارنىڭ يېرىمىنى قويۇپ كەتسەڭلار» دېگەندە، ئۇلار ئۇنىمای ھەممىنى ھەيدەپ

① مەن بۇ ماتېرىيالنى 1992 ـ يىلى «ئېگىزئېرىق غوجىلار» نىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان يەھياخان ھاجىدىن ئىگىلىگەن، بۇ كىشى شۇ يىلى ۋاپات بولغان.

ماڭغان. نەتىجىدە ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولغان. غوجا تەرەپتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قىچىپ جېنىنى قۇتقۇزغان بولسىمۇ، ئابدۇراخمان غوجىنىڭ سىڭلىسىنى ئۆز نىكاھىدا ساقلاۋاتقان مۇھەممەت توختىخان: «مەن ئۇلارغا كۆيئوغۇل بولغاندىكىن ماڭا چىقىلمايدىغۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆيىدە خاتىرجەم تۇرۇۋەرگەن. لېكىن، ئابدۇراخمانخان ئەۋەتكەن ئادەملەر دەر غەزەپ بولۇپ، مۇھەممەت توختىخاننىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى چالا بوغۇزلاپ تاشلاپ كەتكەن. مۇھەممەت توختىخان داۋالاش ئارقىلىق ساقايغان بولسىمۇ، ئاتچويدىكى غوجىلار ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ ھايات يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى تولۇق بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگۈزگەن. مۇھەممەت توختىخاننى بوغۇزلىغان پىل سۆڭىكى دەستىلىك پىچاقنى «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» دىن ئۆمەرخان ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ساقلاپ كەلگەن.①

3) «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» دىن زىكرىيا ئىشان ئۇھەممەت ئەلى گۆك غوجىنىڭ قىزى سامساق خېنىمنى نىكاھىغا ئالغان. ئۇ، بىرنەچچە قىز - ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» نىڭ يەكەندىكى تۇغقانلىرىدىن بىرى سامساق خېنىمنى رازى خېنىم ئىسىملىك خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە نىكاھلاپ ئالغان. شۇ ۋەقەدىن تۇقۇلغان تۆۋەندىكى قوشاق مۇشۇ ئىشنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە خەلق ئېغىزىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە:

① 1992 - يىلى 7 - ئايدا مەن قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشكە بارغاندا، يولداش جاپپار رەھىمى بۇ پىچاق بىلەن غوجىلارنىڭ نەسەبنامىسىنى ماڭا كۆرسەتكەنىدى. - مۇھەررىردىن.



ئاق بوز ئاتنى داڭلايسەن،
قارا بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.
سامساقخاننى داڭلايسەن،
رازىخانغا يەتمەيدۇ.

دېمەك، «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» نىڭ ئۇرۇق - پۇشتلىرى ئۇلارنىڭ يەكەندىكى تۇغقانلىرى، خوتەن ئاتچويدىكى غوجىلار ۋە قاراقاشنىڭ تىۋەت يېزىسى تەۋەسىدىكى گۆك - غوجىلارغىچە چېتىلىدۇ.

## «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» بىلەن ئاتچويدىكى غوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

«ئېگىز ئېرىق غوجىلار» بىلەن گۆك - غوجىلارنىڭ قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتىلا بولۇپ قالماي، ئۇلار ئەسلىدىنلا پىكىر ۋە كۆزقاراش جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ھۆكۈمەتنى قوللايتتى، ھۆكۈمەتمۇ ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئىشلىرىغا يول قوياتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن، بۇ ئىككى گۇرۇھ غوجىلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يوق ئىدى. كېيىنچە، «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» بىلەن ئاتچويدىكى گۆك غوجىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر زىددىيەت پەيدا بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى بارا - بارا دوست - دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە بېرىپ يەتكەن. چۈنكى، «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» ئۆزلىرىنىڭ يەر ۋە مال - دۇنيالىرىنىلا قوغدايتتى، قانداق ھۆكۈمەت بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە چېقىلمىسىلا شۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھىمايىسىدە ئۆز ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىشنى، «سەئىد ئەۋلادى» دېگەن نامنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقنى ئارزۇ قىلاتتى؛ مەيلى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋانلىقى بولسۇن، مەيلى سىرتنىڭ تاجاۋۇزى بولسۇن ھەممىسىگە مېھماندارچىلىق، مۇرەسسەچىلىك ۋە سوۋغا - سالام بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلايتتى. ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى بولسا، ئۆزىنىڭ ئەلەملىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغىمۇ قارشى تۇراتتى. ئۇ، «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىمۇ ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، غوجىلارنىڭ مال - دۇنياسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغانىدى.

بۇ ئىككى مۇددا ئىككى تەرەپنى قاتتىق ئۆچمەنلىك گىردابىغا ئېلىپ باردى. ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىي كۈچنى ئۇلغايتىش مەقسىتىدە، 1860 - يىلى «ئېگىز ئېرىق غوجىلار»دىن تارىخاننى ئۆزىنىڭ خوتەن گازۇندىكى ئۆيىگە خۇپىيانە تەكلىپ قىلىدۇ. تارىخان ئۆزىنىڭ يېقىن سىردىشى پەتتار خەلپەمنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. لېكىن، مۇپتى ھاجىنىڭ مۇلازىملىرى تارىخاننى كىرىشكە رۇخسەت قىلىپ، پەتتار خەلپەمنى كىرگۈزمەيدۇ. تارىخان: «بۇ كىشى مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم، بۇ كىشى كىرمىسە مەنمۇ كىرمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلار نائىلاج ھەر ئىككىيلەننى كىرگۈزگەندىن كېيىن ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى تارىخان بىلەن سۆھبەتلىشىش



جەريانىدا، ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىقى ھەققىدە كۆپ مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. ئاخىرىدا: «بىز خوتەندە قوزغىلاڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولدۇق، سىلەر قاراقاشنى پەتھە قىلىڭلار، بىز خوتەننى پەتھە قىلىمىز. ئايىتاق بازىرى ئۇدۇلىدىكى دەريا بويىدا غەلىبىلىك ئۇچرىشايلى» دەيدۇ. تارىخان ئۆز بايلىقلىرىنى ۋە ئىمتىيازىنى قوغداشنىڭ كويىدا، بۇ پىكىرلەرگە كۆڭلىدە قىلچە قوشۇلمىسىمۇ، ئاغزىدا «ھە» دەپ قويۇپ قايتىدۇ. تارىخان قاراقاشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئورنىغا قېچىش تەييارلىقىنى قىلىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلىرىنى ۋە جانىجان بۇرادىرى پەتتار خەلپەمنى ئېلىپ يەكەنگە قاچىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى قاتتىق غەزەپلىنىپ، تارىخان بىلەن پەتتار خەلپەمنى تۇتۇشقا 300 ئاتلىق ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلار تارىخاننى تۇتالمىغان بولسىمۇ، پەتتار خەلپەمنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى رەھىم باقىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئەمما، ئۇنى ئېلىپ كەتمەيدۇ. تارىخان يەكەنگە بېرىپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياقۇپ بەگ ئەۋەتكەن ئادەملەر «ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ مەسۇمخان، سۇلدۇرخان ئىسىملىك ئىككى ئوغلىغا تون كىيگۈزۈپ، ھاجىمدىن دۇئا ئالغىلى كەلدۇق» دېگەن ساختا نام بىلەن ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنى گازۇندىكى ئوردىسىدا ئۆلتۈرىدۇ. ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا ئالدانغانلىقىنى بىلگەن خەلق مۇنداق قوشاق توقۇغان:

مۇسۇمخان دېگەن ئەخمەق،
بېلىدە كۆمۈش چاقماق.

بۇ جاھاندا بارمىكىن،
چار چاپانغا شە ساتماق.

بۇنى ئاڭلىغان تارىخان يەكەندىن قاراقاشقا خاتىرجەم قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

## «ئىگىزئىرىق غوجىلار»نىڭ ئىسلام قوزغىلىڭىغا قاتنىشىشى

1933 - يىلى قاراقاشتا پارتلىغان مۇھەممەت ئىمىن دامولla باشچىلىقىدىكى ئىسلام قوزغىلىڭىدا «ئىگىزئىرىق غوجىلار» سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئاكتىپ رول ئوينىغان. ھېچقانداق سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئارىلاشماي، ئۆزىنى ئاياپ كەلگەن غوجىلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىسلام قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، قوزغىلاڭ چىقىملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز خەزىنىسىدىن چىقارغان؛ ئۇلاردىن ئاسلىخان ھاجى مۇئاۋىن قوماندانلىققا تەيىنلەنگەن، ئەسكەر باشلىقى بولغان تۇرسۇنباقىخان ۋە يۇسۇپخانلار يېڭىسارىدىكى ما خۇسەن قوشۇنلىرى بىلەن بولغان سوقۇشتا ئۆلگەن. 1934 - يىلى 6 - ئايدا ئىسلام قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئامىنىخان ھاجى ھەرەمگە كېتىپ شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئوغلى مەتتۇردىخان ھاجى ھازىر تۈركىيىدە ھايات بار.



## ئەبەيدۇللاخان غوجىنىڭ ما خۇسەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشى

1934 - يىلى 6 - ئايدا ئىسلام قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن دامولla 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن لاڭرۇ، پوپۇنا تاغ جىلغىلىرىنى بويلاپ غەربىي جەنۇب تەرەپكە چېكىنگەن. ئۇلار چېكىنىپ كېتىۋېتىپ، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن ما خۇسەن قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېتىشقان. چېكىنىش جىڭگى قىلىۋاتقان قوشۇن ئىچىدە «ئىگىزئىرىق غوجىلار»دىن جالالىدىنخان غوجىنىڭ 20 نەچچە ياشلىق ئوغلى ئەبەيدۇللاخانمۇ بار ئىدى. ئۇ، ئېلىشىش داۋامىدا ما خۇسەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان. ما خۇسەن قوشۇنلىرى مۇھەممەت ئىمىن دامولla قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەبەيدۇللاخانىنى خوتەنگە ئېلىپ بېرىپ تۈرمىگە قاماپ قويغان. جالالىدىنخان جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈدىغان ئوغلىنىڭ قامىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازاپلىنىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن خوتەنگە سوۋغا - سالام ئېلىپ بېرىپ، ما خۇسەننىڭ ئەمەلدارلىرىغا يالۋۇرىدۇ. ئەمەلدارلار: «15 چارەك ئالتۇن ئېلىپ كەلسەڭ بالاڭنى بېرىمىز» دەيدۇ. جالالىدىنخان غوجا ئىككى قېتىمدا جەمئىي 15 چارەك ئالتۇن بېرىدۇ. لېكىن، ئەمەلدارلار ئالتۇننى ئېلىپ بولۇپلا، جالالىدىنخاننىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەبەيدۇللاخانىنى رەھىمسىزلەرچە چېپىپ تاشلايدۇ. بۇ پاجىئەلىك ئەلەمدىن پۇچىلانغان جالالىدىنخان غوجا تۇگىمەس

دەرد - ئەلەمگە پاتىدۇ. ئۇ، داڭلىق داستانچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئوغلى ئەبەيدۇللاخاننىڭ ۋەقەلىرى ھەققىدە داستان توقۇتىدۇ. ئەمەلىي ۋەقەدىن ئېلىنغان بۇ داستان ئەبەيدۇللاخاننىڭ ماتەمدە مەرسىيە سۈپىتىدە ناھايىتى تەسىرلىك ئوقۇلۇپ، مىيىت ئۇزىتىلىدۇ.①

## «ئىگىزئىرىق غوجىلار» نىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

«ئىگىزئىرىق غوجىلار» ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، مۇبارەك نامىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مۇكەممەل بىر نەسەبنامە (سىجىلات) قالدۇرۇپ ماڭغان. ئەپسۇسكى، بۇ نەسەبنامە ھەببۇللا مۇپتى ھاجى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. «ئىگىزئىرىق غوجىلار» مەخسۇس خەتتاتلار تەكلىپ قىلىپ ئۆز نەسەبنامىسىنى قايتىدىن تۈرغۇزۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى جىنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرۈپ ساقلاشنى بىر - بىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ (ھەتتا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىنمۇ ساق ئۆتكۈزۈپ)، ئىككى نۇسخا نەسەبنامە ساقلىنىغان. ئۇنىڭ بىرى ئادەتتىكى سامان قەغەزگە چىرايلىق يېزىلغان بولۇپ، خەتلىرى ناھايىتى كونىراپ ۋە يىرتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ يەنە بىرى ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر،

① بۇ «قاراقاش خەلق داستانلىرى» ئىچىدىكى مەشھۇر داستانلار قاتارىدا جەمئىيەتتە 60 يىلچە كەڭ تارقالغان. يېقىنقى يىللاردا «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن «قاراقاش خەلق داستانلىرى» ناملىق كىتابتا «ئەبەيدۇللاخان» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا ئېلان قىلىنغان - تەھرىردىن.



كەڭلىكى 3.5 سانتىمېترلىق خوتەن قەغىزىگە (ئۈژمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەزگە) يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى ئاخىرقى غوجا ئەۋلادلىرىدىن ئابدۇلئەزىزخان ساقلاپ كەلگەن (بۇ كىشى ھازىرمۇ ھايات). بۇ نەسەبنامىغا قارىغاندا، «ئىگىزئىرىق غوجىلار» نىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق ئىكەن:

چىڭگىزخان قوشۇنى ماۋەرەئۇننەھىرگە بېسىپ كىرگەندە، بۇخارادا ئەبۇھاپىز كەبىرى، خارەزىمدا شەيخ نەجمىدىن كۇبرا قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھوزۇرىدا 60 مىڭدىن ئارتۇق تالىپ ئىلىم ئېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ 21 - ئەۋلادى، ئىلىم - ئىرفاندا كامالەت تاپقان يۈسۈپ خوجا ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىلىمگە قايىل بولغانلار ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇنى «مەۋلانا خەلپەم» دەپ ئاتىشاتتى. چىڭگىزخاننىڭ قىرغىنچىلىقىدىن ئېھتىيات قىلغان ئالىم ۋە تالىپلار ئىلىملەر ئۆزلىرى خالىغان مەملىكەتلەرگە قېچىپ بېرىپ پاناھلىق ئىزدەشكە ئۇستازلىرىدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، يۈسۈپ خوجا مەۋلانا خەلپەم بەلخ ئارقىلىق يەكەنگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغان، كېيىن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسىدىكى دەرۋىش كەنتىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ ماجىراسى سەۋەبى بىلەن ئۇ يەردىن ئاقساراي يېزىسىغا كۆچۈپ چىقىپ، تاشمازار دېگەن يەردە ئىبتىكاپخانا سېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە تۇرغان. ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى تاقائالدى مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. شۇڭا، 800 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭ مەقبەرىسى ياخشى ئاسرىلىپ كەلگەن. «ئىگىزئىرىق غوجىلار» مەۋلانا خەلپەمنىڭ ئوغۇل

ئەۋلادى، ئاقسارايدىكى خەلىپىلەر ئۇنىڭ قىز ئەۋلادى بولۇپ، ھازىرغىچە بۇ نەسەبنامىنى بىر - بىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ ساقلاپ كەلمەكتە.

## نەسەبنامىدىكى زەنجىرسىمان ئىسىملار

1. مەۋلانا خەلىپەمنىڭ ئوغلى: خۇشرىف.
2. خۇشرىفنىڭ ئوغلى: خۇشتۇرخان غوجا.
3. خۇشتۇرخان غوجىنىڭ ئوغلى: خوجا شۇكۇر.
4. خوجا شۇكۇرنىڭ ئوغلى: نامانخان غوجا.
5. نامانخان غوجىنىڭ ئوغلى: ئابدۇشۇكۇرخان غوجا.
6. ئابدۇشۇكۇرخان غوجىنىڭ ئوغلى: زىكرىياخان غوجا.
7. زىكرىياخان غوجىنىڭ ئوغلى: غوجا يەھياخان غوجا.
8. غوجا يەھياخان غوجىنىڭ ئوغلى: غوجازىكرىياخان ئىشان.

غوجازىكرىياخان ئىشاننىڭ ئوغۇل - قىزلىرى:

ئوغۇللىرى:
1. ئىبراھىم خان غوجا
2. مەتتوختىخان
3. تارىخان
4. ئىلىخان
5. ئەرەخان غوجا

قىزلىرى:
1. ماھىشادە خېنىم
2. ھەجەر خېنىم
3. چولپان خېنىم



يۇقىرىدىكى غوجازىكرىياخان ئىشاننىڭ ئوغۇللىرى قاتارىغا يېزىلغان 2 - رەتتىكى مەتتوختىخان ئىشاننىڭ ئوغلى غوجا ئەبەيدۇللاخان (1937 - يىلى قاراقاشتا تۇنجى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۆھپە قوشقان زات) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىزخان ھازىرمۇ ھايات.

3 - رەتتىكى تارىخاننىڭ ئوغۇل قىزلىرى:

ئوغۇللىرى:
1. ئىسمائىلخان غوجا
2. ئاتاۋۇللاخان غوجا
3. نامانخان غوجا
4. ئەكرەمخان غوجا
5. غازىخان غوجا[①]

قىزلىرى:
1. ئايشىخان ھاجى
2. نىساخان ھاجى
3. ئوغۇلخان ھاجى

«ئېگىز ئېرىق غوجىلار» تاكى ئازادلىق ھارپىسىغىچە قاراقاشتا ھۆكۈمران تەبىقە بولۇپ كەلگەنىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. 50 - يىللاردىن كېيىن مەھەممەتئېلىخان، غوجا ئەبەيدۇللاخان قاتارلىق 25 تىن ئارتۇق كىشى زالىم پومېشچىك تەركىبىگە ئايرىلدى، ئەخمەتجانلار زالىم قانخورلار قاتارىدا باستۇرۇلدى. كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى (مەسىلەن، غوجا ئەبەيدۇللا خانلار) سىياسىي - ئىدىيە جەھەتتىن ئاكتىپ بولۇپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بولغاچقا، دېموكراتىك ئىلغار زاتلار قاتارىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلدى.

«ئېگىز ئېرىق غوجىلار» نىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى

① غوجا زىكرىياخان ئىشاننىڭ ئوغۇللىرى قاتارىغا يېزىلغان 4 - رەتتىكى ئىلىخان ھاجىنىڭ ئوغلى - مۇھەممەت ئېلىخاننىڭ زەينەپ خېنىم، ئاتىكەم خېنىم ئىسىملىك ئىككى قىزى بار ئىدى.

مەتتۇرسۇنخان ھاجىنىڭ بىر يۇرۇش ھەشىمەتلىك بىغى ۋە باغ ئىچىگە سېلىنغان قورۇ ـ جايى «شاخلىق يىزىسىدىكى فېئوداللار قورۇسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، 1962 ـ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئاسارە ـ ئەتىقىلەر قاتارىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

(ئاپتورى: قارىقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# شىنجاڭدا تۇرغان ئۈچ يىلدا قىلغان ئىشلىرىم ۋە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم

## سۇڭ شىليەن

**تەھرىر بۆلۈمىدىن:** بۇ ـ «غالچا جاڭجۇن (سۇڭ شىليەننىڭ بايانى)» ناملىق كىتابنىڭ يەتتىنچى بابىدىكى ئىككى پارچە ماقالە. بۇ كىتابقا سۇڭ شىليەن ئۆزى يازغان «كىرىش سۆز» نىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«مەن 1980 ـ يىلى ئامېرىكىغا بېرىپ، نۇرغۇن كونا دوستلار بىلەن كۆرۈشتۈم، نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشتۇم. ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تۆت جەھەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈستىدە كۆپچىلىك بىلەن خۇشال پاراڭلاشتىم. ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان كىسىنگېر «جۇڭگو 21 ـ ئەسىردە دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ قالىدۇ» دېگەنىدى. ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق ئالىم، سانفىرانسىسكو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

مۇدىرى ۋۇجياۋې ئەپەندى كىسىنگېرنىڭ مۇشۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئۇ، ئەلۋەتتە، شياڭگاڭ ۋە تەيۋەنلەر چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن بىرلىككە كەلگەن جۇڭگو بولىدۇ. مەن ئامېرىكىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتلەردىن بىرلىككە كۆچ چىقىرىپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. مەن بۇ پىكىرنى ئىنتايىن ماقۇل كۆردۈم. مېنىڭچە، ئۆزىنىڭ يەندى ـ خۇاڭدى ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ھەر بىر جۇڭگولۇق مۇشۇ ئۇلۇغ نىشان ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك! لېكىن، دۆلەت مىللىتى ئېگىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي مۇناپىقلارمۇ باركى، ئۇلار مېنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ غالچىسى بولۇپ كەتتى، دەپ ئەيىپلىدى. تەيۋەندىكى مەشھۇر پوبلىستىك لى گاۋ ئەپەندى بۇنىڭ ئۈچۈن «غالچا جاڭجۇن» ناملىق بىر ماقالە يازغانىكەن. نيۇ ـ يوركتا چىقىدىغان «شىمالىي ئامېرىكا» گېزىتى بۇ ماقالىنى باسىدىغان چاغدا تەھرىر ئىلاۋىسى قوشتى. تەھرىر ئىلاۋىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇڭ شىليەن جاڭجۇن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كومپارتىيە ۋە گومىنداڭدىن ئايرىلىپ، ئامېرىكىدا بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ۋەتىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇق ئىشقا چاقىرىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئارىسىدا مۇنازىرە قوزغىماقتا. مۇنازىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سۇڭ جاڭجۇن دۆلەت مىللىتىگە سادىق بولۇشى كېرەكمۇ؟ ياكى سىياسىي پارتىيىگە سادىق بولۇشى كېرەكمۇ؟ ۋە ياكى شەخسەن داھىيغا سادىق بولۇشى كېرەكمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. روشەنكى، سۇڭ جاڭجۇن ئالدىقىنى تاللىغان. ئەمما، بۇنى ھېلىغىچە



نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق ئاڭنىڭ تەسىرىدە بولۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى ناھايىتى تەس.» مېنىڭ ئىدىيەم: بالا ۋاقتىمدا ـ مۇتەئەررىزلىكتىن قۇتۇلۇپ ھايات ياشاش ئىدى؛ ھازىر ـ ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى ئىزدەش. «شىمالىي ئامېرىكا» گېزىتى تەھرىرىنىڭ يۇقىرىدىكى بىر نەچچە جۈملە ئىلاۋىسىنى مەندەك 80 ياشقا بېرىپ قالغان كىشىنىڭ ئۆمرىنىڭ خۇلاسىسى دېيىشكە بولىدۇ. مەن بۇ ناتونۇش لى گاۋ ئەپەندىنىڭ مەن ئۈچۈن «غالچا جاڭجۇن» ناملىق ماقالە يازغانلىقىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدۇم ۋە بۇ چوڭ ئىجادىيەتنى مۇشۇ كىتابىمنىڭ ئىسمى قىلىشنى قارار قىلدىم.

سۇڭ شىليەن
1985 ـ يىل 6 ـ ئاي. بېيجىڭ

## ئامېرىكىلىقلار شىنجاڭدا

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئايرىم ئامېرىكىلىق ساياھەتچىلەردىن باشقا، پۈتكۈل شىنجاڭدا بىرمۇ ئامېرىكىلىق مۇھاجىر يوق ئىدى. ئەمما، 1943 ـ يىلغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالى مۇنداق:

چۇڭچىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1942 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكا بىلەن «جۇڭگو ـ ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۆز ئارا ياردەملىشىش كېلىشىمى» ئىمزالىدى. بۇ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئامېرىكا بىر تۈركۈم قورال ـ

ياراقلارنى تېھرانغا يۆتكەپ كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا ئەكىرىپ، ئاندىن ئۇنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇماقچى بولدى. بۇ قورال - ياراقلارنى ئامېرىكىلىق بىر پود پولكوۋنىكنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر ماشىنا ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن. بۇ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم تۈركۈملەپ كېلىشى ۋە شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

1943 - يىلى (ئېنىق ئاي - كۈن ئېسىمدە قالماپتۇ) ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گائۇس (Gauss) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ زېمىنى توغرىسىدا قارا نىيىتى بار، ئۇلار شىنجاڭنى ئىككىنچى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئايلاندۇرماقچى، دېگەننى باھانە قىلىپ «سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆزىتىپ تۇرۇش» ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزىدە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. روشەنكى، بۇ تەلەپ جياڭ جېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىگە پايدىلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ تولۇق ماقۇل بولۇشى تەبىئىي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرمۇ ئامېرىكىلىق مۇھاجىر يوق شىنجاڭدا ئامېرىكا كونسۇلخانىسى قۇرۇلدى.

بۇ ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ تۇنجى كونسۇلى كلۇب (Clubb)، ئىلگىرى ۋىلادىۋاستوكتا ئىشلىگەن، جۇڭگو - سوۋېت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغان مۇتەخەسسىس ئىدى. ئىككىنچى كونسۇل ۋارد (Ward) ئىلگىرى ئامېرىكا گوۋۇيۇەنى سىياسىي پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ئىجرائىيە كاتىپى بولغان. ئۇ، 1944 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋەزىپىگە كېلىپ، 1946 - يىلى قىشقىچە ئىشلىدى.



ئۈچىنچى كونسۇل باۋماۋشۈن (ئەسلى ئىسمى پاختون Paxton، «باۋماۋشۈن» دېگەن خەنزۇچە ئىسمىنى ئۆزى قويۇۋالغان) بولۇپ، ئىلگىرى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىشلىگەن. ئۇ، 1946 - يىلى قىشتا شىنجاڭغا كېلىپ كونسۇل بولۇپ، 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازاد بولۇشتىن بىرەر ئاي ئىلگىرى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ كەتتى. پاختون ئۈرۈمچىدىن كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى كونسۇلخانىنىڭ كاتىپى ماكېنان (Mackennan) ئۆتەپ تۇردى. بۇ ئادەم ئۈرۈمچىگە 1947 - يىلى 7 - ئايدا كەلگەن؛ شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدىكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ ئۆي - جاي ۋە ماشىنا - سايمان قاتارلىق مۈلۈكلىرىنى ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى فۇخ (Fox) نىڭ ۋەكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، ئۆزى بىر ئاق ئۇرۇسنى ئېلىپ، جىپ ماشىنا بىلەن گۇچۇڭدىكى ئوسماننىڭ يېنىغا بېرىپ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، يەنە جىپ بىلەن سەيدام ئورمانلىقى ئارقىلىق شىزاڭ تەرەپكە كەتكەن. شىزاڭ چېگرىسىغا بارغاندا، شىزاڭ چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بارغان ھېلىقى ئاق ئۇرۇسمۇ ئېغىر يارىلانغان. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

مەن كلوبنى كۆرۈپ باقمىغان، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما، ۋارد ۋە پاختون بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتىم. بۇ ئىككىيلەن توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە:

ۋارد 1944 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىلى ۋەقەسى پارتلىدى. جياڭ جيېشى ئۇلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن بىر دىۋىزىيە قوشۇن پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىلدى. ئۇ چاغدا مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 9 - شۆبىسىنىڭ مۇدىرى ئىدىم. مەن ئىلگىرى يۈننەن - بىرما چېگرىسىدا ياپونىيە قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ قىلغاندا، نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار بىلەن بىللە ئىشلىگەنىدىم. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ماڭا بىر «ئەركىنلىك ئوردېنىنى» تەقدىم قىلغان. شۇڭا، مەن ۋارد بىلەن تېزلا دوست بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم پاراڭلىشىپ ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىستىلى ھەققىدە بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلدىم.

ۋاردنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى ئومۇمەن مۇنداق ئىدى:

1. ئۇ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىشىشى، بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىپ يۈرمەسلىكى كېرەك. ئەگەر يەنە ئۆز ئارا ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ، يەنە بىر قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدىغان بولسا، ئىنسانىيەتكە زور بالايى - ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارايتتى.

2. ئۇ ئومۇمىي مۇستەملىكە مىللەتلەرگە مۇستەقىللىق بېرىشنى تەكىتلەيتتى. ئەمما ئۇ چۈشەنگەن مىللىي مۇستەقىللىق ئامېرىكىنىڭ فىلىپپىنغا بەرگەن مۇستەقىللىقىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇقىمۇ ئاساسەن، ئامېرىكىنىڭ شۇ كۈنى فىلىپپىنغا بەرگەن مۇستەقىللىقنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە خەلقئارا



ئەھمىيىتىنى كۈچىنىڭ بارىچە كۆككە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

3. ئۇ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئارقىلىق بىرلىكتە تۈزگەن تىنچ دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئىككى پارتىيە ھەر خىل مەسىلىلەرنى پروگراممىدىكى پرىنسىپلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى، ھەرگىز بىر - بىرىگە قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك، دەپ ھېسابلايدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى 1946 - يىلى 7 - ، 8 - ئايلاردا ئازاد رايونلارغا كەڭ - كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ يەنىلا مارشالنىڭ كېلىشتۈرۈشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئۈمىد قىلدى.

4. ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پۈتۈنلەي بويسۇندۇرغۇچىلار سۈپىتىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىپ ۋە سىياسەت قوللىنىپ، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتتىق قارشى ھېسسىياتتا بولۇپ كەلدى. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى مىللىي باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدى.

مەن ئۇنىڭدىن ئىلى ۋەقەسىنىڭ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشى بارمۇ يوق؟ دەپ سورىسام ئۇ: بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. سىرتتا ھەر خىل گەپ - سۆزلەر بار. بەزىلەر: روسىيىلىكلەرنىڭ ئۇلارغا قانداق ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشىۋاتىدۇ. لېكىن، بۇنىڭغا تولۇق پاكىت يوق، دېدى.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جياڭ جىجوڭ بىلەن ئىلى تەرەپنىڭ ئەخمەتجان قاتارلىق ۋەكىللىرى كېلىشىم هاسىل قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىدىغان بولغاندا، ۋارد ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ماڭا: مانا بۇ، شىنجاڭ تارىخىدا بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ، دېدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا مەن غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ شتات باشلىقلىق سالاھىيىتىم بىلەن جياڭ جىجوڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە (جياڭ جىجوڭ ئۇ چاغدا غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى ۋە قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئىدى)، جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ كەلگەنىدىم. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگىنىمدە، ۋارد مېنى ئالاهىدە يوقلاپ كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمدىن ئالغان تەسىراتلىرىمنى سورىدى.

يۇقىرىدىكى نۇقتىلاردىن قارىغاندا، ۋارد ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىنى چىن قەلبىدىن هىمايە قىلغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇ شىنجاڭدا تۇرغان بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن خېلى ئوبدان چىقىشىپ ئۆتتى ۋە كېسەل بولۇپ قالغاندا، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ دوختۇرىنى تەكلىپ قىلىپ داۋالاندى. ئۇ، شىنجاڭدىكى مەزگىلىدە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارمىدى. كونسۇلخانىدا ئۈرۈمچىدىن ياللىۋالغان بىرلا خادىم ۋە بىر قانچە ئىشچى بار ئىدى. ئۇ، جۇ شياۋلياڭ ۋە ۋۇ جۇڭشىنلارنىڭ شىنجاڭدىكى هۆكۈمرانلىقىدىن دائىم نارازى



بولۇپ تۇراتتى. گومىنداڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئاخبارات ئورگىنى ئۇنىڭدىن «كومپارتىيە بىلەن بىر يولدىكى ئادەمكەن» دەپ گۇمانلانغانىدى. 1946 ـ يىلى قىشتا ۋارد ئۇچەي كېسىلى بولۇپ قېلىپ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسى مەخسۇس ئادەم تەيىنلەپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئالما ـ ئاتىغا داۋالاتقىلى ئېلىپ كەتكەنىدى. مەلۇم بولۇشىچە، موسكۋا دائىرىلىرى ئالما ـ ئاتىغا تاشقى كېسەللەر دوختۇرىدىن ئىككىنى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان. ئۇ، ساقىيىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئالما ـ ئاتىغا بېرىپ داۋالىنىش جەريانى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ناهايىتى ياخشى غەمخورلۇق قىلغانلىقى توغرىسىدا ئامېرىكا گوۋۇيۈەنىگە بىر دوكلات يازغان. ئەپسۇسكى، بۇ دوكلات يوللىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ۋارد خىزمىتىدىن يۆتكەپ كېتىلدى. هەتتا ئۇنى كېيىن ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى جىددىي بىر تەرەپ قىلغان. 1946 ـ يىلى قىشتا گومىنداڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جىڭ جېيمىن ماڭا: «ۋاردنىڭ شىنجاڭدىكى سۆز ـ هەرىكەتلىرىنى مەن باش ئەلچى ستۇئارت لېتونغا ئېيتقان» دېگەنىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ۋاردنىڭ شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كېتىشى مۇشۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى (ئىلگىرىكى جۇڭتۇڭ ئىدارىسى) نىڭ هەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

مەن 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مەمۇرىي مەھكىمە شتات باشلىقلىقىدىن شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ باش

قوماندانلىقىغا يۆتكەلدىم، مەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى ۋاردنىڭ ئورنىغا يېڭى كونسۇل قىلىپ ئەۋەتكەن پاختون ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. پاختون دېگەن بۇ ئادەم ئامېرىكىدا كۆپ يىل تەربىيىلىنىپ جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللانغان ماھىر ئىكەن.

ئۇ، ئىلگىرى ئېلىمىزدە مەلۇم چېركاۋنىڭ مىسسىونېرى (دىن تارقاتقۇچىسى) بولغان، خەنزۇ تىلىنى يامىداپ سۆزلەيتتى. جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن خېلى خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ سىياسىي قارىشى «ئامېرىكا ھەممىدىن ئەلا»، «ئامېرىكا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممىلا يەردە ئامېرىكىچە «دېموكراتىيە» نى كۆككە كۆتۈرەتتى. ئامېرىكىنىڭ بايلىقىنى ۋە قۇدرەتلىكلىكىنى كۆز - كۆز قىلاتتى؛ كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە قارشى ئىدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆچ كۆرەتتى.

پاختون كونسۇللۇققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، خادىملارنى تەدرىجىي كۆپەيتىپ خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى. ئۇ، مەخپىي ھۆججەتلەرنى ساقلاش ۋە مەخپىي شىفىرلارنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە ئۆزىنىڭ ئايالىنى قويغاندىن باشقا، كونسۇلخانىدا يەنە مۇئاۋىن كونسۇل ۋە كاتىپ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى تەسىس قىلدى. مۇئاۋىن كونسۇللۇقنى مارتىن (Martin، 1947 - يىلى)، دېركسېن (Dierksen، 1948 - يىلى) قاتارلىقلار؛ كاتىپلىقنى بوينتون (Boynton)، ماكېننا (Mackennan) قاتارلىقلار ئىشلىدى. ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ كىلارك (Clark)، كېسلېر (Kessler)، بورگېرون (Bourgeron)، كىدىر (



Kidder) قاتارلىقلار يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ يەنە ئۈرۈمچىدىكى رۇس تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەرجىمانلىرىنى ياللىدى. ئۇ يەنە مېنىڭ ئىنگلىز تىلى كاتىپىم كۇاڭ يۇجاڭ (شائخەي سېنت جون ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن) نىڭ ھەر كۈنى كونسۇلخانىغا بېرىپ يېرىم كۈن ئىنگلىز تىلى تەرجىمانلىقى قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. نەنجىڭدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسى 1947 - يىلى بۇ كونسۇلخانىغا مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئولتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق بىر سىمسىز رادىئو - گرامما يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ رادىئو گرامما كونسۇلخانىنىڭ بىر ئىشخانىسىغا قوراشتۇرۇلدى. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى - ئۈچ مېتىر بولۇپ، ۋاشىنگتون بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلەشكىلى بولىدىكەن. ئۇنى ساقلاش، رېمونت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تېلېگرامما بېرىش - قوبۇل قىلىش ئىشىنى مەخسۇس بىر ئامېرىكىلىق بېجىرگەن.

پاختون 1947 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1949 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭدىن كەتكەنگە قەدەر ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە پائالىيەت ئېلىپ باردى:

1. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆپ تەرەپلىمە توپلاش. بۇ، ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. ئاندىن قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاتوم بومبىسى بار - يوقلىقىنى رازۋېتكا قىلىشمۇ ئامېرىكا ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ دىققەت قىلىۋاتقان مەركىزىي مەسىلە ئىدى. پاختون ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، مەن بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە (بىرىنچى قېتىمقىسى قائىدە خاراكتېرىدىكى زىيارەت ئىدى)، مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆز ئاچتى. ئۇ مەندىن بۇ جەھەتتە بىرەر خەۋەر بار -

يوقلۇقىنى، سوۋېت زېمىنىدا غايەت زور پارتلاش ئاۋازى بولغان - بولمىغانلىقىنى سورىدى. مەن: «يوق، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئالتاي رايونىدىن نەچچە ئون ئاپتوموبىل بىلەن كېچە - كۈندۈزلەپ كان مەھسۇلاتلىرى توشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق» دېدىم.

پاختون يەنە: «بۇ كان ئۇران كانىمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئاڭلىشىمىزچە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن توختام تۈزۈپ، ئالتاينىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ۋولفرام كانى ئاچقان ئىكەن. ئۇران كانى بارمۇ يوق، ئېنىق ئەمەس» دېدىم. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ھەر بىر يولۇچىدىن (سوۋېتلىكلەردىن باشقا) ھامان تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئەھۋال ئۇقۇشقا، بولۇپمۇ ئاتوم پارتلىتىش ئەھۋالىنى ئۇقۇشقا تىرىشاتتى.

ئۇ، شىنجاڭ زېمىنىدا قانچىلىك سوۋېتلىك بار، قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە سوۋېت قوشۇنلىرى تۇرۇۋاتامدۇ يوق، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۈچ ۋىلايەتتە قانداق كانلارنى ئاچتى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى مايتاغدا ئاچقان نېفىت كانىنىڭ مەھسۇلاتى قانچىلىك، زاپاس مىقدارى كۆپمۇ ئەمەسمۇ؟ ... قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي تەكشۈردى. ئۇ، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ شىنجاڭلىقلارنى سوۋېت گىراژدانلىقىغا قوبۇل قىلغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، مۇشۇ ئىش توغرىسىدا مەندىن ئىككى قېتىم سورىدى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىن تەپسىلىي سۈرۈشتۈردى.

2. شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش: شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ



ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ۋە دىنىي ئېتىقادى، شىنجاڭنىڭ كان ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، شىنجاڭ زېمىنىدىكى قاتناش جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، كەشمىر، چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان قاتناش ئەھۋالى؛ ۋىلايەتلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي مايىللىقى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي مايىللىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماتېرىياللارنىمۇ توپلىدى.

3. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى كىشىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن يېنىغا تارتىش:

ئۇلار يېنىغا تارتماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بولۇپ، ئومۇمەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە يېقىنلاشقان ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلغان كىشىلەرگە ئۇلار ئېھتىيات قىلىش ياكى تاشلىۋېتىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. پاختون يېنىغا تارتقانلار ئاساسەن تۆۋەندىكى كىشىلەر: ئۇيغۇرلاردىن مەسئۇد (شىنجاڭنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان)، مۇھەممەت ئىمىن (شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان)، ئەيسا (شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بولغان)، سىيىت ئەخمەت (ئاقسۇنىڭ چوڭ ئاخۇنى)، يولۋاس (قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان)، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاخۇنلىرى قاتارلىقلار؛ قازاقلاردىن جانىمقان (شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان)، خادىۋاڭ (ئەلەن ۋاڭنىڭ ئايالى، ئۆز ۋاقتىدا ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى)، سالىس (شىنجاڭ ئۆلكىلىك

ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغان)، ئوسمان (ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان) قاتارلىقلار؛ خۇيزۇلاردىن ما لياڭجۈن ئاخۇن (خۇيزۇلارنىڭ چوڭ ئاخۇنى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى بولغان)، بەي ۋېنيۇ (شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان) قاتارلىقلار؛ موڭغۇللاردىن ۋۇ جىڭبىن (خەنزۇ، قاراشەھەردىكى موڭغۇل قەبىلىسى باشلىقىنىڭ ئايالى)، چوجاپ (ئايالى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئىلگىرىكى ۋاڭى) قاتارلىقلار. ئۇنىڭ بۇ كىشىلەرنى بېيىنغا تارتىشتىكى مەقسىتى، بىر تەرەپتىن، بۇ كىشىلەرگە ئامېرىكىنىڭ دۇنيادا ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ باي، ئەڭ دېموكراتىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ، بۇ كىشىلەرنى سىياسىي جەھەتتە ئامېرىكىغا مايىل بولىدىغان، ئامېرىكىغا يۆلىنىدىغان قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ كىشىلەردىن ئەھۋال ئۇقۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ، دائىم دېگۈدەك بۇ كىشىلەرنى كونسۇلخانىغا چايغا ياكى تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ئۇنداق ياكى مۇنداق سوئاللارنى قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى بىلىپ تۇراتتى.

4. ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇش ۋە ئۇنىڭغا سىڭىپ كىرىش: بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ھۆكۈمەت تەرەپ ئاساسەن شۇ ۋاقىتتىكى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىشخانىسى، شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىق شتابى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىملىرى مەھكىمىسى قاتارلىق ئورگانلاردىن ئىبارەت. بۇ



ئورگانلاردىكى ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ئاساسەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەنزۇلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى گومىنداڭ مەيدانىدا تۇرىدىغان، سىياسىي جەھەتتە ئامېرىكىغا مايىل كىشىلەر ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» سىياسىتى كۆككە كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن پاختون ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ سىياسەتنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن. تەخمىنەن 1947 ـ يىلى 4 ـ ، 5 ـ ئايلاردا مەن ئۇنىڭدىن: سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتىگە قانداق پىكرىڭىز بار؟ دەپ سورىسام، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەرمىدى. مەن يەنە: مەن سىزنى دىپلوماتىيە ئەمەلدارى سۈپىتى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن پىكىر بايان قىلىشقا ئەمەس، شەخسىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى بىلەن كۆز قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىۋاتىمەن، ـ دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ بىلىشىمچە، ھۆكۈمىتىڭلار بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت 20 يىلدىن بۇيان ئانچە دوستانە بولماي كەلدى. بىر يەرلىك ھۆكۈمەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ توپ سىياسىتىدىن چەتنەپ كېتەلەمدۇ؟ ئەگەر مەركەزنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقىنى باشقا، يەرلىكنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقىنى باشقا بولسا، بۇ يەرلىك ھاكىمىيەت بىلەن مەركەزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىگە قارشى تەرەپنى قانداق ئىشەندۈرگىلى بولىدۇ؟ شېڭ شىسەي بىر مەزگىل روسىيىلىكلەر بىلەن ھەمكارلاشقان بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەينىڭ ئۇ چاغدىكى ھاكىمىيىتى مەركەزدىن پۈتۈنلەي

ئايرىلغان، مۇستەقىل بولۇنۇش شەكىللەندۇرگەن ھالەت ئىدى. ھازىرمۇ شۇنداق قىلغىلى بولامدۇ؟ شۇڭا، مېنىڭ قارىشىمچە بۇنداق سىياسەت ئەمەلگە ئاشماسلىقى مۇمكىن». ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئۆزىنىڭ غەرىزى بويىچە ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ دائىلىرىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي تۇردە ئېچىپ تاشلىغان.

پاختون شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىي مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ ئەنجاڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىر مەيداندا ئىكەنلىكىنى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتۈشنى كۆككە كۆتۈرسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىلىقلارنى ھەرگىز كەمسىتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئورگانلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملارنى دائىم كونسۇلخانىسىغا تاماققا ياكى چايغا چاقىرىپ، ئەھۋال ئۇقۇپ تۇراتتى؛ ھەتتا بەزىدە ئالدىن تېلېفون بىلەن ئۇقتۇرۇپ قويمايلا، ئۆزى ئورگانلارغا ئۇدۇل بېرىپ ئەھۋال سورايتتى. ئۇ مەزگىل دەل شىنجاڭدا ۋەقە يۈز بېرىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، بىزمۇ پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇھىم خەۋەر چىقىپ قالسىلا شۇ ھامان ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياتتۇق. بۇ جەھەتتە مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم خېلى قويۇق ئىدى. 1947 - يىلى 6 - ئايدا بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەن ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن خەۋەرلەرنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا ئەۋەتىپ تۇردۇم. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرىنىڭ موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىغا ياردەملىشىپ ئۇرۇش قىلغانلىقى، بەيتىكتىكى ئارمىيىمىز ئىستېھكاملىرىنى بومباردىمان قىلغانلىقىنى مەن ناھايىتى



ئېغىر ۋەقە دەپ بىلىپ، خەۋەر كەلگەن ھامان دەرھال پاختوننىڭ ئىشخانامغا كېلىشى توغرىسىدا تېلېفون بېرىپ، ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم. بۇ ئەھۋاللارنى دەرھال ئامېرىكا گوۋۇيۈەنگە تېلېگراما بىلەن مەلۇم قىلىپ تۇردى. شۇ چاغدا بەزى ئامېرىكا مۇخبىرلىرى ئامېرىكا گوۋۇيۈەنىدىن مۇشۇ ۋەقەگە دائىر ئەھۋاللارنى سورىغاندا، گوۋۇيۈەننىڭ باياناتچىسى: بىزنىڭ شىنجاڭدىكى دىپلوماتىيە خادىملىرىمىز شۇ يەردىكى ھەربىي دائىرىلەردىن بەيتىك ۋەقەسى توغرىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولغان، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

پاختون بىزنىڭ ھەر ۋاقىت ئۇنى مۇھىم خەۋەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغانلىقىمىزدىن قانائەتلىنىپ قالمايتتى. ئۇ يەنە بىزنىڭ ئورگانلىرىمىزدىن تۈرلۈك ئامىللار بىلەن كادىرلارنى سېتىۋېلىپ، ئورگانلىرىمىزغا سىڭىپ كىرىشكە ئۇرۇندى. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى مىساللارنى كەلتۈرىمەن.

مېنىڭ ئىنگلىز تىلى كاتىپىم كۇاڭ يۇجاڭ ھەر كۈنى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا يېرىم كۈن ئىشلەيدىغان بولغاندىن كېيىن، پاختون ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 5.0 ئامېرىكا دوللىرى بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە ئۇنى ئالداپ قايمۇقتۇرغان. ئۇ، كۇاڭ يۇجاڭغا بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۇنى ئامېرىكىغا ئەۋەتىپ ھەقسىز ئوقۇتۇشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى؛ بۇنىڭ شەرتى ئۇنىڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئىشخانىسىدىن ۋە كارىزون باش شتابىدىن خەۋەر تىڭ - تىڭلاپ، ماتېرىيال توپلاش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. كۇاڭ يۇجاڭ پاختونغا ئالدىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخبارات توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇنى ناھايىتى تېزلا سېزىپ قالدىم. مەن ئۇنى «مۇنداق قىلىش - قانۇنسىزلىق»

دەپ ئاگاھلاندۇردۇم.
ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىملىرى مەھكىمىسىدىكى لىۇ
فامىلىلىك بىر بۇلۇم باشلىقىمۇ پاختون تەرىپىدىن
سېتىۋېلىنىپ، مەزكۇر مەھكىمە بىلەن سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ
دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ھۆججەتلىرىنى دائىم ئامېرىكا
كونسۇلخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، كېيىن ئۇمۇ سېزىلىپ
قالدى.
100 دىن ئارتۇق
بۇنىڭدىن باشقا، ئۈرۈمچىدە
خىرىستىئان مۆرتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى
خەنزۇلار ئىدى. پاختون ئەر ـ ئايال دائىم دىڭگۇدەك
چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلىشقا قاتناشقان ۋە خەيرى ـ
ساخاۋەت ئىشلىرىغا بىر ئاز پۇل ئىئانە قىلىپ، مۆرتلارنى
يېنىغا تارتقان.
ئاغلىشىمچە، مەن شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن
پاختون ماكىناننى گۇچۇڭغا ئوسمان بىلەن كۆرۈشۈشكە
ئەۋەتكەن. ماكىنان 1949 ـ يىلى شىنجاڭ ئازاد بولۇش
ھارپىسىدا يەنە ئالاھىدە گۇچۇڭغا بېرىپ ئوسمان بىلەن
كۆرۈشكەن. دېمەك، ئوسمان، جانىمقان، يولۋاس
قاتارلىقلارنىڭ 1950 ـ يىلى شىنجاڭدا توپىلاڭ
كۆتۈرگەنلىكىنى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ سۇيىقەستلىك
ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېگىلى بولمايدۇ.
(Maekenin) ماكىناننىڭ ئامېرىكىنىڭ يىلى
1945 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ
ئىسىملىك بىر پود پولكوۋنىكى بىر قانچە ئامېرىكا
ئەسكەرلىرى بىلەن كېلىپ، شىنجاڭدا بىر ھاۋارايىنى
كۆزىتىش پونكىتى قۇرغان. مەن ئۇلار بىلەن
كۆرۈشمىگەچكە، ئۇلارنىڭ زادى نېمە ئىش قىلغانلىقى ماڭا



مەلۇم ئەمەس. 1946 ـ يىلى ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەتكەن.
1948 ـ يىلى ئەتىياز (تەخمىنەن 3 ـ، 4 ـ ئايلار)
دا، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئىككىنچى نازارىتىنىڭ
نازىرى خۇتىڭ ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى
گېنېرال بىرىگادىنى سۇلو (ئىنگلىزچە ئىسمى ئېسىمدە يوق)
غا ھەمراھ بولۇپ، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن B ـ 24 تىپلىق
بومباردىمانچى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ
چاغدا جياڭ جىژجۇڭ شىنجاڭدا ئەمەس ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى
مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ليۇ مىڭچۈەن
ئىدى. مەن ۋە ليۇ مىڭچۈەن ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن
تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇق. چۈنكى، بۇ توغرىدا ئالدىن
ھېچقانداق ئۇقتۇرۇش كەلمىگەن. بۇ ئىش سوۋېت ئىتتىپاقى
كونسۇلخانىسىنىڭ ناھايىتى زور دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلار
ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن، بىزگە گېنېرال بىرىگادىنى
سۇلونىڭ شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن
ۋە ليۇ مىڭچۈەن ئىككىمىز زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى
كۈتۈۋالدۇق. مەن يەنە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ تۇدۇڭخابا
(ئۈرۈمچىدىن 40 كىلومېتىر نېرىدا) دىكى بىر ھەربىي
ئاتلىق قىسىمنى ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى 9 ـ شۆبە ھەربىي
مەكتەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردۇم. ئۇلار ئۈرۈمچىگە
كەلگەننىڭ ئەتىسى كەچتە مەن سۇلو ۋە خۇتىڭلار بىلەن
ئىككى ـ ئۈچ سائەت سۆھبەتلەشتىم. خۇتىڭ تەرجىمانلىق
قىلدى. سۆھبىتىمىزنىڭ مەزمۇنى خېلى كەڭ دائىرىدە
بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئېسىمدە قالماپتۇ، پەقەت گېنېرال
بىرىگادىنى سۇلونىڭ مەندىن تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىلەرنى
سورىغانلىقىلا ئېسىمدە:
1. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوراللىق

كۆچى قانچىلىك؟

— تەخمىنەن 30 مىڭ.

پىيادە ئەسكەر كۆپمۇ، ئاتلىق ئەسكەر كۆپمۇ؟

بۇ توغرىدا ئېنىق ماتېرىيال يوق. ئەھۋالغا قاراپ ھۆكۈم قىلغاندا، ئاتلىق ئەسكەرلەر پىيادە ئەسكەرلەردىن كۆپرەكتۇر.

2. شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى قانچىلىك؟ قىسىملارنىڭ قوراللىنىشى ۋە ئوق - دورا زاپىسى تولۇقمۇ؟ تەمىنات ۋە ترانسپورت ئەھۋالى قانداق؟

مەن بۇلارغا كونكرېت سانلارنى مىسال كەلتۈرمەي، پەقەت ئومۇملاشتۇرۇپلا جاۋاب بەردىم.

3. شىنجاڭ زېمىنىدا قانچە ئايرودروم بار؟ ھەر بىر ئايرودرومنىڭ ئۇچۇش ۋە چۈشۈش يولى قانچىلىك ئۇزۇن؟ ھەر بىر ئايرودرومدا ئايروپىلاننى تەمىنلەيدىغان بېنزىن زاپىسى بارمۇ يوق؟

مەن بۇ سوئالغىمۇ ئومۇملاشتۇرۇپ جاۋاب بەردىم.

4. ئىلى تەرەپنىڭ سىلەرگە يېقىن ھۇجۇم قوزغاش ئېھتىمالى بارمۇ يوق؟ ئەگەر ئۇلار ھۇجۇم قوزغىسا، سىلەر ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالامسىلەر؟

ھازىر ئۇلارنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىش ئالامىتى كۆرۈلمىدى. ئەگەر ئىلى تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭلا كۈچى بولسا، بىزنىڭ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشقا ئىشەنچىمىز بار. ئەگەر باشقا دۆلەتنىڭ قوشۇنى قاتنىشىپ قالسا، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. چۈنكى بۇ ئەتراپتىكى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى، دىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش، ئۇلار كىيىمىنى ئالماشتۇرسىلا پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى قىيىن.



سۇلو بىلەن خۇ تىڭ ئۈرۈمچىدە ئىككى كۈن تۇرۇپ ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن باشقا، يەنە شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىلىك جايلارنى سەيلە قىلدى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن گىلەم، قولاقچا قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە مېڭىپ كەتتى.

شۇ يىلى 8 - ئايدا نەنجىڭگە بېرىپ خۇتىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، گېنېرال برىگادىر سۇلونىڭ ئەتىيازدا شىنجاڭغا بېرىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغانىدىم. خۇتىڭ ماڭا مۇنداق دېدى: ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى لەنجۇدىن شىنجاڭغىچە بولغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى رازۋېتكا قىلىش ئىدى. شۇڭا، شۇ چاغدا، سۇلودىن باشقا، ئاۋىئاتسىيە ۋە ھاۋارايى قاتارلىق ساھەلەردىكى بىر قانچە تېخنىكلارمۇ بىللە بارغان.

1948 - يىلى 5 - ئايلاردا، ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ھەربىي ئەمەلدارى ئېكۋالى (Ekvale) لەنجۇدىن جىپ ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇنىڭ دادىسى ئىلگىرى جۇڭگودا بىر قانچە يىل مىسيونېر بولغان، ئۇ ئۆزى گەنسۇنىڭ مەلۇم يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ، خەنزۇچىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ئۇسمانمۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى. پاختون ئېكۋالىغا ھەمراھ بولۇپ مېنى كۆرگىلى كەلگەنىكەن. ئۇلار ئۇسمان بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ئەتىسى ئۇسمان بىلەن ئېكۋالى مېنىڭ ئۈرۈمچى شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى تۇرار جايىمدا كۆرۈشتى، كۆرۈشۈشتە بىللە بولدۇم. بىزگە باش شتابتىكى قازاق تىلىنى بىلىدىغان بۆلۈم باشلىقى جاڭ ۋە مېنىڭ ئېنگلىز تىلى كاتىپىم كۇاڭ يۇجاڭلار تەرجىمانلىق قىلدى. ئېكۋالى

ئاۋۋال ئوسماننى بىر ماختىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى سورىدى:

1. 1944 - يىلى ئىلى ۋەقەسى بولغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى قاتناشتىمۇ؟

- مەن ئۇ چاغدا ئالتايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىڭ شىسەينىڭ ئادەملىرىنى قوغلاۋاتاتتىم، ئىلى تەرەپنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالىدىن خەۋىرىم يوق. سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنىنىڭ قاتناشقان - قاتناشمىغانلىقىغا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما، مېنىڭ بىلىشىمچە، قىزىل ئارمىيىنىڭ 9 - پولكى (ئىلگىرى قومۇلدا تۇرغان سوۋېت قوشۇنى) شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئىنچىل جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدا تۇرۇپ كەلگەن. ئەگەر كېلىمەن دېسە، ئۇچاغدا كېلىدۇ. ئىلى تەرەپنىڭ قوزغىلاڭغا قاتناشقان نۇرغۇن رەھبەرلىرى سوۋېت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. ئىلىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ يەرلىكتىكى ھوقۇقى ناھايىتى زور، بۇنىسى ماڭا ناھايىتى ئېنىق.

2. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالتاي رايونىدا قانداق كانلارنى ئاچتى؟ قانچە ئورۇندا بولۇپ ئاچتى؟ ھەر بىر ئورۇندا قانچىلىك ئىشچى بار؟ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنژېنېر قاتارلىق تېخنىك خادىملىرىدىن قانچىسى بار؟ قانداق ماشىنىلار بار؟ قازغان كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ شەكلى، رەڭگى قانداق؟ بۇ كان مەھسۇلاتلىرىنى قانچە ئاپتوموبىل توشۇۋاتىدۇ؟

ئېكۋالى بۇ مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ سورىدى. بەزى مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى ئېنىق بولماي قالغاندا، قايتا - قايتا تەكرارلاپ سورىدى. ئوسمان بىر سوئالغا جاۋاب بېرىپ بولغاندا، ئۇ دەرھال خاتىرىلىۋالدى.



ھەتتا ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلىۋالدى. شۇڭا، يۇقىرىدىكى مەسىلىگىلا توپتوغرا ئىككى سائەت ۋاقىت كەتتى.

3. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن غايەت زور پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندىمۇ؟

- ئۆزۈممۇ ئاڭلىمىدىم، باشقىلارنىڭ ئېيتقىنىنىمۇ ئاڭلىمىدىم.

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئېكۋالى ئوسمانغا رەھمەت ئېيتتى. قايتىش ئالدىدا، ئۇ يەنە ماڭا، بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ماڭىمۇ رەھمەت ئېيتتى.

بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پاختون مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ئېكۋالىنىڭ بەيتىكنى كۆرۈپ كېلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى ۋە مېنىڭ قوشۇلىدىغان - قوشۇلمايدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن قوشۇلدۇم. ئەتىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ مايور دەرىجىلىك بىر شتاب ئوفىتسېرىنى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بەيتىككە بېرىشقا ئەۋەتتىم. ئېكۋالى جىپ ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەيتتى. ئۇ، بەيتىك تېغىنى قوغداۋاتقان ئاتلىق پلكنىڭ كوماندىرىنىڭ ھوجرىسىدا بىر كېچە قونغان؛ بەيتىك تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، شىمالىي تەرەپنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزەتكەن؛ ئاندىن 1974 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ ئىستىھكامىنى مەھكەم ساقلىغان رۇتا كوماندىرى ماشىجىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن شۇ چاغدىكى ئۇرۇشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى سورىغان.

شىنجاڭغا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى كېلىپ ھەرىكەتلەنگەندىن باشقا، نۇرغۇن ئامېرىكا مۇخبىرلىرىمۇ

كەلدى. مەسىلەن، «لوس ئانژېلىس گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ۋالدودىئاكى (Waldo Diake) 1946 - يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۇ، ئاساسەن ئىلى ۋەقەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلمەكچى ئىكەن. ئۇ چاغدا مەن ئۈرۈمچىدە بولمىغاچقا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.

«تۇرمۇش» ۋە «دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ ئايال مۇخبىرى بايباراستېپېن (Baibaractephenc) 1947 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر نەچچە ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدا ئىككى ئايغا يېقىن ساياھەت قىلدى؛ شۇ يىلى 4 - ، 5 - ئاي ئارىلىقىدا ئۈرۈمچىدىن گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ C - 47 تىپلىق ترانسپورت ئايروپىلانى بىلەن لەنجۇغا قاراپ يولغا چىقىپ، جۇچۇەن ئەتراپىدا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ، جىنىدىن ئايرىلدى. ئايروپىلاندا جەمئىي 20 نەچچە ئادەم بولۇپ، ھەممىسى قازا تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە خېن لۆرەن ئىسىملىك بىر رەسساممۇ بار ئىدى.

ستېپېن خانىم ئىلغار ئىدىيىلىك يازغۇچى بولۇپ، كىشىلەرگە ئۇچۇق - يورۇق ۋە سەمىمىي، تۇرمۇشتا ئاددىي ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ - تۆت قېتىم كۆرۈشكەن. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق سۆزلەشتى. بىزگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باش دىرېكتورى لو جىڭمىي تەرجىمانلىق قىلدى. ستېپېن مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. شۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى ئېسىمدە تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن بىر قىسمى ئېسىمدە ناھايىتى ئېنىق. تۆۋەندىكىسى ئۇنىڭ شۇ



سۆزىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

«مەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشتىن ئىلگىرى، ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە، ئاراڭلاردىكى بىر قانچە مەسئۇل كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەنىدىم. بۇ يەردىكى ئامېرىكىلىقلىرىمىز بىلەنمۇ مۇھاكىمە قىلىشقان. ھەممەيلەن: شىنجاڭ مەسىلىسى مىللىي مەسىلە، ھەم دىپلوماتىك مەسىلە، دېيىشتى، ئەلۋەتتە، بۇ قاراشنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ بەزىلەر: پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتۈش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىلا، مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى يولغا قويغاندىلا، مەسىلە ھەل بولىدۇ، دەيدۇ. مېنىڭچە، مەسىلە ئۇنداق ئاددىي بولمىسا كېرەك. مەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى ئاي ساياھەت قىلدىم، شىنجاڭ بويىچە ئاھالە ئەڭ كۆپ قەشقەر، ئاقسۇ ئىككى جايدا ئۇزۇنراق تۇردۇم. جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىغا چۆكۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم، كۆپلىگەن مېھنەتكەش خەلق بىلەن بىر نەچچە كۈننى بىللە ئۆتكۈزدۈم. شۇنىڭدىنلا چۈشەندىمكى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى مىللىي مۇستەقىللىق ياكى مىللىي ئاپتونومىيە ئەمەس ئىكەن؛ ئۇلار سىرتتىكى تەشۋىقاتلاردا ئېيتىلىۋاتقاندەك خەنزۇلارغا ئۆچمۇ ئەمەس ئىكەن، پەقەت تەشۋىقات قىلىپ قۇترۇتۇشنىڭ تەسىرى بىلەنلا خەنزۇلارنى ئۆز كۆرۈدىغان روھىي ھالەت پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ قايسى دۆلەت بىلەن دوست بولىدىغانلىقى، قايسى دۆلەت بىلەن دوست بولمايدىغانلىقى ئۈستىگە سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى - ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ نامرات ۋە جاپالىق تۇرمۇشنى قانداق قىلىپ ياخشىلاش

مەسىلىسى. ھەتتا ئازراقلا ياخشىلانسىمۇ ئۇلار رازى بولىدۇ. «ئۇ بۇنىڭغا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پەرلىك خەلقنىڭ نامرات تۇرمۇشىدىن بىر نەچچە كونكرېت مىساللارنى كەلتۈردى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قورسىقى تويمايدۇ، ئوزۇقلۇقتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كىيىملىرى جۇل - جۇل، ئولتۇرغان ئۆيلىرى مەينەت ۋە بۇلغانغان، نۇرغۇن ئۆسمۈرلەرنىڭ كىيىدىغان كىيىمى يوق، مۇتلەق كۆپچىلىك باللار ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە ئەمەس؛ ئۇلار سىرتقا لىچەك تارتماي چىقسا، ئاخۇنلار ئۇلارنى دەررە بىلەن ئۇرىدۇ؛ ئاھالە ئاشۇنداق زىچ جايلاشقان رايونلاردا زامانىۋى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى يوق دېيەرلىك.» «جايلاردا فېئودال كۈچلەرنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور ئىكەن، ئاخۇنلار زوراۋانلىق بىلەن خالىغىنىنى قىلىدىكەن. مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ ھەيدىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، مەسىلىنى يەنىلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.»

ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە، ماھىيەتتە شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ سىنىپىي زىددىيەت مەسىلىسى ئېيتىلغان. مەن ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ سۆزىنى خېلى يوللۇق دەپلا ھېس قىلغان، ئەمما سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئۆگىنىش جەريانىدا، سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەشتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ ئاندىن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشەندىم. ئامېرىكىلىق بۇ ئىلغار يازغۇچىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى بايان قىلدىم. ئامېرىكا خەلقئارا ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ



مۇخبىرى روبېستون (Robertson)، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ماستېرسون (Masterson) لار 1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ، بەيتىكتە جۇڭگو - موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە جەڭ ئەھۋالى توغرىسىدا خەۋەر يازماقچى بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئالدىنقى سەپتە غەنىيمەي ئېلىنغان موڭغۇلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقى، بايرىقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان كىچىك بىر زەمبىرەك قاتارلىق نەرسىلەر ئەۋەتىلگەنىكەن. مەن بۇ مۇخبىرلارنى قوبۇل قىلدىم ۋە ئۇ نەرسىلەرنى ئۇلارغا كۆرسەتتىم، ئۇلار رەسىمگە ئېلىۋالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرىنىڭ موڭغۇلىيە ئارمىيىسىگە ياردەملىشىپ، بىزنىڭ بەيتىكنى ساقلاۋاتقان قوشۇنىمىزنى بومباردىمان قىلغانلىقى توغرىسىدىمۇ مەن ئۇلارغا ئالدىنقى سەپ قوشۇنىمىزدىن كەلگەن دوكلاتقا ئاساسەن سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار يەنە: بۇ قېتىمقى توقۇنۇش نوقۇل چېگرا ماجىراسىمۇ؟ دەپ سورىغانىدى. مەن: بۇ - چېگرا مەسىلىسى، ھەم سىياسىي مەسىلە، دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇلاردىن روبېتسون مېنىڭ رۇخسىتىم بىلەن بەيتىككە بېرىپ زىيارەت قىلىپ كەلدى. «نيۇ - يورك كۈندىلىك خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ ئايال مۇخبىرى، پاركېر (Parker) 1947 - يىلى 7 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۇمۇ ئاساسەن بەيتىك تەرەپتىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر يازدى. مەن ئۇنىڭغىمۇ ئالدىنقى سەپتىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلخانىسىنى زىيارەت قىلىشقا بىۋاسىتە بېرىپ، باش كونسۇل ساۋلىيېۋ بىلەن

سۆھبەتلىشىش داۋامىدا ئۇنى پوكاندەك قىزارتىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شۇ چاغدا بەك ئۆتكۈر مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا، ساۋلىيىف جاۋاب بېرىشنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئوڭايسىز ھالەت پەيدا بولغان.

«نيۇ - يورك ھىرالە تىرىبۇن» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى راند (Rand) 1947 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ چاغ دەل بەيتىك ۋەقەسىدىن كېيىن تۇرپان قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن، ئىلى تەرەپتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىدىن كېتىپ ۋەزىيەت خېلىلا داۋالغۇپ قالغان ۋاقىت ئىدى. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، بەيتىك مەسىلىسىدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ئۈستىدىمۇ سۆزلەشتۇق.

«نيۇ - يورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى لىبېرمان (Lieberman) 1948 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ چاغدا مەن شىنجاڭدىن يېڭىلا كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگەن. ئاڭلىشىمچە ئۇ مۇخبىر ناھايىتى ئۆكتەم بولغاچقا، ئىلىغا بېرىپ زىيارەت قىلىش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالغان. ئالاھىدە دىپلوماتىك خادىملار مەھكىمىسى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندا، ئۇ ھۆكۈرەپ: «ئىلى سىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ يېرىمۇ ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا بارغىلى بولمايدىكەن؟» دەپ سوئال قويغان. كۆپ تەرەپلىمە چۈشەندۈرۈشلەردىن كېيىن، ئاندىن ئۇ بولدى قىلغان.

«چىكاگو گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى بارنېت (Barnett) 1948 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ چاغدا مەن ئۈرۈمچىدە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى ماڭا نامەلۇم.

يۇقىرىدىكى ئامېرىكا مۇخبىرلىرىدىن باشقا، يەنە



ئەنگلىيە «تايمس گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى موررىسون (Morrison) 1948 - يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە كەلگەن، فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى سالۋارېللى (Salverlli) 1947 - يىلى 9 - ئايدا گومىنداڭ مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى پىڭ شۆپىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈرۈمچىگە كەلگەنىكەن. ئۇمۇ ئاساسەن بەيتىك ۋەقەسى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئالدى بىلەن بەيتىككە بېرىپ بىر قانچە كىنو فىلىملىرىنى سۈرەتكە ئالدى.

## سوۋېتلىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى

چار ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن تارتىپلا روسىيىنىڭ شىنجاڭغا زېمىن قارا نىيىتى بار ئىدى. ئۇلار XI X ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ئۆز ئالدىغا شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئىلىنى ئىگىلىۋالدى؛ ئاخىرىدا چىڭ خاندانلىقى ئوردىسى بىلەن «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نى تۈزۈپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىننى كېسىۋالدى ۋە چارروسىيىنىڭ ئاتالمىش «ئىلىنى ۋەكالىتەن ئۆتكۈزۈپ ئالغان ۋە ۋەكالىتەن ساقلىغان ئەسكەرلەرنىڭ خىراجىتى» ئۈچۈن توققۇز مىليون رۇبلى تۆلەم تۆلىتىۋالدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ستالىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شېڭ شىسەينىڭ توپىلاڭنى باستۇرۇش باھانىسى بىلەن شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزدى ۋە شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى

جامائەتچىلىككە ئايان ئىشلار. ئەمدى مەن شىنجاڭدىكى ۋاقتىمدا ئۆزۈم ئاڭلىغان ـ كۆرگەن بىر قانچە ئىشنى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن.

1. 1945 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، جاڭ جىجوڭ نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىلى تەرەپنىڭ ئەخمەتجان قاتارلىق ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ باردى. ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى جۇ شاۋلياڭ مەسئۇل ئىدى. بىر كۈنى كەچتە جاڭ جىجوڭ، جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جوڭشىن، گوۋ چىچاۋ، لى تېجۈن، سۇڭ شىليەن ئالتىمىز (ئۇ چاغدا ۋۇ جوڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، گوۋ چىچاۋ 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، لى تېجۈن 29 ـ گورۇپپا ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئىدى) بىللە تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، جۇ شياۋلياڭ بىزگە غۇلجا ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋ سىيېف (Efceef) بىر ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى بىلەن پەقەت ئادەتتىكى تەكەللۇپ يۈزىسىدىنلا ئىككى قېتىم كۆرۈشتۇم، ئۇنى ھەرگىز دوستلۇق يۈزىسىدىن دېگىلى بولمايتتى. ئەمما 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مۇۋەققەت باش كونسۇل يېۋ سىيېف تەرجىمانىنى ئېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. ئۇ، مېنى ماختاپ بەزى سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، جوڭگو ـ سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى



دوستلۇقنى ئالاھىدە تەكىتلەپ 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆكتەبر بايرىمى كۈنى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە مېنى ئەتە سائەت دەل ئۈچتە سوۋېت كونسۇلخانىسىغا چۈشلۈك زىياپەتكە بېرىشقا ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى. ئۇ يەنە، زىياپەتنىڭ مەخسۇس مەن ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى، كەچتە ئاندىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر ساھە زاتلىرىنى رەسمىي كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم. ئەتىسى مەن دەل دېگەن ۋاقىتتا باردىم، ئۇلار مېنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. زىياپەتتە، مۇۋەققەت باش كونسۇلدىن باشقا بىر قانچە مۇئاۋىن كونسۇل ۋە بىر كاتىپ، بىر تەرجىمانمۇ بىللە ئولتۇردى. ئۇلار ماڭا نۆۋەتلىشىپ قەدەھ تۇتتى. بولۇپمۇ جوڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقلىشىپ فاشىزمنى بىرلىكتە يوقىتىش شوئارى ئاستىدا، ئارقا ـ ئارقىدىن قەدەھلەر كۆتۈرۈلدى. قورۇمىلارمۇ ئالاھىدە مول ئىدى، ئىچىش ـ يېيىش چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن ئاشقانغا قەدەر داۋاملىشىپ، ئاندىن تارقالدۇق. بۇ چاغدا مەن بىر ئاز مەست بولۇپ قالغانىدىم. كەچ سائەت يەتتىدە، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئۆكتەبر ئىنقىلابىي بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر ساھەدىكى زاتلارنى رەسمىي كۈتۈۋېلىشىغىمۇ بارمىسام بولمايتتى. ئۇلار ماڭا يەنە ھەر تەرەپتىن قەدەھ تۇتۇشتى، تاماقتىن كېيىن تانسا بولدى، ئۇنىڭدىنمۇ ھاراق ئۈزۈلمىدى. مەن تۈن يېرىم بولغاندا ئاندىن قايتتىم. بۇ چاغدا قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەنىدىم. كارىۋاتقا چىقىپ يېتىشىم بىلەنلا خۇددى ئۆلۈككە ئوخشاش ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئەتىسى (11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى)

ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا، ئاندىن مەستلىكىمدىن يېشىلىپتىمەن. ئەمدىلا ئويغىنىپ قارىسام، شتاب باشلىقى يودا (ئىلگىرى جياڭ جېشىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر بۆلۈمى ئىككىنچى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن جۇ شاۋلياڭنىڭ شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن) كارۋىتىمنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى جىددىي بولۇپ، ماڭا تۈنۈگۈن يېرىم كېچىدە غۇلجىدا ۋەقە بولغانلىقىنى دوكلات قىلدى ۋە بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق سورىدى. ئۇ: «غۇلجىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن ئەسلىدە سەھەر سائەت ئۈچتىلا خەۋەر تاپقانىدۇق. لېكىن، جاڭگۇەن (باش قوماندان) مەست بولۇپ قالغانىكەن. ئويغىتالماي كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى» دېدى. شۇ چاغدىلا مەن ئېسىمنى تاپتىم. سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ «مېنى تاماققا مەخسۇس تەكلىپ قىلىشى» ئەسلىدە بىر سۇيىقەست ئىكەن، «لاۋماۋزىلار» (قېرى ئورۇسلار) نىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپتىمەن. جۇ شاۋلياڭ سۆزلىگەنسىرى ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئاخىرىدا: «لاۋماۋزى» دېسە «لاۋماۋزى» دەپ توختىماي تىللاپ كەتتى.

2. جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولۇپ ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن خېلى ئۇزۇن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن ئاخىرى كېلىشىم ھاسىل قىلدى ۋە ئۇنى 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەچ سائەت سەككىزدە رەسمىي ئىمزالىشىدىغان بولدى. شۇ ۋاقىتتىكى «شىندالۇ» (يېڭى بىنا) نىڭ بىر يىغىن زالى بىر قاتار بېزىلىپ، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى ئوبدان بىر تەبرىكلەش



ئۈچۈن جاڭ جىجۇڭ بىر نەچچە جوزا زىياپەت تەييارلاتتى. كېلىشىمنىڭ تولۇق تېكىستى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا ئەڭ ياخشى قەغەزگە ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ ئىككى نۇسخىدىن يېزىپ تەييارلانغان. يىغىن زالىدا چىراغلار چاقناپ تۇراتتى. يوغان بىر ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە كېلىشىم ھۆججەتلىرى يېيىپ قويۇلغان، ھەممە تەييارلىق پۈتكەن، پەقەت ئىمزا قويۇشلا بولاتتى. سائەت يەتتىدىن ئەمدىلا ئاشقاندا، ئىلى تەرەپنىڭ باش ۋەكىلى ئەخمەتجان، ۋەكىللىرى رەھىمجان، ئوبۇل خەيرى تۆرە ۋە باشقىلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسىيېف ۋە بىر نەچچە مۇئاۋىن كونسۇللارمۇ كېلىشتى. يېۋسىيېف يىغىن زالىغا كىرىپلا ئەخمەتجانغا كېلىشىمنى ماددىمۇ ماددا ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى؛ ئوقۇپ مەلۇم ماددىدىكى «ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى خادىملىرىنى ناھىيىلىك كېڭەش كۆرسىتىدۇ» دېگەن يەرگە كەلگەندە، يېۋسىيېف ئۆزىنىڭ قەلىمى بىلەن ئۇنى «ناھىيە ھاكىمى ئۆزى تەيىنلەيدۇ» قىلىپ ئۆزگەرتتى؛ مەلۇم ماددىدىكى «يەرلىكتىن كۆرسىتىلگەن 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسىنى مەركەز تەيىنلەيدۇ» دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇنى يەنە ئۆز قەلىمى بىلەن «مەركەز تەيىنلىمەي، پەقەت رايونلارنىڭ خەلق ۋەكىللىرى سايلايدۇ» قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ بۇ غەلىتە قىلىقلىرى كۆپچىلىكتە غۇلغۇلا قوزغىدى. جاڭ جىجۇڭ دەرھال بىز بىر قانچە ئاساسىي مەسئۇل كادىرلارنى يىغىپ مەجلىس ئاچتى. كۆپچىلىك ناھايىتى غەزەپلەنگەن كەيپىياتتا ئىدى. جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا مەسئۇل بولۇپ كەلگەندىن كېيىن سوۋېت تەرەپكە كۆپ قېتىم يول قويغان.

ئەمما، بۇ قېتىم ئۇمۇ بىر ئاز غەزەپلىنىپ، ئىككى قېتىم «تازا قاملاشمىغان ئىش، تازا قاملاشمىغان ئىش» دەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا يول قويۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، يېۋ سىيفىنىڭ «ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقىرى خادىملىرىنى ناھىيە ھاكىمى ئۆزى تەيىنلەيدۇ» دېگەن پىكرىنى قوبۇل قىلدى. «يەرلىكتىن كۆرسىتىلگەن 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسىنى پەقەت رايونلارنىڭ خەلق ۋەكىللىرى سايلايدۇ» دېگەن پىكىرگە كەلسەك، چاڭ جىجوڭ بۇنىڭدا يېۋسىيىف بىلەن پىكىر زىددىيىتى يوق ئىكەن، دەپ ھېسابلىدى. چۈنكى، بۇ 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ھەر قايسى رايونلاردىن سايلىناتتى. پەقەت «مەركەز تەيىنلەيدۇ» دېگەن رەسمىيەتلا قوشۇلغان، خالاس. شۇڭا، بۇ ماددىنى ئەسلى پېتى ساقلاپ قېلىش ۋە يېۋسىيفقا چۈشەندۈرۈپ قويۇش قارار قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، كېلىشىم ئالدىراشلىق بىلەن پۈتۈنلەي يېڭىباشتىن يېزىپ چىقىلىپ، كەچ سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا ئاندىن رەسمىي ئىمزالاندى.

3. مەن 1945 - يىلى 4 - ئاي ئىچىدە شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بەزى شىنجاڭلىقلارنىڭ قوش دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن ئۇ چاغدا بۇنى «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىجاڭ زېمىنىغا چېكىنىپ كەلگەن روسىيىلىكلەر (ئاتالمىش ئاق ئورۇس) بىلەنلا چەكلەنسە كېرەك» دەپ قارىغانىدىم. كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ زېمىنىدىكى كونسۇلخانىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەردىن سوۋېت تەۋەلىكىگە ئادەم قوبۇل قىلغانلىقىنى، مۇنداق ئادەملەر ئىلى ۋە چۆچەكتە ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە بارلىقىنى



تەدرىجىي چۈشەندىم. مەن 1946 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ ئەھۋال ئوقۇش ئۈچۈن شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەربىي ئىشلار باشقارمىسى (ئەمەلىيەتتە مەركىزىي جۇنتوڭ ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭدىكى پونكىتى) بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئۆلكە مەركىزىدە زادى قانچىلىك ئادەمنىڭ سوۋېت تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلىكىنى مەخپىي تەكشۈرۈپ بېقىشقا بۇيرۇدۇم. كېيىن ئۇلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، سوۋېت تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەر تەخمىنەن 800 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە قازاقلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىكەن، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۈرۈمچىنىڭ نەنلياڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن. نەنلياڭنىڭ جەنۇب تەرىپىدە، جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن مىللەت (ئۆز ۋاقتىدىكى «ئاق ئورۇسلار») نىڭ بىر مەدەنىيەت كۇلۇبى بولۇپ، ئۇ يەردە ھەر خىل پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدىكەن، دائىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنو فىلىملىرى قويۇلۇپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئاخبارات خادىملىرى ماڭا، سوۋېت تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەرنىڭ شۇ كۈنى كەچ شۇ يەردە يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى. مەن بۇنىڭغا قىزىقىپ، ئۇ يەردە زادى قانداق ئىشلار بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلمەكچى بولدۇم. كەچقۇرۇن بولغاندا، ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياۋ تېشەن بىلەن بىللە پۇخراچە كىيىنىپ، سۇقۇنۇپ كىرىۋالدىم. كىرىپ قارىسام، زالنىڭ ئىچى ئادەمگە لىق تولۇپتۇ؛ تەخمىنەن 400 - 500 چە ئادەم بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى

ئۇيغۇر، قازاقلار ئىكەن. بىز كىرگەندە تەرتىپ قالايمىقان، ئادەملەر ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقانىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلخانىسىنىڭ بىر مۇئاۋىن كونسۇلى (سوۋېت ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىن، ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ) مۇنبەردە پەيدا بولغاندىن كېيىن ئادەملەر جىم بولدى. مەن ئۇلارنىڭ سىزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەم تىل ئۇقمىغانلىقتىن ياۋ تېشەن بىلەن بىللە ئاستا يېنىپ چىقتىم.

4. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلىمىزگە زور مىقداردا ھەربىي ئەشيا ۋە ماشىنا - سايمانلار بىلەن ياردەم قىلغانىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆز ۋاقتىدا ۋولفىرام، ئالىيومىن، چاي، قوي يۇڭى قاتارلىق بىر نەچچە تۈركۈم ماددىي ئەشيالارنى بەرگەن. كېيىن شىڭ شىسەينىڭ تۇيۇقسىز يۈز ئۆرۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشى بىلەن، تەخمىنەن 3100 توننا ماددىي ئەشيا شىڭشىڭشا بىلەن قۇمۇلدا توشۇلماي تۇرۇپ قالغان. جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا مەسئۇل بولۇپ كېلىپ، ۋاقىتلىق تىنىچ ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى جاڭ جىجوڭغا نوتا تاپشۇرۇپ، بۇ ماددىي ئەشيالارنى سوۋېت تەرەپنىڭ ئاپتوموبىل چىقىرىپ توشۇپ كېتىشى، يول بويلىرىدا ياتاق ۋە تاماق بىلەن تەمىنلەشكە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل بولۇشىنى ھەمدە ھەر بىر ئاپتوموبىلنى سوۋېت تەرەپنىڭ ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكىرى مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىشىنى تەلەپ قىلدى. جاڭ جىجوڭ بۇ ئىش توغرىسىدا ئالاقىدار خادىملارنى يىغىپ بىر قانچە قېتىم مەجلىس ئاچتى. مەن: سوۋېت تەرەپنىڭ



قوراللىق ئەسكەر ئەۋەتىپ ئاپتوموبىللارنى مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىشى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيانلىق دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردۇم. ئەمما، جاڭ جىجوڭ دوستلۇقنى مۇھىم بىلىپ، سوۋېت تەرەپنىڭ تەلىپىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ماقۇل بولماقچى بولدى. مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن قىزىرىشىپمۇ قالدىم. لېكىن، جاڭ جىجوڭ ئاشۇنداق قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، مەنمۇ توسۇشقا ئامالسىز قالدىم. شۇ ۋاقىتلاردا تۇرپان، پىچان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئىلى تەرەپنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ تۇرپاندا ئالاھىدە ئەۋج ئالغانىدى. مەن سوۋېت تەرەپنىڭ ماددىي ئەشيالارنى توشۇش قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىلى تەرەپنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىغا مەخپىي ھالدا قورال يەتكۈزۈپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، يۇقىراچە كېيىنكەن ئورغۇن خادىملىرىمىزنى يول بويى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتىم. سوۋېت تەرەپنىڭ قوراللىق ئەسكەر چىقىرىپ ماددىي ئەشيالارنى مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىشىنى، جاڭ جىجوڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا بېجىرگەچكە، كېيىن ئۇ خېلى قاتتىق ئەيىبلەنىشكە ئۇچرىدى.

5. 1947 - يىلى باھارنىڭ بىر كۈنى، بىر شىبە كىشى مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ (ئۇ چاغدا مەن شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى ئىدىم). ئۇ، بىر مەخپىي ئىشنى ماڭا دوكلات قىلماقچى ئىكەن، مەن ئۇنى قوبۇل قىلدىم. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «مەن رۇسچە بىلىمەن، تۇنۇگۈن قۇمۇلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدىم. ئايروپىلاندا بىر قانچە سوۋېتلىكلەر بار

ئىدى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ يەنە بىر سوۋېتلىككە ئاستىغىنە: 8 ـ نومۇر جۇچۇەنگە كەلدى، 11 ـ چېسلا لەنجۇغا بارىدۇ، دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن ئۇلارنىڭ دېيىشكەنلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، سوۋېت تەرەپ ئەۋەتكەن جاسۇسلار ئاشۇ جايلارغا بارغان بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدىم ـ دە، بۇنى ئالاھىدە سىزگە دەپ قويغىلى كەلدىم. دىققەت قىلغايسىز.» بۇ ئادەم 40 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ھازىرغىچە ئېسىمگە ئالالمىدىم. لېكىن، مۇشۇ ئىشقا باغلاپ، 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا قەشقەرگە بارغان ۋاقتىمدا بىر قانچە كىشىنىڭ ماڭا، قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ناھايىتى ئوبدان تەربىيىلەنگەن ئادەملىرىنى سودىگەر قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ، شىنژاڭ رايونىغا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بۇ ئىشلارنى ئويلاپ، ھېلىقى شىبە كىشىنىڭ ھۆكۈمى توغرا بولسا كېرەك، دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم.

6. ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەر رەھبەرلىك قىلغان ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 1947 ـ يىلى ئەتىيازدا دائىم كۆپلىگەن ئۇيغۇر، قازاق ياشلىرىنى نامايىش قىلىش ۋە تەلەپ قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يۈەن شىكەي لى فامىلىلىك بىر ياشنى (يىگىرمە نەچچە ياشلاردا بار) مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلاپ كىرىپتۇ. لى فامىلىلىك بۇ ياشنىڭ روھىي ھالىتى جىددىيلەشكەن بولۇپ، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىش ۋە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، مۇنداق دېدى:



بۈگۈن كەچ سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا نەنلياڭ كوچىسىدا كېتىپ بارسام، تۇيۇقسىزلا بىر قانچە ئۇيغۇر ياش ماڭا تەھدىت سېلىپ، مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە مېڭىشقا مەجبۇرلىدى. بىر كىچىك كوچىدا كىرگەندە، ئۇلار كۆزۈمنى لۆڭگە بىلەن تاڭدى؛ مېنى ئارىغا ئېلىپ يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئۆيگە ئەكىرىپ ئاندىن كۆزۈمنى ئاچتى. ئۆيدە ئۈچ كىشى بار بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرسى خەنزۇچىنى ئوبدان سۆزلەيدىكەن. ئۇلار دەسلەپتە ماڭا سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، مەندىن بەزى سوئاللارنى سورىدى. بۇ سوئاللارنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى: ئايرودرومنىڭ ماي ئىسكىلاتى قەيەردە؟ ھەربىي قورال ـ ياراق ئىسكىلاتى ۋە ئوق ـ دورا ئىسكىلاتى قەيەردە؟ بۇ ئىسكىلاتلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىش ئەھۋالى قانداق؟ ئۈرۈمچى شەھىرىدە قانچىلىك ھەربىي قوشۇن بار؟ ئۇلار قەيەرلەرگە ئورۇنلاشقان؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت. مەن ئۇلارغا: مەن ھەربىي ئەمەس، بۇ ئەھۋاللارنى بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇلار ئىشەنمەي، ماڭا تەھدىت سېلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشقا باشلىدى. مەن يەنىلا: بىلمەيمەن دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ ئىككى قولۇمنى كەينىمگە قايرىپ ئارغامچا بىلەن باغلاپ، مېنى مۇشتلىدى ۋە تەپتى. ئاندىن كاچىتىمغا ئۇرۇپ «ئېيت!» دەپ ۋارقىراشتى. مەن ئۇلارغا: مەن راستىنلا بىلمەيمەن، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ ئىلاجىم يوق، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى ئۇرۇشنى توختاتتى. ئەمما، ئارىدىن بىرسى يەشىكنىڭ ئىچىدىن بىر دانە ئېلېكترلىق ماشىنىنى ئېلىپ، ئۇنى ئاۋۋال تىزىمغا قويدى، ئاندىن بەدىنىمگە قويدى. مېنىڭ پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ، بېشىمدىن

تەر ئېقىشقا باشلىدى، قاتتىق قىينالدىم. ئۇلار جىنىنىڭ بارىچە «ئېيت!» دەپ چۇرقىراشتى. مەن ھەقىقەتەن ھېچنېمىنى دېيەلمىدىم. ئۇلار مېنى ئەنە شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن تولۇق ئىككى سائەت قىيناشتى. ئاخىرى ئۇلار مەندىن ئۈمىد يوقلۇقىنى بىلدى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئىككى ئادىمى يەنە كۆزۈمنى ئېتىپ، ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن كۆزۈمدىكى لۆڭگىنى ئېلىۋېتىپ، مېنى بىر ئىتتىرىپلا قېچىپ كەتتى. مەن بۇ تاسادىپىي پالاكەتكە يولۇقۇپ بەك قورقۇپ كەتكەچكە ھەم چوڭ كوچىغا چىقىۋېلىشقا ئالدىرىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئادرېسىنى ۋە ئىشىك نومۇرىنى بىلىۋېلىش خىيالىمغا كەلمەپتۇ.

مەن ئۇنىڭدىن: ئۇلارنىڭ ئورنى قايسى نىشانغا توغرا كېلىدۇ؟ دەپ سورىدۇم. لى: تەخمىنەن سوۋېت كونسۇلىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە: سىنىڭچە، بۇ ئىشنىڭ سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن چېتىشلىقى بارمۇ قانداق؟ دەپ سورىدۇم.

لى: بىر نېمە دېيىش تەس. لېكىن، ھېلىقى جازا قورالى يەنى ئېلېكترلىق ماشىنا چوقۇم سوۋېتنىڭ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىدە رۇسچە خەت بار ئىكەن، دېدى. بۇ ئىشنى مەن ھەربىي ئىشلار باشقارمىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە بۇيرۇغانىدىم. لېكىن، نەتىجىسى چىقمىدى.

7. 1946 ـ يىلى قىشتىن 1947 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭدىكى ھەربىي قوشۇنلارنىڭ شتاتىدا بوش ئورۇن ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك ئۇيغۇر، قازاق ياشلىرىدىن ئەسكەر



ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغاچقا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شەنشى، گەنسۇ ئىككى ئۆلكىدىن 15 مىڭ يېڭى ئەسكەر ئېلىنىپ، ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا توشۇپ كېلىندى. بۇ، ئەسلىدە بىر نورمال ئىش ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى ليۇ زېدۇڭغا: «جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭغا كۆپلەپ توشۇپ كېلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالماقتا، بۇنداق قىلىش ھەر ھالدا دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس» دەپتۇ. بۇ، گەرچە رەسمىي نارازىلىق بولمىسىمۇ، لېكىن باشقا دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئاشكارا ئارىلاشقانلىق.

(«غالچا جاڭجۇن ـ سۇڭ شىليەننىڭ بايانى» ناملىق كىتابنىڭ 7 ـ بابىدىن ئېلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئەركىن ئەرشىدىن**

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئى. ئەسقەرى**

主编：哈力克.沙克
副主编：阿布力孜
编缉：司.艾斯哈尔
吐尔洪
阿布都热依木
居来提

新疆文史资料选辑(38)(维吾尔文)
中国人民政治协商会义新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市建中路54号邮政编码830001)
新疆新华书店发行 新疆人民政府印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 14印张 2插页
1993年12月第1版 1994年8月第1次印刷
印数:1 — 2,000

ISBN7－228－03131－8/K·336 定价：5.00元
(内部发行)